
پەرھات كازىمى



# بىر بوتۇلكا قۇم

( بالىلار رومانى )

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: **سائادەت ساۋۇت**
مەسئۇل كوررېكتورى: **ئىبادەت ياسىن**
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **غالىب شاھ**

# بىر بوتۇلكا قۇم

(بالىلار رومانى)

ئاپتورى: **پەرھات كازىمى**

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 ـ نومۇر، پ: 830012)
ئېلخەت ساندۇقى: xjyashlar@126.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى دالۇ باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1230×880 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 11
2013 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2013 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978－7－5515－0023－4
سانى: 1－3000
باھاسى: 30.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز



پەرھات كازىمى

# مۇھەررىردىن

پەرھات كازىمى 1970 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى پىچان ناھىيەسىنىڭ دالانكارىز يېزا يۇسۇپباي چوڭ كارىزىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز يېزىسىدا تاماملىغان. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پىچان ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1988 ـ يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1991 ـ يىلى ئوقۇشنى پۈتكۈزۈپ، 2007 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە پىچان ناھىيەلىك 1 ـ ۋە 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، ھازىر پىچان ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتۇش تەتقىقات مەركىزىدە ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، پىچان ناھىيەلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

پەرھات كازىمى «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئارزۇ» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە قەدەم قويغان بولۇپ، شۇنىڭدىن بۇيان ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 400 پارچىگە يېقىن تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەر خىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

پەرھات كازىمىنىڭ «بوۋام ۋە ئۇجمە دەرىخى»، «ئوغرى ئاتىلىپ قالغان قىز»، «ئىسكەندەرنىڭ مۇڭگۈزى» قاتارلىق ھېكايىلەر توپلاملىرى، «ئۇمىدۋار بالا» ناملىق رومانى نەشر قىلىنغان. قولىڭىزدىكى «بىر بوتۇلكا قوم» ناملىق بالىلار رومانى مۇئەللىپىنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە سۇنغان يېڭى سوۋغىسى. ئۇشبۇ كىتابنى ياقتۇرۇپ ئوقۇشىڭىزغا تىلەكداشمىز.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................................ 1

بىرىنچى باب قۇمتاغ رىۋايىتى ........................ 6

1. تەرسا بوۋاي ........................................ 6
2. تەرسا بوۋاينىڭ شاپائىتى ........................ 10
3. بۇلاق تازىلاش ........................................ 13
4. كۆچەت تىكىش ........................................ 16
5. قۇمتاغ رىۋايىتى ........................................ 21

ئىككىنچى باب قازانقۇم ........................................ 27

1. چوققا ئىگىلەش ........................................ 27
2. قازانقۇمدىكى «قەلئە» ........................................ 36
3. ئورماندىكى جەسەت ........................................ 43
4. تەرسا بوۋاينىڭ تاۋۇزى ........................................ 46
5. ئوغرى تۇتۇش ........................................ 50
6. قازانقۇمدىكى پاجىئە ........................................ 56

ئۈچىنچى باب يۈرەكتاغ ........................................ 62

1. يۈرەكتاغ ھەققىدە پاراڭ ........................................ 62
2. يۈرەكتاغقا بارغۇچى ........................................ 67

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

3. قۇم ھەيكەل ........................ 73
4. يۇرەكتاغ ياساش ........................ 78
5. كەلكۈن ........................ 84

تۆتىنچى باب قىشتىكى قۇمتاغ ........................ 92
1. ئۆگىنىش بېسىمى ........................ 92
2. تۇنجى قار ........................ 99
3. قۇمتاغدا چاڭغا تېيىلىش ........................ 106
4. كېچىدىكى گۈلخان ........................ 111
5. مەۋسۇملۇق ئىمتىھان ........................ 117

بەشىنچى باب قىشلىق تەتىل ........................ 124
1. ئىستېرېئولۇق كىنو ........................ 124
2. تاغلىق كەنت ........................ 130
3. قارچىغا ۋە ئوۋچى بوۋاي ........................ 136
4. بىلەي تاش ........................ 140
5. كېيىك ........................ 144
6. قەدىمىي قەلئە ........................ 151

ئالتىنچى باب قۇمتاغ سەيلىسى ........................ 157
1. قۇمتاغدا لەگلەك ئۇچۇرۇش ........................ 157
2. بوران ........................ 163
3. توپا دەرياسى ........................ 169
4. قۇمتاغدا نورۇز ........................ 177
5. قۇمتاغدا ئۆتۈلگەن دەرس ........................ 188

6. ئالتۇن ئۈزۈك ........................ 200
7. تەرسا بوۋاي ئاغرىپ قالدى ................ 208
8. تەرسا بوۋاينىڭ كەپىسى ................... 216

**يەتتىنچى باب يۈكسەك ئارزۇ** ................ 222
1. ئىمتىھاننىڭ ئالدى ـ كەينىدە ............. 222
2. كۆڭۈل تەسەللىسى ........................ 230
3. ئويۇنچۇق .................................. 237
4. ئەمەلگە ئاشقان ئارزۇ ..................... 244

**سەككىزىنچى باب قۇمغا كۆمۈلۈش** ............ 251
1. قۇم چېچەكلىگەن كۈنى ..................... 251
2. قۇمغا كۆمۈلگۈچىلەر ...................... 260
3. قۇمتاغدا تارالغان خۇش خەۋەر ............. 269
4. تەبرىكلەش مۇراسىمى ....................... 278
5. قۇمتاغ كېچىسى ............................ 293

**توققۇزىنچى باب يۇرت مېھرى** ................ 304
1. قۇمتاغنىڭ ئايسىز كېچىسى .................. 304
2. ئەلۋىدا، تەرسا بوۋاي ...................... 310
3. ئۈزۈم بايرىمى .............................. 317
4. ئۈزۈم ئۈزۈش ................................ 325
5. خەير ـ خوش قۇمتاغ ئانا .................... 332
**خاتىمە** ........................................ 343

ئوينىيالمايمىز، شۇڭا سەن بىلەن جىقراق ئوينىۋالايلى، ئاداش...

— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسىلەر...

— ۋاي ـ ۋۇي، ئېشىۋالمىغىنا، سەن ئىچكىرىگە ئوقۇشقا ماڭمىساڭ كىم ماڭىدۇ. سەن قېلىپ قالساڭ مەن باشقىلارنىڭ مېڭىشىغا ئىشەنمەيمەن. ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ سىنىپىنىڭ ئەڭ نوچىسىنىڭ ئىشىكى ساڭا ئوچۇق... ئەمدى سېنى قالدۇرۇپ قويۇپ باشقىلار ماڭسا مەن سەن ئۈچۈن ئەرز قىلىمەن. تولۇق ئوتتۇرىدا ھەقسىز ئوقۇپ سىراجىدىن ئاتامنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىدىغان بولدۇڭ.

— قۇمتاغقا چىقمىمىز دەپلا چىقساق بولماس.

— راست، بۈگۈن تېمپېراتۇرا قىرىق ئۈچ سېلسىيە گىرادۇس، ئەتە بولسا قىرىق بەش سېلسىيە گىرادۇس بولغۇدەك. ئەتە بۈگۈنكىدىنمۇ ئىسسىق ئىكەن.

— ئىسسىقتىن قورقۇپ قالاتتۇقمۇ، سۇغا چۆمۈلۈپ ئوينىمايمىزمۇ؟

— كۆلدە كىچىك بالىلار جىق، بىزگە ئورۇن تەگمەسمىكىن.

— قوغلىۋېتىمىز ئۇلارنى، كىچىك چاغلىرىمىزدا بىزنىمۇ چوڭلار قوغلايتتىغۇ.

ئەتىسى بىز قۇمتاغقا ماڭىمىز دەۋاتقاندا، ئابدۇئېزىز مۇئەللىم كىرىپ كەلدى. بىچارە مۇئەللىم سىمىز بولغاچ سەھەردىلا تەرلەپ كەتكەنىدى. گۆشلۈك مەڭزى تونۇردىن ھېلىلا سويۇلغان توغاچتەك قىزىرىپ، تەر

قىزىق سامسىدىن ئاققان ياغدەك ئېقىپ تۇراتتى. ئۇ ئاپامنىڭ قويغان بىر پىيالە چېيىنى ئىچكەچ، كارىۋاتنىڭ دوقمىنى بالىسىنىڭ بېشىنى سىلىغاندەك سىلىغىنىچە:

— شىر ئەلى سالامەتلىك تەكشۈرۈشتىنمۇ ئۆتۈپتۇ. ئەمدى تەييارلىق قىلىڭلار. شىر ئەلى ھاردۇقىمىزنى چىقاردى، يارايسەن شىر ئەلى! — دېدى.

ھەممەيلەن مېنى مۇبارەكلىدى، مەن ئۇچۇن خۇشال بولۇشتى، بىراق تۇرۇپلا مېنى يىغا تۇتتى - دە، ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ ئۆيگە كىرىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. «مەن راستىنلا ئىچكىرىگە كېتەرمەنمۇ؟» دەپ ئۆزۈمگە سوئال قوياتتىم. شۇ چاغدىلا مەن قومتاغقا قىيالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. كۆز ئالدىمدىن دوستلىرىم بىلەن قومتاغدا بىللە ئوينىغان ئويۇنلار، قومغا تۇخۇم كۆمۈپ يېگەنلىرىمىز ئۆتۈشكە باشلىدى. مېنىڭ بۇنداق ھېسقا كېلىشىم، بۇلتۇر تولۇقسىز 2 - يىللىقنى تۈگىتىشىمىزگىلا، ئالتە سىنىپتىن تاللاپ ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا ئۆتىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئايرىم تەربىيەلەش باشلانغانىدى. دەسلەپتە باشقىلار تەتىل قىلسا، بىز ئىسسىقتا تەرلەپ پىشىپ ئولتۇرۇپ بىر ئاي دەرس تەكرار قىلغاندۇق. ھەر قېتىم شىنجاڭ سىنىپى، ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىسالا، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ شىنجاڭ سىنىپىغا ئىمتىھان بەرگەندە، نومۇرۇم توشۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سالامەتلىك تەكشۈرتۈشتىن ئۆتەلمىگەنلىكىم ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشنى ئاڭلاپ پاڭگىدە يىغلىۋەتكىنىم يادىمغا كېلىدۇ. شۇ چاغدا ئاتامنىڭمۇ دىمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتكەنىدى. ئەسلىدە ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئالغان ئوقۇغۇچىلاردىن ئون پىرسەنتتىن ئارتۇقى سالامەتلىك تەكشۈرتۈشكە ئېلىپ بېرىلغانىكەن. مەن ۋە سالامەتلىك تەكشۈرتۈشتە تونۇشۇپ قالغان يېزا مەكتىپىدىن كەلگەن ئېرپان ئىسىملىك بالا بولۇپ، بەش ـ ئالتە بالا سالامەتلىك تەكشۈرتۈشتىن ئۆتەلمەي قاپتىمىز. بۇنى بىلگەندىن كېيىن مەكتىپىمىزنىڭ مۇدىرى سالامەتلىك تەكشۈرتۈشنى قايتىدىن قىلايلى دەپ ئاتام بىلەن خېلى يول ماڭدى. بىز تىت ـ تىت بولغانچە ئىشلار يۈرۈشمەي قېلىۋاتاتتى. بىزدىن ئۆتە چوڭلار ئالدىرايتتى. شۇنداق قىلىپ مەن سالامەتلىك تەكشۈرتۈشتىن ئۆتەلمەي، شۇ قېتىمقى ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغانىدىم.

بۇ ئىش مەندىن ئۆتە ئاتامغا بەكرەك ھار كەلگەنىدى. ئاتام بۇ ئىش تىلغا ئېلىنسىلا: «شىر ئەلى تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەندە، بىراقلا ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئۆتىدۇ، بۇنىڭدا گەپ يوق. شىر ئەلىنى ئۆزۈم يېتەكلەيمەن. بىر ھېسابتا بۇمۇ بولغىنى. مېنىڭمۇ شىر ئەلىدىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيماي تۇراتتى» دەيتتى. ئاغزىدا ئۇنداق دېگەنبىلەن، ئىچىدە ھەسرەت چېكەتتى. چۈنكى، ئاتام مېنى ئەڭ ياخشى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇپ تېخنىك قىلماقچى. بۇنى

ئاتام مەن ھەر قېتىم مەۋسۇملۇق ئىمتىھانلاردا يۇقىرى نومۇر ئالغان چاغلىرىمدا دەپ تۇراتتى.

ئاتام باشلانغۇچ مەكتەپتىن شىنجاڭ سىنىپىغا ئۆتەلمىگىنىمدىن كېيىن، مېنى بۇرۇنقىدەك مەھەللىدىكى دوستلىرىم بىلەن ئوينىسام ئانچە توسۇپ كەتمەس بولۇپ قالغانىدى. بىراق، ئاتام مېنى ئەڭ داڭلىق ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئارزۇسىدىن ۋاز كەچمىگەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرىنچى باب

# قۇمتاغ رىۋايىتى

## 1. تەرسا بوۋاي

ئېسىمنى بىلسەملا قۇمتاغدا ئويناپ چوڭ بولۇپتىمەن. قۇمتاغ بىلەن ئۆيىمىزنىڭ ئارىلىقى بىر چاقىرىمچە كەلمەيدۇ. ئۆيىمىزنىڭ كەينىدىكى ئېتىزلىقتىن ئۆتسەكلا ئۆستەڭ بار. ئۆستەڭنىڭ ئىككى قاسنىقى ۋە بۇلاق بويلىرى سۆگەت، كۆك تېرەك، ئاق تېرەك، قارىياغاچ، جىگدە قاتارلىق دەرەخلەر قويۇق ئۆسكەن ئورمان. ئورمانلىقتا مەھەللىمىزدىكى باللار تولا مېڭىپ ھاسىل قىلغان قۇمتاغقا تۇتىشىدىغان چىغىر يول بار. باھار كېلىپ دەل ـ دەرەخلەر يېشىل تون كىيىشكە باشلىغاندىن باشلاپ تاكى ئالتۇن تەڭگە چاچقان كۆز ئايلىرىغىچە كۈنلىرىمىزنىڭ تەڭدىن تولىسى قۇم باغرىدا ئۆتەتتى. قار ياغقان قىشلىرى قار ئېرىپ بولغۇچە نەچچە كۈن قۇمتاغدا قانغۇچە ئويىنىۋالاتتۇق. مەھەللىدىكى ئاغىنىلەر بىر يەرگە كەلسەكلا قۇمتاغقا چىقىپ تۈرلۈك ئويۇنلارنى ئويناياتتۇق. بەزىدە بىزگە چوڭلارنىڭ قۇمتاغ ھەققىدىكى تۈرلۈك رىۋايەتلىرى راستتەك سېزىلىپ قۇمتاغنىڭ ھەقىقەتەن سېھرى باردەك تۇيۇلاتتى.

قايسى يىلىكىن، بىر يىلى ئەتىيازدا ئۆستەڭ بويىدىكى تېرەكلەر پوتلا چىقىرىپ، سۆگەتلەر چوكانتال بولغاندا مەھەللىدىكى باللار قومۇتاغقا چىقىپ ئويناماقچى بولدۇق. قومۇتاغقا چىقىمىز دېگەن گەپ چىقسىلا، مەھەللىمىزدىكى باللار ھەممىمىز ئۆيلەردىن قورسىقىمىز ئاچسا يەيدىغان نان ئېلىۋالاتتۇق. قومۇتاغقا ئىچكىرىلەپ كىرمىسەكلا سۇدىن غەم قىلمايتتۇق. چۈنكى، قومۇتاغ بىلەن تۇتاش ئۆستەڭ بويىدا سۈيى بىر ـ بىرىدىن تاتلىق بۇلاقلار كۆپ ئىدى. مانا، يەنە مەھەللىدىكى قۇرداش ئاغىنىلەر، ئۇكىلىرىمىز بىلەن بىرۋدىن كىچىك باللارنى ئەگەشتۇرۇپ كېتىۋاتىمىز. بىز بۇلاق بويىغا كېلىپ سۇ ئىچىۋالغاندىن كېيىن ئابلىكىم:

ــ ئاغىنىلەر، بۇگۈن ھەربىي ـ دۈشمەن ئوينايلىمۇ؟ ــ دېدى.

ــ بايا مەھەللىدىكى چاغدىلا دېسەڭ بولمامدۇ ئۇ گېپىڭنى؟ قوراللىرىمىزنى ئېلىۋالغان بولساق بولماسمىدى.

ــ دەرەخ شېخىنى سۇندۇرۇپ ياسايمىز.

ــ مۇسا بوۋاي كېلىدىغان بولسا دەرەخ شېخىنى سۇندۇرغان قولۇڭنى سۇندۇرارمىكىن.

ــ خاتىرجەم بول، مۇسا بوۋاينىڭ ئارالدىكى تۇغقىنى توي قىپتۇ، سەھەردىلا شۇ يەرگە ماڭغىنىنى كۆردۈم، ــ دېدى ئابلىكىم.

ــ شۇڭا، قورقمايلا دەرەخ شېخىنى سۇندۇرۇپ تاپانچا ـ مىلتىق ياسايمىز دەپتىكەنسەن ـ دە، بولمىسا «مۇسا بوۋام كېلىپ قالىدۇ، مۇسا بوۋامنىڭ ئاچچىقى يامان...» دەپ كېتەتتىڭ. سەن قوشنىسى تۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قورقساڭ، بىز قورقمامدۇق. بولدى، بۈگۈن راسا ئوينىۋالايلى ئەمىسە.

بىز تال چىۋىقلارنى شەپكىلىرىمىزگە يۆگەپ، بەللىرىمىزگە ياغاچ تاپانچىلارنى قىستۇرۇپ، مىلتىقلارنى ئېلىپ ئۆستەڭنىڭ ئىچىگە تاراپ كەتتۇق. ئويۇنىمىز راسا قىزىغاندا «دۈشمەن» لىرىمىز قومتاغ تەرەپكە قاچقانىدى. مەن ئۇلارنى بىزدىن يېڭىلىپ قاچقان ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمەن. جاپپار مەن مۆكۈپ تۇرغان يەرگە كېلىپ:

— شىرئەلى، تېز قاچ، مۇسا تەرسا كەلدى، — دېدى.

— قېنى...

مەن كەينىمگە قارىسام، مۇسا بوۋاي قېرىپ قالغىنىغا قارىماي يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. مەنمۇ جاپپارغا ئەگىشىپ قومتاغقا قاچتىم. قېرىشقاندەك ئېرىق بويى تېيىلغاق بولۇپ نەچچە يىقىلىپ كىيىملىرىم لاي بولۇپ كەتتى. بىز قېچىپ قوم بارخانلىرىنى ئارقىمىزدا قويۇپ قومتاغ تۆۋىگە بېرىپ، بىر ئېگىزرەك قوم دۆڭىنىڭ كەينىگە مۆكۈۋالدۇق. بايىقى قېچىشتىكى قىزىقارلىق ئىشلارنى دەپ كۈلۈپ تۇرۇشىمىزغا، مۇسا بوۋاي ئالدىمىزدىكى بارخاندىن ئۇنىپ چىققاندەك لوققىدە پەيدا بولدى. بىز قېچىشقا تەمشەلگەندە، ئۇ بىزنى چاقىرىپ توختاتتى.

— قاچماڭلار باللىرىم، مەن سىلەرنى يەيدىغان يالماۋۇز ئەمەس، — دېدى.

بىز تىرناقلىرىمىزنى تاتىلاشقىنىمىزچە ئورنىمىزدا ئولتۇردۇق. بېشىمىزنى پەس قىلىشىپ بىر — بىرىمىزگە قاراشتۇق. جاپپار ماڭا قاراپ «قاچايلى» دېگەن ئىشارەتنى قىلدى. مەن پەرقۇزاتقا قارىدىم، ئۇ «ياق» دېگەندەك قىلىپ بېشىنى چايقىدى.

— قاراڭلار، بىر ئوبدان نوتىلارنى سوندورۇۋېتىپسىلەر.
موشـوُنداق سوندورغىلى تورساق ئۆستەڭ بويىدىكى ئورمان هامان بىر كونى تۈگەيدو. ئورمان تۈگىدى دېگەن گەپ قوم مەھەللىگە كۆچىدو دېگەن گەپ. ئو چاغدا نېمە بولىدىغانلىقىنى ھەممىڭلار بىلىسىلەر.
ئارىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سوردى. بىر چاغدا جاپپار:
— ئەتە يەكشەنبە، بىز دەم ئالىمىز، بىز سىزگە كۆچەت تىكىشىپ بېرەيلى، — دېدى.
— ياق، سىلەر تېخى كىچىك، ئېغىر ئىش قىلساڭلار بولمايدو. تىككەن كۆچەتلەرنى سوندورماي، قوغدىساڭلارلا بولدى.
— ياق، بىزمو ئىشقا ياراپ قالدوق، — دېدى ئابلىكىم يېڭىنى شىمايلاپ.
— ئوُنداق بولسا ئەتە ناشتىدىن كېيىن ئاۋۇ تېرەكلىككە كېلىڭلار. قەلەمچە تىكىپ بېرىڭلار ئەمىسە.
بو ئۆچكە ساقال، تەرسا بوۋاينىڭ قولىقىمىزدىن توتوپ ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارمىغىنىدىن خوشال بولدوق. بىز نەزىرىمىزدىكى ئەڭ تەرسا، جاھىل، ھېچكىمگە رەھىم قىلمايدىغان موسا بوۋامنىڭ كەينىدىن مەھەللىگە قاراپ كېتىۋاتاتتوق. بىز قومتاغنىڭ ئۆستەڭگە توتىشىدىغان يامزىلىغا كەلگەندە، بىر قوم دۆڭنىڭ ئوستىگە چىقتوق. موسا بوۋاي:
— موشو يەردە تورۇپ ئۆستەڭگە قاراڭلار، مەھەللىگە، شەھەرگە قاراڭلار، نېمىدېگەن چىرايلىق. ئەمدى كەينىڭلارغا قاراڭلار، قومتاغ ئوُنىڭدىنمو چىرايلىق. خوُدايىم ھەممىنى ئاشوُنداق بىر ـ بىرىگە سىلىشتوروپ قەدرىگە يەتسون دەپ شوُنداق ياراتقان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئوخشايدۇ. قۇم بولمىسا يېشىللىق، يېشىللىق بولمىسا قۇم بۇنداق چىرايلىق كۆرۈنمەيدۇ...

بىز بىر دە قۇمتاغقا، بىر دە كۆز ئالدىمىزدىكى بارغانسېرى ياشىرىۋاتقان ئورمانغا، يىراقتىن كۆرۈنگەن مەھەللىمىزگە، شەھىرىمىزنىڭ ئېگىز - ئېگىز بىنالىرىغا قاراپ سۆيۈندۇق.

## 2. تەرسا بوۋاينىڭ شاپائىتى

شۇ چاغدا مۇسا بوۋاي بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك قۇم دۆڭنى چامداپ ئۆلچىگىلى تۇردى. بىز بولساق ئۇنىڭ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىغىنىچە نېمىنىدۇر ھېسابلاۋاتقانلىقىغا ئۇن - تىنسىز قاراپ تۇردۇق. بىر چاغدا:

— باللىرىم، بۇ يەرنى كولاڭلار، — دېدى مۇسا بوۋاي دۆڭنىڭ چېتىدە كۆمۈپ قويغان ئالتۇنلىرىنى كولىتىۋاتقان بايدەك قاراپ تۇرغىنىچە. ئابلىز بىزگە قاراپ پىچىرلىدى.

— ئالتۇنى بارمىكىن بۇ قېرىنىڭ.

— ئاستا گەپ قىل، ئاڭلاپ قالىدۇ.

— سوراپ باقايمۇ؟

— خاپا بولۇپ قالسا قانداق قىلىمىز؟

— سوراپ باققانغا نېمە بولاتتى.

— مۇسا بوۋا، بۇ يەردە نېمە بار؟

— كولىساڭلار بىلىسىلەر.

— دېمىدىمۇ، بىزدىن ئۆچىنى ئېلىۋاتقان گەپ بۇ قېرى. چوڭلارنىڭ: «بىكار قالساڭ كېسەك قوي» دېگىنى

بىكار ئەمەس. بىزنى بىكار دەپ قوْمنى كولىتىۋاتىدۇ بۇ قىرى...

بىز خىلى چوڭقۇر كولىدۇق. ھېچ نەرسىنى تاپالمىدۇق. بىردەم ئارام ئالغاندىن كېيىن يەنە كولاشقا باشلىدۇق. قوْمنى تارتىپ بىلەكلىرىمىز تالدى، تىرناقلىرىمىزنىڭ ئىچى قوْمغا توشۇپ ئاغرىپ كەتتى. ئابلىز پۇتى بىلەن ئىتتىرىپ قوْمنى نېرى قىلدى. بىر چاغدا جاپپار:

— قوغۇن، قوغۇن بار ئىكەن! — دەپ توۋلىدى.

ھەممىمىزنىڭ كۆزى ساپىقىدىن ھازىر ئۈزگەندەك تۇرغان قوغۇنغا چۈشتى. بىزنىڭ خۇشاللىقىمىزنى كۆرگەن مۇسا بوۋاي ساقىلىنى سىلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— جەمئىي بەش قوغۇن، قېنى يەنە ئىزدەڭلار، — دېدى.

بايا قوْم كولاشنى خالىمىغانلارمۇ كىلىپ بىر - بىرىدىن ئالدىراش كولاشقا باشلىدى. بىردەمدە ھەممە قوغۇننى تاپتۇق. بۇ خۇشاللىقىمىز ئىمتىھاندا يۈز نومۇر ئالغان خۇشاللىقىمىزدىنمۇ ئارتۇق ئىدى. ئالتۇن كولىغۇچىلارنىڭ خۇشاللىقىمۇ مۇشۇنچىلىك بولار.

— ئاۋۇ يامزالدىكى يانتاقلارنىڭ ئارىلىرىغا تېرىپ قويغان قوغۇنلار چۈشۈپ، يانتاقلارنىڭ ئارىسىدا قاپتىكەن. 10 - ئاينىڭ ئاخىرى ئۈزۈپ بۇ يەرگە كۆمۈپ قويغان، — دېدى مۇسا بوۋاي، — قېنى سىلەرنىڭ رىزقىڭلار ئىكەن، بالىلىرىم. ھوي، جالالنىڭ ئوغلى جاپپارغۇ سەن، ئەكەل، تىلىپ بېرەي.

مۇسا بوۋام يانچۇقىدىن قولياغلىقىغا ئورالغان قەلەمتىراچىنى چىقىرىپ قوغۇننى تىلىشقا باشلىدى. قوغۇن تىلغاندا ئاققان قوغۇننىڭ شىرنىسىنى كۆرۈپ ئاغزىمىزغا سېرىق سۇ كەلدى. ئۇ ھەربىرىمىزگە بىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىلىمدىن بىرىپ، ئۆزىمۇ بىر تىلىمنى كاسا قىلىپ يېدى. ۋاھ، قوغۇننىڭ تاتلىقلىقىنى نېمە دەي! كۆزدە قوغۇنلۇقنىڭ ئالچۇقىدا ئولتۇرۇپ يېگەندەك راھەتلەندۇق. مۇسا بوۋاي بىزنىڭ بىر ـ بىرىمىزدىن قىزغىنىپ قوغۇننى ئالدىراپ يېيىشىمىزگە قاراپ، كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۈچ قوغۇننى تىلىپ تۈگەتتى. يەنە تىلىمەن دېگەندە ھەممىمىز ئۇنىمىدۇق. دېمىسىمۇ قورساقلار راسا تويغانىدى.

— مۇسا بوۋا، قوغۇننى مۇشۇنداق ساقلىسا ياخشى بولىدىكەن ـ ھە؟

— ئادەتتە ئوۋچىلار، قۇملۇق ئەتراپىدا ياشايدىغانلار قوغۇننى مۇشۇنداق ساقلايدۇ. بۇنداق ساقلىغاندا بىرىنچىدىن، قۇم قىشتا توڭلىمايدۇ، چوڭقۇر كۆمۈپ قويساق قوغۇن ساق تۇرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، چاشقان، كۇسۇتكە قۇم ئىچىگە كىرەلمەيدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، قوغۇننىڭ سۈيى قاچمايدۇ.

— بۇنىڭدىن باشقىمۇ ساقلاش ئۇسۇلى بارمۇ؟

— بار، — دېدى جاپپار ئالدىراپ، — بىزنىڭ لۈكچۈندە تۇغقانلار ئورىغا تىزىپ قويۇپ ياكى تور خالتىغا ئېسىپ قويۇپ ساقلايدىكەن.

— جاپپار توغرا دېدى، قوغۇن ساقلاشنىڭ ھەر خىل ئۇسۇلى بار. بۇرۇنلاردا ئاشلىق ئامبىرىدىكى بۇغداينىڭ ئاستىغا مەن قۇمغا كۆمگەندەك كۆمۈپ ساقلايدىغان ئىشلارمۇ بار ئىدى.

بىز مۇسا بوۋايغا ياردەملىشىپ كىچىك ـ كىچىك چۆنەك تارتتۇق ۋە بىرنەچچە قىر چاپتۇق. مۇسا بوۋاي ئەتە قىلىدىغان ئىشلىرىمىزنى دەپ بەردى. بىز ئەتە

قىلىدىغان ئىشلارنى ئويلاپ خۇشال بولۇشتۇق. قايتىشىمىزدا قوغۇن شاپاقلىرىنى بايىقى بىز سۇندۇرغان تال چىۋىقلارغا بىلىقچىلار بىلىقىنىڭ ساقىقىدىن ئۆتكۈزگەندەك ئۆتكۈزۈپ مۇسا بوۋايغا ئەگىشىپ ماڭدۇق.

ئىلگىرى بىز مۇسا بوۋاينى كۆرسەك قورقۇنچلۇق مەخلۇقنى كۆرگەندەك قاچاتتۇق. مانا ئەمدى ئۇنىڭ كەينىدىن تىزىلىپ كېتىۋاتىمىز.

## 3. بۇلاق تازىلاش

بىز ئۆستەڭنىڭ ئۇ قېتىدىن بۇ قېتىغا تەبىئىي كۆۋرۈك بولۇپ قالغان سۆگەتتىن ئۆتۈپ بۇلاقنىڭ مۇزدەك سۈيىدە يۈز ـ كۆزلىرىمىزنى يۇيۇپ، ئاندىن قانغۇچە سۇ ئىچىپ مەھەللىگە قاراپ چىغىر يول بىلەن ماڭدۇق. مۇسا بوۋاي بولسا ياندىكى سۆگەتلىك توقايلىققا قاراپ ماڭدى. ئابلىز:

— كەينىدىن ماراپ باقامدۇق، مەھەللىگە ماڭماي ئاۋۇ يەرگە ماڭغىنىغا قارىغاندا كۆمۈپ قويغان يەنە بىر نەرسىسى بارمۇ ـ يا، — دېدى.

— سەت بولارمىكىن ئابلىز، 3 ـ ئايدا ساپىقىدىن هازىرلا ئۈزگەندەك تاتلىق قوغۇن بەردى، يېدۇق...

— ئەمدى دەيمىنا...

— ماڭساق ماڭدۇق.

— كۆرۈپ قالسىچۇ؟

— ئاۋۇ يولدىن ماڭغۇمىز كەلمىدى، جاپپارلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قوزىلىرىنى كۆرمەكچى دېسەكلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولمىدىمۇ؟ مۇشۇ يول بىلەن ماڭساق جاپپارلارنىڭ ئۆيىگە ئۇدۇل چىقىدىغىنىمىزنى بىلىدۇ.

بىز ئېرىقنىڭ نەم، لاي قېشىدا مۇسا بوۋاينىڭ ئىزىنى بويلاپ ماڭدۇق. ئۆستەڭدىن سۇنىڭ شارقىرىشى بىر خىلدا ئاڭلانسا، تال ـ تېرەكلەرگە قونۇپ سايراۋاتقان پاختەكلەرنىڭ ئۈنى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. بىز ئۈن چىقارماي مۇسا بوۋاينىڭ ئىزىدىن ماڭدۇق. مۇسا بوۋاي بىردەمدە كۆزىمىزدىن يىتۇپ كەتتى. بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپلا قالدۇق. شىمال تەرەپتىن ئۆستەڭگە يانتۇ بولۇپ ئۇن قەدەمدە بىر، ئانچە چوڭقۇر بولمىغان جىرالار بار ئىدى. بىز سەل ئېگىزرەك بىر يەرگە چىقىپ ئەتراپقا قارىدۇق. مۇسا بوۋاي كۆرۈنمەيتتى.

ــ بۇ مۇسا بوۋاي ئادەم ئەمەس جىنمۇ، نېمە؟

ــ قويە ئۇنداق گەپنى، بايا بىز بىلەن پاراڭلاشتى، قوغۇن تىلدى، يېدۇق، شۇلارنىڭ ھەممىسى يالغانمۇ ئەمىسە؟

ــ ئۇغۇ راست.

ــ ئاستا گەپ قىل، مۇسا بوۋايمۇ بىزنىڭ پېيىمىزگە چۈشتىمۇ كىم بىلىدۇ.

ــ ئۇنداق بولسا ئاۋۇ تېرەكنىڭ شېخىنى سۇندۇرساقلا ئالدىمىزدا پەيدا بولىدۇ.

ــ يەنە ئازراق مېڭىپ باقايلى.

بىز بىرەر يۈز مېتىر ماڭغاندىن كېيىن بىر جىرانىڭ بېشىدا مۇسا بوۋاينىڭ كەتمەن چېپىپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدۇق. بىز بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ مۇسا بوۋاينىڭ يېنىغا كەلدۇق. مۇسا بوۋاي نېمە ئىشلار بار دېگەندەك بۇركۇتنىڭ كۆزىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن بىزگە تىكىلدى.

— مۇسا بوۋا، بىز جاپپارلارنىڭ قوزىلىرىنى كۆرۈپ كېلەيلى دەپ بۇ يەر بىلەن ماڭدۇق. قارىساق ئىشلەۋېتىپسىز، يار دەملەشسەك بولامدۇ؟

— بولىدۇ، قېنى ئاۋۇ يەردىكى قۇرۇق شاخ - شۇمبىلارنى ئەكېلىڭلار، — دېدى.

بىز مۇسا بوۋاينىڭ دېگىنى بويىچە ئورمانغا تاراپ تەمەچ تەرگەندەك بىر-بىرىمىز بىر تۇتامدىن شاخ - شۇمبا ئېلىپ كەلدۇق. ئۇ كەتمىنى بىلەن كولىغان يەرگە نەچچە تال قوزۇق قېقىپ بىز ئەكەلگەن شاخ - شۇمبىلارنى قويدى ۋە يانچۇقىدىن ئەپچىل ياغاچ كېسىدىغان قايچىسىنى ئېلىپ ئەتراپتىكى سۆگەتنىڭ شاخلىرىنى كېسىپ كېلىپ تىزدى ۋە لايلارنى ئۈستىگە باستۇردى. بىز مۇسا بوۋاينىڭ دېگىنى بويىچە، كىچىك جىرانىڭ ئىچىدىكى قۇرۇق غازاڭلارنى بايا ئېشىپ قالغان شاخ - شۇمبىلاردىن سۈپۈرگە ياساپ سۈپۈرۈپ تازىلىدۇق. بىز مۇسا بوۋاينى ئەمدى نېمە قىلاركىن دەپ تۇردۇق. مۇسا بوۋاي بۇ كىچىك جىرانى چوڭقۇرلىتىپ بولۇپ:

— بۇ يەرگە ئەتە كېلىپ قاراپ بېقىڭلار، نېمىنى كۆرىسىلەركىن، — دېدى.

— سۈپسۈزۈك سۇنى كۆرىمىز، — دېدى جاپپار بىلەرمەنلىكىنى كۆز - كۆز قىلغاندەك ئالدىراپ.

— توغرا، بۇرۇن تۆۋەن مەھەللىدىكىلەر توپ - توپ بولۇپ بۇلاق تازىلايدىغان. ھازىر ئۇلار قۇدۇق بىلەن يەر سۇغىرىدىغان بولۇۋېلىپ، بۇلاق تازىلىمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇرۇن بۇ يەردە بىر بۇلاق بار ئىدى. نەچچە يىل بولغان سۇيى ئۈزۈلۈپ قالغىلى. تۈنۈگۈن قارىسام، بۇ يىل سۇ چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاۋۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۆڭدىكى يەرگە بۇ يىل قوغۇن تېرىيدىكەنمىز. قوغۇن دېگەننى بەش كۈندە بىر سۇغارمىسا ئوخشىمايدۇ. يەرنى كۆپ سۇغاردى دېگەن گەپ، يەر ئاستى سۈيى مول بولدى دېگەن گەپ. قاراپ تۇرۇڭلار، يازدا بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى ھەم مۇزدەك، ھەم ئۇلۇغ بولىدۇ.

— ئەمىسە بىز تازىلايلى! بىزگە ئۆگىتىپ قويۇڭ بوۋا.

— بولىدۇ بالىلىرىم. بىر بۇلاقتىن بىر كۆز ئېچىلسا يۈز تۈپ دەرەخ كۆكىرىدۇ. يەر كۆكەردى دېگەن گەپ، قۇم چېكىندى دېگەن گەپ.

— ئۇنداق بولسا ئەتە كەتمەن - گۈرجەك ئېلىپ كېلىمىز.

## 4. كۆچەت تىكىش

ئابلىز بىلەن ئابلىكىم سەھەر كىرىپ مېنى ئويغاتتى. ئاپام ناشتىلىقنى تەييارلاپ قويغانىكەن، يۈز - كۆزۈمنى يۇيۇپلا ئالدىراپ ناشتا قىلدىم. ئاتام بىزنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشىمىزنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئۆتكەندە مۇسا بوۋاڭلارنى ئەسكى، قارا كۆسەي دەپ يۈرمەمتىڭلار؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ئۇ چاغلاردا مۇسا بوۋامنىڭ تەرسا بولغىنى بىلەن كۆڭلىنىڭ يۇمشاقلىقىنى، بىز ئويلىغاندەك ئەسكى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلماپتۇق. تۈنۈگۈن مۇسا بوۋامنىڭ كۆڭلىنىڭ يۇمشاقلىقىنى بىلدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدىن چوڭ بالىلار مۇسا بوۋامنى «ئەسكى، بىر تال چىۋىقنى سۇندۇرغىنىڭنى كۆرۈۋالدىغان بولسا،

قوْلىقىمىزدىن تۇتۇپ ئاتا ـ ئانائىمىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ...» دېسە ئىشىنىپتىمىز ،— دېدى ئابلىز.
— مۇسا بوۋائىلار ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، ساددا ئادەم. تەرسا قىلىپ قويغان مۇشۇ مەھەللىدىكى قىسمەن خەقلەر. ھە دېسە يېڭى تىكىلگەن كۆچەتلەرنى سۇندۇرۇۋاتقان، دەرەخلەرنى ئوغرىلىقچە كېسىۋېلىۋاتقان. مۇسا بوۋائىلار شۇنداق قاتتىق قوللۇق قىلمىسا بۇ يەردىكى ئورمان ئاللىقاچان كېسىلىپ تۈگەيتتى. كۆرمەمسىلەر، ئۆستەڭنىڭ ئايىغىدىكى ئورماننىڭ شالائىلاپ قالغىنىنى، ئەسلىدە بۇ قوم ياقىسىدىكى ئۆستەڭنىڭ ھەممە يېرى بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئۇدۇلىدەك قويۇق ئورمان ئىدى. ئۆستەڭنىڭ ئايىغى تۆۋەن مەھەللىگە تەۋە. ئۇ مەھەللىنىڭ ئورمىنىنى مۇسا بوۋائىلاردەك قاتتىق قول ئادەم باشقۇرمىغاچقا، ئۇ كېسىپ، بۇ كېسىپ ئورنىغا دەرەخ تىكمىگەچكە قۇرۇپ كەتتى. بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئورمىنىنى مۇسا بوۋائىلار ئۆزى بىر قوللۇق باشقۇرۇپ، قۇرۇپ قالسا يېڭىدىن تىكىپ ياشارتقان. سىلەر كۆچەت تىكمىمىز دېگەن يەردىكى قىرى سۆگەتلەر يېرىلىپ كەتكەچكە كېسىۋەتكەن. يازچە شۇ يەرگە كۆچەت تىكىشنىڭ پىلانىنى قىلىپ ئېرىق تارتىپ سۇ چىققۇدەك قىلدى. ئېرىقلار بالىلىرىم، ئېرىقلار، مۇسا بوۋائىلارنىڭ ئىچى بىر دەريا ئادەم. چۆچەك ئېيتىپ بەر دېسەڭلار ئېيتىپ بېرىدۇ. بېشىدىن ئاجايىپ تەسىرلىك نۇرغۇن ئىشلار ئۆتكەن...— دېدى ئاتام.
— سىلەر كىچىك چاغدىمۇ مۇسا بوۋام ئورمانغا قارامتى؟
— شۇنداق، ئۇ چاغلاردا مۇسا بوۋائىلارنىڭ ئاتىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۆڭدىكى يەرگە بۇ يىل قوغۇن تېرىيدىكەنمىز. قوغۇن دېگەننى بەش كۈندە بىر سۇغارمىسا ئوخشىمايدۇ. يەرنى كۆپ سۇغاردى دېگەن گەپ، يەر ئاستى سۈيى مول بولدى دېگەن گەپ. قاراپ تۇرۇڭلار، يازدا بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى ھەم مۇزدەك، ھەم ئۇلۇغ بولىدۇ.

— ئەمىسە بىز تازىلايلى! بىزگە ئۆگىتىپ قويۇڭ بوۋا.

— بولىدۇ بالىلىرىم. بىر بۇلاقتىن بىر كۆز ئېچىلسا يۈز تۈپ دەرەخ كۆكىرىدۇ. يەر كۆكەردى دېگەن گەپ، قۇم چېكىندى دېگەن گەپ.

— ئۇنداق بولسا ئەتە كەتمەن ـ گۈرجەك ئېلىپ كېلىمىز.

## 4. كۆچەت تىكىش

ئابلىز بىلەن ئابلىكىم سەھەر كىرىپ مېنى ئويغاتتى. ئاپام ناشتىلىقنى تەييارلاپ قويغانىكەن، يۈز ـ كۆزۈمنى يۇيۇپلا ئالدىراپ ناشتا قىلدىم. ئاتام بىزنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشىمىزنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئۆتكەندە مۇسا بوۋاڭلارنى ئەسكى، قارا كۆسەي دەپ يۈرمەمتىڭلار؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ئۇ چاغلاردا مۇسا بوۋامنىڭ تەرسا بولغىنى بىلەن كۆڭلىنىڭ يۇمشاقلىقىنى، بىز ئويلىغاندەك ئەسكى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلماپتۇق. تۈنۈگۈن مۇسا بوۋامنىڭ كۆڭلىنىڭ يۇمشاقلىقىنى بىلدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدىن چوڭ بالىلار مۇسا بوۋامنى «ئەسكى، بىر تال چىۋىقنى سۇندۇرغىنىڭنى كۆرۈۋالدىغان بولسا،

قۇلىقىڭدىن تۇتۇپ ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ...» دېسە ئىشىنىپتىمىز، ــ دېدى ئابلىز.

ــ مۇسا بوۋاڭلار ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، ساددا ئادەم. تەرسا قىلىپ قويغان مۇشۇ مەھەللىدىكى قىسمەن خەقلەر. ھە دېسە يېڭى تىككىلگەن كۆچەتلەرنى سۇندۇرۇۋاتقان، دەرەخلەرنى ئوغرىلىقچە كېسىۋېلىۋاتقان. مۇسا بوۋاڭلار شۇنداق قاتتىق قوللۇق قىلمىسا بۇ يەردىكى ئورمان ئاللىقاچان كېسىلىپ تۈگەيتتى. كۆرمەمسىلەر، ئۆستەڭنىڭ ئايىغىدىكى ئورماننىڭ شالاڭلاپ قالغىنىنى، ئەسلىدە بۇ قۇم ياقىسىدىكى ئۆستەڭنىڭ ھەممە يېرى بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئۇدۇلىدەك قويۇق ئورمان ئىدى. ئۆستەڭنىڭ ئايىغى تۆۋەن مەھەللىگە تەۋە. ئۇ مەھەللىنىڭ ئورمىنىنى مۇسا بوۋاڭلاردەك قاتتىق قول ئادەم باشقۇرمىغاچقا، ئۇ كېسىپ، بۇ كېسىپ ئورنىغا دەرەخ تىكمىگەچكە قۇرۇپ كەتتى. بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئورمىنىنى مۇسا بوۋاڭلار ئۆزى بىر قوللۇق باشقۇرۇپ، قۇرۇپ قالسا يېڭىدىن تىكىپ ياشارتقان. سىلەر كۆچەت تىكىمىز دېگەن يەردىكى قىرى سۆگەتلەر يېرىلىپ كەتكەچكە كېسىۋەتكەن. يازچە شۇ يەرگە كۆچەت تىكىشنىڭ پىلانىنى قىلىپ ئېرىق تارتىپ سۇ چىققۇدەك قىلدى. بېرىڭلار بالىلىرىم، بېرىڭلار، مۇسا بوۋاڭلارنىڭ ئىچى بىر دەريا ئادەم. چۆچەك ئېيتىپ بەر دېسەڭلار ئېيتىپ بېرىدۇ. بېشىدىن ئاجايىپ تەسىرلىك نۇرغۇن ئىشلار ئۆتكەن...ــ دېدى ئاتام.

ــ سىلەر كىچىك چاغدىمۇ مۇسا بوۋام ئورمانغا قارامتى؟

ــ شۇنداق، ئۇ چاغلاردا مۇسا بوۋاڭلارنىڭ ئاتىسى

ئەيسا ئاتىمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاۋۇ سۇ تۈگمىنىنىڭ يېنىدا قورۇ ـ جايى بار ئىدى. شۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۈگمەنگە قارىغاچ ئورمانغىمۇ قارايتتى. بىزمۇ ئەيسا ئاتىدىن شۇنداق قورقاتتۇق.

ــ بىز كىچىككىنە قالمايلى، ئاتا.

ــ مېڭىڭلار بالىلىرىم، بېرىڭلار.

ــ بىز كەتتۇق ئەمىسە.

ــ بولىدۇ، مەنمۇ سەل تۇرۇپ بارىمەن.

بىز ناخشا ئېيتىشىپ بىردەمدە باھارنىڭ غۇر ـ غۇر شامىلىدا ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان لەگلەكلەرگە قاراپ، ئېتىزغا تۆكۈلگەن قىغنى تاتىلاپ قورساق غېمىدە قالغان قۇشقاچلارغا داڭگال ئېتىپ ئۇچۇرۇپ دېگەندەك ئورمانلىققا كېلىپ قالدۇق. بىزدىن بۇرۇن پەرقۇزات بىلەن جاپپار كېلىپ بولغانىكەن. مۇسا بوۋاي بىزنىڭ كەلگىنىمىزنى كۆرۈپ كۆممىقوناقنىڭ دانىسىدەك سارغايغان چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلۈمسىرىدى. مۇسا بوۋاينىڭ بۇ كۈلۈمسىرىشى، ئۇنىڭ بىز ئويلىغاندەك تەرسا، ئاچچىقى يامان، ئەسكى ئادەم ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى يول ـ يول قورۇقلاردىن تەر ئاقماقتا ئىدى.

ــ ئابلىز بىلەن جاپپار، ئاۋۇ كۆك تېرەكنىڭ شېخىنى كېسىپ ئەكېلىڭلار. سەن، هاي، توختاخۇننىڭ نەۋرىسى، ئىسمىڭ نېمىتى سېنىڭ؟ هە، قۇتيار، سەن ئاۋۇ كەكىنى ئەكېلىپ ماۋۇ كۆتەكنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، مەن كەسلەپ قويغان ئۆلچەم بويىچە كەسلە. سەن شىرئەلى، ئابلىكىم بىلەن ئاۋۇ ئېرىقنىڭ ئىككى قېشىنى تۈزلەپ، ئويمان يېرىگە ئېرىقتىن توپا ئېتىپ داپىتىۋېتىڭلار. مەن سۇ ئەكېلەي.

بىز تەقسىملەنگەن ئىشلىرىمىزنى قىلىشقا باشلىدۇق. ئەمەلىيەتتە مۇسا بوۋاي ھەممە ئىشنى تەخ قىلىپ بولغانىكەن. بىز مۇسا بوۋاينىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىشلىدۇق. ئۈچ ئېرىقتا كۆك تېرەكنى كەسلەپ تىكىپ بولۇشىمىزغا، مەھەللىدىن ئاتام باشلىق چوڭلار بىر - ئىككىلەپ كېلىشكە باشلىدى.

قۇمتاغ ياقىسىدىكى ئۇچۇقچىلىقتا بولسا مۇسا بوۋاينىڭ ئايالى ئاينىيازخان ئانام تاماق ئېتىۋاتاتتى. بىز ئۆستەڭنىڭ يانلىرىدىكى ئۇچۇقچىلىقتا ۋە ئېرىقلارغا مۇسا بوۋاينىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە تېرەك، سۆگەت قەلەمچىسى تىكتۇق. ئېرىقتا سۇ بولغاچ بىز قەلەمچىنى ئاسانلا تىكىپ بولدۇق. چوڭلار كەتمەن - گۈرجەكلەرنى ئېلىپ قۇمتاغ ياقىسىدىكى ئېرىقنىڭ قۇمىنى ئېلىپ سۇ باشلاپ كەلدى. مۇسا بوۋاي تەييارلاپ قويغان توغراق كۆچىتى بىلەن سۆگەت كۆچىتىنى تىكتۇق. بۇ يىلتىزلىق كۆچەتلەرنى تىكىشمۇ قۇمساڭغۇ يەر بولغاچ ئانچە قىيىنغىمۇ توختىمىدى. مۇسا بوۋاي خۇشال بولۇپ:

— نەچچە يىل بولغان، مۇشۇ ئېرىقنى ئېچىپ بىر دەرەخ تىكسەم دەيتتىم. بۈگۈن بۇ ئارزۇيۇمغا يەتتىم. كۈزدە يانتاق ئۇرۇقى ئېلىپ قويغان، ئۇنسە - ئۈنمىسە چېچىپ قوياي، يانتاق ئىسسىققا چىدامىلىق. توغراقلارنىڭ تۇتۇشىغا تازا ئىشەنچىم يوق.

— بىزمۇ ياخشى قىلمىدۇق، مۇسا ئاكا، مۇشۇ بالىلار ئاخشامدىن «مۇسا بوۋامغا ياردەملىشىمىز» دەپ تەييارلىق قىلدى، بىز چوڭ تۇرۇپ ساڭا ياردەملەشمىگىنىمىزگە خىجىل بولدۇق. ھەر يىلى مۇشۇنداق پەيتتە كۆچەت تىكىشكە مەھەللىدىكى ئۇلۇغ - ئۇششاقنى چاقىرساق بولغۇدەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئۇنداق بولسا بەك ياخشى بولغان بولاتتى شەرىپىدىن ئەپەندىم.

— هوي باللار، تاماق پىشتى، قېنى كېلىڭلار.

بىز قومتاغنىڭ تۆۋىدە ئولتۇرۇپ نورۇز ئېشى ئىچتۇق. ئاينىيازخان ئانامنىڭ ئەتكەن ئېشى ھەممىمىزگە تېتىپ كەتكەن چېغى، نەچچە قاچىدىن ئىچىۋەتتۇق. بىزنىڭ خۇشاللىقىمىزنى، نورۇز ئېشىنى بەس ـ بەستە ئىچكىنىمىزنى كۆرگەن مۇسا بوۋاي خۇشاللىقىدا قىلغىلى قىلىق تاپالماي قېلىۋاتاتتى.

— يۇرۇڭلار، ئاۋۇ قوم دۆڭگە چىقايلى، — دېدى مۇسا بوۋاي.

بىز باللار يۈگۈرۈشۈپ قوم دۆڭگە چىقىپ بولدۇق. چوڭلار چىققۇچە نەچچىمىز قومدا سىيرىلىپ، سەكرەپ ئويندۇق. بىر چاغدا مۇسا بوۋاي چىقىپ:

— ھە، باللىرىم، ماۋۇ يەرنى كولاڭلار! — دېدى.

مۇسا بوۋاينىڭ ئېغىزىدىن گەپ چىقىپ بولغۇچە بىز كولاشقا باشلىدۇق. ھايال بولمايلا تونۇگۇنكىدەك ئىككى قوغۇننى تاپتۇق.

— كۆزدە كۆمۈپ قويغانىدىم. تونۇگۈن بۇ باللار بىلەن ئۇچنى يېدۇق. بۇنى تېتىپ كۆرۈڭلار.

3 ـ ئايدا ئولتۇرۇپ ئۆز تەمى بىلەن قوغۇن يېيىش ھەقىقەتەن ھۇزۇرلۇق ئىش ئىدى. بىز يىراقلارغا قاراپ قومتاغنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن پەسىل قۇشلىرىغا قارىدۇق. ئارىدىن ئابلىز:

— قومتاغ بەزىدە كۆزۈمگە ئۇندەك كۆرۈنىدۇ، — دېدى.

— راست دەيسەن بالام، بۇ قومتاغ بۇرۇن ئۇنتاغ ئىكەندۇق، — دېدى مۇسا بوۋاي، — مەن بوۋامدىن، بوۋام بوۋىسىدىن ئاڭلىغان رىۋايەتلەردە شۇنداق دېيىلەركەن...

## 5. قۇمتاغ رىۋايىتى

يىراقتىن ئۈششاق باللارنىڭ چۇرقىراشقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئورماننىڭ غەربىدىكى ئوچۇقچىلىقتا نەچچە بالا ئۇنلۇك قوشاق ئوقۇشقا باشلىدى.

«چىك، چىك، چىك،
ئويغان بالىجان.
تەييارلىدى چاي،
ساڭا ئانىجان.»
......

مۇسا بوۋاي ئىگىز ـ ئىگىز قۇمتاغنىڭ چوققىلىرىغا قارىغىنىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

ــ بىزنىڭ بۇ قۇمتاغنىڭ قۇمى ئاجايىپ پاكىز. كۈن چىققان چىڭقىچۇشتە سىنچىلاپ قارىسا كىشىنىڭ كۆزىگە ئالتۇندەك پارقىراپ كۆرۈنىدۇ، توپىسى يوق. مەن سىلەرگە بوۋامدىن ئاڭلىغان رىۋايەتنى سۆزلەپ بېرەي.

ئەتىگەندىن بېرى ئىشلىگەچكىمىكىن ئىللىق باھار ئاپتىپىدا قۇمغا يۆلىنىپ ياتتۇق. مۇسا بوۋاي بولسا مايلىشىپ كەتكەن دوپپىسىنى تىزىغا كىيدۇرۇپ قويۇپ، قۇمتاغنىڭ رىۋايىتىنى سۆزلەشكە باشلىدى...

ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى ئىدىقۇت تېغىنىڭ ئەتراپىدا ياشايدىغان خەلقلەر باياشات، پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرەر ئىكەن. تاغ قۇمدىن ھاسىل بولغان تاغ بولماستىن، بەلكى بۇغداي ئۇنىدىن ھاسىل بولغان تاغ ئىكەن. شۇ سەۋەبلىك، بۇ تاغنىڭ ئېتىكىدىكى خەلقلەر

يېمەك ـ ئىچمەكتىن قىلچە غەم ـ ئەندىشە قىلماي، خۇشال ـ خۇرام ياشايدىكەن. ھەركىم تاغدىن قانچىلىك ئەكېتەلىسە تاغار ـ خالتىلارغا شۇنچىلىك ئۇن قاچىلاپ ئېلىپ كېتىدىكەن. ئۇنتاغ ئۇزاق زامانلارغىچە ھەممە خالايىققا ئورتاق تۇرۇۋېرىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنتاغقا يېقىن جايدا ئولتۇرۇشلۇق بىر تۇل ئايال كىچىك ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇن ئالغىلى كەپتۇ. ئۇلار تاغقا ئەمدىلا يېتىپ بېرىشىغا، تۇل ئايالنىڭ كىچىك ئوغلى ھاجەتكە ئولتۇرۇپتۇ ـ دە، ئۇنتاغنىڭ ئېتىكىنى مەينەت قىلىپ قويۇپتۇ. ئوغلىنىڭ بۇ قىلىقىدىن پەرىشان بولغان ئايال بالىسىنىڭ ھاجىتىنى ئېرتماقچى بولۇپ، ئەتراپىدىن لاتا ـ پۇرۇچ، چالما ـ داشگال ئىزدەپتۇ. ئەپسۇس، ئۇنتاغ ئېتىكىدىن نە لاتا ـ پۇرۇچ، نە چالما ـ داشگال تېپىلماپتۇ. بۇ ئىشتىن تىت ـ تىت بولغان ئانا ئاخىر يولدا قورساق ئاچقاندا يەمىز، دەپ ئېلىۋالغان قۇيماقتىن ئىككىنى سېۋەتتىن ئېلىپ، ئوغلىنىڭ ھاجىتىنى ئېرتىپتۇ. بۇ چاغدا كۈنمۇ غەربكە قىيسايغانىكەن، ئانا ئالدىراپ ـ تېنەپلا خالتىسىغا ئۇننى ئېلىپ، ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. خالتىدىكى ئۇن بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ ئانىنىڭ يەلكىسىنى بېسىپ، ئۆيىگە يەتكۈچە خېلى ھالسىرىتىپتۇ. ئادەتتىكى چاغلاردا ئۇن ئېلىپ كەلگۈچە بۇنداق غەيرىي ھادىسىنى سەزمىگەن ئانا، ئۆيگە يېتىپ كېلىپلا خالتىنىڭ ئاغزىنى يېشىپ قارىغۇدەك بولسا، خالتىغا قاچىلانغىنى بۇغداي ئۇنى بولماستىن، بەلكى ساپسېرىق قۇم بولۇپ چىقىپتۇ. بۇ ئىشتىن قاتتىق تەئەججۈپلەنگەن ئانا دەرھال كەينىگە

يېنىپ ئۇنتاغقا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئانا ئۇ تاغقا يېتىپ بارغان چېغىدا كۈنمۇ پېتىپ تاغقا باش قويغان بولۇپ، قۇياشنىڭ كەچكى شەپەق نۇرىدا ھېلىقى ئۇنتاغ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئوخشاش ئالتۇندەك سېرىق قۇمتاغقا ئايلىنىپ قالغانىكەن. ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەن ئانا ئۇنتاغدىن بىر ئوچۇم ئۇن ئېلىپ كۆزىگە يېقىن تۇتۇپ قاراپتۇ، تىلى بىلەن يالاپ كۆرۈپتۇ، ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ ئۇۋۇلاپ كۆرۈپتۇ... دەرۋەقە، ئۇنتاغ قۇمتاغقا ئايلىنىپ قالغانىكەن. بىچارە ئانا بۇنىڭ سىرىنى چۈشەنگەندەك قىپتۇ. ئۆز قىلمىشىغا قاتتىق پۇشايمان يەپتۇ ۋە بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنتاغ ھازىرقى قۇمتاغ ھالىتىگە كىرىپ قالغانىكەن.

— ئەجەب ئەسكى ئانىكەنە ئۇ؟ — دېدى ئابلىز.

— ھەي، ئۇ بالىمۇزە، نېمىشقا ئۇ يەرگە ھاجەت قىلغان بولغىيتتى؟! — دېدى ئاتىلاردىن بىرى.

— ئەگەر بۇ قۇمتاغ ئۇنتاغ بولغان بولسا، بىز بۇ يەردە دەرەخ تىكىمىز، ئېتىزدا ئىشلەيمىز دەپ يۈرمەستۇق - ھە!

— ئادەمگە قىلغىلى ئىش بولمىغاندىن ئارتۇق ئازاب يوق، بالىلىرىم.

— مۇسا بوۋا، بەزىلەر قۇمتاغنىڭ ئاستىدا شەھەر بار دەيدىكەنغۇ؟

— مەنمۇ شۇنداق ئاڭلىغان.

— قۇمتاغدا تۈنىگەنلەرنىڭ قۇلىقىغا يېرىم كېچىدە ئاتلارنىڭ كىشنىشى، خورازلارنىڭ چىللىشى ئاڭلانغۇدەك.

— ئەمىسە، كېچە بىزمۇ تۈنەپ كۆرەيلى.

ئېچىلىپ كەتسە... مەھەللىدىكىلەر ھېلىقى ئالتۇنلارنى ھارۋىلارغا، تىراكتورلارغا بېسىپ كۆمۈر توشۇغاندەك ئەكېلىشۇالغان بولساق ـ ھە!

ــ ئاتىنىڭ ئوقۇرنى تېپىشۇالغان بولساق، ئىسىت...

ــ ئىتىنىڭ يالىقىدىن بىرنى تېپىشۇالساق دېگىنە.

بالىلار ھاياجىنىنى باسالماي چۇرقىرىشاتتى.

ــ ئۇ گەپلەرگە ئىشىنىپ قالماڭلار، بالىلىرىم،ــ دېدى مۇسا بوۋاي.

ــ بىزمۇ مۇنداقلا دەپ باقتۇق،ــ دېدى بىرى.

ــ ئادەم دېگەن شۇكۇر ـ قانائەتنى بىلىشى كېرەك. قاراڭلار، تۆۋەن مەھەللىلىكلەردىن بىر قىسىم ئادەملەر ئورمىنىمىزنىڭ لىم ـ چەنزە بولىدىغان دەرەخلىرىنى كېسىپ بولۇپ، ئەمدى بىزنىڭ دەرەخلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى.

يەنە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. بۇنى جەنۇب تەرەپتىن ئۇچۇپ كەلگەن بىرقاتار تۇرنىنىڭ ئاۋازى بۇزدى. ئارىدىن ئابلىزنىڭ ئىنىسى ئالىمجان تۇرنىلارنى دوراپ:

« تۇر ـ تۇر،
قاچان كەلدىڭ؟
ــ بۇلتۇر،
ئارغامچاڭنى تاشلاپ بەر...»

دېگىنىچە قۇم بارخانلىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ يۈگۈردى.

ــ بالىلىقتا ئادەم نېمە قىلسا يارىشىدۇ.

ــ ئالىمجان، بولدى يېنىپ كەل!

ئالىمجان بىردەمدىلا بىزدىن خېلى يىراقلاپ كەتكەنىدى.

ئىككىنچى باب

# قازانقۇم

## 1. چوققا ئىگىلەش

يازنىڭ جاھان تونۇردەك قىزىغان، تىنچىق كۈنلىرى يۇرتىمىزدا ئارىلاپ - ئارىلاپ ھاۋا بۇلۇتلىنىپ ئانچە - مۇنچە يامغۇر يېغىپ قالاتتى. بۇنداق كۈنلەردە بىزنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك ئويۇنىمىز قۇمتاغقا چىقىپ چوققىغا يۈگۈرۈش ئويۇنى ئىدى. بۇ ئويۇنلارنى ئويلىسام ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا بارغۇم كەلمەيتتى. ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا قوبۇل قىلىنىش ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىش شۇنچىلىك تەس كېلىۋاتاتتى. ئويۇن ئويناشقا ئەسلا ۋاقىت يوق. ئەگەر تاللانما سىنىپقا كىرسەم، باشقىلار قۇمتاغقا چىقىپ ئوينىسا، مەن تاپشۇرۇق ئىشلەپ ئولتۇرارمەنمۇ؟ شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئۆتۈپ كەتسەم، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدىن كەلگەن ئاقىللار بىلەن مۇسابىقىلىشىپ تەتىل كۈنلىرىمۇ ئۆگىنىش بىلەن ئۆتەرمۇ؟ بۇلارنى ئويلىسام 9 - ئايدا تاللانما سىنىپقا كىرگۈم كەلمەي قالاتتى - دە، قۇمتاغدا ئوينىغان كۆڭۈللۈك ئەسلىمىلەرگە چۆكەتتىم.

باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىلى، يازدا كۆپرەك يامغۇر ياغقانىدى. مەھەللىدىكى باللار ئىككىگە بۆلۈنۈپ مەھەللىمىزگە يېقىن بولغان چوققىلارنىڭ ھەممىسىگە چىقتۇق. بىرىنچى چوققىغا چىقىش ھەممىدىن قىيىن ئىدى. بىرىنچىدىن، بۇ چوققا يىراق ۋە تىك؛ ئىككىنچىدىن، قۇم بارخانلىرى كۆپ ۋە قۇمى يۇمشاق بولۇپ، دولقۇنسىمان يامزال يوق دېيەرلىك ئىدى؛ ئۈچىنچىدىن، پەقەت ئۇدۇل چىققاندا ئاسان بولۇپ ۋاقىتنى ئۇتقىلى بولاتتى، يانداپ چىققاندا ۋاقىت جىق كېتەتتى. باللار چوڭراق ئىككى بالىنى باشلىق قىلىپ ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈندۇق. بۇ قېتىم پەرقۇزات ئىككىمىز جاپپارلارنىڭ گۇرۇپپىسىغا بۆلۈنگەنىدۇق. ئۈچىلىمىز قۇمدا يۇگۇرۇشتە ياخشى ئىدۇق. دېمەك، بۇ قېتىم چوققىنى بىزنىڭ گۇرۇپپا بالدۇر ئىگىلەيدۇ دېگەن گەپ. ئابلىكىملارنىڭ گۇرۇپپىسىدىكى سۇلايمان بىلەن تۇرسۇننىمۇ بوش چاغلىغىلى بولمايتتى. بىز قولىمىزغا ئېلىۋالغان مىنېرال سۇ بوتۇلكىلىرىمىزدىكى سۇنى ئاياپ ئىچىپ تەييارلىق قىلدۇق. بىزنىڭ گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن كىچىك باللار ئاياغ، كىيىم - كېچەكلىرىمىزگە قاراپ قالدى. ئۇلار بىز چوققىدىن چۈشۈشكە باشلىغاندا، سۇدانلارغا مۇزدەك بولاق سۈيى ئاچىقىپ تۇرىدىغان بولۇشتى.

تۇرسۇننىڭ كوماندىسى بىلەن تەڭ ھەممىمىز يۇمشاق، نەم قۇمدا يۈگۈردۇق. بىز ئىمكان بار قۇم قاتقان يانباغرنى بويلاپ يۈگۈردۇق. قارشى گۇرۇپپىدىكىلەر ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كەتكەندە بولسا، ئۇلارنىڭ ئىزى چۈشۈپ قاتقان قۇمنى دەسسەپ يۈگۈردۇق. قۇم نەم، «غۇر - غۇر» شامال چىقىپ تۇرغاچقا، ئانچە ئۇسسىمايلا بىرىنچى چوققىنىڭ تۆۋىگە كېلىۋالدۇق. بىزنىڭ

گۆرۈپپىدىكى سىلىم بىلەن ئەزىمەت نەچچە بارخان كەينىمىزدە ئولتۇرۇۋېلىپ ئارام ئىلىۋاتاتتى. «ھەي، شۇلار بىزنى ئارقىدا قويىدىغان بولدى» دەپ تىت ـ تىت بولدۇم ـ دە، ئۇلارغا «يۈگۈرۈڭلار» دەپ ۋارقىراپ ئالدىمغا قاراپ يۈگۈردۈم. مەنمۇ نەچچە قەدەم ئالدىمدىكى ئۆمەرگە يېتىشىۋالالماي ئاۋارە ئىدىم. بىرئازدىن كېيىن سۇدىن ئىككى يۇتۇم ئوتلىۋېلىپ ئۆمەرنى يانداپ ئۆتۈپ كەتتىم. يەنە ئەللىك مېتىر غەيرەت قىلسام بىرىنچى بولۇپ چوققىغا چىقىمەن. مەن كۆچەپ يۈگۈرۈپ بىر توختاپ كەينىمگە قارىغانىدىم، ئۆمەر ئورنىدا ئولتۇرۇپ قاپتۇ، جاپپار بىلەن پەرقۇزات ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ، بىراق ئۇلارغا سوكدىشىپلا ئابلىز كېلىۋاتاتتى. مەن غەيرەتكە كېلىپ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ مىڭ تەستە بىرىنچى چوققىنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىگە چىقىپ مايكامنى سېلىپ پۇلاڭلاتتىم. جاپپار ھاسىراپ تۇرۇپ:

— يەنە ئازراق ئېگىز چىق! — دېدى.

— ئەڭ ئېگىز يېرى مۇشۇ، مانا، قۇمتاغنىڭ ئاۋۇ تەرىپىدىكى چوققىلار ئېنىق كۆرۈنۈۋاتىدۇ.

— قازانقۇمنىڭ يېنىدىكى چوققىنى كۆردۈڭمۇ؟

— كۆردۈم.

— ئەمىسە بوپتۇ.

جاپپار ئىككىنچى، پەرقۇزات ئۈچىنچى بولدى. چوققىغا ھەممىمىز چىقىپ بولغاندا يامغۇر شۇنداق قاتتىق ياغدىكى، كىيىملىرىمىز چۆپ ـ چۆپ بولۇپ كەتتى.

ئۇچۇرما بولغان قۇش بالىلىرى قانىتىنى يېيىپ ئۇچقىنىدەك بىزمۇ غۇلىچىمىزنى كەڭ ئېچىپ تۆۋەنگە قاراپ يۈگۈردۇق. قۇمتاغدا تۆۋەنگە قاراپ يۈگۈرگەندە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەل ئارقىغا غادىيىپ يوگورمىسە بېشىچىلاپ يىقىلىدىغان گەپ. سولايمان شوتداق قىلمىغان چېغى يىقىلىپ تەر ۋە يامغۇر توپىلى يۇز ـ كۆزى، كىيىملىرى لاي بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ ھەممىمىز كۈلۈپ كەتتۇق. بىز پەسكە چۈشكەندە كىيىملىرىمىزگە قاراۋاتقانلار ئۇستەڭ بويىدىكى دەرەخ تۈۋىدە كۆزلۈك چۈجىلەردەك دۈگدىيىشىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ قولىدىكى سۇنى ئىچىشىپ يامغۇر پەسلىگەندە مەھەللىگە قايتىمىز دەپ تۇرساق، تۆۋەن مەھەللىدىكى باللار كېلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نەبى بىلەن غەيرەت بىزنىڭ سىنىپتا ئىدى.

— بىزنىڭ كېلىدىغىنىمىزنى بىلىپ قورقۇپ كەتتىڭلارمۇ، نېمە؟ — دېدى بىزدىن يېشى سەل چوڭ تۇنىياز ئىسىملىك سېرىق چاچ، كۆك كۆز بالا بىزنىڭ ئەپتىمىزگە قاراپ.

— بىز سىلەردىن قورقىمىزمۇ؟ بىزدىن ئاشقان لاي سۇنى ئىچىدىغانلاردىن قورقۇپ قالامتۇق، — دېدى جاپپار قاپىقىنى تۈرۈپ.

نەبى بىلەن غەيرەت تۇنىيازدىن قورقىدىغان چېغى، ئاغزىغا قاق سېلىۋالغاندەك زۇۋان سۈرمەي جىم تۇراتتى. كۆزۈم غەيرەتنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ دەرھال كۆزىنى ئەپقاچتى، ئۇ سەل خىجىل بولغاندەك قىلاتتى.

— ئەمىسە، بىز كەلسەكلا كېتىۋاتىسىلەرغۇ؟

— بىز قۇمتاغقا چىققىلى ئىككى سائەتتىن ئېشىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە يامغۇر يېغىپ...

— نەچچە تال تامچىلىغان يامغۇردىن قورققانلارغا نېمە چوڭ گەپ بۇ!

— نېمە دېمەكچىسەن؟
— بىرىنچى چوققىغا چىقىشقا مۇسابىقىلىشىمىز.
— بىز بايا ئىككىگە بۆلۈنۈپ چىقىپ بولدۇق.
— تولا يالغان سۆزلىمەڭلار، بىزمۇ ئاۋۇ يەردە قۇم ئوردا ياساپ ئوينىدۇق. بىرىنچى چوققىدا بىرمۇ ئادەم كۆرمىدۇقغۇ ئەمىسە.
ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كىچىك بالىلاردىن بىرى نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولۇپ ئېغىزىنى ئۆمەللىشىگە، يېنىدىكى بىرى نوقۇپ قويدى. نەبى بىلەن غەيرەتنىڭ جىم تۇرغىنىغا ئاچچىقىم كەلدى. «ئادەتتە ۋاي شىرئەلى ئاغىنەم دېگەنىبىلەن ھالقىلىق پەيتتە قاراپ تۇرغىنىنى قارىمامدىغان، خەپ، سىلەردەكمۇ ئاغىنە بولامدۇ؟» يامغۇر توختاي دېمەيتتى. ئۇلاردىن نەچچە بالا غۇدۇرىغلى تۇردى. تۇنىيازنىڭ ئۇنىمۇ پەسلەشكە باشلىدى.
— بۈگۈن يامغۇر توختىمايۋاتىدۇ، كېلەر قېتىم بەسلىشىمىز، يېڭىلىپ قالغانلار يەڭگەنلەرنىڭ ئاچارىسىدىن ئۆتىدۇ! — دەپ ئەتراپقا غالىبلارچە غادىيىپ قارىدى تۇنىياز.
ئارىمىزدىن ھېچكىم بىرنېمە دېيەلمىدى، جاپپار:
— بولىدۇ، شۇنداق بولسۇن، بالىلارنىڭ بىرى كەم بولسا بولمايدۇ. گېپىڭلار گەپ بولسا قەسەم قىلىڭلار.
— قانداق قەسەم قىلىمىز؟
— قانداقلا قەسەم قىلساڭلار قىلىڭلار، يېڭىۋالساڭلار مەھەللىمىزدىن ئۆتكۈزمەيمىز.
— ئۇ دېگەن ھۆكۈمەت ياسىغان يول، ماڭىمىز.
— نېمە چوڭچىلىق سىلەرگە؟
— نېمە دەيسەن؟

— بولىدۇ، كېلەر قېتىم سىلەرنى ئاچارىمىزدىن ئۆتكۈزگىنىمىز ئۆتكۈزگەن.
— سىلەر ئۆتىسىلەر.
— ......
بىز ئۇلاردىن ئايرىلىشىمىزغا يامغۇر توختاپ قۇمتاغ ئۈستىدە ھەسەن ـ ھۈسەن پارلىدى. ھەسەن ـ ھۈسەننىڭ رەڭلىرى شۇنداق قېنىق بولۇپ، ئاپامنىڭ خان ئەتلەس كۆڭلىكىگە ئوخشاپ قالغانىدى. بىز خېلى ۋاقىتچە تۆۋەن مەھەللىلىكلەرنىڭ ئۆكتەملىكىگە ئىچىمىز قايناپ ماڭدۇق.
— قانداق قىلىمىز؟ ئۇلاردىن يېڭىلسەك بولمايدۇ. كۈندە قۇمتاغقا يۈگۈرۈشنى مەشىق قىلايلى ئەمدى.
— مەشىق قىلمىساقمۇ ئۇلارنى يېڭەلەيمىز. نەبى بىلەن غەيرەتنىڭ ھالى ئارانلا. شۇ تۇنىياز بىلەن توختىيارنىڭ خېلى ماغدۇرى باردەك تۇرىدۇ.
— تۇنىياز دېگەن بالا 2 ـ ئوتتۇرىدا ئوقۇغان، ئۇنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيمەن، ئەمما باشقىلىرىنى يېڭەلەيمەن، — دېدى جاپپار.
جاپپارنىڭ بۇ گەپلىرىدىن ئۇ بۈگۈن ماڭا ئېتىبار قىلغاندەك قىلاتتى. ئۇ مېنى ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ، كۆڭلىنى خۇش قىلىۋالسۇن دەپتۇ ـ دە. تۆۋەن مەھەللىلىكلەر بىلەن مۇسابىقىگە چۈشكىچە كۆپرەك چېنىقمىسام بولمايدىغاندەك تۇراتتى. مەنمۇ ئۆزۈمنى جاپپارغا بىر كۆرستىپ قويمىسام بولمىغۇدەك. ھازىر ئېتىمىزدا قىلىدىغان ئالدىراش ئىشمۇ يوق، دەرس تەكرار قىلغاندىن سىرتقى ۋاقىتتا چېنىقماي نېمە قىلىمەن.
مەن قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ چېنىقىشقا باشلىغانىدىم.

ئاپام خاپا بولدى. ئاتام: «مەيلى ئوغۇل بالا دېگەن شۇنداق چېنىقىشى، تاۋلىنىشى كېرەك...» دەپ ماڭا مەدەت بېرەتتى. ئاپام بولسا مېنى ئورۇقلاپ كەتمىسۇن دەپ بىردەم - بىردەم تاتلىق - تۇرۇملارنى يەۋېلىشىمنى ئەسكەرتىپ تۇراتتى.

8 - ئاي كىرىشى بىلەن ئىسسىق پەسەيمەكتە يوق كۆچىيىشكە باشلىدى.

— 8 - ئاي كىردى دېگەنلىك ئىسسىق ياندى دېگەنلىك ئىدى، نېمىدېگەن ئىسسىق بۇ! كېچە شۇنداق دىمىق بولدى. يائاللا، 6 - ئايدىمۇ بۇنچىلىك ئىسسىق بولمىغاندەك قىلاتتى.

— شۇنى دېمەمسەن، كېچىچە «چىپ - چىپ» تەرلەپ چىقتىم. ئۇيقۇ كېلەمدىغان، ئاسمانغا قاراپ يېتىپ تاڭغا يېقىن ھاۋا سوۋۇغاندا ئۇخلاپ قاپتىمەن. مۇشۇنداق ئىسسىقتا قومغا كۆمۈلىدىغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي...

— مۇشۇ ئىسسىقتا تەكتىكى ئۇزۇملەرنى ئويلىدىم. ئەتىلا تەكنى سۇغارمىساق بولمىدى دەپ قالدىم. سەھەردە تەكلىككە بارسام تەكلەر بەكلا ئۇسساپ كېتىپتۇ.

بىز بالىلار بولساق ئۆستەڭدىكى سۇنىڭ كۆپىيىشىنى ئارزۇ قىلىپ، مەھەللىنىڭ كەينىدىكى دۆڭنى سۇغارغىچە كۆلگە سۇنىڭ جىق قاچىلىنىشىنى ئۈمىد قىلاتتۇق. چۈنكى، دۆڭدىكى تەكلىككە سۇ ئاسان چىقمىغاچقا ئۇستى تەرەپتە ۋاسكېتبول مەيدانىچىلىك كۆل بار ئىدى. شۇ كۆلگە سۇ قاچىلانسا مەھەللىدىكى بالىلار قانغۇچە سۇغا چۆمۈلۈۋالاتتۇق، چۈنكى كۆلنىڭ چوڭقۇر يەرلىرى بىر يېرىم مېتىر كېلەتتى.

ئەتىسىدىن باشلاپ كۆلگە سۇ قاچىلاندى. ۋاھ! تۆت كۈن بىلىقتەك سۇدىن چىقماي ئوينىدۇق. سۇ ئازلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چۆمۈلۈشكە بولمايدىغان كۈنلەردە ھاۋا تۈتۈلۈپ سىم ـ سىم يامغۇر ياغدى. مەھەللىدىكى باللار يەنە توپلىشىپ قۇمتاغقا چىقتۇق. بىز پۇتبول تېپىپ ئويناۋاتقاندا تۆۋەن مەھەللىدىكى باللار كەلدى. بىزنىڭ ئارىمىزدا ئابلىز بىلەن قۇتيار يوق ئىدى. كىچىك باللاردىن بىرىنى ئۇ ئىككىسىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتۇق.

— يولدا كەلگۈچە يۈگۈرمەي كەلسۇن، كۈچى خوراپ يۈگۈرەلمەي قالىدۇ.

— سۇنى جىق ئىچمىسۇن، سۇ قورساق بولۇپ قالىدۇ...

دەككە ـ دۈككىدە ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. ئاخىر ئابلىزلار كەلدى. ئۇلار پۇچقاقلىرىنى تۇرۇۋالغانىدى. تۇنىياز بولسا كالتە ئىشتان ۋە ئاسما مايكا كىيىۋالغانىدى، ئۇنىڭ پەيلى يامانىدەك كۆرۈنەتتى. لېكىن، ئىككى ھەپتە چىنىققاچقا مەندە ئازراق ئىشەنچمۇ بار ئىدى. ئاخىر ئىككى كوماندا بىر تۇز سىزىققا تىزىلىپ يۈگۈردۇق. تۇنىياز راستىنلا ئاتتەك چېپىپ ھەممىنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى، جاپپارمۇ كۈچەپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ئابلىز سۇ ئىچمەكچى بولۇپ مىنېرال سۇ بوتۇلكىسىنى ئاچماقچى بولغانىدى، جاپپار ئۇنى ئىچكىلى قويمىدى. تۇنىياز بەش يۈز مېتىر يۈگۈرۈپ ھېرىپ قالدى بولغاي، قەدەملىرى ئۇششاقلاپ، بىردەم ـ بىردەم ئاسما مايكىسى بىلەن يۈزىدىكى تەرلەرنى ئېرتىشقا باشلىدى، ئۇ بىزنىڭ كۈتكىنىمىزدەك ياندىن ماڭماي ئۇدۇل ماڭدى. پەرقۇزات، جاپپار ئۈچىمىز كۆز ئۇچراشتۇرۇۋالدۇق. بىز قۇم دۆڭلىرىنىڭ يېنىنى بويلاپ يۈگۈرگەنىدۇق. يۈگۈردۇق دېگەنىدىن كۆرە،

ئىتتىك ماڭدۇق دېسەكمۇ بولاتتى، چۈنكى ھېرىپ ھالىمىزدىن كېتەيلا دەپ قالغانىدۇق.

بىزنىڭ مەھەللىدىكى بالىلار بىرىنچى چوققىنىڭ تۈۋىگە كەلگەندە، ئالدىمىزدىكى بالا دەسسىگەن ئىزدىن مېڭىپ بىردەمدە چوققىنىڭ يېرىمىغا چىقىپ بولدۇق. تۇنىياز گۇرۇپپىمىزدا بەشىنچى بولۇپ چوققىغا يامىشىۋاتقان قۇتيارنىڭمۇ ئارقىدا قالغانىدى.

بىز غەلىبە قىلدۇق. تۇنىيازلارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى، جاپپار راستتىنلا بىرىنچى بولدى، مەن ئىككىنچى بولدۇم. ئالدىنقى قېتىم جاپپارنىڭ راستتىنلا ماڭا ئېتىبار قىلغانلىقىنى ھېس قىلدىم، ئەڭ كەينىدە قالغانلارمۇ چوققىغا چىقىپ بولدى. تۆۋەندە تۇرغان ئۇششاق بالىلار كىملەرنىڭ بىرىنچى بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ چۇقان كۆتۈرۈشتى، بىز تۆۋەنگە قاراپ يۇگۇردۇق، ھەممىمىز پەسكە چۈشكەندە ئابلىكىم:

— بىزنىڭ مەھەللىلىكلەر قېنى؟ بىر رەتكە تىزىلىپ چاترىقىڭلارنى كېرىپ تۇرۇڭلار!— دېدى.

— راستتىنلا چاترىقىمىزدىن ئۆتكۈزىمىزمۇ؟— دېدى قۇتيار ئارىسالدى بولۇپ.

— نېمىشقا ئۆتكۈزمەيدىكەنمىز؟— دېدى پەرقۇزات قۇتيارغا ئاچچىقى كېلىپ.

— قېنى كىچىكلەر، سىلەرمۇ كېلىڭلار،— دېدى جاپپار.

— بىرىنچى بولۇپ تۇنىياز ئۆتىدۇ.

— ھوي ئالىمجان، نېمە ئۇ يەردە ئولتۇرىسەن، كەل ئاۋۇ يەردە تۇر، چاترىقىڭدىن ماۋۇلارنى ئۆتكۈزىمىز،— دېدى جاپپار تۆت ياشلىق ئالىمجاننى چاقىرىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ــ ئالىمجاننىڭ چاترىقىدىن ئۆتكۈچىلىك ئۇنى يىقىتىۋېتەرمىكىن؟
ــ مەيلى، بېشىنى ئۇنىڭ چاترىقىغا تىقسىمۇ ھېساب!
بىز بويى ئېگىزلىرىمىزدىن باشلاپ رەتكە تىزىلىپ چاترىقىمىزنى كېرىپ تۇردۇق. تۇنيازلار چاترىقىمىزدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ بولغاندا نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم غەش بولدى...

## 2. قازانقۇمدىكى «قەلئە»

تۆۋەنكى مەھەللىلىكلەر قۇمتاغقا يۇگۇرۇشتە مات بولغاندىن كېيىن، بىزگە چوڭ گەپ قىلالماس بولدى. ئۇلارنى چاترىقىمىزدىن بىردىن ــ بىردىن ئۆتكۈزگىنىمىزنى ئۇققان بىزدىن چوڭراق باللار بىزنى ماختىشىپ كەتتى. شۇ ئىش ئۆتۈپ بىر ھەپتىدىن كېيىن پەرقۇزاتنىڭ تۇغۇلغان كۈنى كەلدى. ئەتىگەندە پەرقۇزاتلارنىڭكىگە يىغىلدۇق. پەرقۇزاتنىڭ ئاتىسى ئىسمايىل ئاتام بىزگە ئوخشىتىپ كاۋاپ پىشۇرۇپ بەردى. ئاپىسى پاتىگۇل ئاپام لەڭمەن ئېتىپ بەردى. بىز ئوينايمىز دەپ ئۇلارنىڭكىدىن چىقتۇق. كەينىمىزدىن پەشتامىسىغا قولىنى سۈرتكەچ پاتىگۇل ئاپام چىقىپ:
ــ نەگە بېرىپ ئوينايسىلەر؟ ــ دەپ سوراپ قالدى.
ــ ھاۋا بۇلۇتلۇق بولغاندىكىن قۇمتاغقا بېرىپ ئوينايلىمىكىن دەيمىز، ــ دېدى پەرقۇزات.
ــ ئەمىسە قوغۇن ئېلىۋېلىڭلار.
بىز تۆت ــ بەش قوغۇن ئېلىۋالدۇق. ئۇنىڭغا جاپپار ئۆيىگە كىرىپ سۇدان بىلەن «ئامىنە قارىقات شەربىتى»

نىڭ چوڭ قورۇق قوتىسىدىن ئىككىنى ئېلىپ چىقىۋىدى، بولاقتىن مۇزدەك سۇ ئېلىۋالماقچى بولدۇق. بىز يەتتە بالا ناخشا توۋلىشىپ بىردەمدە قومتاغقا كېلىپ قالدۇق. ئادەتتە بىز قومتاغ ساياھەت رايونى كېڭەيتىپ قورۇلغاندىن بويان چوڭ دەرۋازا بىلەن كىرمەي، مەھەللىمىزنىڭ كەينىدىكى چىغىر يول بىلەنلا كىرەتتۇق.

بىز بۇ قېتىم ئىككىنچى چوقىدا تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. ئىككىنچى چوقىغا بىرىنچى چوقىدا قارىغاندا پاكاررراق، ئەمما دائىرىسى كەڭ ئىدى. ئىككىنچى چوقىغا چىقىپ يەنە مېڭىپ بېقىش قارارىغا كەلدۇق.

— ئەمدى ماڭمايلى، مۇسا بوۋام دېگەنغۇ، قازانقۇم تەرەپكە بارماڭلار دەپ.

— ئۇ قېرىمۇ تازا ئېشىۋالدى، يۈنىلىشنى بىلەلمەيسىلەر دەپ كېتىشلىرى تېخى، يا بىز كىچىك بالا بولمىساق، ئىزىمىز قالىدۇ ئەمەسمۇ؟

— يا بىز يۇرەكتاغقا بارىمىز دېمىسەك.

— راستتىنلا يۇرەكتاغ بارمىدۇ؟

— بولمىسا يۇرەكتاغ دەپ ئاتامدۇ.

— بىزنىڭ مەھەللىدىن كىملەر بارغاندۇ؟

— سەپەر بوۋامىلارنىڭ تۆگىسى ئوزاقى يىلى قار قېلىن ياغقان قىشتا قېچىپ كېتىپتىكەن، تۆگىنىڭ ئىزىنى ئىزلاپ مېڭىپ چوڭ ئوغلى سالى ئاكا بىلەن ئىلى ئاكا قومتاغنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپتىكەن.

— ئۇلار يۇرەكتاغنى كۆرۈپتىكەنمۇ؟

— يىراقتىن كۆرۈپتىكەن.

— راستتىنلا يۇرەك شەكىللىك تاغمىدۇر ئۇ؟

— ئۇلار ئىككى ئادەم بىر دۆڭنىڭ ئۇ تەرىپىگە بىرى، بۇ تەرىپىگە بىرى ئۆتۈپ قېلىپ بىر - بىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاپالماي خېلى ئايلىنىپتۇ. بىر ـ بىرىنى چاقىرسا ئاۋازى ئاڭلانغۇدەك، بىراق بىر ـ بىرىنى تاپالمىغۇدەك. ئاخىر سالى ئاكا ئىنىسى ئىلىغا: «جايىڭدا جىم تۇر» دەپ ۋارقىراپ، ئۇچراشقاندىن كېيىن قاردىكى ئىزىنى بويلاپ مىڭ تەستە مۇشۇ يەرگە كەلگەندە يەنە ئېزىپ قېلىپ ئېگىز بىر دۆڭگە چىقىپ قاپتۇ، قارىسا سايدا نېفىت قۇدۇقىنىڭ مەشئىلى كۆرۈنۈپتۇ ـ دە، خۇشال بولۇپ قايتىپ كەپتۇ.

— بىز يۇرەكتاغقا ئەمەس، قازانقۇمغا بېرىپ باقايلى.

— مەن بارمايمەن.

— يول بويى ماڭغان يەرنى پۇتىمىزدا جىراپ ماڭىمىز.

— ماڭساق ماڭدۇق.

بىز پۇتلىرىمىزنى قۇمغا تۇرتۇپ ئىزىمىزنى چوڭقۇر قالدۇرۇپ ماڭدۇق. بىز ئانچە ماڭمايلا بىر دۆڭدىن ئارتىلىپ ھەيران قالدۇق. توۋا، قازانقۇم دېسە ئاجايىپ سېھىرلىك يەر دەپ ئويلاپتىكەنمىز، ئەمەلىيەتتە قۇملۇقتىكى قازان شەكلىگە كېلىپ قالغان بىر پۇتبول مەيدانىدەك ئويمان يەر ئىكەنغۇ؟ قازانقۇمنىڭ «گىرۋىكى»دە ئولتۇرۇپ بىرئاز ئارام ئالدۇق. پەرقۇزات يولدا تېپىۋالغان خادا تاياقنى قۇمغا يېرىم مېتىرچە سانجىدى ۋە قۇرۇقدىلىپ قالغان قارىقات قۇتىسىغا قۇم قاچىلاپ «قۇرۇق قۇتىنى كۆتۈرۈپ يۇرىمىزمۇ، مۇشۇ يەرگە قويۇپ كەتكۇچىلىك ئېلىپ كەتمەيمىزمۇ، بولمىسا شامال نەلەرگە ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ بۇنى...» دەپ قۇتىنىڭ ئېغىزىنى ئېتىپ ھېلىقى خادا تاياققا يۆلەپ قويدى. جاپپار قولىدىكى پۇتبولنى قويۇۋەتتى، پۇتبول ئاجايىپ

تېز دومىلاپ بىر دەمدە قازانقۇمنىڭ ئۇ چېتىگە بېرىپ قالدى، جاپپار يۈگۈرگىنىچە قازانقۇمنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ بىزگە قولىنى پۇلاڭلاتتى. بىزمۇ سۇدان، قۇتىلارنى كۆتۈرۈپ قازانقۇمنىڭ ئوتتۇرىغا كەلدۇق. ئېلىنغان ئەڭ ئاخىرقى قوغۇننى تىلىپ يەپ شۇ يەردە ئارام ئالدۇق. ئابلىز:

— ئېسىمىزنى بىلگەندىن بېرى قازانقۇم دەپ بۇ يەرنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان، بۈگۈن بۇ يەرگىمۇ كەلدۇق مانا، ئەمدى بىز بۇ يەرگە بىر «ئوردا» سېلىپ قويۇپ كەتمەيلىمۇ؟ تامنىڭ ئېگىزلىكىنى تىزىمىز بىلەن تەڭ قىلايلى، — دەپ قالدى.

— راست دەيسەن قېنى، بىزگە ئىش تەقسىم قىل ئەمىسە.

— «ئوردا» دېسەك چوڭ بولۇپ كەتكۈدەك، «قەلئە» دەيلى. قېنى ئاغىنىلەر، قەلئەگە نېمە دەپ ئىسىم قويساق بولار؟

— نېمىلا بولسا بولىدۇ، ئاۋۋال بىر پۈتكۈزۈپ باقايلى.

بىز تەقسىملەنگەن ئىشلارنى قىلىپ ئاۋارە ئىدۇق. قۇمنى دۆۋىلەپ ئۆزىمىزچە ئاجايىپ سىرلىق بىر قەلئە ياسىدۇق، قەلئەنىڭ ئەتراپىغا سېپىل سوقتۇق. قوغۇن شاپاقلىرىنى قەلئەنىڭ قوۋۇقى قىلىپ قويدۇق. ئۆزىمىزچە بۇ قۇم قەلئەگە قاراپ زوقلاندۇق. پەرقۇزات:

— قۇم قەلئەنىمۇ پۈتكۈزدۇق، ئەمدى بىرىمىز بىردىن خانىگە كىرىپ ئۇخلايلى، — دېدى.

— پادىشاھلارنىڭ ئوردىسى بولىدى بۇ، قېنى پادىشاھلارنىڭ ئوردىسىدا ئۇخلىسا قانداق بولىدىكىن؟

بىز ئۆزىمىز ياسىغان «ئۆيلەر» گە كىرىپ ئاسمانغا قاراپ ياتتۇق. ھەممىدىن ئاۋۋال جاپپار ۋارقىرىۋەتتى.
— بوران چىقىۋاتىدۇ.
— ئەتراپ توپا ـ تۇمانغا تولۇپ كېتىپتۇ، شامال بىزنىڭ ئىزىمىزنى ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ. بىز قايسى تەرەپتىن كەلگەندىمىز ئەمدى؟
— راست، نەدىن كەلدۇق؟
— مانا، ما تەرەپتىن، — دېدى قۇتيار بىر ياقنى كۆرسىتىپ، مەن قەلئە ياسىغاندا ئىشىكنى بىز كەلگەن تەرەپكە قاراتقان.
— ياق، مەن پۈتبولنى ئاۋۇ يەرگە قويغاندەك قىلغان.
— شامال...
— تولا تالىشىپ ئولتۇرماي تېز ماڭايلى.
— قايسى تەرەپكە ماڭىمىز؟
— قۇم بارخانلىرىغا قاراڭلار، قۇم دولقۇنلىرىنىڭ يۆنىلىشى جەنۇب بىلەن شىمالنى كۆرسىتىدۇ... — پەرقۇزات تەمكىنلىك بىلەن يۆنىلىشنى تەھلىل قىلىۋاتاتتى.
بوراندا يىراقنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئابلىمىز يىغلامسىراپ بىر نېمىلەرنى دەيتتى، مەن پەرقۇزاتنىڭ گېپىنى ئاڭلاشنى ئېيتتىم، جاپپار بولسا ئۆزىنىڭ گېپىدە چىڭ تۇرۇپ قارشى تەرەپكە مېڭىشنى تەشەببۇس قىلماقتا ئىدى. باشقىلار بولسا قورقۇپ كەتكەچكە بىز نەگە ماڭساق شۇ يەرگە ماڭماقچىدەك ئىككى ئوتتۇرىدا قالدى.
— مۇنداق بولسۇن، بىز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرايلى، بايا بىز كەلگۈچە مەن خادا تاياقنى قۇمغا سانجىپ، قارىقات قۇتىسىغا قۇم قاچىلاپ يېنىغا قويغانتىمغۇ؟

سىلەر ئاۋۇ «قازان» نىڭ قىرىغا بېرىپ تاپالمىساڭلار مۇشۇ يەرگە قايتىپ كېلىڭلار. سىلەر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىز ئۇياقتىن ئىزدەيلى، — دېدى پەرقۇزات. پەرقۇزاتنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ سەل جانلىنىپ قالدۇق.

— بۇمۇ بولىدىغان گەپكەن.

جاپپارلار بېرىپ بىردەمدە يېنىپ كەلدى، ھەممىمىزنىڭ كۆزلىرىدىن قورقۇنچ ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. بىر بولسا بوران پەسەيگىچە مۇشۇ قازانقۇمدا تۇرمىساق بولمايتتى، بىر بولسا چوقۇم ھېلىقى خادا تاياق بىلەن قۇم قاچىلانغان بوتۇلكىنى تېپىشىمىز كېرەك ئىدى. مەن، پەرقۇزات، قۇتيار ئۈچىمىز پەرقۇزاتنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئۇ كۆرسەتكەن جايغا قاراپ ماڭدۇق. دەرۋەقە، ھېلىقى خادا تاياق بىلەن قارىقات قۇتىسىنى تاپتۇق.

— خادىنى ئېمىشقا كۆرۈنىدىغان يەرگە سانجىمىغاندىمىز، — دېدى پەرقۇزات.

— كىم بىلىدۇ دەيسەن بۇنداق بولىدىغانلىقىنى.

— مايكامنى تاياققا چىگىپ پۇلاڭلىتايلى، جاپپارلار كۆرسۇن.

— تېز بول! بوران كۈچىيىۋاتىدۇ.

— يۆنىلىشنى يوقىتىپ قويمايلى، سەن قۇتيار ئاۋۇ تەرەپكە قاراپ تۇر.

— خاتىرجەم بول، ئەمدى قۇم دولقۇنىنىڭ يۆنىلىشى بىزگە يول باشلايدۇ، پەقەت كەينىمىزگە قاراپ قالمىساقلا بولدى.

جاپپارلار بىزنىڭ تاياقنى تاپقانلىقىمىزنى بىلىپ قازانقۇمدىن چىقتى، بىزنىڭ روھىمىز خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. بىر ئاش پىشىم ماڭغاندىن كېيىن بوران

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پەسلەپ، توپا ئازلاپ يىراقنى خېلى كۆرگۈدەك بولۇپ قالدى. جاپپار:

— بۇ ئىككىنچى چوققا ئىكەن، قاراڭلار، ھېلىقى بىز يېگەن قوغۇننىڭ شاپاقلىرى... مانا، مانا، بەگزادە قوغۇننىڭ شاپىقى...

خۇشاللىق ھەممىمىزنىڭ قۇشقاچ تىللىرىمىزنى چىقىرىۋەتكەنىدى، ھەممىمىز چۇرقىرىشىپ سۆزلەپلا كەتتۇق.

— خۇداغا شۈكۈر، ئاخىر قۇتۇلدۇق.

— قازانقۇم راستتىنلا خەتەرلىككەن جۇمۇ؟ چوڭلارنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە ئەمدى يەتتۇق. بىزمۇ كىچىكلەرگە قازانقۇمغا ھەرگىز كەلمەسلىك ھەققىدە نەسىھەت قىلايلى.

— بوران چىقىپ قالمىغان بولسا بۇنچىلىك بولۇپ كەتمەس ئىدۇق.

— بۈگۈنكى ئىشنى ھېچكىمگە تىنمايلى جۇمۇ، بولمىسا چوڭلار بىزنى ئىككىنچى قۇمتاغقا ئەۋەتمەيدۇ.

— راست، دېمەيلى.

— قۇم قەلئەگە ئىسىممۇ قويمىغانىدۇق - ھە؟ ھەي، ئىسىت، چىرايلىق ئىسىمدىن بىرنى قويۇۋالغان بولساق بەك پەيزى بولاتتى - دە.

— ئىسىم قويمىغان دەپ تۇرغان بولساق، بۇ يەرگە كېلەلمىگەن بولاتتۇق.

— ئىسمىنى قۇمغا قەلئەنىڭ سېپىلىدەك توم قىلىپ يېزىپ قويغان بولساق بەك پەيزى بولاتتى. ھەي، ھېچبولمىسا بۈگۈنكى چېسلانى يېزىپ قويغان بولساقچۇ؟

— ھېلىمۇ كۆزۈڭنىڭ يۇندىسىنى ئېقىتىپ يىغلىغىنىڭ يېتەر سېنىڭ...

— قوْم قەلئەنى ئەجەب چىرايلىق ياسىغانىدۇق. كېيىن كۆرگىلى بارايلى جۇمۇ؟
— بولدى، مەن ئىككىنچى مۇشۇ چوققىنىڭ نېرىغا ئۆتمەيمەن.
— قەلئەيىڭدە دەۋر سۈرگۈڭ يوقمۇ؟
— يوق.
بىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. بايا جاپپار قوْم قەلئە ياساۋېتىپ «بۇ قەلئەگە مەن پادىشاھ بولىمەن، مەن دەۋر سۈرىمەن...» دەپ قوْم قەلئەنى نەچچە ئايلىنىپ چىققانىدى.

## 3. ئورماندىكى جەسەت

بىز قازانقۇمدىن كېلىپ ئۈچىنچى كۈنى تۆۋەنكى مەھەللىنىڭ ئورمىنى بىلەن بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئورمىنىنى تۇتاشتۇرىدىغان جىگدىلىكتە بىر بالىنىڭ جەسىتى بايقىلىپ، پۈتۈن مەھەللىنى ۋەھىمە قاپلاپ كەتتى، چوڭلار بىز بالىلارنى بىردەم كۆزىدىن نېرى قىلمايتتى، سىرتقا چىقىپ بالىلار بىلەن ئوينىساقمۇ بىردەمدە چاقىرىۋالاتتى.
ساقچىلار ئۆي بېسىپ كىملەرنىڭ نېمىلەرنى كۆرگەنلىكىنى، كىملەرنىڭ مۇشۇ ئىككى كۈن ئىچىدە نەلەرگە بارغانلىقىنى... سۈرۈشتۈرۈپ تەكشۈرەتتى. جەسەت بايقالغان جاينىڭ ئەتراپىغا بارالىغان بىزدىن چوڭراق بالىلارنىڭ دېيىشىچە، قاتىل ئۇ بالىنى قىيناپ ئۆلتۈرگەنلىكى، قاتىلنىڭ ۋەھشىيلىكتە ئۇچىغا چىققان مۇناپىق ئىكەنلىكى... ھەققىدە كۆپتۈرۈپ سۆزلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەسلەپ، توپا ئازلاپ يىراقنى خېلى كۆرگۈدەك بولۇپ قالدى. جاپپار:

— بۇ ئىككىنچى چوققا ئىكەن، قاراڭلار، ھېلىقى بىز يېگەن قوغۇننىڭ شاپاقلىرى... مانا، مانا، بەگزادە قوغۇننىڭ شاپىقى...

خۇشاللىق ھەممىمىزنىڭ قۇشقاچ تىللىرىمىزنى چىقىرىۋەتكەنىدى، ھەممىمىز چۇرقىرىشىپ سۆزلەپلا كەتتۇق.

— خۇداغا شۈكۈر، ئاخىر قۇتۇلدۇق.

— قازانقۇم راستتىنلا خەتەرلىككەن جۇمۇ؟ چوڭلارنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە ئەمدى يەتتۇق. بىزمۇ كىچىكلەرگە قازانقۇمغا ھەرگىز كەلمەسلىك ھەققىدە نەسىھەت قىلايلى.

— بوران چىقىپ قالمىغان بولسا بۇنچىلىك بولۇپ كەتمەس ئىدۇق.

— بۈگۈنكى ئىشنى ھېچكىمگە تىنمايلى جۇمۇ، بولمىسا چوڭلار بىزنى ئىككىنچى قۇمتاغقا ئەۋەتمەيدۇ.

— راست، دېمەيلى.

— قۇم قەلئەگە ئىسسىمۇ قويمىغاندۇق ـ ھە؟ ھەي، ئىسىت، چىرايلىق ئىسىمدىن بىرنى قويۇۋالغان بولساق بەك پەيزى بولاتتى ـ دە.

— ئىسىم قويىمەن دەپ تۇرغان بولساق، بۇ يەرگە كېلەلمىگەن بولاتتۇق.

— ئىسمىنى قۇمغا قەلئەنىڭ سېپىلىدەك توم قىلىپ يېزىپ قويغان بولساق بەك پەيزى بولاتتى. ھەي، ھېچبولمىسا بۈگۈنكى چېسلانى يېزىپ قويغان بولساقچۇ؟

— ھېلىمۇ كۆزۈڭنىڭ يۇندىسىنى ئېقىتىپ يىغلىغىنىڭ يېتەر سىنىڭ...

— قۇم قەلئەنى ئەجەب چىرايلىق ياسىغاندۇق. كېيىن كۆرگىلى بارايلى جۇمۇ؟

— بولدى، مەن ئىككىنچى مۇشۇ چوققىنىڭ نېرىغا ئۆتمەيمەن.

— قەلئەيىڭدە دەۋر سۈرگۈڭ يوقمۇ؟

— يوق.

بىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. بايا جاپپار قۇم قەلئە ياساۋېتىپ «بۇ قەلئەگە مەن پادىشاھ بولىمەن، مەن دەۋر سۈرىمەن...» دەپ قۇم قەلئەنى نەچچە ئايلىنىپ چىققانىدى.

## 3. ئورماندىكى جەسەت

بىز قازانقۇمدىن كېلىپ ئۈچىنچى كۈنى تۆۋەنكى مەھەللىنىڭ ئورمىنى بىلەن بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئورمىنىنى تۇتاشتۇرىدىغان جىگدىلىكتە بىر بالىنىڭ جەسىتى بايقىلىپ، پۈتۈن مەھەللىنى ۋەھىمە قاپلاپ كەتتى، چوڭلار بىز بالىلارنى بىردەم كۆزىدىن نېرى قىلمايتتى، سىرتقا چىقىپ بالىلار بىلەن ئوينىساقمۇ بىر دەمدە چاقىرىۋالاتتى.

ساقچىلار ئۆي بېسىپ كىملەرنىڭ نېمىلەرنى كۆرگەنلىكىنى، كىملەرنىڭ مۇشۇ ئىككى كۈن ئىچىدە نەلەرگە بارغانلىقىنى... سۈرۈشتۈرۈپ تەكشۈرەتتى. جەسەت بايقالغان جاينىڭ ئەتراپىغا بارالىغان بىزدىن چوڭراق بالىلارنىڭ دېيىشىچە، قاتىل ئۇ بالىنى قىيناپ ئۆلتۈرگەنلىكى، قاتىلنىڭ ۋەھشىيلىكتە ئۇچىغا چىققان مۇناپىق ئىكەنلىكى... ھەققىدە كۆپتۈرۈپ سۆزلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەھەللىمىزدىكى باللارنى يالغۇز ئورمانغا، قۇمتاغقا بارماس قىلىۋەتكەندى.

نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ۋەھىمىمۇ بارا ـ بارا بېسىقىشقا باشلىدى. بىزمۇ مەھەللە ئىچىدە ئويۇنىمىزنى ئويناپ يۈرۈۋەردۇق. دوقمۇشتىكى رىشىت قاسساپنىڭ تۆرلۈك ماللار دۇكىنىنىڭ ئالدىدا ھەر قىسما گەپلەر يەنە بولۇپ تۇراتتى. بىزمۇ قورقۇپ تۇرۇپ شۇ يەرگە بېرىپ بۇ قاتىللىق ۋەقەسىگە ئائىت ھەر قىسما گەپلەرنى ئاڭلايتتۇق.

ــ قاتىلنى تۇتالارمۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئارىدىن بىرى.

ــ ساقچىلار قالتىس بولۇپ كەتتى، قاراپ تۇرۇڭلار، بىر ھەپتىگىچە چوقۇم تۇتىدۇ.

ــ ھېلىقى تايغانلىرى ئۇ يەرنى پۇراپ، بۇ يەرنى پۇراپ ھېچنېمىنى بايقىيالماپتۇ، قاتىل ھېچقانداق ىىز ئۇچى قالدۇرماپتۇدەك.

ــ ئىشقىلىپ ساقچىلار ھامىنى تۇتىدۇ.

ــ شۇ كۈنى بىزنىڭ مەھەللىدىكى راپىل ئاكىنىڭ قىزى رابىخان قاتارلىق نەچچە قىز بالا جىگدىلىككە يېلىم كولىغىلى بېرىپتىكەن. قاتىل ئۇچراپ قالغان بولسا... ھەي... ھېلىمۇ خۇدايىم بىر ساقلاپتۇ.

ــ ھېلىقى بوران چىققان كۈنى تېخى بىزنىڭ مەھەللىدىكى ماۋۇ جاپپار، شىر ئەلىلەر بولۇپ ئوندەك بالا قازانقۇمغا بېرىپ بوراندا قېلىپ قىل قاپتۇ. يۈنىلىشنى بىلەلمەي يولدىن ئېزىپ قالغىلى، بۇلارنىمۇ خۇدايىم بىر ساقلاپتۇ، بولمىسا...

ــ شۇم ئېغىزلىق قىلماي، بولدى باشقا گەپنى قىلە... مەھەللىنى قورقۇنچ بېسىۋاتقىنى ئازدەك.

ساقچى ماشىنىلىرى مەھەللىدىن ئۆياق ـ بۇياققا

ئۆتۈپ تۇراتتى. ھاۋا بارغانچە قىزىپ كېتىۋاتاتتى. بىز ئۆستەڭگە بېرىپ سۇغا چۆمۈلۈشكىمۇ پېتىنالمايمىز، مەھەللىمىزنىڭ كەينىدىكى ئېرىقتا كېلىپ سۇغا چۆمۈلدۇق. بىز چۆمۈلىدىغان يەردە سۇ پومپىسىنىڭ غۇيۇلدىغان ئاۋازى بىر خىلدا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇنىمۇ بالىلاردىن بىرى: «يىراق كەتمەيلى، قۇدۇقتا قارايدىغان ئادەم كەتسە بىزمۇ كېتەيلى...» دېگەچكە، ھېلىقى جىگدىلىككە يېقىن يەردىكى كۆلگە بېرىشقا تېخىمۇ جۈرئەت قىلالمىغانىدۇق.

چۈشلۈك تامىقىمىزنى يەپ سېيدە دەرىخى تۈۋىگە توپلىشىمىزغا يەنە ساقچى ماشىنىلىرى جىگدىلىككە قاراپ ئۆتۈپ كەتتى، مەھەللىدىكى چوڭلار جىگدىلىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بىزمۇ ئەگىشىپ بارماقچى بولۇۋېدۇق، چوڭلار يول قويمىدى. بىر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن ساقچى ماشىنىلىرى قايتىپ كەلدى. مەھەللىمىزدىن كۆرۈپ بېقىشقا كەتكەنلەر كېلىشكە باشلىدى.

— قولىدا كويزا، پۇتىدا كىشەن سېلىنغان بىرىنى ئالدىغا سېلىپ، قاتىللىق قىلغاندا تۇرغان — ماڭغان جايلىرىنى كۆرسەتكۈزدى.

— توۋا، قوشنىسىنىڭ ئوغلىكەن ئەمەسمۇ؟

— ئۆچ — ئاداۋىتى بارمىكەندۇق؟

— يەر دەۋاسى بار ئىكەندۇق. ئېتىز بويىدىكى بىر تۈپ قېرى جۈجەم دەرىخىنى كېسىۋېتىش — كېسىۋەتمەسلىك ھەققىدە تالاش — تارتىش بولۇپ، نەچچە ئېغىز قاتتىق تىللاشقان چېغى، قورسىقىدا غۇم ساقلاپ ئەمدى ئۇن بىر ياشقا كىرگەن بالىنى ئۆلتۈرۈپتۇ...

— بالىدا نېمە گۇناھ، بىچارە بالا، چوڭلارنىڭ

شۈنچىكى جىددىلىكىگە قۇربانلىق بولۇپ كېتىپتۇ ـ دە.
ـــ شۈڭا، سەنمۇچۇ خەق بىلەن ئاز ئۇرۇش.
ـــ شۇم ئىبغىز، كىم بىلەن قاچان ئۇرۇشۇپتىمەن مەن؟
ـــ ئالدىنقى ئايدىلا توختاخۇنلارنىڭ ئىشىكى بوشاپ كېتىپ نەچچە تۇپ قوناق شېخىڭنى يەپ قويسا «تۆلەپ بېرەيلى» دېگىنىڭگە قويماي تىللاپ كەتمىدىڭمۇ؟
ـــ ھەي مەتنىياز تاز، قۇيرۇقۇمدىن تۇتۇۋالدىڭ ـ دە، ئادەم دېگەن ئازىدىكەن شۇ.
ـــ شۇڭا، باللار بار يەردە باللارغا ئۇرۇشماسلىق توغرۇلۇق گەپ قىلايلى. كىچىككىنە ئىشلارغا ئۇرۇشۇپ ئارىغا چوڭلارنى سېلىپ ئالەمنى مالەم قىلىشمىسۇن دەيمىنا.
ـــ راست دەيسەن، ئۆتكەندە كېۋىراخۇننىڭ بالىسى دەرەخ سۇندۇرۇپتىكەن، مۇسا مالكام نەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ قويغىنىغا كېۋىراخۇنلار مۇسا مالكاملارنىڭ ئىشىكىگە ئىنىلىرى بىلەن دېۋەيلەپ بارمىدىمۇ؟
بىز قاتلىلىقنىڭ كىچىككىنە ئەرزىمەس ئىشتىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆيۈن ئويناۋېتىپ باللار ئۆزئارا قىزىرىشىپ قالساق چوڭلارغا ئېيتمىدىغان ئادەتنىڭ ناچار ئادەتلىكىنى ھېس قىلدىم.

## 4. تەرسا بوۋاينىڭ تاۋۇزى

چىڭقىچۇشتە قۇدۇقتىن سۇ چىقماي ھەممىمىز يېنىپ كەلدۇق. چۈشلۈك تاماقنى يەۋېلىپ يەنە مەھەللىنىڭ دوقمۇشىدىكى قېرى سېدە دەرىخى ئاستىغا جەم بولدۇق. ھېچكىم «ئۆستەڭگە ياكى قۇمتاغقا بارايلى» دېيەلمىدى. ئارىدىن بىرى:

— مۇسا بوۋامنىڭ يېنىغا بېرىپ باقامدۇق؟ تاۋۇزلىرى تازا پىشىپتۇدەك، تويغۇدەك يەپ كەلمەيلىمۇ؟ — دېدى.

— ئوغرىلامدۇق؟

— ياق، بارساق ئۆزى ئۇزۇپ بېرىدۇ.

— ئۇ تەرسا پىخسىقنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا مەن ئىشەنمەيمەن.

— ئۆزى ئۇزۇپ تىلىپ بەرسە تىلىپ بەردى، بولمىسا ئوغرىلاپ يېمەمدۇق؟ يا بولمىسا بىزمۇ ئوغرىلاپ قۇم ئاستىغا كۆمۈپ قويۇپ كەچتە بېرىپ يېمەيمىزمۇ؟

— ئاتە پويۇڭنى، كۇندۇزىمۇ قورقۇپ تەكتىن بىر ساپاق ئۇزۇم ئۈزەلمەيدىغان ئادەم كەچتە قۇمتاغقا قانداق بارىسەن؟

— ئالچۇقىدا يوق بولۇپ قالسا بىر گەپ بولمامدۇ.

بىز ئۇنى دېمەڭ، بۇنى دېمەڭ بىلەن مۇسا بوۋاينىڭ قۇم ياقىسىدىكى كەپىسىگە قاراپ يول ئالدۇق. نەچچە كۈندىن بېرى بۇ يەرگە ئۆتۈپ باقمىغاچقا، قويۇق چاتقاللارغا، ئوت - چۆپلەرگە ئەنسىز قاراپ ماڭدىم. سالقىن نەم هاۋا كىشىگە ئارام بېرەتتى. بىز ئاۋۋال باهاردا مۇسا بوۋاينىڭ بۇلاق كۆزىنى ئېچىشىغا ياردەملەشكەن جايغا قاراپ بېقىش ئۈچۈن شۇ ياققا ماڭدۇق. پاكار جىگدە، قارىياغاچ دەرەخلىرىگە چىڭگىلىك يامىشىپ يېشىل توسۇق هاسىل قىلغانىدى. بىز هېلىقى كىچىك جىراغا كەلسەك بىلەكتەك سۇزۇك سۇ شىلدىرلاپ ئېقىۋېتىپتۇ. بۇلاق بېشىغا نەچچە پەلەمپەي قوپۇرۇلغان بولۇپ، بۇلاق سۈيىنى ئېچىشكە ئاسان قىلىپ قويۇلغانىدى. ئەلۋەتتە، بۇنى مۇسا بوۋاي قىلىدۇ - دە!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىز بۇلاق سۈيىدىن ئىچىپ كەينىمىزگە يېنىپ قۇم ياقىسىدىكى ھېلىقى تېرەك تىككەن جايغا كەلدۇق. سەل نېرىدا مۇسا بوۋاي بىر خىلدا ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ بىزنىڭ چۇرقىراشقان ئاۋازىمىزنى ئاڭلاپ بىزگە قارىدى. بىز بىر بىسىپ، ئىككى بىسىپ مۇسا بوۋاينىڭ يېنىغا باردۇق. مۇسا بوۋاي كۆكيانتاق، قومۇش باسقان يامزالغا توپا ئېتىۋاتاتتى. بىر يېرىم مو كەلگۈدەك ئوچۇقچىلىققا چۆنەك تارتىپ قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىغانىكەن. مۇسا بوۋاي ئىككى تاۋۇزنى ئېلىپ چىقتى.

ــ بالىلىرىم، ئەتىيازدا تىككەن تېرەكلىرىڭلارنى كۆردۈڭلارمۇ، مانا نەچچە ئايدىلا بويى سىلەردىن ئېشىپ كەتتى. ئەمدى مەن ئۇلارغا يۆگەشكەن يۆگىمەچلەرنى يۇلۇپ، ھارام شاخلىرىنى ئېلىۋەتسەم كۈزدە خېلى يوغىناپ قالىدۇ. بىر قىشنى توشقان، مال ـ ۋارانلار غاجاپ قويماي ساق چىقارسىلا، ئېگىزلىكى ئاۋۇ دۆڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ. قېنى، تاۋۇز يەڭلار.

تاۋۇز ھەقىقەتەن تاتلىق ۋە سۇلۇق ئىدى. تاۋۇزنىڭ ئېتىنىڭ رەڭگى قىزىل، ئۇرۇقى قېنىق قوڭۇر بولۇپ ھەم كىچىك، ھەم ئاز ئىدى. مۇسا بوۋاي:

ــ تاۋۇز ئۇرۇقىنى تاشلىماڭلار، بۇ تاۋۇزنىڭ تەمى ئالاھىدە ياخشى ئىكەن، ئۇرۇقلۇققا ئېلىپ قويىمەن.

ــ بازاردا ساتقان ئۇرۇقلۇق تاۋۇز ئۇرۇقلىرى ياخشى ئەمەسمىكەن، مۇسا بوۋا؟ ــ دەپ سوراپ قالدى ئابلىكىم.

ــ ئۇلارمۇ بولىدىكەن، بىراق بۇ تاۋۇزنىڭ تەمى ئالاھىدە ئىكەن. ئۇرۇقى ھەم ئاز، بالدۇر پىشىدىكەن. ئالاھازەل بۇ تاۋۇز پىشىدىغان ۋاقىتتىن يەتتە كۈن بۇرۇن پىشتى.

بىز بىر ـ بىرىمىزگە قاراپلا قالدۇق. مەن:

— ھەربىر تاۋۇزنىڭ پىشقان ۋاقتىنىمۇ بىلگىلى بولامدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ. تاۋۇز چېچەكلىگەندىن ئايرىلغاندىن باشلاپ كۆن سانىساقلا بەزى سورتلار ئوتتۇز كۈندە، بەزى سورتلار قىرىق كۈندە پىشىدۇ. پىشىشتىن ئىلگىرى كىرىپچى قۇرۇيدۇ، چەكسەك تىترەپ زىل ئاڭلىنىدۇ، — دېدى مۇسا بوۋاي.

ھاۋا قىزىشقا باشلىدى. مۇسا بوۋاينىڭ كەپىسى (ئالچۇقى) ئوبدان يېپىلمىغاچقا، چېقىر ئاپتاپ چۈشۈپ كېتەتتى. كالىلامغا بىر ئەقىل كەلدى ـ دە، ئابلىكىم بىلەن قۇتيارغا:

— كۆلدىن نەچچە باغلام يېكەن بىلەن قومۇش ئەكېلىپ ئالچۇقنى ئوبدان يېپىپ قويساق قانداق؟ — دېدىم.

— راست، بۇنداق چېقىر ئاپتاپتا قانداق ئۇخلىغىلى بولىدۇ؟ كۆلنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن تازا ئوبدان ئاينىغانلىرىنى تاللاپ يۇلۇپ ئەكېلەيلى.

— يېكەننىغۇ يۇلارمىز، قومۇش قولنى قىيىۋېتەمدىكىن.

— مۇسا بوۋاينىڭ ئاۋۇ قايچىسىنى ئېلىپ تۇرساق بولىدىغۇ.

بىز يەتتە ـ سەككىز بالا بىردەمدە كۆلدىن قومۇش، يېكەن ئەكېلىپ بوۋاينىڭ كەپىسىنى يېپىپ تەڭگىچىلىك ئاپتاپ چۈشمەيدىغان قىلىپ ياساپ بەردۇق. مۇسا بوۋاي چار ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— رەھمەت باللىرىم، رەھمەت! ئويناپ ئۇسساپ كەتسەڭلار يەنە كېلىڭلار، — دېدى.

www.uyghurkitap.com

# 5. ئوغرى تۇتۇش

ئورمانلىقتىكى جەسەتنىڭ ۋەھىمىسى بارا ـ بارا يوقىدى. بىز يەنە بۇرۇنقى ئۇسۇلىمىز بويىچە ئۆستەڭ، قۇمتاغ تەرەپتە ئوينايدىغان بولدۇق. بىزنى ئەڭ ئاۋارە قىلىدىغىنى ياز كۈنى قۇمغا كۆمۈلىدىغانلار ئىدى. ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈپ تۇرۇۋاتسا بىمالال سۇغا چۆمۈلگىلى بولاتتىمۇ؟ سۇغا چۆمۈلۈپ بولۇپ كالتە ئىشتانلىرىمىزنى سىقىدىغان جايمۇ تاپالماي قالاتتۇق.

ساياھەت ئورنىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا يوغان تۆگە دەرۋازا ياسالدى. ھاي ـ ھاي! ئۇ دەرۋازىنىڭ ھەيۋەتلىكلىكى ئەقلىمنى لال قىلغانىدى. تۆگە دەرۋازىغا ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ھەر خىل مەدەنىيەت ئىزنالىرى، قاپارتما، ئويما نەقىشلەنگەنىدى. ئىچ تەرىپىگە شىنجاڭنىڭ ساياھەت خەرىتىسى، قۇملۇق ساياھەت رايونى خەرىتىسى، قۇمتاغ ساياھەت ئورنىنىڭ خەرىتىسى ۋە قىسقىچە چۈشەندۈرۈلۈشى، قۇمتاغ قەسىدىسى... قاتارلىقلار چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بىر قارىغان كىشىگە ھۆزۈر بېغىشلايتتى. بۇرۇنقى ئاددىي دەرۋازا ئەمدى بىراقلا ھەيۋەتلىك دەرۋازىغا، ئادەتتىكى ساياھەت رايونى بىراقلا يۇلتۇز دەرىجىلىك ساياھەت رايونىغا ئايلانغانىدى. بىزنىڭ مەھەللىدىكىلەرنىڭ ساياھەت رايونىنىڭ ئەتراپىدا تەكلىكى بولغاچقا، بىزنىڭ مەھەللىدىكىلەر بۇ دەرۋازىدىن بىلەتسىز كىرەلەيتتۇق. بۇرۇن مەھەللىمىزنىڭ كەينىدىكى چىغىر يول بىلەن باراتتۇق، ھازىر بولسا ساياھەت رايونىنىڭ دەرۋازىسىدىن

ئۆدۆل كىرىپ ئويناپ چىقاتتۇق. بىزنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك ئويۇنىمىز يەنىلا مەھەللىمىزنىڭ كەينىدىكى چىغىر يول بىلەن بارىدىغان قومۇلۇقتا ئىدى. ئۇ يەر بىلەن قومتاغقا چىقىپ ساياھەت رايونىدىن يېنىپ چىققىلىمۇ بولاتتى.

8 ـ ئاي قومغا كۆمۈلۈشنىڭ ئاخىرقى ئايلىرى بولغىنىغا قارىماي، قومتاغدا قومغا كۆمۈلىدىغانلار كۆپ ئىدى. بىز مۇسا بوۋاينىڭ تاۋۇزلۇقىغا بېرىپ ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر قېتىم مۇسا بوۋاينىڭ ئۆز قولى بىلەن ئۈزۈپ تىلىپ بەرگەن تاۋۇزىنى يەيدىغان بولۇۋالدۇق. تۈنۈگۈن جۈمە كۈنى مۇسا بوۋاي جۈمە نامىزىغا كەتكەنىدى، بىز ئۈستەڭدە سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناۋاتاتتۇق. تۇيۇقسىز بىرى قارا دېگەندەك مۇسا بوۋاينىڭ تاۋۇزلۇقىغا كۆزۈم چۈشۈپ قىلىۋېدى، بىرىنىڭ تىمىسقىلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم. مەن دەرھال ئابلىكىمگە:

ــ ئابلىكىم، قارىغىنا، تاۋۇزلۇقتا بىرى بار ئىكەن، ــ دېدىم.

ــ راست، بىرى بار ئىكەن، ئوغرىلىققا چۈشكەندەك قىلىدۇ، ــ دېدى ئابلىكىم، ــ مەن جاپپارلار بىلەن تۆۋەن تەرەپكە ئۆتىمەن. سەن قۇتيارلار بىلەن ماۋۇ ياقتىن كەل، ئابلىز ئۆدۆلدىن كەلسۇن، قومتاغقا قىستايلى. تۇتۇپ ئوغرىلىق قىلغىنىغا تويغۇزايلى، ئۇلار بۇ يەرلىك ئەمەس، چوقۇم سىرتتىن كەلگەنلەر، بولمىسا ئۇلار مۇسا بوۋاينىڭ تاۋۇزلۇقىغا ئوغرىلىققا كىرەلمەيتتى. قومتاغ تەرەپكە قىستىساق قومغا قاچىدۇ، قومتاغ تەرەپكە قاچتى دېگەن گەپ بىزگە تۇتۇلدى دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گەپ، قولىمىزغا كالتەك ئېلىۋالايلى، ئەمما ئۇرمايلى جۇمۇ!

بىز ئوغرىنىڭ تۇيۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن كىچىك باللارنى بىر خىلدا ئويۇن ئويناشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، دېيىشىۋالغىنىمىز بويىچە ئوغرىنى تۇتۇشقا ئاتلاندۇق. قولىمىزدا كالتەك تۇتۇپ ئوغرىلارنى قورشىۋالدۇق. بىزنىڭ ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ھۆرپىيىپ تۇرغىنىمىزدىن قورققان ئىككى ئوغرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ قاچماقچى بولدى. بىز ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ كەلگەچكە ئۇلار پەقەت قۇمتاغ تەرەپكىلا قاچمىسا بولمايتتى. ئۇلار ئەلپازىمىزغا قاراپ قولىلىرىدىكى تاۋۇزلارنى تاشلاپ قۇمتاغقا قاراپ قاچتى، بىزنىڭ كۆتكىنىمىزمۇ شۇ ئىدى، ئۇلارنى قۇمتاغقا قىستاپ قۇمتاغدا تۇتساق بىزگە ئاسان بولاتتى.

ئۇلار قۇمتاغ تەرەپكە قېچىپ كېتىۋاتاتتى. تاۋۇزلۇقتا پاتقاقتا بىرىنىڭ ئايىغى پېتىپ قالغاچ، بىر پاي ئايىغى بىلەن يۈگۈرگەندى، قىزىق قۇمدا مېڭىپ كۆنمىگەن ئىككى ئوغرى بىردەمدىلا ئولتۇرۇپ قالدى، بىز بېرىپ ئۇلارنى تۇتۇۋالدۇق. ئۇلار بىزنىڭ يالاڭئاياغ قۇمدا مېڭىپ يۈرگىنىمىزگە قاراپ ھەيران قېلىۋاتاتتى. ئابلىكىم كىنولاردا ئىشپىيوننى تۇتۇۋېلىپ سوراق قىلغان ھەربىيدەك ئۇلارنى سوراق قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئاۋۋال بويى ئېگىز، ياشقا چوڭراق بىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئىسمىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ئەزھەر، — دېدى ئۇ بالا سەل دۇدۇقلاپ. ئەزھەر ئىسىملىك بۇ بالا ئاق سېرىق، قوشۇما قاش، يۈزىدە تەكشى سەپكۈنى بار، ئون بەش ياشلاردىكى بالا ئىدى.

— نەدىن كەلدىڭ؟
— ئۈرۈمچىدىن.
— سەن ئېيتە، ئىسمىڭ نېمە؟
— ئېرپان.
— نەدىن كەلدىڭ؟
— ئۈرۈمچىدىن.
— بۇ مېنىڭ نەۋرە ئىنىم، بىز تۆۋەن مەھەللىدىكى سايىم تاغاملارنىڭكىگە كەلگەن، بۇ يەرگە كېلىپ ئۇسساپ كېتىپ قارىساق تاۋۇزلۇق بار ئىكەن، يېزىلاردا ئۇسساپ كېتىپ، قوغۇن - تاۋۇزلارنى ئۈزۈپ يېگەنلەرنى ئوغرى ھېسابلىمايدۇ دەپ ئاڭلىغاچقا ئۈزۈپ يېگەن،— ئېرپان ئىسىملىك بالا ئۇن ئىككى ياشلاردىكى سېرىق، كۆك كۆز، ئۇتتۇر چىشى شالاڭ، چېكىسىدە تارتۇقى بار، قورقۇنچاقراق كۆرۈنىدىغان بالا ئىدى. ئۇنىڭ چىرايى ئىسسىقتا قىزىرىپ توقاچتەك بولۇپ كەتكەنىدى.
— ئىچىدىغانغا سۇيى، يەيدىغانغا نېنى بار ئادەم تاۋۇزنى ئىگىسىدىن سورىماي يېسە ئەلۋەتتە ئوغرى ھېسابلىنىدۇ.
— بىزنىڭ سۇيىمىز يوق.
— بۇ سۇدان كىمنىڭ؟
ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىۋالغاندىن كېيىن، بىزنىڭ ئەمەس دەپ تۇرۇۋالدى. مەن دەرھال:
— ئاۋۇ يەردە بۇلاق سۇيى بار، ئىچىدىغان سۇ دېگەن شۇ. سۇ بار تۇرۇپ سىلەر ئىگىسى يوق تاۋۇزلۇققا كىرىپ تاۋۇز ئۈزۈپسىلەر، بۇنى ئوغرىلىق دەيمىز،— دېدىم.
بىز ئۇلارنى ئالدىمىزغا سېلىپ مۇسا بوۋاينىڭ ئالچۇقىغا ئەكېلىپ ئارىغا ئېلىۋالدۇق، ئۇلار ئەمدى

قورقۇشقا باشلىدى، ئېرپان ئىسىملىك بالا يىغلامسىراپ تۇرۇپ:

— بىزنى قويۇۋەتكەن بولساڭلار، دادام تاۋۇز ئوغرىلىغانلىقىمىزنى بىلىپ قالسا بوش قويۇۋەتمەيدۇ.

— مۇسا بوۋامۇ سىلەرنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ.

ئۇلار: «مۇسا بوۋام كەلسە بوش قويۇۋەتمەيدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ راستتىنلا قورقۇشقا باشلىدى. بىز مۇسا بوۋاي كەلسە بىزنى ماختاپ، ماۋۇ ئىككى ئوغرىنى تالنىڭ چىۋىقىدا ساۋاپ، قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلدۇرىدۇ دەپ ئويلىغانىدۇق. قېرىشقاندەك مۇسا بوۋاي كەلمەيۋاتاتتى. ئارىلىقتا مۇسا بوۋاينىڭ قاپىقىدىن سۇ ئىچتۇق، ئاۋۇ ئىككى ئوغرىغىمۇ بىرىگە بىر چىنىدىن قۇيۇپ بەردۇق، تۇرۇپلا ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. «مۇسا بوۋام كەلسە چوقۇم ئۇرىدۇ... بىز بىلەن تەڭ دېمەتلىك بالىلارنىڭ تاياق يەپ يىغلىغىنىنى كۆرسەك يۈرىكىمىز چىدارمۇ؟» مەن ئاستا ئابلىكىمنى يانغا تارتىپ ئويلىغانلىرىمنى دېگەنىدىم، ئۇ ئاچچىقلاپ: «نەدىكى يوق گەپنى قىلىسەن. مۇسا بوۋام مۇشۇ ئىسسىقتا ئاز جاپا تارتتىمۇ؟ قارا، ئىككى خام تاۋۇزنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ، بىر تاۋۇزنى يەپتۇ... بىرنى چېقىۋېتىپتۇ... ئوغرى دېگەنگە ئىچ ئاغرىتساڭ ئوغرىلىق قىلىشتىن قول ئۈزمەيدۇ...» دېگىنىچە كەپىگە كىرىپ كەتتى.

مۇسا بوۋاي ئاخىر كەلدى. ھېلىقى ئىككى ئوغرى «غال - غال» تىترىگىنىچە بىزنىڭ دېگەنلىرىمىزنى قاپىقىنى تۈرۈپ زەن سېلىپ ئاڭلاۋاتقان «تەرسا» بوۋايغا قاراپ مىشىلداپ يىغلاۋاتاتتى.

— بولدى، ئۈزگىنى مۇشۇ تاۋۇزلارمىكەن؟

— شۇنداق، — دېدى ئابلىكىم غادىيىپ.
— بىر نىڭ ئورنىغا ئوننى تۆلەپ بەرسۇن.
— ساقچىغا ئېلىپ بارايلى.
بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئېرپان ئىسىملىك بالا ئۈن سېلىپ يىغلىغىلى تۇردى. مۇسا بوۋاي ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:
— نېمىگە يىغلايسەن؟ — دەپ سورىدى.
— دادام بىلىپ قالسا... ھۆ... ھۆ...
— قىلغان ئىشىڭنىڭ يامان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدىڭمۇ؟
— بىلدىم.
— ئۇنى مەن باشلاپ ئەكەلگەن، — دېدى ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان ئەزھەر ئىسىملىك بالا.
— سىلەر يۇرتىمىزغا كەلگەن مېھمان ئىكەنسىلەر، يىغلىماڭلار، خاتالىقىڭلارنى تونۇغانىكەنسىلەر، سىلەرنى ئەسكى بالىلار دېگىلى بولمايدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلماڭلار جۇمۇ!
مۇسا بوۋاي تاۋۇزلۇققا كىرىپ كېتىپ ئىككى تاۋۇزنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ھېلىقى ئىككى «ئوغرى»غا كۆتۈرتۈپ قويدى ۋە:
— بۇنى ئېلىپ كېتىڭلار، سايىماخۇنلارغا سالام ئېيتىڭلار، زېرىكسەڭلار بۇ يەرگە كېلىپ بۇ بالىلار بىلەن ئويناڭلار، بۇ بالىلار كۈندە كېلىپ ئوينايدۇ، — دېدى.
— رەھمەت، بوۋا! — دېدى ئەزھەر يەرگە قاراپ، ئۇنىڭ بىر پۇتىدا ئايىغى يوق ئىدى. ئابلىكىم دەرھال تاۋۇزلۇققا كىرىپ ئۇنىڭ بىر پاي ئايىغىنى ئاچىقىپ ئېرىقتا يۇيۇپ ئۇنىڭغا بەردى.
— سىزگىمۇ رەھمەت، ئاغىنە، — دېدى ئەزھەر.

— ئەرزىمەيدۇ، مۇسا بوۋامنىڭ ئەجرىنى ئۇنداق نابۇت قىلماڭلار.

— بولىدۇ، بىز چوڭلار قۇمغا كۆمۈلسە قىلىدىغان ئىشىمىز يوق زېرىكىپ بۇ يەرگە ئويىنىغىلى كەلگەن، ئۇسساپ كېتىپ بۇ قاملاشمىغان ئىشنى قىلىپ سالپتىمىز، كەچۈرۈڭلار.

— بىز سىلەرنى يېقىن يول بىلەن ئاپىرىپ قويايلى.

— قېنى بالىلىرىم، تاۋۇز يەڭلەر.

بىز شېكەردەك تاتلىق قۇم تاۋۇزنى يېگەچ، ئۇ ئىككى ئاغىنىمىز بىلەن ئوبدانلا چىقىشىپ قالدۇق.

## 6. قازانقۇمدىكى پاجىئە

— قۇمغا كۆمۈلگىلى كەلگەن ئۈچ ئادەم يوقاپ كېتىپتۇ!

— بالىلارمىكەن، چوڭ ئادەملەرمىكەن؟

— چوڭ ئادەم دەيدۇ.

— ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى ئۇلارنى سەھەردە قۇمتاغقا چىقىپ كەتكەن دەپتۇ، ساقچىلار ئىزدەپ كېتىپتۇ، تۆۋەن مەھەللىدىن ئون نەچچە يىگىتمۇ ساقچىلار بىلەن بىللە كېتىپتۇدەك.

مەھەللىدە ھېلىقى ئورمانلىقتا جەسەت بايقالغاندىن كېيىنكى يەنە بىر ۋەھىمىلىك خەۋەر تارقالدى. چوڭلار ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىشاتتى، بىراق چوڭلار بىزنى ئۆتكەنكىدەك توسۇۋالمىدى، چۈنكى بۇ تەۋەدىكى بالىلار قۇمتاغنىڭ ئېگىز چوققىلىرىدىن نېرىغا ئۆتسە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بۇ مەھەللىدىمۇ بۇرۇن

«قۇم ئاستىدىكى شەھەرنى تاپىمىز»، «يۇرەكتاغقا بارىمىز»... دەپ ئۆلۈپ كەتكەنلەر بولغانىكەن. چوڭلار پات ـ پات بىزگە شۇ ئىشلارنى مىسال كەلتۈرۈپ قۇمتاغنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزگە سالاتتى.

مەھەللىمىزدىن بىرمۇنچە كىشى تۆۋەن مەھەللىگە بېرىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ كەپتۇ. پالاكەتكە ئۇچرىغۇچىلار تۆۋەن مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ قۇمتاغ رىۋايىتىنى ئاڭلاپ قۇمتاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقۇم قۇم بېسىپ كەتكەن شەھەر بار دەپ قىزىقىپ بىرى ئىككى بوتۇلكىدىن سۇ ئېلىۋېلىپلا يولغا چىققان بولۇپ، نەچچە سائەت ماڭە ـ ماڭمايلا سۇيى تۈگەپ قېلىپ كەينىگە يېنىپتۇ، ھاۋا تىنچىق بولغاچقا سۇيى تۈگەپ ئىككىسى يىقىلىپ قاپتۇ، ئارىدىن بىرى مىڭ تەستە ئۆستەڭگە ئۇلىشىپتۇ.

— كىچىك بالىمۇ نېمە ئۇلار؟ قۇم ئاستىدىكى شەھەرنى تاپقىلى بولسا، بۇ يەردە بىز شىلىلىمىزگە توپا چېچىپ يۈرەمتۇق.

— ئاسماندا ئۇچامتىڭ بولمىسا؟

— سەن بىر ئاتىنىڭ ئوقۇرىنى، مەن بىر ئاتىنىڭ ئوقۇرىنى ئاچىقىۋالساقلا ماۋۇ شەھەرنىڭ يېرىمىنى سېتىۋېلىپ ياشىمامتۇق.

— سەنمۇ خىيالىڭغا چىنپۇتۇپ يۈرىدىكەنسەن.

— ئەمدى شۇنداق دەپ باقتىم دېگىنە، ئۇنداق ئەخمەقلىقنى مەن قىلمايمەن.

— بالىلار بار يەردە ئۇنداق چاقچاقنى قىلما.

— سەمەت راست دەيدۇ، بولمىسا بالىلار چاقچىقىڭنى

www.uyghurkitap.com

راست دەپ قىلىپ قومتاغ ئىچىگە كىرىپ كەتسە ... خۇدايىم ساقلىسۇن...

كىشىلەر غۇلغۇلا قىلىشاتتى. تۆۋەن مەھەللىگە بىزنىڭ مەھەللىدىن ئۆتىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى، ھەتتا قومتاغ ئۈستىدە ئادەملەرنىڭ توپلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. مەن قومتاغ ئىچىگە كىرىپ پالاكەتكە يولۇققانلارنى ھېلىقى ئاۋۇز ئوغرىلىرى ئەزھەر بىلەن ئىرپانلار بولۇپ قالمىسۇن دەپ بەك ئەنسىرىگەنىدىم. خۇداغا شۈكۈر، ئۇلار ئەمەس ئىكەن. ئاڭلىساق، ساقچىلار بىزنىڭ مەھەللىدىكى قاۋۇل يىگىتلەردىن ئون ئىككىنى تاللاپ ياردەمگە چاقىرغانىكەن. رىشىت قاسساپنىڭ تۈرلۈك ماللار دۇكىنىنىڭ يېنىدىكى سېيدە دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپ كەچ بولدى، ئەمدى تارقاپ كېتەيلى دەپ تۇرغاندا، ئۇلارنى بىر ماشىنىدا ئەكېلىپ قويدى، چوڭلار ئۇلاردىن كۆرگەنلىرىنى سورىشاتتى.

— بىچارىلەر مىنېرال سۇدىن ئىككىدىنلا ئېلىپ ماڭغانىكەن، كۆز يەتكۈدەك ئارىلىقتا بىردىن كىچىك بايراقچە قاداپ مېڭىپتىكەن، قازانقومدىن ئۆتۈپ ئىككى چاقىرىمدەك مېڭىپلا كەينىگە يېنىپتۇ بولمىسا، شۇ چاغدا ئىسسىق ئۆتۈپ قالغان ئوخشايدۇ...

— چىڭقىچۈشنىڭ ئاپتىپى يامان، شۇڭا ئەزەلدىن چىڭقىچۈشتە قومغا كۆمۈلسە بولمايدۇ دەپ كېلىۋاتىمىز، چوققىسىغا چۈشكەن ئاپتاپ يامان. بۇنى بىلمىگەن سىرتتىن كەلگەنلەر ئۇزاقراق كۆمۈلىمىز دەپ چۈشتىمۇ قومغا كۆمۈلۈۋالىدىكەن، بۇ بولمىغىنى، ئاپتاپ ئۆتۈپ قالسا ئىش چاتاق. ھە، ئۇلاردىن بىرى قانداق قىلىپ يېنىپ كېلەلەپتۇ.

— قازانقۇمدا كىملەر ياسىدىكىن قۇمدىن ئادەمنىڭ تىزىغا كەلگۈدەك ئۆيلەرنى ياساپ قويۇپتۇدەك. ئۇلار شۇ يەرگە كەلگەندە بولالماي: «بۇ يەرگە ئادەم كەلگەنىكەن، كۇنلەرنىڭ بىرىدە يەنە كېلىپ قالسا جەسىتىمىزنى كۆرەر» دەپ شۇ يەردە يېتىپتۇ. ھېلىقى بىرى چىشىنى چىشلەپ قاداپ قويغان بايراقچىلىرىنى بويلاپ مېڭىپ يېشىللىقنى كۆرۈپتۇ ـ دە، دومىلاپ يۇرۇپ ئۆستەڭگە يېقىنلىشىپ يىقىلىپ قاپتۇدەك. شۇ چاغدا قۇمغا كۆمۈلۈشكە كېلىپ ئىسسىق سەل يانسا دەپ سايىدا تۇرغانلار ئۇنىڭ ھالىنى كۆرۈپ كۆتۈرۈپ دېگۈدەك سايىغا ئېلىپ كەپتۇ. سۇ ئىچكۈزۈپ، ئەھۋالى ياخشىلانغاندا ئۇنىڭ دېگەنلىرى بويىچە ساقچىغا مەلۇم قىپتۇ.

— ھېلىمۇ يەيدىغان رىزقى بار ئىكەن ئۇلارنىڭ.

— ئىشقىلىپ، ھېلىقى ئاپتاپتا قالغانلىرىنىڭ ھالى چاتاق.

— خۇدايىم ساقلىسۇن.

— ھېلىقى ئۆيلەرنى كىملەر ياسىغان بولغىيتتى؟

— كىملەر بولماقچىدى؟! سېنىڭ ئوغلۇڭ جاپپار، شەرىپىدىنىنىڭ ئوغلى شىرئەلى، ئابىتىنىڭ ئوغلى ئابلىكىملەر... ئويناپ بېرىپ بوراندا قېلىپ قىل قاپتۇ ئېزىپ كەتكىلى...

— شۇنداقمۇ ئىش بوپتىمۇ تېخى؟ خەپ، بۇ ياغاچ قۇلاقلارنى...

شۇنىڭدىن كېيىن چوڭلار بىزگە بولغان قۇمتاغنىڭ ئىچكىرىگە كىرمەسلىك ھەققىدىكى تەربىيەسىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى ھەققىدە ئويلىدىمۇ، مەھەللىدىكى باللار توپلىشىپ ئويىنىدۇقمۇ بولدى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نەسىھەت قىلاتتى. ئېتىزغا كېتىۋاتقانلار تۆت ـ بەش ياشلىق بالىلىرىغا: «قۇمتاغقا بارماڭلار جۇمۇ» دەپ قويۇپ ماڭىدىغان بولدى. بىز ئاغىنىلەر بىر يەرگە جەم بولساقلا بۇ ھەقتە پاراڭلىشاتتۇق.

مەھەللىمىز ناھىيە بازىرىغا يېقىن بولغاچقا، بازارغا بېرىشىمىزمۇ چەكلىنىپ قالدى. خەقلەر نەلەردىن تاپتىكىن ھەر خىل ۋەھىمىلىك گەپلەر ئېقىپ يۈرەتتى. «پالانى يەردىن بىر بالىنى ئادەم بېدىكلىرى ئېلىپ كېتىپ سېتىۋېتىپتۇ، پوكۇنى يەردىن مۇنچە ياشلىق بىر بالا يوقاپ كېتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن قورسىقى تېڭىق ھالدا ئىشىكى ئالدىغا تاشلاپ قويۇلۇپتۇ، دوختۇرغا ئاپارسا بىر تال بۆرىكى يوق ئىكەن...» دېگەندەك گەپلەر بولۇۋاتسا، ئەلۋەتتە ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ئەنسىرەيدۇ ـ دە. شۇڭا، بىزنىڭ مەھەللىدە كىچىك بالىلارغا يالغۇز بازارغا چىقماسلىق، ھەتتا ساياھەت رايونىغا بارماسلىق ھەققىدە تەربىيە قىلىنىشاتتى. لېكىن، ساياھەت رايونىغا بارماڭلار دېگەن گەپ ئاقمايتتى. كەچلەردە ساياھەت رايونىنىڭ تۆگە دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى ماشىنا توختىتىش مەيدانى بوش قالغاندا بىزگە بىر ئوبدان پۇتبول مەيدانى بولىدىغان تۇرسا، قانداقمۇ بارماي تۇرالايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەرنىڭ ئەتراپىدىكى دۇكانلاردا سوغۇق ئىچىملىكلەر كۆپ، بىز ئامراق ھەر خىل چوكا مۇزلار، مۇز قايماقلارنىڭ تۈرى مول...

ھېلىقى قۇمتاغ رىۋايىتىگە ئىشىنىپ، قۇم ئاستىدىكى شەھەرنى تاپىمىز دەپ قۇمتاغنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ ئاپتاپتا قالغانلاردىن بىرى ئۆلۈپ

كېتىپتۇ. ھايات قالغانلىرىدىن بىرى: «بىز پاراڭلىشىپ مېڭىۋېرىپتىمىز، دەسلىپىدە ئانچە ئىسسىق ھېس قىلمىغاندەك قىلغان، قايتقىنىمىزدا قۇم قىزىق، شامال يوق، سۇمۇ تۈگەپ قالغانىدى، قانداق قىلارمىز دەپ ئەنسىرىدۇق. بىز قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدە قۇمدىن ياسىغان ئۆيلەرنى كۆردۇق، بۇ يەرگە چوقۇم ئادەم كەلگەن، مەھەللىگە ئاز قاپتىمىز، غەيرەت قىلايلى دېيىشتۇق. كۈن تىكلەشكەنچە ئاپتاپ ئەدەپ، قۇم قىزىشقا باشلىدى. ئاخىرىنى بىلمەيمەن. ئۆزۈمنى دوختۇرخانىدا كۆرۈپتىمەن...» دېسە؛ ھېلىقى ئاخىرقى مەنزىلگە كېلىپ ھەمراھلىرىنى قۇتۇلدۇرۇشنى ئۆتۈنگىنى: «ھېلىقى قۇم قەلئە بولمىغان بولسا بىز ھەممىمىز تۈگەشكەن بولاتتۇق. پەقەت شۇ قۇم قەلئە بولغانلىقى ئۈچۈنلا مەن ئۈمىدلىنىپ، مەھەللىگە ئاز قاپتۇق، بۇ يەرگە باللار كېلىپ ئويناپتۇ، بولمىسا بۇ قۇم قەلئە قانداق پەيدا بولۇپ قالىدۇ؟... يەنىمۇ غەيرەت قىلاي، غەيرەت قىلاي... دەپ چىشىمنى چىشلەپ ئۆمىلىدىم. ئاخىر كۆزۈمگە يېشىللىق كۆرۈندى...» دەپتۇدەك. بىز ئاغىنىلەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىر يەرگە جەم بولغاندا قازانقۇمغا بېرىپ قۇم قەلئە ياساپ ئوينىغانلىقىمىزدىن سۆيۈندۇق. بىزنىڭ ئويۇنىمىزمۇ ئادەم قۇتۇلدۇرۇپتۇ ئەمەسمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۈچىنچى باب

# يۇرەكتاغ

## 1. يۇرەكتاغ ھەققىدە پاراڭ

باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ھېلىقى كۆڭۈلسىز ئىشتىن كېيىن ئاتام مېنىڭ رايىمغىمۇ باقمىغان بولۇپ قالدى، بولمىسا ئەتىدىن - كەچكىچە ئۆگىنىش قىلغىلى سالاتتى. ھېلىمۇ ئۇرۇمچىدىكى شىنجاڭ سىنىپىغا ئۆتۈپ كەتمەپتىمەن، بولمىسا ماڭا بۇنداق كۆڭۈللۈك ئويۇنلار نەدە! مانا مەن مەھەللىمىزگە قانماي قېلىۋاتاتتىم. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ئويۇنلارغا قانمايۋاتاتتىم. مەن قۇمتاغقا قارىغانچە ئۆستەڭدىكى ھەربىر تۇپ دەرەخ، ھەربىر تال تاش، قۇمتاغنىڭ ھەربىر زەررە قۇمى ماڭا كۈلۈپ قاراۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. كېچىدە ئۆگزىدە يېتىپ ئاسمانغا قارىساممۇ مەھەللىمىزنىڭ ئۈستىدىكى يۇلتۇزلار ماڭا قاراپ كۈلگەندەك تۇيۇلاتتى. نېمىشقىدۇر، ھەممە نەرسە ماڭا ئەسلىمە سوۋغا قىلاتتى. ئەگەر باشلانغۇچنى تۈگىتىپلا شىنجاڭ سىنىپىغا ئوقۇشقا كەتكەن بولسام، بۇ كۆڭۈللۈك ئويۇنلار نەدە تۇرۇپتۇ؟!

بۈگۈن يەنە ھاۋا بۇلۇتلىنىپ سىم - سىم يامغۇر ياغدى. مەھەللىدىكى تەڭ دېمەتلىك باللار قۇمتاغقا چىقىپ كەتتۇق. بىزدىن كىچىك باللارمۇ ئۆزلىرىنىڭ

قوْرداشلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئويۇننى ئويناۋاتاتتى. بىز بۇ قېتىم قوۇمدىن يىراققا سەكرەپ ئويىندۇق، ئارىمىزدا پەرقۇزات ئەڭ يىراققا سەكرىدى. بىز ئۇنىڭ سەكرىگەندىكى ئەپچىل ھەرىكەتلىرىدىن ھوْزۇرلىنىپ نەچچىنى سەكرىتۆتتۇق. ئارىدىن بىرى:

— يۇرەكتاغقا بارغانلارنى كىم كۆرگەن؟ — دەپ قالدى.

— مەن، — دېدى جاپپار.

— كىم بارغان؟

— بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئەمەت كۆنچى بىلەن ئىلىنىياز قاسساپ.

— شۇ كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ باقامدۇق؟

— نېمىگە بارىمىز؟

— يۇرەكتاغنىڭ يۇرەككە ئوخشايدىغان - ئوخشىمايدىغانلىقىنى سوراپ بىلىپ باقمايمىزمۇ؟

— ئاندىن كېيىن يۇرەكتاغقا بېرىپ كۆرۈپ كېلىمىز دەيمىزمۇ؟ ئۆتكەندە قازانقوْمغا بارغاندا قانداق بولۇپ كەلمىدۇق؟ قىل قالدۇق جەنۇب تەرەپكە كېتىپ قالغىلى. كېتىپلا قالغان بولساق ئىش چاتاق بولاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە چوڭلار ئاڭلاپ نېمىلەرنى دەپ كەتمىدى؟ بۇنداق خىيالدا بولمايلى.

— راست دەيسەن جاپپار، قازانقوْمدا بولغان ئىشلارنى ئاتام ئاڭلاپ چىرايىدا قان قالمىدى، ئەمدى يۇرەكتاغنىڭ گېپىنى چىقارساق نېمە بولۇپ كېتەر.

— مەن يۇرەكتاغقا بارايلى دېمىدىم. يۇرەكتاغقا بارغانلارنى زىيارەت قىلىپ يۇرەكتاغنىڭ شەكلىنى، ئېگىزلىكىنى، ئەتراپىدا نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىپ باقايلى دېدىم.

— ئۇنداق بولسا مەيلى، — دېدى ئابلىكىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

— ۋاي – ۋۇي، ئۇنى سوراپ نېمىمۇ قىلارمىز؟ بولدىلا بىر ئۇبدان ئويۇن ئويناۋېتىپ...— دېدى جاپپار خالىماستىن.

— قارىغاندا گېپىڭ يالغان ئوخشايدۇ،— دېدىم ئۇنى تېرىكتۈرۈپ.

— مەن قاچان يالغان ئېيتىپ باققان؟ ئەگەر يۇرەكتاغقا بارغانلاردىن ئەھۋال ئۇققانلىقىمىزنى چوڭلار بىلسە بىزنىڭ مۇشۇ قۇمتاغقا چىقمىقىمىزمۇ ئاسان بولماي قالارمىكىن.

— بۇ گېپىڭنىڭمۇ ئاساسى بار،— دېدىم مەن.

بىز قۇمتاغنىڭ چوڭراق تۇزلەڭ يېرىدە پۇتبول ئويناپ هاردۇق. مېنىڭ خىيالىم بولسا يۇرەكتاغدا ئىدى. يۇرەكتاغ قۇمتاغنىڭ چوققىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان يۇرەك شەكىللىك تاش بولسا كېرەك، ۋاھ، بىر كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان ئاجايىپ مەنزىرە...

قۇمتاغ ساياهەت رايونىنىڭ قۇملۇق ماشىنىسى غوڭۇلداپ ئېگىز قۇم دۆڭلىرىگە چىقىپ چۈشمەكتە ئىدى. «ھەي، جىقراق پۇلۇم بولغان بولسا ئاشۇ قۇملۇق ماشىنىسى بىلەن يۇرەكتاغقا بېرىپ باققان بولسام» مەن قۇملۇق ماشىنىسىنىڭ يۇرەكتاغقا بارالايدىغان – بارالمايدىغانلىقى ھەققىدە خىيالغا بەند بولۇپ تۇرغىنىمدا، كىمدۇر بىرى تەپكەن توپ يۈزۈمگە تەگدى. مەن خىيالدىن چۆچۈپ توپنى ئابلىكىمنىڭ پۇتىدىن تارتىۋېلىپ قارشى تەرەپنىڭ ۋاراتاسىغا (بىز سىزىپ كىيىملىرىمىزنى قويغان جاي) تەپتىم.

ئويۇنۇم ئويۇن بولمىدى. بىز ئۆيىمىزدىن ئەكەلگەن نانلىرىمىزنى مۇزدەك بۇلاق سۈيىگە چىلاپ يەپ ساياهەت

رايونى بىلەن مەھەللىگە قايتماقچى بولدۇق. خىيالىم يەنىلا يۇرەكتاغدا ئىدى. قۇملۇق ماشىنىسى ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلغاندەك پات - پات غارقىراپ قۇمتاغنىڭ چوققىلىرىنىڭ يان باغرىغا چىقىپ چۈشمەكتە ئىدى. بىز ساياھەت رايونىنىڭ ئويۇن قويۇش مەركىزىگە كېلىشىمىزگە قۇملۇق ماشىنىسى بىر دۆڭلۈكتىن ئۇچقاندەك چۈشتى. قۇملۇق ماشىنىسىغا ئولتۇرغان ساياھەتچىلەر ھاياجىنىنى باسالماي چىرقىرىشىپ كېتىۋاتاتتى. خىيالىمدا مەنمۇ شۇ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يۇرەكتاغقا بېرىپ قايتقاندەك بولدۇم. ساياھەت مەيدانىدا ئادەملەر كۆپ ئىدى. بىز تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ تۆگە دەرۋازىدىن چىقىپ ئۇدۇل چاپپارلارنىڭكىگە بارماقچى بولدۇق.

— قارتا ئوينايلىمۇ؟ — دېدى چاپپار كونىراپ كەتكەن كونا قارتىدىن بىر قول قارتىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ.

— پاخال بولۇپ كەتكەن قارتاڭنى قانداق ئوينىغىلى بولىدۇ، — دېدى ئابلىكىم ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ.

— ئۇنداق بولسا سەن ئۆيۈڭدىن يېڭى قارتىدىن ئەكەل، شۇنى ئوينايلى.

— مەن بېرىپ ئەكەلگۈچە بىرمۇنچە ۋاقىت كېتىدۇ، ئۇنداق قىلغۇچە بىزنىڭكىگىلا بېرىپ ئوينىمامدۇق؟

— بولدى، مۇشۇنىلا ئوينايلى، — دېدىم مەن.

مەن قارتا ئويناۋېتىپ قۇملۇق ماشىنىسى ھەققىدە ئويلىغانلىرىمنى ئۇلارغا دەيمۇ - دېمەيمۇ دەپ ئىككىلىنىپ قالدىم، نەچچە قول قارتا ئوينىغىچىلىك دىققىتىمنى يىغالمىدىم. تاغدىن - باغدىن سۆزلىشقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پاراڭلارغا ئانچە ئارىلاشماي ئۆز خىيالىم بىلەن بولغاچقا، نەچچە قېتىم قارتىنى خاتا چۈشتۈم. ئابلىكىم خاپا بولۇپ باقتى، تەلىيىمىزگە بىز يېڭىلمىدۇق. خىيالىمدا بولسا تۆت ئەتراپى چەكسىز قۇملۇق، ئوتتۇرىدا يۇرەك شەكىللىك تاغ تىك تۇرغان مەنزىرە نامايان ئىدى. يەنە خاتا قارتا تاشلىغىنىمنى كۆرگەن ئابلىكىم ئاچچىقلاپ:

— كۆزۈڭ يوقمۇ سېنىڭ؟ قولۇڭدا چوڭ قارتا بار تۇرۇپ كىچىكىنى چۈشەسەنغۇ؟ ئېسىڭنى يىغىپ ئوينا، — دېدى.

— خىيالىم يۇرەكتاغقا كېتىپ قاپتۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ.

— يۇرەكتاغ، يۇرەكتاغ دەپلا قالدىڭغۇ سەن؟ يۇرەكتاغقا بارالمايسەن، بارىمەن دېسەڭمۇ بىزلا بولىدىكەنمىز ئەۋەتمەيمىز. ھېچكىم سېنى يۇرەكتاغقا بارغىلى قويمايدۇ، — دېدى ئابلىكىم زەردە بىلەن.

— بايا كۆردۈڭلارمۇ، قۇملۇق ماشىنىسى قۇمدا ئاجايىپ ئەپچىل ماڭىدىكەن، قۇمتاغنىڭ چوققىلىرىغا كۆچمەيلا چىقالايدىكەن، ئۇ بارالارمۇ؟

— بارسا بارامتىڭ؟

— كۆز يەتكۈچە يەرنى بىر ئايلاندۇرۇپ كەلگىنىڭگە بىر ئادەمدىن يۈز يۈەن ئالىدىكەن. ئويلاپ باقە، يۇرەكتاغ قەيەردە؟ كەم دېگەندە بىر - ئىككى مىڭنىڭ بېشىغا سۇ قۇيمىساڭ ئاپارمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلار خەتەرلىك دەپ ماڭماسلىقىمۇ مۇمكىن.

— قۇرۇق خىيالنى قويۇپ تاۋۇز يەڭلار، — دېدى جاپپار بىر تاۋاق تاۋۇز ئېلىپ چىقىپ.

بىز ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئويناپ ئۆيلەرگە تارقىلىشتۇق.

## 2. يۈرەكتاغقا بارغۇچى

يۈرەكتاغ ھەققىدە پاراڭ بولۇپلا قالسا قۇلىقىمنى دىڭ قىلىپ يۈردۈم. نەچچە قېتىم يۈرەكتاغقا بارغان ئەمەت كۆنچى بىلەن ئىلىنىياز قاسساپنى يولدا ئۇچرىتىپ قالاتتىم. بىراق، ئۇلاردىن يۈرەكتاغ ھەققىدە بىر نېمە سورالمايتتىم. قارىماققا ئۇلار يۈرەكتاغقا بارغاندەك قىلمايتتى. يۈرەكتاغقا بارغان ئادەم دېگەن جۇشقۇن، روھلۇق بولمامدۇ. ئاۋۇ ئەمەت كۆنچى بىر نەرسىسىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك روھسىز ۋە غەمكىن. ئىلىنىياز قاسساپ بولسا باداڭ قورسىقىنى سۆرەپ جان قايغۇسىدا ئېغىلمۇئېغىل قوي ـ كالا كۆرۈپ ئاۋارە ئىدى.

ئەگەر مەن يۈرەكتاغقا بارغان بولسام مەيدەمنى كېرىپ كۇندە ئادەم توپلاشقان جايدا ماختىنىپ يۈرمەمتىم؟ ئۇلارمۇ قىزىقكەن، بىرەر پارچىدىن رەسىمگە بولسىمۇ چۈشۈۋالسىچۇ؟ راست، ئۇ يىللاردا ئۇلاردا رەسىم تارتىش ئاپپاراتى نېمە قىلىدۇ! ئاتام يىگىرمە يىللىق ئوقۇتقۇچى تۇرۇپ بىزدىمۇ يوققۇ! ئاتاممۇ قىزىق ئىكەن، ئۆتكەندە ئۇرۇمچىدە پۇلغا ئېھتىياجلىق بىرى ئەرزان سېتىپ بېرەي دېگەن ئېسىل ئاپپاراتنى ئالماي قويدى. تېخى: «ئۇلار ئوغرىلىغان ئاپپاراتتەك قىلىدۇ، بىز ئۇنى سېتىۋالساق ئوغرىغا يانتاياق بولغان بولىمىز، ئالساق دۇكاندىن يېڭىسىنى ئالايلى...» دەپ يا يېڭىنى ئالمىدى، يا كونىنى. ھەي، شۇ ئاپپاراتنى ئالغان بولسا يۈرەكتاغقا بارغان بولسام، يۈرەكتاغدا رەسىمگە چۈشۈپ ھەممە ساۋاقداشىمغا بىر پارچىدىن بەرسەم، ئۇلار ئالبوملىرىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

سېلىپ ساقلىسا، يۈرەكتاغىنىڭ گېپى بولسا ئۇلار: «شىر ئەلى يۈرەكتاغقا بارغان، ئۇ ئاجايىپ يۈرەكلىك ئاداش» دەپ ماختاپ كەتسە، ھەي... يۈرەكتاغقا بارماي قويمايمەن. يۈرەكتاغقا بارمىسام قانداقمۇ ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا بارغۇم كېلىدۇ. ھەي، يۈرەكتاغنىڭ گېپى بولسا ئۇلار: ‹سەن يۈرەكتاغقا بېرىپ باققانمۇ؟› دەپ سورىسا، مەن: ‹ياق، ئۇ يەر بەك خەتەرلىك، ئۇ يەرگە بارغان ئادەم ساناقلىقلا› دەپ جاۋاب بەرسەم، شىنجاڭنىڭ ھەر يەرلىرىدىن كەلگەن ساۋاقداشلار مېنى زاڭلىق قىلماسمۇ؟»

خىياللىرىم بارغانچە ئۇزاپ كېتىۋاتاتتى. قولۇمغا قەلەم ئېلىپ خېلىدىن بېرى ئۇزۇلۇپ قالغان كۈندىلىك خاتىرەمنى ئېلىپ يېزىشقا باشلىدىم. مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن بېرى كۈندىلىك خاتىرە يېزىشنى باشلىغانىدىم. «كۈندىلىك خاتىرىلىرىمنى ئىچكىرىگە كېتىشتىن ئىلگىرى پېچەتلەپ ئاپامغا ساقلاشقا بېرىپ قويسام بولغۇدەك، بولمىسا يارئەلى كۆرۈۋالىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان جايلارنى كۆرسە مەندىن خاپا بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە! ۋاي ـ ۋۇي مەن نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم...»

مەھەللىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۆت كوچا بويىغا جايلاشقان رىشىت قاسساپنىڭ تۇرلۇك ماللار دۇكىنى ئالدىدىكى سېيدە دەرىخى تۈۋىدە چوڭ ـ كىچىك ھەممە توپلىشاتتى. رىشىت قاسساپنىڭ سودىسىمۇ ئوبدان بولاتتى. بۇ يەردە بىز چوڭلاردىن تېرىقچىلىق قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى، قايسى يەرلەرگە نېمىلەرنى تېرىسا ئوخشايدىغانلىقىنى، كىمنىڭ ئۇزۇمىنىڭ ئوخشىغانلىقىنى

بىلەتتۇق ۋە شەھەردە قانداق ئىشلار بولغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇراتتۇق. شەھەردىكى چوڭ مەسچىتنىڭ ئالدىدا مۇز قايماق ساتىدىغان سەيدۇللا ئاكا پات ـ پات كېلىپ قىزىق ـ قىزىق ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەتتى.

ــ چۈشتىن بۇرۇن ئىككى ئادەم مۇز قايماق يېدى، ئۇلار گەپ ئارىلىقىدا غەللىگىزگە مۇنداق پۇل چۈشۈپ قالسا بىز بىلەن ئالاقىلىشىڭ دەيدۇ. ئۇ قانداق پۇلكەن دېسەڭلار يېڭى پۇل چىقىشتىن بۇرۇنقى كونا پۇللار ئىكەن، ھېلىقى تىراكتور ھەيدەۋاتقان ئايال بار بىر كويلۇق قىزىل پۇل، ئىستانوكتا ئىشلەۋاتقان ئەر بار ئىككى كويلۇق كۆك پۇل... لارچۇ، ئۇلارمۇ ئەمدى ئاسارئەتىقە بولۇپ قاپتۇ.

ــ نېمە دەيدىغانسەن، بىزنىڭ ئۆيدىمۇ ئاۋۇ ئىككى كويلۇقىدىن خېلى بار، ــ دېدى ئارىدىن بىرى.

ــ ۋاھ، ئەمدى باي بولۇپ كېتىدىغان بولدۇڭ.

ــ شۇ ئىككى كويلۇقىنىڭ بىرىنى نەچچە پۇلغا ئالىدىكەن؟

ــ ئاتمىش كويغا.

ــ ھوي ـ ھوي، ساراڭمۇ ئۇلار، ئىككى كوي پۇلنى ئاتمىش كويغا ئالىدىغان.

ــ سەن نېمە دەپ ساقلىغان، ئاسارئەتىقە بولسا باھاسى ئۆسىدۇ دەپ ساقلىغان بولغىيتتىڭ؟

ــ نەدىكى گەپنى قىلىسەن، رەھمەتلىك ئاتامنىڭ ئۆينى چوڭ ئوغۇلغا ھۆجرا قىلىپ بېرەيلى دەپ ئۆينى ھاكلىماقچى بولۇپ ھەممە نەرسىنى ھويلىغا ئېلىپ چىقىقاندۇق، ئېگىز ئويۇقتىن بىر كونا قول سومكا چىقتى، سىيرتىمىسىنى ئاچسام ئىچى قۇرۇق ئىكەن،

www.uyghurkitap.com

سېلىپ ساقلىسا، يۈرەكتاغنىڭ گېپى بولسا ئۇلار: «شىرئەلى يۈرەكتاغقا بارغان، ئۇ ئاجايىپ يۈرەكلىك ئاداش» دەپ ماختاپ كەتسە، ھەي... يۈرەكتاغقا بارماي قويمايمەن. يۈرەكتاغقا بارمىسام قانداقمۇ ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا بارغۇم كېلىدۇ. ھەي، يۈرەكتاغنىڭ گېپى بولسا ئۇلار: ‹سەن يۈرەكتاغقا بېرىپ باققانمۇ؟› دەپ سورىسا، مەن: ‹ياق، ئۇ يەر بەك خەتەرلىك، ئۇ يەرگە بارغان ئادەم ساناقلىقلا› دەپ جاۋاب بەرسەم، شىنجاڭنىڭ ھەر يەرلىرىدىن كەلگەن ساۋاقداشلار مېنى زاڭلىق قىلماسمۇ؟»

خىياللىرىم بارغانچە ئۇزاپ كېتىۋاتاتتى. قولۇمغا قەلەم ئېلىپ خېلىدىن بېرى ئۇزۇلۇپ قالغان كۈندىلىك خاتىرەمنى ئېلىپ يېزىشقا باشلىدىم. مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن بېرى كۈندىلىك خاتىرە يېزىشنى باشلىغانىدىم. «كۈندىلىك خاتىرىلىرىمنى ئىچكىرىگە كېتىشتىن ئىلگىرى پېچەتلەپ ئاپامغا ساقلاشقا بېرىپ قويسام بولغۇدەك، بولمىسا يارئەلى كۆرۈۋالىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان جايلارنى كۆرسە مەندىن خاپا بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە! ۋاي ـ ۋۇي مەن نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم...»

مەھەللىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۆت كوچا بويىغا جايلاشقان رىشىت قاسساپنىڭ تۇرلۇك ماللار دۇكىنى ئالدىدىكى سېدە دەرىخى تۇۋىدە چوڭ ـ كىچىك ھەممە توپلىشاتتى. رىشىت قاسساپنىڭ سودىسىمۇ ئوبدان بولاتتى. بۇ يەردە بىز چوڭلاردىن تېرىقچىلىق قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى، قايسى يەرلەرگە نېمىلەرنى تېرىسا ئوخشايدىغانلىقىنى، كىمنىڭ ئۈزۈمىنىڭ ئوخشىغانلىقىنى

بىلەتتۇق ۋە شەھەردە قانداق ئىشلار بولغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇراتتۇق. شەھەردىكى چوڭ مەسچىتنىڭ ئالدىدا مۇز قايماق ساتىدىغان سەيدۇللا ئاكا پات ـ پات كېلىپ قىزىق ـ قىزىق ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەتتى.

ــ چۈشتىن بۇرۇن ئىككى ئادەم مۇز قايماق يېدى، ئۇلار گەپ ئارىلىقىدا غەللىگىزگە مۇنداق پۇل چۈشۈپ قالسا بىز بىلەن ئالاقىلىشىڭ دەيدۇ. ئۇ قانداق پۇلكەن دېسەڭلار يېڭى پۇل چىقىشتىن بۇرۇنقى كونا پۇللار ئىكەن، ھېلىقى تىراكتور ھەيدەۋاتقان ئايال بار بىر كويلۇق قىزىل پۇل، ئىستانوكتا ئىشلەۋاتقان ئەر بار ئىككى كويلۇق كۆك پۇل... لارچۇ، ئۇلارمۇ ئەمدى ئاسارىئەتىقە بولۇپ قاپتۇ.

ــ نېمە دەيدىغانسەن، بىزنىڭ ئۆيدىمۇ ئاۋۇ ئىككى كويلۇقىدىن خېلى بار،ــ دېدى ئارىدىن بىرى.

ــ ۋاھ، ئەمدى باي بولۇپ كېتىدىغان بولدۇڭ.

ــ شۇ ئىككى كويلۇقىنىڭ بىرىنى نەچچە پۇلغا ئالىدىكەن؟

ــ ئاتمىش كويغا.

ــ ھوي ـ ھوي، ساراڭمۇ ئۇلار، ئىككى كوي پۇلنى ئاتمىش كويغا ئالىدىغان.

ــ سەن نېمە دەپ ساقلىغان، ئاسارىئەتىقە بولسا باھاسى ئۆسىدۇ دەپ ساقلىغان بولغىيتتىڭ؟

ــ نەدىكى گەپنى قىلىسەن، رەھمەتلىك ئاتامنىڭ ئۆينى چوڭ ئوغۇلغا ھۇجرا قىلىپ بېرەيلى دەپ ئۆينى ھاكىلىماقچى بولۇپ ھەممە نەرسىنى ھويلىغا ئېلىپ چىققانىدۇق، ئېگىز ئويۇقتىن بىر كونا قول سومكا چىقتى، سىيرتمىسىنى ئاچسام ئىچى قۇرۇق ئىكەن،

قېتىمدا بىرنەرسە باردەك قىلدى، قارىسام شۇ ئىككى كويلۇق پۇلدىن يىگىرمىسى، ئون كويلۇقتىن ئىككىسى، ئىشقىلىپ جەمئىي يۈز كوي پۇل چىقتى. ئاتام ساقلىغان پۇل بولغاچقا شۇ پېتى ساقلىدىم. ئاتام نېمە قىلىش ئۈچۈن ساقلىدىكىنتاڭ؟

— ماڭا ئاتىمىش كويدىن سېتىپ بەر.

— ئۇنىڭ ئاتمىش كويغا ئالىمەن دېگىنىگە قارىغاندا چوقۇم ئۇنىڭدىنمۇ قىممەت ئالىدۇ، ساتما.

— قۇمتاغدىن تېپىۋالغان كونا پۇلنى قانداق ئالىدىكەن؟ — دەپ سوراپ قالدى ئەمەت كۆنچى.

— يۇرەكتاغقا بارغاندا تېپىۋالغان ئوخشىمامسەن؟

— ھى... ھى... نەدىكى گەپنى قىلىسەن.

— سېنىڭ بۇ كۆلۈشلىرىڭدىن چوقۇم بىرەر غايىب خەزىنىگە ئۇچراپ قالدىڭلار، بولمىسا سەن بۇ گەپنى چىقارماس ئىدىڭ.

— خەزىنىگە ئۇچراپ قالغانلىقىنى ئەمەس، يۇرەكتاغقا بارغانلىقىنى بىر دەپ باقسۇنچۇ.

— يۇرەكتاغنىڭ رەڭگى قانداق ئىكەن؟

— يۇرەكتاغ دېسە سىلەر كۆكيار تاغلىرىدىكى قورام تاشتەك تاشمىكىن دەۋاتامسىلەر؟ ئۇنداق ئەمەس. قۇمتاغنىڭ ئۇ چېتىگە چىقساڭ ئاۋۇ قىزىل سىگىرنىڭ سېيىدەك شېغىل تاشلىق ساي ئىكەن. ئۇ يەر، بۇ يەرلەردە قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن دەرەخلەر بار ئىكەن. ئاندا - ساندا ئۆسكەن چاتقاللارمۇ بار ئىكەن تېخى! قۇملۇقنىڭ ئۇ چېتىگە يېقىن يەردە يۇرەكتاغ چوقچىيىپ تۇرىدىكەن. بىزمۇ دەسلەپتە قومۇلدىكى ئاقتاشتەك يوغان تاشمىكىن دەپتىكەنمىز، ئۇنداق ئەمەس ئىكەن...

— ۋاي - ۋۇي، گەپنى قىسقا قىلىپ دېمەمسەن.

— بۇرۇن ئۇ تاش ـ كېسەكتە قوپۇرۇلغان تۇر ئىكەن دەپ ئاڭلىغان.

— راست، بىزمۇ تۇر دەپ ئاڭلىغان...

— نەدىكى تۇر بولسۇن، شامال يالاپ كەتكەن توپا دۆڭ ئىكەن.

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟ سىلەر خاتا كۆرۈپ قالمىغانسىلەر؟

— نېمىنى خاتا كۆرۈپ قالىدۇ؟ قۇمنىڭ ئوتتۇرىدا شېغىللىق، ئاندا ـ ساندا قۇم بارخانلىرى، ئۇنىڭ نېرى لەڭ ـ لەڭ كەتكەن قۇملۇق، چوڭقۇر جىرالار، خېلى ماڭغاندىن كېيىن قۇمتاغنىڭ ئۇ چېتىگە چىقىدىغان گەپكەن. يۇرەكتاغنىڭ ئەتراپىدا قۇرۇق قاقسۇ كۆلچەكلىرى بار ئىكەن.

— بۇ گېپىڭدىن قارىغاندا راستتىنلا بارغان ئوخشايسەن. يېغىلىق يىللىرى يېغىدىن قېچىپ بارغانلار قۇمنىڭ ئىچكىرىسىدە كىچىك ـ كىچىك كۆللەر بارلىقىنى دەپ بەرگەنىدى، يەنە تېخى سۇ قۇشلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى ئېيتقان. يۇرەكتاغنىڭ ئەتراپىدا ھەپتە تۇرغانلار ماۋۇ ئۆستەڭ بويىدىن تال ئېلىپ بېرىپ، ھېلىقى سۇ يىغىلىپ قالغان كىچىك ـ كىچىك كۆللەرنىڭ بويىغا تىكىپ قويغانىكەن.

— «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىمۇ ئاۋۇ ئابلىز تۇەنجاڭلار تاياقتا چىدىماي يۇرەكتاغقا بېرىپ پاناھلانغانىكەن. ئۇلارمۇ كۆل، يېشىللىقنى كۆرگەنلىكىنى دەپ بېرىپتىكەن.

— رەھمەتلىكنى تاياقنى بەك جىق يېگەن دەيدىغۇ؟

— قويە ئۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغان گەپلەرنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتكىلى نە زامان. يۇرەكتاغنىڭ گېپىنى قىلايلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئۆزۈڭنى گەپتىن ئەجەب ئەپقاچقىلى تۇردۇڭغۇ؟ ئابلىز تۇەنجاڭلارنى ئۇرغانلارنىڭ ئىچىدە سەنمۇ بار ئوخشىمامسەن؟

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ، ئۇ چاغلاردا مەن نەدە بولاي.

— يۇرەكتاغنىڭ ئەتراپىدىكى كۆلنىڭ گېپىنى قىلىشىپتىپ نېمە ئەمدى كونا خامانىنى سورۇغىلى تۇردۇڭلار.

— ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، راست، مەنمۇ يۇرەكتاغ ئەتراپىدا تال - توغراقلار باراقسان ئۆسكەن دەپ ئاڭلىغان.

— سىلەر ئەمدى قۇمنىڭ ئىچكىرىسىنى تېخىمۇ سىرلىق قىلىشقەتتىڭلارغۇ؟ كۆل - كۆل سۇ بولسا، بۈك - باراقسان دەرەخلەر بولسا شۇ يەرگە كۆچۈپ كېتىمىزمۇ - يە؟ — دېدى ئارىدىن بىرى.

— قۇم ئاستىدىكى شەھەرنىڭ بىر بۇرجىكى بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟

— يۇرەكتاغ شۇ شەھەرنىڭ مۇنارى بولۇپ قالسا - ھە!

— گەپنى بۇراپ نەگە ئېلىپ ئاپىرىسىلەر ئەمدى.

ئارىنى بىر پەس جىمجىتلىق باسقاندىن كېيىن پاراڭ يەنە داۋاملاشتى.

— ھەي، يۇرەكتاغنىڭ داڭگىلىدىن يانچۇقۇڭغا ئېلىۋالمىغانمۇ؟

— ئىچىدىغان سۇمۇ ئېغىر كېلىپ تۇرغاندا داڭگال كۆتۈرۈش خۇشياقامدۇ كىشىگە.

— ئالتۇن ئوقۇر ئۇچرىمىدىمۇ؟

— ئالتۇن ئوقۇر تۇرماق، ئېشەك تېزىكىمۇ ئۇچرىمىدى. ئوق يېنىكمۇ، سول يېنىكمۇ، ئالدىكىمۇ،

ئـارقاڭـمۇ قـۇم، هـەمـمـە يـەر زىـر ىـكـىـشلـىـك قـۇم، بارغىنىمىزغا جاق تويۇپ يىنىپ كەلدۇق.

ــ ئالتۇن بار دەپ بارغانسىلەر؟

ــ قـويە ئۇنداق ئـالـتۇنۇڭـنى، مەتنـىياز مالـكامنـىـڭ هىلىقى ئىشنى بىلىسىلەرغۇ؟ مەتـنـىياز مـالكام يوقـاپ كـەتكەندىـن كىيـىـن، شۇ ياقـلارغـا كەتتـىـمىكـىـن دەپ بارمايمىزمۇ؟! هازىر ئاتنىڭ بىشىدەك ئالـتـۇن بىر ىمـەن دىسىمۇ بارمايمەن.

ــ ئىشقـىلىپ ئـىـغىز ىمغا چىـش چىقىـپ بىز نـىـڭ مەهەللىدە يۇرەكتاغقا باردىم دىگەن ئادەمدىن بىـر سىنـى كۆردۇم، باتۇر ئىكەنسەن...

شۇنىڭدىن باشلاپ ئـەمەت ئاكـا مـىنـىـڭ قـەلبىـمـدە قـەهـر ىمانـغـا ئايلانـدى، ئـۇنىڭـغـا بولغـان هـۆرمـتـىـم هەسسىلەپ ئاشقانىدى، هەر يەردە كۆرسەم هەۋەس بىلـەن قاراپ قالاتتىم.

كىچىلىرى يۇرەكتاغـقـا بىرىـپ چـۇشمۇ كـۆرگـەن چاغلىرىم بولدى. مىنىڭ نەزىرىمـدە يۇرەكتاغـقا بىرىـش بـاتـۇرلۇق ئىـدى. چـوڭلار يۇرەكـتـاغنى، قـۇمـلۇقنـىـڭ ئىچكىرىسىنى قانچە سىرلىق كۆرسەتـكەنسىـرى مىنـىـڭ شۇنچە بارغۇم كىلەتتى. مەن چـوقۇم يۇرەكتـاغقا بارمـاي قويمايمەن!

## 3. قۇم هەيكەل

جەنۇب تەرەپتىن ئىگىز ـ ئىگىز چوقـقىلارغا قـاراپ ئەمەت كـۆنچىنـىـڭ يۇرەكـتـاغقا بـارغـانلىـقى هەققـىـدە ئاڭلىغانلىرىمىزنى قۇم بارخانلىرىغا يۆلـىنىـپ هـەۋەس

بىلەن ئۆزىمىزدىن كىچىكلەرگە سۆزلەپ بېرەتتۇق. ئەمما، كۆز يېتىم يەردىكى چوققىدىن ئېشىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ تۇراتتۇق. ئۆزىمىز بولسا قومتاغنى كېسىپ ئۆتۈپ يورەكتاغنى بىر كۆرۈپ كېلىشنى ئويلايتتۇق.

ساياھەت رايونىدا بولتۇردىن باشلاپ قومدىن ھەيكەل قاتۇرۇشقا باشلىدى. بۇ يىل خېلى كۆپ ھەيكەل قاتۇرۇلدى، قومدىن ھەيكەل قاتۇرۇش ئۇلارنىڭ كاللىسىغا قانداق كەلدىكىنە؟ توۋا، شۇنداق نەپىس، چىرايلىق قوم ھەيكەللەر كەينى ـ كەينىدىن قاتۇرۇلۇپ قومتاغقا ھۆسن قوشتى. باشقىلارنىڭ بۇزۇپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەربىر ھەيكەل ئەتراپى پاكارراق قاشالانغان بولۇپ، ئالدىغا چۈشەندۈرۈلۈشى بېرىلگەنىدى. قوم ھەيكەل قاتۇرۇۋاتقان ھەيكەلتىراشلارغا قاراپ ئۇلاردىن ھەيكەل قاتۇرۇشنى ئۆگىنىمىز دەپ بىر ـ ئىككى جاۋۇر كەلگۈدەك قومدىن ئۆزلىرى خالىغانچە ھەيكەل قاتۇرۇۋاتقان كىچىك بالىلارنىمۇ كۆرگىلى بولاتتى. ھاۋا بۇلۇتلۇق بولغان بىر كۈنى، بىزمۇ يېرىم كۈن ئۇلارغا ياردەملەشكەچ قوم ھەيكەل قاتۇرۇش تېخنىكىسىدىن ھوزۇرلاندۇق. ئابلىزمۇ سۇ تورۇبىسىدىن قاچقان سۇ ھۆل قىلىۋەتكەن قومنى دۆۋىلەپ، قولىغا ئەپچىل بىر ياغاچنى ئېلىپ ھەيكەلتىراشلارنى دوراپ ھەيكەل قاتۇرۇشقا باشلىدى.

جاپپار:

— ئابلىز، نېمە قاتۇرۇۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭغا قاراپ ئىچى پۇشۇپ.

— پۈتكەندە بىلىسىلەر، — دېدى ئۇ پەرۋاسىزلا.

— ھەيكەلتىراشلار ھەيكەلنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى

يېزىپ قويۇپتۇ، سەن يېزىپ قويمىساڭمۇ بىزگە دەپ قويۇپ قاتۇرمامسەن.

— سەنئەت دېگەن سىرلىق بولغىنى ياخشى.

ھەممىمىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپلا قالدۇق، ئۇ بۇ گەپلەرنى ئۇستا ھەيكەلتىراشلاردىن ئۆگىنىۋالغاندەك قىلاتتى. مەن دەرھال ئۇنىڭغا:

— ئۇستام، سىزگە نېمە كېرەك، مەن ياردەملىشەيمۇ،— دېدىم ئۇنىڭ ياردەمچىسىدەك قىياپەتتە قولۇمنى قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ، ئۇمۇ بوش كەلمەي:

— سەن مېنىڭ قۇمنى قانداق ئويغانلىقىمغا، قانداق قىرغانلىقىمغا قاراپ تۇر. ھۇنەر ئۆگىنىمەن دېسەڭ زېھنىڭنى يىغىپ، كۆزۈڭنى چاققان قىل، بىكار تۇرغۇچە ماڭا ياردەملەشسەڭمۇ بولىدۇ،— دېدى.

ئەتراپىمىكىلەر پاراققىدە كۈلۈۋەتتى، مەنمۇ كۈلۈپ تاشلىدىم. بىراق، ئابلىز چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن ئاۋۇ ھەيكەلتىراشلاردەك يىراقىراق بېرىپ قاتۇرغان ھەيكىلىگە قاراپ قويۇپ، يەنە ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى، بىز تېخىمۇ كۈلۈشۈپ كەتتۇق، ئۇمۇ كۈلۈپ تاشلىدى.

— قانداق، داڭلىق ھەيكەلتىراشنى دورىيالىدىممۇ؟

— بەئەينى دورىدىڭ، بىزنىمۇ ئىشەندۈرۈۋەتتىڭ.

— ھېلىقى كارتون فىلىمدىكى ھەيكەلتىراشنى دوراپ قويدۇم.

— ئەمدى دېگىنە، قاتۇرغىنىڭ نېمە؟

— يىراقتىن قاراپ باق، ئاندىن بىلىسەن.

ئۇنىڭ قاتۇرغىنى يەلكەنلىك كېمىگە ئوخشاۋاتاتتى. ئەمما، دەماللىققا ئۇنى يەلكەنلىك كېمە دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى، بىز ھەر خىل قىياسلىرىمىزنى قىلىپ باقتۇق. ئابلىكىم:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئۇ بىر مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشكە كۆتۈرۈلگەن قولدەك قىلىدۇ، — دېدى.

— ياق، ئۇ تىك تۇرغان قىلىچقا ئوخشاۋاتىدۇ، — دېدىم مەن. جاپپار:

— يەلكەنلىك كېمىگە ئوخشاۋاتىدۇ... — دېيىشىگە، ئابلىز:

— ئوخشاۋاتىدۇ ئەمەس، دەل يەلكەنلىك كېمىنىڭ ئۆزى.

— نېمە ئەمدى قۇمتاغقا يەلكەنلىك كېمە ياساپ قاپسەنغۇ؟

— قۇمتاغقا قارىساڭ قۇم دېڭىزىغا ئوخشايدۇ، دېڭىزدا پاراخوت، كېمىلەر ئۈزىدۇ، قۇم دېڭىزىدا چۆل كېمىسى دەپ ئاتالغان تۆگە بار، ئەمما مېنىڭ خىيالىمدىكى قۇم دېڭىزىدا يەلكەنلىك كېمە بار، شۇڭا بۇ يەلكەنلىك كېمىنى قاتۇردۇم.

— پاھ ـ پاھ! سەنمۇ بوش ئەمەسكەنسەن جۇمۇ!

— بايا مەن يەلكەنلىك كېمىگە تازا ئوخشىتالمىغان، ئەمدى قارىسام كىنولاردا كۆرگەن دولقۇن يېرىپ كېتىۋاتقان كېمىگە ئوخشاپ كېتىۋاتىدۇ.

بىزنىڭ ئويۇنىمىزغا قىزىقىپ قالغان ھېلىقى ھەيكەلتىراش ياردەمچىسىگە بىرنېمىلەرنى دېدى ـ دە، ئۇلار بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىمىزنى سورىدى، بىز ئۇلارغا خەنزۇچە جاۋاب بەردۇق. ياردەمچىسى بىزدىن:

— سىلەرچە، بۇ يەردە قانداق ھەيكەللەر بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

بىز سەل ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدۇق، ئارىدىن ئابلىز:

— مۇمكىن بولسا تۇرپاندىكى سۇلايمان ۋاڭ

مۇنارىنىڭ ھەيكىلىنى ياساش كېرەك، ھەممە ئادەم تۇرپانغا بېرىپ مۇنارنىڭ ئالدىدا رەسىمگە چۈشەلمەيدۇ، قۇمتاغقا كەلگەنلەر بۇ يەرگە كېلىپ چۈشۈۋالسا ياخشى بولىدۇ، — دېدى.

— ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ ھەيكىلىنى تۇرغۇزۇش كېرەك، — دېدى ئابلىكىم.

— مۇشۇ قۇملۇق شىنجاڭنىڭ كىچىكلىتىلگەن مودېلى بولسا، ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ كاتتا قۇرۇلۇشلىرىنى ياساپ قويسا، تېخىمۇ قىزىقارلىق بولىدۇ... — دېدى ئابلىز بايىقى گېپىگە قوشۇمچە قىلىپ.

— ناھايىتى ياخشى دېدىڭلار، يەنە دەپ بېقىڭلارچۇ؟

— كەسلەنچۈكنىڭ ھەيكىلى بولسا ياخشى بولاتتى.

— يەنە دېسنى باغچىسىنىڭ، نۇرغۇن ئادەملەر ئۆمرىدە دېسنى باغچىسىغا بارالماسلىقى مۇمكىن. قۇمتاغدا كىچىكلىتىلگەن بىرەر كۆرۈنۈشىنى قاتۇرۇپ چىققان بولسىمۇ بەك ياخشى بولاتتى.

— سىلەر تەسەۋۋۇرغا بەك باي ئىكەنسىلەر، مەن دېگىنىڭلارنى خاتىرىلەپ رەھبەرلەرگە دوكلات قىلىمەن.

— بىزنىڭ دېگەنلىرىمىزنى ئۇلار ئاڭلارمۇ؟

— بۈگۈن مەن ئاڭلىدىم، مەن باشقىلارغا دەيمەن، ئۇلار يەنە باشقىلارغا دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاڭلايدىغان ئادەملەر كۆپىيىدۇ.

— ھە، مانا قاراڭ، سىز بىر يەلكەنلىك كېمە قاتۇرۇپسىزغۇ؟

— مانا ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ كەسىپ ئەھلى دېگەن بىر قاراپ بىلىۋالىدۇ، — دېدى ئابلىز مەغرۇرلىنىپ.

ھېلىقى ھەيكەلتىراش ئابلىزنىڭ دېگەنلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھىلىقى ياردەمچىسى ئارقىلىق بىلىپ كۈلۈپ كەتتى. ئابلىز:

— بابا ئۇلارنىڭ بىرى كۆتۈرۈلگەن قول دېسە؛ بىرى تىك تۇرغان قىلىچ دەپ ئادەمنى جىلە قىلدى، سىلەر بىر قاراپلا يەلكەنلىك كېمە دېدىڭلار. ئاۋۇ قۇم دۆڭىدە تۇرغىنى چۆل كېمىسى — تۆگە، بۇ دېگەن قۇم دېڭىزىدىكى يەلكەنلىك كېمە،— دېگىنىچە قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، بىزمۇ كۈلۈشتۇق.

## 4. يۇرەكتاغ ياساش

ساياھەت رايونىدىكى قۇم ھەيكەللەر كۆپىيىشكە باشلىدى. ئەڭ ياخشى بولغىنى، قۇمتاغ باغرىدىكى كۆل چوڭلىتىلدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا كاتىپ سالغۇدەكمىش، بىز باللار بىكار بولساقلا ساياھەت رايونىغا بېرىپ، ساياھەت رايونىدىكى يېڭىلىقلار ھەققىدە قىزغىن پاراڭلىشاتتۇق. بىر كۈنى، مەھەللىمىزدىكى ھىلىقى تۆت كوچا دوقمۇشىدىكى سېدە سايىسىدە ئولتۇرۇپ بەس - بەستە ساياھەت رايونىدىكى ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا ماختىنىۋاتساق، قادىر ئاكا بىلەن مويدىن ئاكا خاپا بولۇپ كەتتى.

— بالا دېگەن بالا - دە،— دېدى قادىر ئاكا بىزگە قاراپ.

— بىز نېمە ئويدا، بۇلار نېمە كويدا،— دېدى مويدىن ئاكا.

بىز ھاڭ - تاڭ بولۇپ ئۇلارغا قاراپ قېلىشتۇق. ساياھەت رايونى قۇرۇلۇپ بىز ئويناپدىغان ئويۇنلارنىڭ

كۆپىيىپ قىلىۋاتقانلىقى چوڭلارغا خۇشياقمايۋاتامدۇ نېمە؟ ئۇلارنىڭمۇ كىچىك ۋاقتى بولغانغۇ ــ ھە!

— قاراڭلار باللار، ئاۋۇ ساياھەت رايونىنىڭ ئالدىغا ماشىنا توختىتىش مەيدانى ياسايمىز دەپ سېمونت بىلەن قاتۇردى. ئۇ يەرنىڭ ئەتراپىدا بۇلاق بار تۇرسا، قېنى ئۇ بۇلاقلار؟ ئەنە قاراڭلار، شۇ جايدىكى تېرەك ــ سۆگەتلەر قۇرۇشقا باشلاپتۇ، — دېدى قادىر ئاكا.

بىز دەرھال ساياھەت رايونىنىڭ ئاشخانا، دۇكان، ماشىنا توختىتىش مەيدانى قىلغان جاي ئورۇنلاشقان تەرەپكە قارىدۇق، دېگەندەك ئۇ يەردىكى دەرەخلەرنىڭ ئۇچى قۇرۇپ قالغانىدى، بىز نېمىشقا بۇرۇن دىققەت قىلمىغان بولغىيتتۇق ــ ھە!

— ئۆز ۋاقتىدا مۇسا مالكام دەرەخلەرنى يىغلاپ تۇراتتى. ئەمدىلىكتە قېرى، پور، بېلىمدىن سۇنۇپ يىقىلغان سۆگەتلەر ماڭدامدا بىر ئۇچرايدىغان بولدى.

— مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولساق، قۇم بىزنى قوغلاپ كېلەمدىكىنتاڭ.

— قۇمتاغ ياقىسىغا، بولۇپمۇ يۇقىرىدىكى يار بويى، ئارال مەھەللىلىرىگە قۇدۇق قازدۇرمىساق بولاتتى، بولمىسا يەر تېگىدىكى سۇنى شورىۋالسا ئۆستەڭ بويىدىكى بۇلاقلار قۇرۇپ كېتىدۇ، بۇلاق قۇرۇپ كەتتى دېگەنلىك ئورمان قۇرۇپ كەتتى دېگەنلىك، ئورمان قۇرۇپ كەتتى دېگەنلىك قۇم كۆچتى دېگەنلىك، قۇم كۆچسە بىز نەگىمۇ بارارمىز؟

چوڭلارنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بىزمۇ ئەنسىرەپ قالدۇق. راست، قۇم كۆچۈپ بىزنى مەھەللىدىن قوغلىسا بىز نەگە بارىمىز زادى؟ قۇمتاغ باغرىدىكى گۈزەل

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

شەھىرىمىز قۇرۇقدىلىپ قالمامدۇ؟ ياق، بۇنداق گۈزەل يۇرتنى قۇم يۇتۇپ كەتسە بولمايدۇ، چوقۇم يېشىللىقنى قوغداش كېرەك.

كەچقۇرۇن مەھەللىدىكى باللار يەنە قۇمتاغقا چىقتۇق، گۈگۈمنىڭ غۇر ـ غۇر شامىلى شۇنداق خۇشياقتى. ئېگىزرەك قۇم دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، كۈننىڭ ئىدىقۇت تېغىدا ئولتۇرۇشىنى تاماشا قىلدۇق، شۇ يەردىن ساياھەت رايونىنى ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى. ئۇچى قۇرۇپ كەتكەن تېرەكلەر، سۆگەتلەر تولىمۇ غېرىب ھالدا بىزگە قاراپ «بىزنى قۇتۇلدۇرۇڭلار» دەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. باشلانغۇچنىڭ 5 ـ يىللىقىدا ئوقۇيدىغان سەمەت:

ــ يامغۇر بىر ھەپتىدە بىر قېتىم بولسىمۇ شارقىراپ يېغىپ بەرسە، يۇرتىمىزدا سۇمۇ قىس بولمايتتى، ــ دېدى.

ــ ھەپتىدە بىر قېتىم دەپ قاپسەن، ئايدا ئىككىلا قېتىم دېگىنە! بۇلتۇر 5 ـ ئايدا بىز كۆكيارغا چىققۇچىلىك ساينىڭ خېلى ياشىرىپ قالغانلىقىنى كۆرگەنىدۇق، شۇ يىلى 4 ـ ئايدا يامغۇر ئىككى قېتىم ياغقانىدى، ــ دېدى ئابلىكىم.

ــ كۆكيار يولىدا تۇرۇپ قارىسا يۇرەكتاغ كۆرۈنىدۇ دەيدىغۇ؟

ــ شۇنداق دەپ ئاڭلىدىم.

ــ ئەمىسە ۋېلسىپىتلىرىمىزنى مىنىپ ساياھەت قىلغاننىڭ ئورنىدا بېرىپ يۈرەكتاغنى يىراقتىن بولسىمۇ كۆرۈپ كەلمەيلىمۇ؟

ــ بۇمۇ بولىدىغان گەپكەن.

— چوڭ يولدا ماشىنا بەك كۆپ دەپ ئاڭلىدىم، خەتەر چىقىپ قالماس ـ ھە؟ — دېدى ئابلىز.
— نېمە خەتەر چىقماقچىدى، بىزمۇ ئاۋۇ كىچىك باللارنى ئاپارمايمىز.
— يەيدىغان نان، ئىچىدىغان سۇ ئېلىۋالىمىزمۇ؟
— يۇرەكتاغنى يىراقتىن كۆرگىلى بارىمىز، قورساق ئاچقۇچە يېنىپ كېلىمىز، بىر ـ ئىككى كويدىن پۇل ئېلىۋالساق بولىدى، پۇلۇڭ بولسا جاڭگالدا شورپا، يول بويىدا دۇكاندىن تولا نېمە يوق.
— ئۇنداق بولسا ئەتە نەۋاقتا يولغا چىقىمىز؟ بۇنى بىر دېيىشىۋالايلى.
— ئامال بار سەھەردە يولغا چىقايلى، بولمىسا بىرىنچىدىن يول يىراق ھېرىپ قالىمىز؛ ئىككىنچىدىن، كېچىكىپ قالساق يولدا ماشىنا كۆپىيىپ كەتسە خەتەرلىك؛ ئۈچىنچىدىن، ئاپتاپتا قالساق ئىسسىق ئۆتۈپ قالىدۇ، — دېدى ئابلىكىم چوڭلاردەك.
— ئۇنداق بولسا ئەتە سائەت ئالتىدە بىزنىڭكىدە جەم بولىمىز.
مەن ئۆيگە كېلىپ ۋېلىسىپىتىمنىڭ كامېرلىرىنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ، چىڭ تىمىدىغان ۋىنتىلىرىنى چىڭىتتىم، تۆت تال تۇخۇم پىشۇرۇپ قويدۇم، چايدانغا قايناق سۇ لىقلىدىم، يەنە بىر ئىشلىرىم كەمدەك ھېس قىلاتتىم، تېلېۋىزور كۆرۈشمۇ خۇشياقمىدى، ئۆگزىگە چىقىپ يۇلتۇزلارغا قاراپ يېتىپ باقتىم، ئۇيقۇم كېلىدىغاندەك ئەمەس: ئۇخلاي، ئۇخلىمىسام ئەتە يۇرەكتاغنى كۆرۈپ كەلگۇچە ماغدۇرۇم يەتمەي قالمىسۇن. كۆكيار يولى خېلى يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەر ئېگىز. بارغۇچە چارچايمىز، كەلگۇچە ئانچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆچمەيلا كېلىۋالىمىز. بىردىن يۈزگىچە ساناي. ئۇھ، ئۇيقۇم ئەجەب كېلەي دېمەيدۇ... ئابلىز، ئابلىكىملەرمۇ ئۇخلىيالمىغاندىمۇ؟ چوقۇم ئۇلارمۇ ئۇخلىيالمىدى.

قاچانلاردا ئۇخلاپ قالدىمكىنتاڭ، سەھەر ئويغانسام سائەت بەش بولۇپتۇ، سالقىن شامالدا يوتقاندىن چىققۇم كەلمىدى، ئاغىنىلىرىم بىلەن سەپەرگە چىقىدىغانلىقىمنى ئويلاپ ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئاخشام تەييارلاپ قويغان نان، تۇخۇملارنى سومكىغا سالدىم. دەملەپ قويغان چېيىم سوۋۇمايۋاتاتتى. ئاپامنىڭ زورلىشى بىلەن يېرىم - يارتا ناشتا قىلىپلا، ۋېلىسىپىتىمنى سۈرتۈپ تەخلىدىم.

— يول خەتەرلىك بالام، بارمىساڭلار بولمامدۇ؟

— نېمە خەتەر بولماقچىدى، شوپۇرلارمۇ ساراڭ ئەمەس، قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلىپ ماڭىدۇ.

— نېمىمۇ قىلارسىلەر جاپا تارتىپ.

— جاپا بولمايدۇ، كۆڭۈللۈك بولىدۇ.

— يولدا دىققەت قىلارسىلەر ئەمىسە. ھە، مە ماۋۇ بەش كوي پۇلنى يېنىڭغا سېلىۋال، خەجلىمىسەڭمۇ ھەمراھ بولىدۇ.

مەن ئاپامنىڭ قولىدىن پۇلنى ئېلىپلا ئابلىكىملەرنىڭكىگە چاپتىم. ئابلىز، قۇتيار ئىنىسى بىلىقۇت بىلەن كېلىپ بولغانىكەن. بىردەمگىچە جاپپار، پەرقۇزات، سۇلايمان ئۇكىسى بىلەن كەلدى. سائەت ئالتە بولغاندا ئون نەچچە بالا خۇشال ھالدا يولغا چىقتۇق. بىز رەتلىك تىزىلىپ بىر - بىرىمىزگە يول قويۇپ ماڭدۇق. سەل داۋان يەرگە كەلگەندە كىچىكلەردىن: «ھاردىڭلارمۇ؟» دەپ سوراپ قوياتتۇق. بىز دۆلەت 312 - تاشيولىغا چىققاندا، بىر ئاز ئارام ئېلىۋېلىپ كۆنېپىتىش تەرەپكە قايرىلىپ يۈرۈپ

كەتتۇق. بۇ يولدا چوڭ ـ كىچىك ماشىنىلار ئەنسىرىگۈدەك دەرىجىدە كۆپ ئەمەس ئىدى. بىز پاراڭ بىلەن رەت ـ رەت گىرانات تاش زاۋۇتلىرىدىن ئۆتۈپ، كۆكيار يول ئاچىسىغا كېلىپ قۇمتاغقا قارىدۇق، يۇرەكتاغ كۆرۈنمىدى. ئابلىكىم:

ـــ يەنە لەمجىن تەرەپكە ماڭايلى، ـــ دېدى.

ـــ قانچىلىك ماڭارمىز؟

ـــ يۇرەكتاغ كۆرۈنگۈچىلىك ماڭىمىز.

ـــ ماڭە ـ ماڭە لەمجىنگە كېتىپ قالمايلى يەنە.

ـــ كېتىپ قالساق قالدۇق. لەمجىن يول بويىدا كىچىك ئاتاملارنىڭ ئۆيى بار، ئۇلارنىڭكىدە غىزالىنىپ چۈشتىن كېيىن بۇياققا قاراپ ماڭامدۇق.

ـــ كېتىمىزمۇ ـ يە؟

ـــ شۇنچە يولنى بېسىپ كېلىپ يۇرەكتاغنى كۆرمەيلا «كېتىمىزمۇ ـ يە» دېگىنىڭ نېمىسى، سۇلايمان.

ـــ ئەمدى شۇ ئەنسىرەپ قالدىم.

ـــ سەنغۇ خېلى بولدى ئۆزۈڭنى بىزدىن قاچۇرۇپ يۈرگىلى.

ـــ ئۇنداق ئەمەس، ئاتام بىرمۇنچە قوي ئالغانتىغۇ، ئاتامغا قارىشىپ بەرمىسەم...

ـــ يۇرۇڭلار، ماڭدۇق ئەمىسە.

بىز چوڭ يولدا قۇمتاغ تەرەپكە قاراپ مېڭىۋەردۇق. بىر چاغدا شۇنداقلا قۇمتاغقا قارىماسمەنمۇ، قۇمتاغنىڭ ئوتتۇرىدا چوقچىيىپ تۇرغان يوغان بىرنەرسىنى كۆردۈم ۋە:

ـــ يۇرەكتاغ، يۇرەكتاغ! ـــ دەپ توۋلىۋەتتىم.

ـــ قېنى؟

ـــ راست، ئەنە، ئەنە قارا، ئاۋۇ يەرگە قارا!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— يۇرەكتاغنى ئاخىر كۆردۇق — ھە!
— بەك پەيزى بولدى.
— ئىسىت، كىنولاردىكى ھەربىرلىرىنىڭكىدەك دۇربۇنىمىز بولغان بولسا، يېقىنلىتىپ كۆرگەن بولساق تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.
— شەكلى يۇرەككە ئوخشامدىكەن؟
— راست، مەنمۇ يۇرەككە ئوخشىتالمايۋاتىمەن.
— يېقىندىن قارىسا بەلكىم ئوخشاپ قالىدىغاندۇ.
بىز شېغىللىق سايدا ئولتۇرۇپ ئۆيدىن ئېلىۋالغان نەرسىلىرىمىزنى يېگەچ يۇرەكتاغقا قارىغانچە ھەر خىل قىياسلارنى قىلىشىپ بىردەم ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن كەينىمىزگە ياندۇق.

## 5. كەلكۈن

يازدا قۇياش ئۆزىنىڭ نۇرىنى ئايىماي سېپىدىغان يۇرتىمىزدا يامغۇر ئادەتتە بەك ئاز ياغاتتى. تۇيۇقسىز ياغقان قارا يامغۇر بىزنى چۆچۈتۈۋەتتى. بوۋام: «بۇنداق قاتتىق ياغقان يامغۇر ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ» دەپ بىردەم — بىردەم تالاغا چىقىپ يامغۇرنىڭ يېغىشىنى كۆزىتەتتى. قاچانلاردا ئۇخلاپ قالدىمكىن، ئۇخلاپ قاپتىمەن. بوۋام ھەممىمىزنى ئويغىتىۋەتتى. كىچىك ئاتاملار ئارىشاڭغا كەتكەن بولغاچقا، بوۋاملار بىز بىلەن تۇرۇۋاتاتتى.
— يامغۇرنىڭ پەيلى يامان تۇرىدۇ، ئۆيدىن چىقىپ كېتەيلى، ھويلىدا ياتايلى. بايا شەرىپىدىن بىلەن

ئىككىمىز ھويلىدىكى يامغۇر چۈشمەيدىغان يەرگە ئورۇن راسلاپ قويدۇق، ــ دېدى بوۋام.

بوۋامنىڭ بۇنداق قىلىشلىرىدىن ھەممىمىز سەل ساراسىمىگە چۈشتۇق. ئۆيىمىز ئۆرۈلۈپ كېتەرمۇ؟ دەرھال كۆندىلىك خاتىرىلىرىم بار سومكام يادىمغا كەلدى ـ دە، دەرھال ئۇنى ئاچقىپ كارىۋاتنىڭ دوقمىغا ئىلىپ قويدۇم. باياتىن قاتتىق ياغقان يامغۇر ئەمدى سىمىلداپ يېغىشقا باشلىدى. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەن بولسا كېرەك، ئۇخلاپ قاپتىمەن.

ھويلىدىكى تاراق ـ تۇرۇقتىن ئويغىنىپ كەتتىم، يامغۇر توختىمىغانىدى، يىراقتىن سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دېمەك، بوۋام ئېيتقاندەك مۆرەنگە كەلگۈن كەلگەنىدى. كىشىلەرنىڭ ئاللىنېمىلەرنى دېيىشىپ مۆرەن تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، يوتقان ئىچىدىن چىققۇم كەلمىدى، يارئەلى بولسا بىر خىلدا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. بوۋامنىڭ:

«شەرىپىدىن، يۇر، مۆرەندىكى مونۇرئاخۇن ئاكاڭلارنىڭكىگە بېرىپ باقايلى، ئۇلار قانداق قىلىۋاتىدىكىن؟» دېگىنىچە ھويلىدىن چىقىپ كەتتى. مەنمۇ ئورنۇمدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن تۇرۇپ چاپىنىمنى كىيىپ ئۇلارغا ئەگەشتىم. ئاتام مېنى: «سەن بارما» دەپ قالدۇرۇپ قويماقچى بولغانىدى، بوۋام: «مەيلى بارساڭ بار، كەلكۈننىڭ ئاپەتىنى كۆرۈپ باق، بىراق سۇغا يېقىن بارمايسەن جۇمۇ!» دەپ مېنىڭمۇ بىللە بېرىشىمغا قوشۇلدى.

بىز مۆرەنگە يېقىنلاشقانچە سۇنىڭ شارقىرىشى كۈچىيىشكە باشلىدى، مۆرەننىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئادەملەر كۆپ ئىدى، كەلكۈن سۈيى گويا سېرىق ئەجدىھادەك تولغىنىپ ئاقماقتا ئىدى. بەزىلەر سۇدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئېقىپ كېتىۋاتقان نەرسىلەرنى كۆرۈپ ھەر خىل قىياسلارنى قىلاتتى.
— ھەي ئىست، نەچچە تال لىم ئېقىپ كېتىۋاتىدۇ، تۇتۇۋالغان بولسام كېلەر يىلى ئۆي سالسام تازا ئەسقاتاتتى - دە، — دېدى بىرى.
— قاراڭلار، قاراڭلار، ئاۋۇ يەردە ئىككى قوي ئېقىپ كېتىۋاتىدۇ.
— ئاۋۇ توڭلاتقۇغا قاراڭلار.
— ئۇزۇن ئارغامچىدا مېنى باغلاپ سالساڭلار مەن ئېقىپ كېتىۋاتقان نەرسىلەرنى سۈزۈۋالايمۇ؟
— جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ؟
— خەقنىڭ ھەققىدىن قورقمامسەن؟
— كەلكۈن ئېقىتىپ جاڭگالغا كۆمۈۋەتكەندىن كۆرە، تۇتۇۋېلىپ ئىشلەتسەك يامان بولماس.
بوۋام بىزنى مونۇر ئاخۇن تاغاملارنىڭكىگە باشلاپ ماڭدى. بىز ئۇلارنىڭكىگە بارساق، ئۇلار ئۆيلىرىدىكى نەرسە - كېرەكلىرىنى ھە دەپ ئۆيى سەل ئېگىزدىكى قوشنىلىرىنىڭكىگە توشۇۋېتىپتۇ. مونۇر ئاخۇن تاغامنىڭ ئايالى بىزنى كۆرۈپ كۆز يېشى قىلدى. مونۇر ئاخۇن تاغام بولسا:
— كۆرمەمسىلەر، چۆمۈلىگە ئوخشاپ قالدۇق، — دېگىنىچە، قولىدىكىنى پاتقاققا قويۇپ قول بېرىپ كۆرۈشمەكچى بولۇۋېدى، بوۋام:
— قويما... كېيىن كۆرۈشسەك بولىدۇ، — دېدى.
— ئۆيۈڭلارغا سۇ كىرىپ كەتمىگەندۇ؟ — دېدى ئاتام.
— ياق، يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن ئادەم كەلدى، كەلكۈن يەنە كۈچىيىشى مۇمكىن، ھەر ئېھتىمالغا قارشى زىيان

كۆرۈلمىسۇن دەپ ئۆيدىكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنى يۆتكەۋاتىمىز...— دېدى مونۇرئاخۇن تاغام.

ئەتراپتىكى كىشىلەر ھارۋا ـ تىراكتورلار بىلەن ئۆيىدىكى نەرسىلەرنى بەس ـ بەستە توشۇماقتا ئىدى، بىزمۇ مونۇرئاخۇن تاغاملارنىڭ نەرسىلىرىنى توشۇشۇپ بەردۇق، ئارىلىقتا بىرى «سۇ ئۇلغايدى!» دەپ ۋارقىرىدى، بىز دەرھال مونۇرئاخۇن تاغاملارنىڭ ئۆيىنىڭ كەينىگە چىققانىدۇق، كەلكۈن سۈيى ئۇلارنىڭ باغچىسىغا چىقىپ بولغانىدى.

— كەلكۈن سۈيى مۇشۇنداق ئۇلغىيىۋەرسە ئۆيگىمۇ چىقامدۇ، نېمە؟— دېدى مونۇرئاخۇن تاغامنىڭ چوڭ ئوغلى مۇستاپا ئاكام.

— تىلىڭغا تاش!— سۇ ئۆيگە چىقسا كىمگە پايدا، كىمگە زىيان،— دېدى مونۇرئاخۇن تاغام زەردە بىلەن.

— قارىمامسەن، بىردەمنىڭ ئىچىدە سۇ ئورنى ئۈچ قېتىم ئۆرلىدى، ئەتىگەن ئاۋۇ يەرنى ئويۇپ توپا يۆتكەپ قىرنى ئېگىزلەتكەنىدۇق، كار قىلماپتۇ...

مەھەللىنىڭ باش تەرىپىدىن بىر كىملەرنىڭ ئاللا ـ تۇۋىسى بىلەن يىغىسى ئاڭلاندى، ئەتراپتىكىلەر دەرھال باغچىدىن ھويلا بىلەن كوچىغا چىقتۇق. مەھەللىنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرىدىغان ئىككى ئائىلىنىڭ ئۆيىگە سۇ كىرىپ كېتىپ، مۆرەن ياقىسىدىكى ئۆيىنىڭ تۆر تېمىنى ئۆرۈۋېتىپتۇ. بىز بارساق ئۇ يەردە نۇرغۇن ئادەم تېخى ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپ كېتەلمىگەن نەرسىلەرنى كەلكۈننىڭ ئېقىتىپ كېتىشىگە قاراپ تۇرۇپتۇ. قاراپ تۇرماقتىن باشقا نېمە ئامال؟!

بىز تېزدىن كېلىپ مونۇرئاخۇن تاغاملارنىڭ نەرسىلىرىنى يۆتكىدۇق. بوۋام مېنى يانغا چاقىرىپ:

— بالام، سەن تېزدىن ئۆيگە قايت، ئاپاڭ بىلەن موماڭ دەرھال قاتلىما بولامدۇ، گۆشنان بولامدۇ، ئىبغىزغا تېتىغۇدەك غىزا تەييارلىسۇن. يارئەلى بىلەن ئىككىڭلار پىششى هامان ئۇدۇللا ئېلىپ كېلىڭلار،— دېدى.

— ۋېلىسىپىت بىلەن كەلسەمچۇ،— دېدىم مەن.

— مۇشۇ پاتقاقچىلىقتا ئۇ نېمەڭنى قانداق مىنىسەن، ماڭ، تېز بول، تاغاڭلارنىڭ قورسىقى ئاچتى ھەرقاچان...

مەن تېرەكلىك ئورمان ئارىلىقىدىكى چىغىر يول بىلەن ماڭدىم. تېرەكلەر شامالدا يەلپۈنسە، تېرەك يوپۇرمىقىدىكى يامغۇر سۇلىرى ئۇستۇمگە بىرى چۆمۈچ بىلەن چاچقاندەك چۈشەتتى. ئۆيگە مىڭ تەستە كېلىپ بولغان ئەھۋالنى ۋە بوۋامنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئاپامغا ئېيتتىم، ئاپاملار دەرھاللا تاماققا تۇتۇش قىلدى. ئۇنىغىچە مەن ناشتا قىلىپ، تېخىچە ئۇخلاۋاتقان يارئەلىنى ئويغىتىش ئۈچۈن چاقىردىم، ئاپام: «ئۇخلىۋالسۇن» دېدى، يارئەلى ئويغىنىپ چىققاندى. ئۇنىڭغا مۆرەندىكى كەلكۈننىڭ ئەھۋالىنى دەپ بەرسەم، ئۇ ئەتىگەندە چاقىرىۋالمىغانلىقىمغا ئاچچىقى كەلدى. ئۇ ناشتا قىلىپ بولۇپلا مۆرەن تەرەپكە ماڭماقچى بولۇۋېدى، توسۇۋالدىم.

— نېمىگە ئالدىرايسەن، ئەنە گۆشنان بىلەن قاتلىما پىشۋاتىدۇ. پىشقان هامان ئىككىمىز بىللە ئېلىپ بارىمىز،— دېدىم.

— كەلكۈن ئاشۇنداق كۈچلۈكمۇ؟

— ئۇنى بىر دېمە، مونۇر ئاخۇن تاغاملارنىڭ باغچىسىنى بىلىسەنغۇ؟ ھېلىقى ئۆيىنىڭ ياقىسىدىكى بولۇق بولىدىغان شاپتۇللىرىنىڭ يېنىغىچە سۇ...

— ئۇنچىلىك ئەمەستۇ؟

— ھېلى بارغاندا كۆرسەن.
— سۇدا چۆمۈلسە بولامدۇ؟
— ئەخمەق، سۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىدا ھەر يوغان لىملار بىر تال چوكىدەك ئېقىپ كېتىۋاتسا چۆمۈلگىلى بولامدۇ...

ئاپامنىڭ قاتلىما بىلەن گۆشنانىنى يېشىل كورىغا سېلىپ داستىخانغا ئوراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئايىغىمنى كىيىپ تەييارلاندىم، يارئەلى ئاللىقاچان مەھەللىدە بالىلار بىلەن دۇگدىيىشىپ ساقلاپ تۇراتتى، ئۇ مېنى كۆرۈپلا ئەگەشتى. بىز مونۇرئاخۇن تاغاملارنىڭكىگە بارغاندا، ئۇلار نەرسە - كېرەكلەرنى توشۇپ بولۇپ، ئەمدى ناشتىلىق قىلىش ئۈچۈن چاي قايىنىتىپ تۇرغانىكەن، بوۋام قولۇمدىن كورىنى ئېلىپ داستىخانغا قويۇپ:

— مەريەمخان، قېنى، بېلىقىزخانلار ئازراق يەيدىغان نەرسە ئەۋەتىپتۇ، ئېلىڭ، بالىلارنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتتى، ئاۋۋال بالىلارغا ئېلىپ بېرىڭ.

كورىنى ئاچقانىدى، گۆشنانىنىڭ مەززىلىك ھىدى ئەتراپنى بىر ئالدى. بايا ئۆيدە يەپ قورسىقىم تويۇپ كەلگەن بولسامۇ، يەنە يېگۈم كەلدى. مەريەمخان ئاپا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ:

— بېلىقىزخانغا، ئايشەمخان ئايلامغا رەھمەت، تۇغقان دېگەن ھامان تۇغقان بولىدىكەن...— دېگىنىچە گۆشنان، قاتلىمىلارنى لېگەنلەرگە سېلىپ كېيىپ ئوتتۇرىغا قويدى.

مونۇرئاخۇن تاغاملارنىڭ مەززە قىلىپ يېيىشلىرىگە قاراپ زوقلانغان بوۋامنىڭ چىرايىدىن مەمنۇنلۇق جىلۋە قىلاتتى، مەنمۇ گۆشناندىن بىر پارچە يەۋەتتىم. مۆرەندە

كەلكۈنىڭ شارقىرىشى بىر خىلدا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىز مونۇرئاخۇن تاغاملار بىلەن خوشلىشىپ بايا يارئەلى ئىككىمىز كەلگەن چىغىر يول بىلەن قايتتۇق.

ـ قېرىنداش دېگەن هامان قېرىنداش، مانا بىر دەم جاپا تارتىۋىدىڭلار ھەممە خۇشال بولدى، ئادەم دېگەن شۇنداق، باشقا كۈن چۈشكەندە ياردەم قىلالىسا ئادەم بولىدۇ. نەدىلا بولماڭلار ئادەم بولۇڭلار، بالىلىرىم. كۆڭۈل دېگەن مىسقال ئالتۇندا ئەمەس، قىلدەك يەردە. بىزدىن كېيىن قالساڭلارمۇ تۇغقانلار بىلەن ئىزدىشىپ ئۆتۈڭلار، — دېدى بوۋام يولدا بىزگە نەسىھەت قىلىپ.

مەھەللىگە كەلسەك جاپپار، ئابلىكىم، سۇلايمانلار بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا تۇرۇشۇپتۇ. ئۇلار بىزنى كۆرۈپ ئالدىمىزغا كېلىشتى، بىز ئۇلارغا مۆرەندىكى كەلكۈننى سۆزلەپ بەردۇق. ئۇلارمۇ بارىمىز دېيىشتى، بوۋام:

— شىرئەلىلەر بىز بار چاغدا باردى، بولمىسا بارماس ئىدى. كىچىك باللار ئۆزۈڭلار بارساڭلار بولمايدۇ، كەينىڭلارغا يېنىڭلار، بارىمەن دېسەڭلار سىلەرنىمۇ ئاتا - ئاناڭلار ئاپارسۇن، ئۆيۈڭلەرگە كېتىڭلار، — دېدى.

بىز ئاغىنىلەر بىلەن قۇمتاغقا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. قۇمتاغنىڭ قۇمى بۇرۇن ئاپتاپتا ئالتۇندەك كۆرۈنگەن بولسا، ئەمدى نەم تارتىپ رەڭگى ئۆزگىرىپ كۆكۈچ كۆرۈنەتتى.

— يامغۇرنىڭ قانچىلىك ياغقانلىقىنى بىلىپ باقايلى.

— قانداق بىلىسەن؟

— قۇمنى ھۆل بولغان يەرگىچە كولاپ ئۆلچىسەكلا بىلمەمدۇق؟

— ھە، مېتىر ئەكەلگەنمىدىڭ؟

— ياق.

ــ ئەمىسە قانداق ئۆلچەيسەن؟
ــ بىر تال ياغاچنى ئۆلچىۋېلىپ ئۆيگە بارغاندا...
ــ كاللاڭ بەك ئىشلەيدۇ جۇمۇ سىنىڭ.
ــ نەم قۇمنى بىر يەرگە دۆۋىلەپ يۇرەكتاغ ياسايلى.
ــ بولىدۇ.
ــ قۇرۇق قۇم تاپماق نېمانچە تەس؟
ــ شۇنى دەيمەن، ھەممە يەر نەم.
ــ نەم يەر يىگىرمە سانتىمېتىر بارمۇ، نېمە؟
ــ ئۇنچىلىك يوقتۇ؟
ــ قارا، ماۋۇ يامىزالىدا نەم قۇم سەل نېپىز، ئاۋۇ ئويمانلىق قېلىن ئىكەن.
ــ شامال بولغاچ يامغۇر يانتۇ ياغقان دېمەكچىمۇ سەن؟
ــ شۇنداق.
ــ ئەمىسە ئاۋۇ تۇز يەرنىڭكىنى ئۆلچەپ باقايلى.
ــ راستىنلا شۇنداق ئىكەن. ئاخشام يامغۇر ياغقاندا ئۆگزىگە بىرەر تەلەڭگە ئاچىقىپ قويغان بولساق چوقۇم تەلەڭگىنىڭ يېرىمى سۇ بىلەن توشقان بولاتتى.
ــ مانىڭغا قاراڭلار، ئاستىدىن قۇرۇق قۇمنى تارتىۋىدىم، ئۆڭكۇرگە ئوخشاپ قالدى.
ــ ھۆل قۇمنى بۇ يەرگە ئەكەلمەمسىلەر؟
بىز ھۆل قۇمنى دۆۋىلەپ تونۇردەك قىلىۋەتتۇق. ئەمدى ئۇنى بىرئاز تىكلەپ، چىڭدىغاندىن كېيىن ئۇستىنى يۇرەك شەكلىگە كەلتۇرۇپ ئاستىغىراق «يۇرەكتاغ» دەپ يېزىپ قويدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## توققۇزىنچى باب

# قىشتىكى قۇمتاغ

### 1. ئۆگىنىش بېسىمى

تولۇقسىز 2 ـ يىللىقنى پۈتكۈزۈپلا، يازلىق تەتىلدە ئۈچ ھەپتە تولۇقسىز 3 ـ يىللىقنىڭ دەرسلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن تولۇقسىز 1 ـ، 2 ـ يىللىقنىڭ دەرسلىرىنى تەكرار قىلغاندىن كېيىن ئاران بىر ئايلا تەتىل بولغانىدۇق. تەتىلدىن كېلىپلا يەنە شۇ ساۋاقداشلار بىر سىنىپقا بۆلۈندۇق. سىنىپىمىزنىڭ نامى «نۇقتىلىق سىنىپ» ئىدى. بىزگە باشقا پاراللېل سىنىپلارغا قارىغاندا ئۆتۈلىدىغان دەرس سائىتىمىز كۈندە بىر سائەت كۆپ، شەنبە كۈنى دەرس ئۆتۈپلا قالماي، تەنتەربىيە، مۇزىكا دەرسلىرىنى قىسقارتىپ ھەپتىدە بىر سائەتتىن ئۆتەتتى، دەرس سۈرئىتىمۇ تېز ئىدى. مۇئەللىملەرنىڭ كۈچەپ دەرس سۆزلىشىدىن بۇ سىنىپتىكى ھەممە ساۋاقداش بىراقلا ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ سىنىپىغا ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. تاپشۇرۇقنىڭ كۆپلۈكىدىن بېشىمنى كۆتۈرەلمەيلا قالاتتىم، بىر ئاي ئۆتكەندە ئاران كۆندۈم. كەچلەردە ئابلىكىم، قۇتيار، پەرقۇزاتلار كىرىپ پاراڭلىشىپ چىقىپ كېتەتتى، ئۇلار بىلەلمىگەن مەسىلىلەرنى مەندىن

سورايىتتى، بەزى ئاددىي مەسىلىلەرنىمۇ سورىسا ئاچچىقىم كېلەتتى. بىر ئاخشىمى خىمىيە دەرسىدىن شۇنداق ئاددىي بىر مەسىلىنى سوراپ كىرىۋدى، غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى ـ دە:

ــ سىلەر دەرس ۋاقتىدا جىم ئولتۇرمايدىكەنسىلەر، دەرسلەرگە كۆڭۈل قويمايدىكەنسىلەر، شۇنچە ئاددىي نەرسىلەرنىمۇ بىلمىسەڭلار قانداق بولىدۇ، ــ دەپ كايىپ كەتتىم. پەرقۇزات:

ــ بىزنىڭ خىمىيە مۇئەللىمىمىزنىڭ مىجەزىنى سەن بىلمەيسەن، دەرس سورىسا قول كۆتۈرۈپ جاۋاب بەرسەك، سەل ـ پەللا ھودۇقتۇقمۇ، بولدى، يىرىم سائەت تىللاپ چىقىدۇ، قوڭغۇراق چېلىنىدىغانغا ئاز قالغاندىلا دەرس ئۆتۈپ چىقىپ كېتىدۇ.

ــ سىنىپ مەسئۇلۇڭلارغا دېسەڭلار بولمامدۇ؟

ــ قويە ئۇنداق زابوينى، ھەپتىدە بىر ـ ئىككى كۈن ھاراق ئىچىپ مەست بولۇۋېلىپ، دەرس ئۆتمەيدىغان ئادەمگە ئۇنى دېگەن بىلەن بەرىبىر.

ــ ئەمىسە «D» سىنىپقا يۆتكىلىپ كېتىڭلار.

ــ مەكتەپ سىنىپ ئالمىشىشقا يول قويمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىزنىڭ سىنىپتىكى بىر قىسىم باللارغا بولۇپ بەردى، بولۇپمۇ تۆۋەن مەھەللىدىكى غەيرەت، ئارالدىكى ئابدۇللا، مۆرەنلىك ئېلىلارغا تازا بولۇپ بەردى دېگىنە! مۇئەللىملەر تېرىككەنچە جىلە قىلىپ دەرس ئۆتكۈزمەيدۇ...

ــ بىزنىڭ سىنىپقا دەرسلەرنى كۆپ ئۆتكەننى ئاز دەپ، يامان تېز ئۆتۈۋاتىدۇ. بىشىمىزنى كۆتۈرەلمەيلا قېلىۋاتىمىز...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ــ سىلەر دېگەن مەكتەپنىڭ ئۆز بالىسى، بىز دېگەن ئۆگەي بالىسى.

......

تۇرۇپلا مەكتەپنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆچ بولدۇم، نېمىدېگەن قاملاشمىغان ئىشلار بۇ، بىر مەكتەپتە ئوخشاش يىللىقتىكى بالىلارنى «نۇقتىلىق سىنىپ»، «ئادەتتىكى سىنىپ» دەپ ئايرىپ ئىككى خىل مۇئامىلە قىلىدىغان ئىشنىزە! مانا نۇقتىلىق سىنىپقا بىزنى ئايرا ــ ئايرىماي «نۇقتىلىق سىنىپ» مەكتەپنىڭ ئۆز بالىسى، «ئادەتتىكى سىنىپ» مەكتەپنىڭ ئۆگەي بالىسى دېگەن گەپ چىقىپتۇ ئەمدى، بەزىدە باشقا سىنىپتىكى ساۋاقداشلار بىز بىلەن قېرىشىپ قالاتتى، بىر بولساق كۈندە دەرس، تاپشۇرۇقنىڭ ھەلەكچىلىكىدە...

چارەكلىك ئىمتىھان يېقىنلىشىپ قېلىۋاتاتتى. ئاتام ئۆيدە كەچتە يېنىمدا ئولتۇرۇپ دەرسلەرنى تەكرار قىلىشىمغا ياردەملىشەتتى. ماتېماتىكا دەرسىدە ئاتامنى ئائىلە ئوقۇتقۇچىم دېسەممۇ بولاتتى. ئاتاممۇ بىر كۈن يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە دەرس ئۆتۈپ بولۇپ، كەچتە ماڭا ياردەم قىلىۋاتاتتى، تىرىشىپ ئۆگەنمەي نېمە ھەددىم... مەن مەھەللىدىكى بالىلار بىلەن ئانچە كۆپ ئارىلىشىپ كېتەلمەيۋاتاتتىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆز بولۇپ قالغاچقا ھەممە ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىدى. چارەكلىك ئىمتىھان ئېلىنىدۇ دەپ تۇرغان كۈنلەردە، ئابلىكىمنىڭ ئاتىسى ئابىت ئاكام دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ. بىزنىڭ سىنىپقا شەنبە كۈنىمۇ دەرس ئۆتىدىغان بولغاچقا، يەكشەنبە كۈنى ئۇلارغا ياردەملەشمەكچى بولدۇم. دېمىسىمۇ ئاتام مۇئەللىم بولغاچقا، ئاپامنىڭ بىر كىشىلىك يېرى بار ئىدى. بىر كىشىلىك يەر قانچىلىك

بولماقچىدى، تەك كۆمۈش، تەك ئېچىش ئىشلىرىنى كىچىك ئاتاملار كېلىپ قولمۇقول قىلىپ تۈگىتەتتى. ئابلىكىملەر بوۋا - مومىسى بىلەن بىر ئولتۇرىدىغان بولغاچقا، ئابىت ئاكام بىلەن ھاۋاخان ئاپام تىنىم تاپماي ئىشلەيتتى. ھاۋاخان ئاپام دوختۇرخانا بىلەن ئۆي ئارىلىقىدا قاتراپ ئېتىز ئىشىغا قانداقمۇ يېتىشىپ بولالىسۇن...

بۈگۈن يەكشەنبە بولسىمۇ سەھەر تۇرۇپ كەتتىم، ئازراق ناشتا قىلىۋېلىپ ئابلىكىملەرنىڭكىگە باردىم. پەرقۇزات، قۇتيار، جاپپار، ئابلىزلار ئاللىقاچان كېلىپ بولغانىكەن، ئۇلار مېنىڭ كەلگىنىمنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ بىر - بىرىگە قاراشتى. جاپپار:

— شىرئەلى، بۈگۈن ئوقۇمىدىڭلارمۇ؟

— شەنبە كۈنى ئوقۇيمىز، يەكشەنبە دەم ئالىمىزغۇ؟ بىلمەيدىغاندەك سوراپ كەتكىنىنى بۇنىڭ، — دېدىم مەن.

— بىزنى ئۇنتۇپ كەتتىمىكىن دەپتىمىز، — دېدى ئابلىز كۆزىنى قىسىپ قويۇپ.

— ئۇنتۇپ كېتىدىغان ئىش يوق، تاپشۇرۇقتىن باش كۆتۈرەلمەي قېلىۋاتقان گەپ، دەرسلەرنى تېز ئۆتۈپ ئارامىمىزنى بەرمەيۋاتىدۇ.

— مەكتەپمۇ قىزىق ئىكەن، ئوخشاش بىر يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئىككى خىل مۇئامىلە قىلىپ.

— بۇ ئىشى بولمىدى، ياخشى ئوقۇتقۇچىلار ياخشى ئوقۇغۇچىلارغا دەرسكە كىرسە نەتىجىسى ئەلۋەتتە ياخشى بولىدۇ - دە.

— يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىمۇ شۇنداق قىلامدىغاندۇ؟

— شەرىپىدىن ئاتامدىن سوراپ باقمىدىڭمۇ؟

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— ئاتامىلارنىڭ مەكتىپىدە ئۇنداق ئايرىمايدىكەن، بىراق...
— بىراق نېمە؟
— دەرستە ياخشى ئوقۇغۇچىلارنى دەرستىن كېيىن ئېلىپ قېلىپ تەكرار قىلىپ بېرىدىكەن.
— مانا ـ مانا، قازاننىڭ قۇلىقى تۆت.
— بىز قوناق ئورىغىلى كەلگەن جۇمۇ، قىلىدىغان ئىشىمىزنى ئۇنتۇپ قالمايلى يەنە، يۇرۇڭلار!
— ئابلىكىم، هوي ئابلىكىم، سەرەڭگە ئېلىۋال،— دېدى قۇتيار.
— سەرەڭگىنى نېمە قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى جاپپار.
— هېلى بىلىپ قالىسەن.
— تاماكا چەكمەيدىغانسەن؟
— ياق، ئۇنداق غازاڭنىڭ ئىسمىنى شورايدىغان ئىشنى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان چاغلاردا دوراپ قىپتىمىز، ئەمدى چوڭ بولدۇق، ئۇنداق ئىشنى ئەمدى قىلمايمىز.
— چېكمەمەن دېسەڭ مانا،— پەرقۇزات شۇنداق دېگىنىچە بىر قاپ تاماكىنى يانچۇقىدىن چىقاردى ۋە ئەتراپقا قارىۋەتتى.
— نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ قولىدىكى تاماكىغا قاراپ.
— چوڭ بولدۇق، خەق چەككەننى بىز چەكسەك بولمامدىكەن؟
— هېلى هاۋاخان ئاپام كېلىپ قالىدۇ، تېز قوناقلىقنىڭ ئاۋۇ تەرىپىگە بېرىپ چېكىۋالايلى.
ئابلىز ئىككىمىز ئۇلارنىڭ تاماكا چېكىشىگە قارشى

چىقتۇق. ئۇلار بىزنىمۇ تاماكا چېكىپ بېقىشقا، ھېچبولمىسا بىر شوراپ بېقىشقا قىزىقتۇرۇپ باقتى. ئۇلارنىڭ تاماكا چېكىشى مېنى ھەيران قالدۇردى، ئىككى ئاي ئۇلار بىلەن ئانچە ئارىلاشمىسام، تاماكا چېكىدىغان بولۇۋالغىنىنى قارىمامدىغان.

— شىرئەلى ھەيران قالما، مەكتەپتە مۇئەللىملەردىن تىل ئاڭلايمىز. ئۆيگە كەلسەك ئاتا - ئانىمىز ئۆگىنىش قىل دەپ بېسىم قىلىدۇ، نېمىنى ئۆگىنىش قىلىمىز. بىزگىمۇ سىلەرگە ئوخشاش كۆڭۈل قويۇپ دەرس ئۆتسە، بىزمۇ ئانچە - مۇنچە بىر نېمە بىلسەك ئۆگىنىش قىلمايمىزمۇ؟

قۇتيار بىردەم يوقاپ كېتىپ تازا توق پۇرچاقتىن لىققىدە ئىككى يانچۇق تېرىپ كەپتۇ، ئۇ يەنە ئېرىقنىڭ يېنىدىكى قۇرۇپ قالغان يانتاقتىن نەچچە تۇپنى قومۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭچە ئابلىز جىگدىلىكتىن بىر قولتۇق قۇرۇق ئوتۇن تېرىپ كەلدى.

— ھەي قاقباش، سەرەڭگە ئېلىۋال دېسەڭ نېمە قىلىدىكىن دەپتىمەن، ئەسلىدە پۇرچاق كۆمۈپ يەيمىز دېگىنىڭكەن - دە.

بىز قوناق ئورۇشقا باشلىدۇق، مەن ھەممىدىن ئاز ئورۇدۇم. ئىككى ئايدىن ئارتۇق چېنىقماي، تاپشۇرۇق ئىشلەش، دەرس تەكرار قىلىش بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، تېنىم ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. ئابلىكىمنىڭ بوۋىسى ئابدۇرېھىم بوۋام ئېشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ يېتىپ كەلدى. ئابلىز ئىككىمىز ئورۇپ بولغان قوناق شاخلىرىنىڭ بېشىنى ئۈزۈشكە مەسئۇل بولدۇق، ئابدۇرېھىم بوۋام ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي بىزدىن جىق ئۈزدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇتيارنىڭ پىشۇرغان پۇرچىقى ھەممىمىزگە تېتىپ كەتتى، ئاغزىمىزنىڭ ئەتراپى قارا ـ قۇرا بولۇپ كەتكەنىدى. يېقىن ئەتراپتا سۇ بولمىغاچقا يۇيۇۋېتىشكىمۇ ئۇلگۇرمىگەنىدۇق. ئىككى ئېتىز ئاق قوناقنى ئورۇپ، بېشىنى ئۈزۈپ خامانغا ئاپىرىۋېتىپ «ئۇھ» دەپ ئابلىكىملەرنىڭكىگە كەلسەك، ھاۋاخان ئاپام ئوخشىتىپ پولۇ ئەتكەنىكەن، ھۇزۇرلىنىپ يېيىشتۇق.

ئۆيگە كېلىپ پۇتۇمنى يۇيۇشمۇ خوشياقماي ئىسسىق كاڭغا ئۆزۈمنى ئېتىپ ياتتىم.

چارەكلىك ئىمتىھانلار باشلىنىپ تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتىم. سىنىپىمىزدىكى باللار ھەرقايسى سىنىپلاردىن تاللانغان ئوقۇغۇچىلار بولغاچقا، ھەممىسىلا تولۇق نومۇر ئالىدىغاندەك سۆزلىشەتتى. سىنىپىمىزدا كۆز بويامچىلىق قىلىدىغانلارمۇ بار ئىدى، ئۇلار ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئىمتىھاندىن ئۆتۈۋېلىشنى ئويلىغاچقا، باشقىلاردىن ياكى باغاقچىدىن كۆچۈرۈۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ، تۇتۇلۇپ قېلىپ جازاسىنى يېدى، نەچچىسى چارەكلىك ئىمتىھان تۈگىسە ئادەتتىكى سىنىپلارغا يۆتكىلىپ كېتىدىغانلىقىنى دېيىشمەكتە ئىدى.

چارەكلىك ئىمتىھان نەتىجىلىرى ئاخىر چىقتى. سىنىپ مەسئۇلىمىز سىنىپ يىغىنىدا ئىمتىھان نەتىجىلىرىمىزنى خۇلاسىلەپ بىر ـ بىرلەپ ئوقۇدى. مەن ئالتىنچى بولۇپتىمەن، كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولدى. نەچچە يىلدىن بېرى سىنىپىمىزدا بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمەي كېلىۋاتقانىدىم. ناھىيەمىزنىڭ چەت يېزىسىدىن كەلگەن خەلچىگۈل بىرىنچى، تۇرسۇنگۈل ئىككىنچى بولغانىدى. مەن نەتىجەمنىڭ چۈشۈپ كېتىشىنى ئۆزۈمدىن كۆردۈم. تاپشۇرۇقلارنىڭ ھەممىسىنى

ئىشلەيمەن دەپ ۋاقتىمنى بىكار زايە قىلىپتىمەن. مەسىلەن، مەن خەنزۇچىنى ياخشى بىلگەچكە ھەربىر سۆزنى ئۈچ قۇردىن يازماي بىر قۇردىن يازسامۇ بولىدىغان نىمە... سۆزنى يېزىشتىكى مەقسەت شۇ سۆزنى ئىگىلىۋېلىشقۇ.

— ھېچقىسى يوق، ئوغلۇم،— دېدى ئاتام نەتىجىلىرىمنى ئوقۇپ خاپا بولۇشىنىڭ ئورنىغا خۇشال بولۇپ،— بۇ دېگەن چارەكلىك ئىمتىھان، ئالدىڭدا يەنە مەۋسۇملۇق، يىللىق ئىمتىھانلار بار، ئەڭ مۇھىمى ئۆرلەش ئىمتىھانىڭ بار. مەيلى سەن يۇقىرى نومۇر ئال ياكى تۆۋەن ئال، ھەرگىز كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ھېلىمۇ يۇقىرى نومۇر ئاپسەن.

ئوقۇشنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا قومتاغقا بېرىپ باقمىغىلىمۇ ئىككى ئايدەك بوپتۇ. ئابلىكىملەر نەچچە قېتىم بارايلى دەپ كىرگەندە، تاپشۇرۇقلىرىمنىڭ كۆپلۈكىدىن بارالماي قالغانلىقىمنى ئويلىسام كۆڭلۈم يېرىم بولاتتى، تۇرۇپ «نوقتىلىق سىنىپ»قا چىققىنىمغا پۇشايمانمۇ قىلىپ قالاتتىم.

## 2. تۇنجى قار

ھەش ـ پەش دېگۈچە قىش كىردى، ئالتۇن كۈز پەسلىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدىم دېسەممۇ بولىدۇ. سەھەردە مەكتەپكە ماڭغۇچە دەرس يادلايمەن، كەلگۈچە كەچ بولۇپ كېتىدۇ، كەچتە تاپشۇرۇق ئىشلەپ سائەت ئوندىن ئېشىپ كېتىدۇ... قىش كىرىشى بىلەن ئۇيقۇم قانمىدىغان بولدى. ساۋاقداشلار سىنىپ

مەسئۇلىيىتىمىزغا قىشتا ئەڭ ئاخىرقى بىر سائەت تەكرارنى قىسقارتىشنى ئۆتۈنۈپ شۇنچە دەپ كەتسەكمۇ، مەكتەپ رەھبەرلىكىگە بىزنىڭ تەلىپىمىزنى يەتكۈزمىگەن بولسا كېرەك، تەلىپىمىز جايىدا قالدى. باشقىلاردىن ئىككى سائەت كېيىن قايتىش بىزگە ئېغىر كېلەتتى، بولۇپمۇ ئۆيى سەل يىراقلارغا ھەقىقەتەن ئېغىر كېلەتتى. سەھەردە كۈندىن بۇرۇن ماڭمىسا مەكتەپكە كېلەلمەيتتۇق، ياتاقتا ياتمىز دېسەك بىكار كارىۋات يوق ئىدى.

سىنىپىمىزغا ماتېماتىكا، فىزىكا، خەنزۇ تىلى، خىمىيە... پەنلىرىگە دەرس قوشۇپ بەرگەچكە، كېيىنكى مەۋسۇمدا ئۆتىدىغان دەرسلەرنى ئالدىنقاچان باشلىۋەتكەنىدۇق. ئەگەر ئاتام ئۆيدە ماتېماتىكا بىلەن خىمىيەنى تەكرار قىلىپ بەرمىگەن بولسا مەن راستىنلا يېتىشەلمىگەن بولاتتىم. ياتاقتا ياتىدىغان ساۋاقداشلارغۇ تولۇق ئوتتۇرىدىكى ياتاقداشلىرىدىن سوراپ بىلىۋالىدىكەن، ئۇن نەچچە ساۋاقدىشىمىزغا ئاتا ـ ئانىلىرى ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىپ بېرىپتۇ.

يېڭى يىلغا ئاز قالغانچە ساۋاقداشلار ئارىسىدا ئاتكرىتكا تەقدىم قىلىش مودا بولۇپ كەتتى. نەلەردىن تاپىدىكىن مۆزىكىلىق ئاتكرىتكىلارنى تېپىپ كېلىپ كۆز ـ كۆز قىلىدىغانلارمۇ بار ئىدى، مەن ئۇنداق نەرسىلەرگە ئانچە قىزىقىپ كەتمەيتتىم. ئالدىنقى يەكشەنبە ئابلىز ئىككىمىزمۇ ناھىيەلىك شىنخۇا كىتابخانىسىغا بېرىپ ئۇن بەشتىن ئاتكرىتكا ئېلىپ كەلدۇق، مەن ماڭا بەرگەنلەرگە بېرىپ قويدۇم.

سەھەر تالاغا چىقسام، ۋاھ، لەپىلدەپ قار ياغقىلى تۇرۇپتۇ، خۇشاللىقىمدا كىيىمىمنى كىيدىم ـ دە،

قولۇمغا يامداق ئېلىپ هويلىنى، يولنى سۈپۈردۈم. يولدا ماڭغانلارنىڭ ئايىغىنىڭ ئاستىدىن قارنىڭ «غىرس ــ غىرس» قىلغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئۆي ــ ئۆيلەردىن چىقىپ قار تازىلاۋاتقانلار قار ياغقانلىقىدىن خۇشاللىقىنى دېيىشىۋاتاتتى، كىچىك ئاتاملارنىڭكىدىن بوۋام كېلىپ:

ــ ئەجەب سەھەر تۇرۇپ كېتىپسەنغۇ؟ ــ دېدى.

ــ قار تازىلايمەن دەپ سەھەر تۇرۇپ كەتتىم، ــ دېدىم مەن بوۋامغا.

ــ ياخشى بالام، ــ دېدى بوۋام مېنى ماختاپ، ــ ئاۋۇ تۆت كوچىنىڭ سەل تۆۋىنىدىكى داۋاننى تازىلىۋەت، تولا دەسسىلىپ مۇز بولۇپ كەتسە ئادەم ئاسان يىقىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ــ سەنمۇ ئەجەب سەھەردىلا كېلىپ قاپسەنغۇ، بوۋا؟ ــ دەپ سورىدىم مەن بوۋامدىن.

ــ بوزيەر مەھەللىسىدىكى ھاشىم بوۋاڭ تۈگەپ قاپتۇ، ــ دېدى بوۋام، ــ ئاتاڭ بىلەن بىللە ئۆلۈم پەتىسىگە بېرىپ كېلەيلى دەپ كەلگەنىدىم.

مەن بوۋام دېگەن داۋانغا كەلسەم سۇلايمان ئىنىسى سۇبات بىلەن تازىلاۋاتقانىكەن، ئۈچىمىز قارلارنى پاكىز تازىلاپ بولدۇق. سۇلايمان:

ــ سېنىمۇ بوۋاڭ ئەۋەتتىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ قارىغاندا، سىلەرنىمۇ بوۋاڭ ئەۋەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ ــ دېدىم مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ.

ــ ھەئە، بوۋام بامدات نامىزىدىن يېنىپلا ئىككىمىزنى مۇشۇ يەرگە ئەۋەتتى، قارىغاندا بوۋايلارنىڭ ئويلايدىغىنى ئوخشاش ئوخشايدۇ ــ ھە؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— شۇنداق ئوخشايدۇ، بۇگۈن قارلىق تاشلاشقا بولارمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى سۇبات.

— هوي، بۇنى ئېسىمگە سېلىپ ياخشى قىلدىڭ، بولمىسا قارلىق تاشلىغاننى بىلمەي ئۆلتۈرۈۋېرمەي يەنە.

بىز قارلىق تاشلاش ھەققىدە پاراڭلىشىپ ئۆيلەرگە قايتىشتۇق. ئۆيگە كىرسەم ئاپام:

— ھېلى قۇتيار مەكتەپكە ماڭىمىز دەپ كىرىپتىكەن، «شىرئەلى ھازىر كېلىدۇ، گۆشناندىن بىر پارچە يەپ ماڭ بالام» دېگىنىمگە ئۇنىماي كەتتى، — دېدى.

— بىرەر نەرسە بەرمىدىمۇ؟

— ياق، ئىشىكتىنلا ئارقىغا ياندى.

مەنمۇ ئالدىراپ ناشتا قىلىپ سومكامنى ئاستىم - دە، مەكتەپكە قاراپ چاپتىم، يول بويى ھېچكىم دەسسىمىگەن قارلىق يەرلەر بىلەن ماڭدىم، قارنى دەسسىگەندىكى ئاۋازنى ئاڭلاشنى بەك ياخشى كۆرەتتىم.

مەكتەپ سەھەردىلا قايناپ - تاشقىنلىققا چۆمگەندى. مەيداندا قار پومزىكى ئېتىشىۋاتقانلار، قار بوۋاي ياساۋاتقانلار، قارغا خەت يېزىۋاتقانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى، سىنىپىمىزنىڭ ئالدىلىرى پاك - پاكىز سۈپۈرۈلگەندى. بىز سىنىپتىكى ساۋاقداشلار مەيدانغا چىقىپ ئەنسەردىن ئېلىپ كەلگەن فوتو ئاپپاراتىدا رەسىمگە چۈشتۇق - دە، ياناشىمىزدا ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ يان تەرىپىدىكى قارا دوسكىغا 6 - ، 7 - يىللىقتا جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىمىز مۇھەممەت مۇئەللىمنىڭ قار ھەققىدە جۇغراپىيەگە ئائىت بىلىملەردىن تەرمىلەر يېزىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. مۇئەللىمنىڭ دېيىشىچە، كېچە ياغقان قار يۇرتىمىزدا يېقىنقى يەتتە يىلدىن بېرى ئەڭ قېلىن ياغقان قار

ئىكەن. دېمىسىمۇ باشلانغۇچنىڭ 4 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقىنىمدا، يەر بېتىنى ياپقۇدەك قار يېغىپ چۈشتىن كېيىن ئېرىپ كەتكەنلىكى ئېسىمدە، شۇ چاغدىمۇ ساۋاقداشلار «قار ياغدى، قار ياغدى» دېيىشىپ خۇشال بولۇشۇپ كەتكەنىدۇق.

بىرىنچى سائەتلىك دەرس قوڭغۇرىقى چېلىنىشقا ئون مىنۇت قالغاندا، غالىب مۇنبەرگە چىقىپ:

— ساۋاقداشلار، بىرىنچى سائەتتە ئەدەبىيات مۇئەللىمىمىزگە بىر قارلىق تاشلاپ باقامدۇق؟ — دېدى، ھەممە بىردەك:

— بولىدۇ! — دەپ جاۋاب بېرىشتۇق.

— ئەمىسە قارلىقنىڭ مەزمۇنىنى ئوقۇپ بېرەيچۇ، — دېگىنىچە ئۇ قارلىقنى ئوقۇشقا باشلىدى:

## «قارلىق»

يازدا ياغلىق تاشلىدۇق،
قىشتا قارلىق تاشلىدۇق.
تۇنجى قارنىڭ ھۆرمىتىدىن،
بىز ئويۇننى باشلىدۇق.
ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە،

شەمشىنۇرنى تاللىدۇق.
ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشكە،
قەلبىنۇرنى سايلىدۇق.
بىر كىشىگە بىر تالدىن،
سېغىز كەمپۈت راسلىدۇق.
......

www.uyghurkitap.com

تۇنجى قارىنىڭ ھۆرمىتى،
يۇرتىمىزنىڭ ئامىتى،
تاغلىرىمىزنىڭ قامىتى،
باغلىرىمىزنىڭ زىننىتىدىن
سىزگە قارلىق تاشلىدۇق.

قارلىق تاشلىدۇق ئەنئەنە دەپ،
سىزدىن مېۋە ـ چېۋە ئالايلى دەپ.
ئۇتتۇۋالسىڭىز بىزلەرنى،
سائىتىڭىزگە قاراپ قويۇڭ،
ۋاقتى ئىككى مىنۇتتۇر،
تۇتالمىسىڭىز ھەربىر ئېغىزغا بىر تالدىن
سۇتلۇك ئىرىس كەمپۇتتۇر...

— قانداق، بولامدىكەن؟ — دېدى ئۇ غادىيىپ، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى.
— قالتىس ئىكەنغۇ! كىم يېزىپ بەردى ساڭا؟
— كىم بولماقچىدى، ئۆزۈم يازدىم.
— ئۆزۈڭ نېمە قىلىپ بېرىسەن؟
— ئەڭ بولمىغاندا ئىتنى دوراپ قاۋاپ بېرىمەن.
— شەمشىنۇر نېمە ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ؟
— قەلبىنۇر تېخى كەلمىدى.
بىز قارلىق ھەققىدە بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىۋاتقاندا، بىرىنچى سائەتلىك دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىندى. ھەممىمىز ئىشىككە قاراپ گۈلھەسەل مۇئەللىمنىڭ كىرىشىنى كۈتتۇق. كارىدوردا «تاق، تاق، تاق...» قىلغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى، ئەڭ ئالدىدىكى ئورۇندا ئولتۇرىدىغان ساۋاقداشلار كەينىگە قاراپ

«كەلدى، كەلدى...» دېيىشىگە، گۈلھەسەل مۇئەللىم كۆلۈمسىرىگىنىچە كىرىپ كەلدى، سالام ـ سەھەتتىن كېيىن يوقلىما قىلىپمۇ ئۆلگۈردى، غالىب سائىتىنى پارتىسىغا ئېلىۋېلىپ سېكۇنتلارنى سانىماقتا ئىدى.

گۈلھەسەل مۇئەللىم نېمىشقىدۇر بۈگۈن ئالدىنقى سائەتلىك دەرسنى سورىمايلا قولىغا بورنى ئېلىپ دوسكىغا يۈزلەندى. سىنىپ ئىچىدە «گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ» باشلاندى، گۈلھەسەل مۇئەللىم سەل ئوڭايسىزلاندى بولغاي، كەينىگە قاراپ «نېمە ئىش بولدى؟» دېگەن نەزەردە ئالدىدىكى قەلبىنۇرغا قارىدى، غالىب دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ مۇئەللىم، بۇر قۇتىسىنىڭ ئاستىغا قاراپ بېقىڭ،ــ دېدى. گۈلھەسەل مۇئەللىم دەرھال قارلىقنى ئېلىپ ئوقۇدى ۋە كۆلۈمسىرەپ:

ــ بولىدۇ، بولىدۇ، چاتاق يوق،ــ دېگىنىچە يانچۇقىدىن ئەللىك يۈەنلىك پۇلنى چىقىرىپ ئەڭ ئالدىدىكى سائادەتكە تەڭلەپ،ــ مەكتەپنىڭ ئۇدۇلىدىكى «ئارمان» تاللا بازىرىدىن كەمپۈت ئېلىپ كىرىڭ،ــ دېدى، سىنىپتا غۇلغۇلا باشلىنىپ كەتتى. گۈلھەسەل مۇئەللىم بىزنى تىنچلىنىشقا ئۈندەپ بولۇپ، قارلىق ئويۇنى ھەققىدە خېلى ئۇزۇن چۈشەنچە بەردى. ئۇ يەنە:

ــ قارلىقتىكى مەزمۇنلار شۇنداق ياخشى ئىكەن. گەرچە مەن يېڭىلىپ قالغان بولسامۇ شۇ بويىچە ئارتۇقچىلىقىڭلارنى جارى قىلدۇرۇپ بېقىڭلار،ــ دېدى.

بىز شۇ بىر سائەت دەرس ۋاقتىدا كەمپۈت يېگەچ قارلىق تاشلاش مەزمۇنىدا قوشاقلارنى توقۇدۇق. بۇ مەن تولۇقسىز 3 ـ يىللىقتا چىقىپ دەرسخانىدىن زېرىكمىگەن بىر كۈن بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قار ياغقاچقىمۇ ياكى باشقا بىرەر سەۋەب بارمۇ بىزنىمۇ شەنبە ـ يەكشەنبە ئىككى كۈن دەم ئېلىشقا قويۇپ بەردى. يولدا ئابلىكىم، جاپپارلار بىلەن ئەتە قۇمتاغقا چىقىپ ئويناپدىغانغا كېلىشتۇق.

سەھەردە يەنە قار توزۇۋاتاتتى. بىز ساياھەت رايونىدىن كىرىپ ئۆستەڭ بويىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ قىرووۋدا ئاپپاق ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ يازدىكى يېشىللىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ تاغقا چىقتۇق. ۋاھ، ئالتۇن رەڭلىك قۇم ئەمدى ئانتاركتىكىدىكى مۇز تاغلارغا ئايلانغانىدى. قۇم ھەيكەللەر بولسا قار ھەيكەللەرگە ئايلانغان بولۇپ تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنەتتى. بىز قۇم ھەيكەللەرنىڭ يېنىغا چىرايلىق قىلىپ قار بوۋاي ياسىدۇق. بىز ئاپپاق قارلارغا ئۆزىمىزنىڭ يۈرەك سۆزلىرىمىزنى يېزىپ ئويناپ، قورساق ئاچقاندا ئۆيگە قايتىشتۇق ۋە ئەتىمۇ كېلىپ ئويناپدىغانغا كېلىشتۇق.

## 3. قۇمتاغدا چاڭغا تېيىلىش

مەن ئاخشام تېلېۋىزورمۇ كۆرمەي ياتقانىدىم. سەۋەبى، سەھەر تۇرۇپ ئابلىزنى يوتقىنىدىن تارتىپ ئويغىتىش ئۇچۇن ئىدى. نەدىكىنى، مەن تاتلىق ئۇخلاپ چۈش كۆرۈۋاتسام، ئابلىز بىلەن پەرقۇزات كىرىپ يوتقاننى ئېچىۋەتتى، چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم.

— ۋاي ـ ۋۇي، مۇشۇنداق ئۇخلاپ ئەلاچى بولىدىغان ئىش بولسا مەنمۇ ئەتىدىن باشلاپ ئۇخلاشنى باشلىۋېتىمەن، — دېدى پەرقۇزات مەن بىلەن قىرىشىپ.

— تېخى بالدۇرغۇ؟— دېدىم سائەتنىڭ ئالتىمۇ بولمىغىنىغا قاراپ.

— مەن ئەتىگەندە بىر سېۋەت سامان يۇيۇپ ئېشەك بىلەن قويلارغا ھەلەپ بېرىۋېتىپ كەلدىم،— دېدى ئابلىز.

— شىرئەلىمۇ مەشكە ئوت يېقىۋېتىپ قايتا ئۇخلىغان ئوخشايدۇ،— دېدى پەرقۇزات مەشتە گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان كۆكيار كۆمۈرىگە قاراپ.

— نەدىكىنى، ھەرقاچان بىلىقىزخان ئاپام ئوت يېقىپ، ناشتىلىقنى تەييارلاپ قويغان گەپ. يارئەلى كۆرۈنمەيدىغۇ؟— دېدى ئابلىز.

— ئۇ بەزىدە مەن بىلەن، بەزىدە ئاپاملار بىلەن ياتىدۇ.

— ھە! سېنى بوۋاڭ بامدات نامىزىغا ماڭغۇچە ئويغىتىۋەتمىگەن ئوخشايدۇ؟— دېدىم كىيىملىرىمنى كىيىۋېتىپ ئابلىزغا.

— قانداق ئىشكىنتاڭ، قىش - ياز ئوخشاشلا سەھەر تۇرۇپ كېتىمەن، يا ئۇيقۇم ياخشىمىكىن مېنىڭ.

— ئۇيقۇسى ياخشى بولسا شۇنداق سەھەر تۇرۇپ كېتەمدىكەن؟— دېدى پەرقۇزات ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ.

مەن يۈز - كۆزۈمنى تېز - تېز يۇيۇپ ئۆگىنىش قىلىدىغان كاڭ جوزىسىغا داستىخاننى سالدىم - دە، ئاپام تەييارلاپ قويغان ناشتىلىقنى ئېلىپ چىقتىم، ئابلىز بىلەن پەرقۇزات جوزىغا كېلىشكە ئۈنىمىدى.

— قىزىق ئىكەنسىلەر، سىلەر قاراپ تۇرساڭلار مەن قانداق ناشتا قىلىمەن،— دېدىم سەل خاپا بولۇپ.

— پەرقۇزات، كېلە، بىرەر توغرامدىن نان يېسەك يەيلى،— دېدى ئابلىز.

— ھالۋىنى ئۈچ تەخسىگە بۆلۈۋېتىپسەن - دە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭكىنى يەپ بولۇشىمىز كېرەككەن، مەن يېيىشنى باشلىۋەتتىم ئەمىسە.

— ئادەتتە بىزنىڭ ئۆيدە ھالۋا ئەتمەيدۇ، ئەجەب يېيىشلىك بوپتۇ. پەرقۇزات سەن يېمىسەڭ سىنىڭكىنى مەن يەۋېتەيمۇ، — دېدى ئابلىز.

— مەنمۇ يەۋېتىدىغاندەك قىلىمەن. راست، بەك ئوخشاپتۇ. ناۋاتتا ئەتكەن ئوخشىمامدۇ؟

— بىزنىڭ ئۆيدىمۇ ئانچە ئەتمەيدۇ، مومام ئاندا - ساندا بەزىدە شېكەردە، بەزىدە ناۋاتتا ئېتىپ بېرەتتى.

— بۇگۈن چوققىغا چىقىشتا بەسلىشىمىزمۇ؟ — دېدىم مەن.

— ياق، تۈنۈگۈن يۈگۈرۈپ تەرلەپ ھۆل بولۇپ كەتتۇق. چوققىغا چىقىشتا بەسلەشسەك تەرلەپ چاپانلارنى يېشىۋېتىپ زۇكام بولۇپ قالمايلى يەنە.

— پەرقۇزات راست دەيدۇ، تۈنۈگۈن كىچىك بالىلار چاپانلىرىنى سېلىۋېتىپتىكەن، جاپپار ئىككىمىز مىڭ تەستە كىيدۈردۇق. ئۆزلىرىچە «ھېچنېمە بولمايمىز» دېيىشىدۇ. زۇكام بولۇپ قالسا ئاتا - ئانىسى بىزدىن كۆرۈشىدۇ؟ — دېدىم.

بىز قۇمتاغقا بارغاندا تۆۋەن مەھەللىلىك بالىلار ئالالىغاچان بىر-بىر ساياھەت رايونىنىڭ ئىچىدە ئويناۋاتقانىكەن. ئابلىكىم بىر قەغەز كورووپكىنى دەسسەپ سىيرىلىپ ئويناپ يىقىلىپ چۈشتى. قۇتيار تۇيۇقسىز:

— شىرئەلى، ئاستىمىزغا يوغانراق قەغەز يەشىكنى قويۇپ قۇمنىڭ ئۈستىدىن سىيرىلساق قانداق بولار؟ — دېدى.

دەرھال ئېسىمگە قۇملۇق ساياھەت رايونىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورنىتىلغان ياي شەكىللىك قۇمدا سىيرىلىش

قەلەي تاختىسى كەلدى. «ئۇنداق قەلەينى نەدىن تاپقىلى بولار؟» مەن ئىسىمگە كەلگەننى ئۇنىڭغا دېۋىدىم، ئۇمۇ يادىغا ئېلىپ ئۇنداق سىيرىلغۇچنى قانداق ياساش كېرەكلىكى ھەققىدە ئويلاندى، ئىككىمىز تەڭلا خۇشال بولۇپ كەتتۇق.

— سەن نېمىگە خۇشال بولدۇڭ؟ — دېدى قۇتيار ماڭا تەبەسسۇم قىلىپ.

— يوغانراق داسقا چۈشۈپ سىيرىلىشنى ئويلاپ قالدىم، — دېدىم مەن.

— داسنى داراڭلىتىپ نەدە يۈرىمىز دەيسەن، توغرا! ئۇن خالتىسى بولامدۇ، ئوغۇت خالتىسى بولامدۇ، شۇنداق خالتا ئىچىگە قەغەز يەشىكنى قاتلاپ سېلىپ، شۇنىڭ ئۇستىگە چىقىپ ئولتۇرساق بولمامدۇ؟

— ۋاھ، ئالامەت ئەقىل بولدى بۇ! — دېدىم مەن خۇشال بولغىنىمدىن.

— ئاۋۋال سىناق قىلىپ باقامدۇق؟

— سىناق قىلساق - قىلمىساق چوقۇم بولىدۇ، يازدا ھېلىقى قەلەي تاختىدا قۇمدا سىيرىلىپ ئوينىغان يەردە، قاردا نېمىشقا بولمىغۇدەك.

بىز مەھەللىلىك بالىلارنى چاقىرىپ بايىقى قۇمدىن سىيرىلىش ئويۇنى ئوينايدىغانلىقىمىزنى دېگەنىدۇق، جاپپار:

— بۇنداق قىلساق بولارمۇ زادى؟ بولىدىمۇ دەيلى، ئاستىمىز مۇزلاپ كېتەرمىكىن، — دېدى.

— شۇڭا، ئاستىمىزغا قەغەز يەشىكنى ئىككى قات ياكى ئۈچ قات قويۇۋالايلى دەۋاتىمىزغۇ؟

— ئۇنىڭدىمۇ توڭلاپ كېتىمەن دېسەڭ، ئۇكاڭنىڭ يۆگىكىنى ئاستىڭغا سېلىۋالساڭ بولىدىغۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— يېرىم يولدا توختاشقا توغرا كەلسە قانداق قىلىمىز؟
— تورمۇز قىلىسەن ـ دە.
— قانداق تورمۇز قىلغىلى بولىدۇ؟
— ئىككى پۇتۇڭنى قۇمغا تىرىسەڭ تورمۇز بولماي نېمە بولىدۇ.

ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق، بىردەمدە ئۆي ـ ئۆيلەرگە تاراپ كەتكەن بالىلار كېرەكلىك ماتېرىياللارنى كۆتۈرۈشۈپ يەنە قۇمتاغ ئېتىكىدە جەم بولدۇق. بىر ـ بىرىمىزدىن خۇشال ھالدا بىرىنچى چوققىغا كېتىۋاتىمىز. بەزىلەر پەلەيلىرىنى سېلىۋېتىپ قار پومزىكى ياساپ كىچىك بارخانلار ئۈستىدىن دومىلىتىپ ئوينىغاچ ماڭاتتى. ئالدىمىزدىن بىر ياۋا توشقان ئۆتۈپ كەتتى، ئابلىكىم بىلەن سۇلايمان تېز يۈگۈرۈپ قوغلاپ باقتى، ھېرىپ قېلىپ كەينىگە يېنىپ كەلدى.

بىز ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ چوققىغا يامىشىۋاتقاندا، بىر ـ ئىككىيلەن «سىناق قىلىپ باقىمىز» دېيىشىپ سىيرىلىپ باققاندى، ئوڭۇشلۇق بولدى. ئۇلار ئۇچقاندەك سىيرىلىپ نەچچە بارخاننىڭ كەينىگە ئۆتۈپ توختاشتى، ئۇلار يەنە خالتىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ چوققىغا ياماشماقتا ئىدى.

بىرىنچى چوققىدا شامال خېلىلا كۈچلۈك ئىدى. بىز بىرىمىزنىڭ كەينىدىن بىرىمىز سىيرىلدۇق، بولمىسا سوقۇلۇشۇپ كېتىپ يارىلىنىدىغان گەپ. بىزنىڭ ۋارقىرىغان، چىرقىرىغان ئاۋازىمىز ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. ياخشى يېرى، قۇمتاغدا ساياھەتچىلەر يوق دېيەرلىك ئىدى.

بىز ئاخىرقى قېتىم چوققىدىن سىيرىلىپ چۈشۈشتىن ئىلگىرى قار پومزىكى ياساپ دومىلاتتۇق.

ۋاھ، مۇشتچىلىك پومزەك تۆۋەنگە دومىلاۋېرىپ تونۇردەك بولۇپ قار بوۋاي ياسىشىمىزغا ئوبدانلا ماتېرىيال بولدى.

قورساق ئېچىپ كۇركىراپ كەتسىمۇ قار تېپىلىشىنىڭ مېھرىدىن كېچەلمەيۋاتاتتۇق. كەچ كىرگەندىلا ھەممىمىز بۇ ئويۇندىن خۇشال بولۇشۇپ، ئەتە يەنە كېلىدىغانغا كېلىشىپ ئۆيلەرگە قايتىشتۇق.

## 4. كېچىدىكى گۇلخان

•ئېگىز چوققىغا چىقىپ - چۇشۇپ قار تېيىلغاچقىمىكىن ياكى ئاچ قورساق كېلىپ قورساقنى تويغۇزۇپ ئىسسىق كاڭدا ياتقاچقىمىكىن بالدۇرلا ئۇخلاپ قاپتىمەن. سەھەر ئويغانسام سائەت ئالتە بولغانىدى. مەن كۆرۈشكە تېگىشلىك ماتېرىياللارنى كۆرۈپ تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلىۋەتكەندىن كېيىن، مەشكە ئاپام تەييارلاپ قويغان تۇتۇرۇق بىلەن كۆمۈر سېلىپ ئۆينى ئىسسىتتىم. يارئەلى بىر خىلدا مۇشۇكتەك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى.

— ئەجەب سەھەر تۇرۇپ كېتىپسەنغۇ، بالام، — دېگىنىچە كىرىپ كەلدى ئاپام بايا ئەخلەت ئالغۇچقا ئېلىپ قويغان كۇلنى ئېلىشقا تەمشىلىپ.

— بولدى ئاپا، كۇلنى ئۆزۈم تۆكىمەن.

— ياق بالام، باشلانغۇچ مەكتەپتە شىنجاڭ سىنىپىغا ئۆتەلمەي كۆڭلۇڭ بەكلا يېرىم بولغانىدى، سېنى ھېچ ئىشقا سالماي بولسىمۇ يۇقىرى نومۇر ئالغۇزىمەن. ماڭ، تالاغا چىقىپ يادلايدىغان دەرسلىرىڭنى يادلا، سەھەردە يادلىساڭ ئۇنتۇپ قالمايسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھە، بۇ دېگىنىڭمۇ توغرا ئاپا!

— بۈگۈن مەن بازارغا بارىمەن، ساڭا نېمە كېرەك، ئالغاچ كېلەي.

— پايپىقىم يىرتىلىپ كەتكەنتى، پايپاق ئالغاچ كەلسەڭ بوپتىكەن. ئاندىن يەنە، بولدىلا...

— نېمە دېمەكچىدىڭ، بالام.

— ئاتامنىڭكىدەك ئېسىل قەلەم دېمەكچى، ئاتام ئۆزىنىڭكىنى بېرىمەن دېگەن، مەن ئۇنىمىدىم، ئۇنى ئوقۇغۇچىلىرى سوۋغا قىلغان تۇرسا.

— مەن ئېلىپ بېرەي ئەمىسە.

— بەك قىممەتكەن ئاپا.

— مەيلى، بالام.

ناشتا قىلماقچى بولۇپ يارئەلىنى ئويغاتتىم، ئۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، مېنىڭ ناشتىدىن كېيىن قومتاغقا ماڭماقچى بولغانلىقىمنى بىلىپ خاپا بولدى.

— نېمىشقا مېنى سەھەر ئويغىتىۋەتمىدىڭ ئۇنداقتا؟

— چاقىرسام تۇيمىدىڭ.

— مېنى سەل ساقلا، تەڭ ماڭايلى جومۇ؟ سېنىڭ نەرسىلىرىڭنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىمەن.

ئۇ ئالدىراش يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ ئازراقلا ناشتا قىلدى. مەن چاپىنىمنىڭ يانچۇقىغا ئىككىمىزگە يەتكۈدەك نان سېلىۋالدىم. تۈنۈگۈنكىدەك قار تېيىلىپ ئويناپ ھاردۇق. ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق ئىدى، قۇياش نۇرىنى ئايىماي چاچماقتا ئىدى. كۈنگەيدىكى قارلار ئېرىشقا باشلىدى. بىز چۈشكە يېقىن قومتاغدىن چۈشۈپ، ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ كىچىك - كىچىك

شارقىراتمىلارنىڭ ئەتراپىدا ساڭگىلاپ قالغان مۇز تاياقچىلەرنى سۇندۇرۇپ ئوينىدۇق.
— توشقان! ئەنە، توشقان!
— تېخى ئىككى ئىكەن، ئەنە ئاۋۇ ياققا قاچتى!
بىز توشقان قوغلاپمۇ هاردۇق. سۇلايمان:
— بۇلتۇر بىز سايبۇلاقتىكى تۇغقانلارنىڭكىگە بارغاندۇق، ئۇلار مېنى بىر كېچىسى توشقان تۇتۇشقا ئېلىپ چىقتى.
— كېچىدە قانداق توشقان تۇتقىلى بولىدۇ، يالغان سۆزلىمىگىنە.
— جىم تۇرۇپ ئاڭلاپ باقمامسەن، ھەممىمىز بىردىن پىروژېكتور ئېلىۋالدۇق دېگىنە، چاتقاللارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، شۇنداقلا پىروژېكتورنى ياقساق توشقاننىڭ كۆزى ئىككى تال چوغدەك يانىدىكەن، يەنە بىرەيلەن كەينىدىن بېرىپ توشقاننىڭ قۇلىقىدىن تۇتۇپ تاغارغا قاچىلايدىكەن.
— نەدىمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش بولسۇن؟
— بىزمۇ سىناپ باقامدۇق ـ يا؟
— بولدى، بۈگۈن كەچتىلا سىناپ باقامدۇق؟
— شۇنداق قىلايلى، قېنى، كەچتە كېلىدىغانلار قول كۆتۈرۈڭلار!
— ۋاھ! ھەممىمىز تەخ بولىدىكەنمىز ـ دە، ئۇنداق بولسا پىروژېكتورىمىزغا باتارېيە قاچىلاپ تەييار قىلايلى، توشقان تۇتۇپ يەيمىز.
ھەممىمىز خۇشال ھالدا ئۆيلەرگە قايتتۇق. مەنمۇ ئاتامغا دەپ توك قاچىلىغىلى بولىدىغان چوڭ پىروژېكتورنى ئالدىم. يارئەلى بولسا مەنمۇ ئالىمەن دەپ تۇرۇۋالغاندى، ئاچچىقىمدا ئۇنى ئۇرۇۋەتكىلى تاس

قالدىم. ئاتام بىزنىڭ كەچتە قۇمتاغ ئېتىكىدىكى ئۆستەڭ بويىدا توشقان تۇتىدىغىنىمىزنى بىلىپ قالسا، ئۆستەڭگە چۈشۈپ كېتىشىمىزدىن ئەنسىرەپ تالاغا چىققىلى قويمايتتى. مەن ئالمان ـ تالمان ئۇنىڭ قۇلىقىغا: «ئاغرىقىنى يۇم، ھېلى بىكار ئاتام ماڭغىلى قويمىسا دەككەڭنى يەيسەن. ئىككىمىزدە بىر پىروژېكتور بولغاندىكەن بولدى...» دېدىم ـ دە، ئۇنىڭ ئىشنى بۇزۇپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئالدىم.

«ئاقتاش، كۆكتاش،
دەريا بويى سۇزۇك تاش.
بىز دەك ئەرلەر قەلەم قاش،
ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟»

ھەش ـ پەش دېگۈچە مەھەللىدىكى بالىلار تەرەپ ـ تەرەپتىن يوغان سېپدە دەرىخى ئاستىغا يىغىلدۇق. ھەممىمىزنىڭ قولىدا دېگۈدەك بىر ـ بىرىدىن نۇرلۇق، يورۇق يانىدىغان پىروژېكتور بار ئىدى، كوچىنى ۋال ـ ۋۇل قىلىپ يورۇتۇپ ئۆستەڭ تەرەپكە يۈرۈپ كەتتۇق. ئۆستەڭدىكى ياز كۈنلىرى شارقىراپ ئاقىدىغان سۇ جىمجىتقىنا ئاقماقتا ئىدى. بىزنىڭ ئاۋازىمىزدىن چۆچۈپ ئۇچۇپ كەتكەن قۇشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئورمانمۇ تىمتاس ئىدى. بىز قۇمتاغ ئېتىكىدىكى قومۇشلۇق، يانتاقلىقلارغا كېلىپ پىروژېكتورنى ياقتۇق، دېگەندەك ئالدىمىزدا نەچچە قىزىل چېكىت يورۇدى. كىمدۇر بىرى:

— يېقىن بارماڭلار، ئۇ دېگەن جىن،— دېمەسمۇ، نەچچە بالا قورقۇپ كەينىگە ياندى.

— نەدىكى جىنكەن ئۇ، قاراپ تۇرۇپ ئىككى توشقاننى قاچۇردۇڭ، بىز بىلەن ئوينىغۇڭ بولمىسا كېتە بولدى،— دېدى جاپپار تۇرسۇنغا ۋارقىراپ.

— سېنىڭ هويلاڭمىتى بۇ؟ كەتكۈڭ كەلسە ئۆزۈڭ كەت.

— بولدى، بولدى سوقۇشماڭلار، ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، هەممىمىز بىر يەرگە توپلىنىۋالمايلى، پىروژېكتورنى هەممىمىز ياندۇرۇۋالماي، يورۇق ياندىغان بىرنىلا ياندۇرايلى، بولمىسا توشقان قېچىپ كېتىدۇ...

بەشىمىز بىر گۇرۇپپىدىن ئىككى گۇرۇپپا بولۇپ بۆلۈندۇق. بىر گۇرۇپپىدىكىلەر غەرب تەرەپكە، بىز شەرق تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. قار ئاستىدىكى قۇم دۆڭلىرىنىڭ يان باغرىلىرىدا ئۆسكەن قۇرۇق يانتاق، قومۇشلارنىڭ ئارىسىغا پىروژېكتور ياقتۇق، نەچچىمىز داڭگال ئېتىپ توشقان قوغلىدۇق. غەرب تەرەپكە ماڭغانلار «ۋاي — ۋۇي» دېيىشىپ ۋارقىرىشىپ كەتتى، بىر چاغدا توشقاننىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئۇلار بىرنى تۇتتى، بىزمۇ بىرنى بولسىمۇ تۇتساق بولاتتى.

— راست دەيسەن، بولمىسا ئاۋۇلارغا بولۇپ بېرىدۇ دېگىنە.

— گەپ قىلما، قارا، ئەنە ئاۋۇ يەردە ئىككى توشقان بار ئىكەن، مەن مۇشۇ يەردە ئۇنىڭ كۆزىگە يورۇق چۈشۈرۈپ تۇرىمەن. سىلەر ئاۋۇ دۆڭنى ئايلىنىپ كەينىگە ئۆتۈپ تۇتۇڭلار،— دېدىم. ئۇلار تىمىسقىلاپ دۆڭنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى.

— تۇتتۇق، تۇتتۇق!— ئۇلار شەپە چىقارماي بېرىپ تۇتۇۋالغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بىزمۇ بىرنى تۇتتۇق!— دەپ چۇقان كۆتۈردۇق بىزمۇ.

— مېنىڭ قولۇمنى توشقان تاتىلىۋالدى، كىمدە قولياغلىق بار، تېڭىۋالاي.

— ۋۇ پالاكەت، توشقانغىمۇ قولۇڭنى تاتىلىتىپ يۈرۈپسەن — دە.

— پەلەي كىيمىگەنمىدىڭ.

— ياق.

— سۇدا بىر يۇيۇۋېتىپ تېڭىۋال، مانا مەندە قولياغلىق بار.

— ياخشىسى قولياغلىقتا تاڭما، قولياغلىق دېگەن كىر، كىر دېگەندە مىكروب بار.

— ۋاي — ۋۇي... نېمە ئۇنچىلىك ئىنچىكىلەپ كېتىسىلەر، ئانچىكىم جىجىلىپ كېتىپتىمۇ...

بىر چاغدا غەربكە كەتكەنلەر بىزنى چاقىردى، بىز بېرىپ ئولاش — چولاش گۈلخان ياقتۇق. گۈلخان ئەتراپىدا ئولجا ئالغان تۆت توشقاننى بىر خالتىغا قاچىلاپ سەكرىشىپ غەلىبە تەنتەنىسى قىلىشتۇق، گۈلخان ئەتراپىنى يورۇتۇپ كۈندۈزدەك قىلىۋەتكەنىدى، ھەممىمىزنىڭ چىرايىدىن خۇشاللىق چىقىپ تۇراتتى. جاپپار:

— ئەتە ئاخشاممۇ كېلەيلى، بۈگۈن قاچۇرۇپ قويغان توشقانلارنى تۇتايلى، بولامدۇ؟— دېيىشتۇق.

گۈلخاننى چۆرىدەپ تاكى چوغ ئۆچكۈچە پاراڭلاشتۇق، ئاندىن چوغنى قۇمغا كۆمۈۋېتىپ مەھەللىگە قايتىشتۇق. يولدا كېلىۋېتىپ جاپپار قاردا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشتى — دە، خالتىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ كېتىپ توشقانلار قېچىپ كەتتى.

بىر — بىرىمىزگە تاپا — تەنە قىلىشىپ كۆڭۈلسىز ھالدا ئۆيلەرگە تاراپ كەتتۇق.

## 5. مەۋسۇملۇق ئىمتىھان

يېڭى يىلنىڭ ئالدىراشچىلىقى بىلەن نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. دەرسلەر ئاساسەن ئۆتۈلۈپ بولۇنغاچقا سەل بوشاپ قالدۇق. بەزىدە مۇئەللىملەر: «ئۆزۈڭلار ئۆگىنىش قىلىڭلار» دەپ ئۆزلىرى مۇنبەردە ئولتۇرۇپ نىمىلەرنىدۇر يازاتتى، بەزىدە ئۆگىنىش ھەيئىتىمىزگە مەشىق ئىشلىتىشنى تاپىلاپ قويۇپ چىقىپ كېتەتتى. نېمىشقىدۇر ماڭا ئۆگىنىش قىلىش زادىلا خۇشياقمايدىغان بولۇپ قالغانىدى، بۇنداق بولغانسېرى ئۆگىنىش ھەيئىتىمىز ئايسارەم مەن قايسى مەشىقنى ئىشلىمىسەم شۇ يەردىن سوراپ تۇرۇۋالاتتى، نېمە دېسەڭ دېمەمسەن دەپ كارىم بولماي ئۆز ئىشىم بىلەن يۈرۈۋەردىم. بىر كۈنى ئايسارەم خاپا بولغان ھالدا: «شىر ئەلى، يۈرە، سىرتقا چىقىپ پاراڭلىشايلى» دېمەسمۇ، مەن بىلەن پاراڭلىشۋاتقان ئابباس بىلەن ئىلشادقا بولۇپ بەردى، بويۇنلىرىمغىچە قىزىرىپ كەتتىم. «بىر قىز بالىدىن قورقۇپ سىرتقا چىقالمىسام قانداق ئوغۇل بالا بولىمەن» دەپ ئويلىدىم ـ دە، ئۆزۈمچە مەغرۇر ھالدا سىرتقا چىقتىم، مەيداندا بالىلار ئويناۋاتاتتى، بىز مەيداننىڭ خالىي يېرىدە تۇرۇپ پاراڭلاشتۇق.

ــ سىزگە نېمە بولدى، خېلى كۈندىن بۇيان خامۇش يۈرۈۋاتىسىز، مەن ياردەم قىلىدىغان ئىش بارمۇ، قانداق؟ ــ دېدى.

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ئۇنى باشلانغۇچ مەكتەپتىكى سىنىپ مەسئۇلىمىز خاسىيەت مۇئەللىمگە ئوخشىتىپ قالدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھېچقانداق ئىشقۇ يوق، نېمىشقىدۇر ئۆگىنىش خۇشياقمايدىغان بولۇپ قالدىغۇتاڭ،— دېدىم مەن يەرگە قاراپ.

— سەۋەبى نېمىدۇر دەپ ئىزدەنمىدىڭىزمۇ؟

— ياق، ئويلاپ باقمىدىم.

— ئۇنداق بولسا مەن پەرىز ىمنى دەپ باقايمۇ؟ خاپا بولمايسىز جۇمۇ!

— دەۋېرىڭ، خاپا بولىدىغان نېمىسى بار.

— يېڭى يىلدا مەن سىزگە بەرگەن ئاتكرىتكىدىكى رەسىمنىڭ مەنىسىنى خاتا چۈشىنىپ قېلىپ...— ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەيۋاتاتتى، ئۇ شەلپەردەك قىزىرىپ يىراقلارغا بىر نەزەر سالغاندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى،— كۆڭلىڭىزدە داۋالغۇش بولدىمىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدىم، بىز تېخى كىچىك... يەنە كېلىپ...

— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟

— ئۇنداق ئاتكرىتكىنى «ب» سىنىپتىكى ئايقىزمۇ، «د» سىنىپتىكى ھۆرلىقامۇ بەرگەن تۇرسا، ئۇنىڭدا قانداق مەنە بولماقچىدى. شۇ، بىرى يوغان، بىرى كىچىك ئېچىلغان گۈلغۇ؟

— نېمە؟ ئۇلارمۇ سىزگە شۇ خىلدىكى رەسىمنى بەردىمۇ؟

— شۇنداق، ئۇلار دېگەن باشلانغۇچتا بەش يىل، تولۇقسىزدا ئىككى يىل بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىم، مەنمۇ ئۇلارغا...

گېپىمنىڭ ئاخىرى چىقماي تۇرۇپلا ئايسارەم سىنىپ بىناسىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى، بىزگە دىققەت قىلىپ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ دوقمۇشىدا تۇرغان ئىلشاد يېنىمغا كەلدى.

— نېمە دەپ خاپا قىلدىڭ ئاۋۇ سېرىق ھەرىنى؟
— ھېچنېمە دېمىدىم.
— ئەمىسە كۆزىنىڭ يۇندىسىنى ئېقىتىپ كېتىۋاتىدىغۇ ئۇ؟
— تاڭەي، بىلمىدىم.
— ئۇنداق ئەمەستۇ؟ — دېگىنىچە ئىلشاد كۆزۈمگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇۋالدى، مەن چوقۇم بىرنېمە دەپ قۇتۇلۇشۇم كېرەك ئىدى.
— نېمە بولماقچىدى، يېقىندىن بېرى ئۆگىنىشتە چېكىنىپ كەتتىڭىز، سىزگە نېمە بولدى؟ قىينالغان يېرىڭىز بولسا ياردەم قىلىمەنمۇ دەيدۇ.
— سەن نېمە دېدىڭ؟
— نېمە دېمەكچىدىم، سىزدىن سورىمىسامىمۇ بىلەلەيمەن، — دېدىم.
— ئەخمەق، بىر پارتىدا ئولتۇرايلى، مۇڭدىشايلى دېسەڭ بولمامدۇ؟
— ۋاي قېرى، بارە نېرى...
تۇرۇپلا ئىلشادنىڭ سۆزلىرىنى ئويلاپ قالدىم. ئايسارەم نېمە ئويلىغان بولغىيتتى؟ مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولغىيمىتى ـ يە؟ ياق، مەن ئۇنداق ئارتۇق خىياللاردا بولماي جۇمۇ! خەق تۇز كۆڭۈللۈك بىلەن چىن كۆڭلىدىن ياردەم قىلاي دەۋاتسا، مەن خاتا چۈشەنسەم بولماس.
شۇ ئىشتىن كېيىن ئايسارەم بۇرۇنقىدەك چاڭىلداپ سۆزلىمەيدىغان، ئوتتۇرىغا چىقىپ ساۋاقداشلاردىن ئۇنى ـ بۇنى سوراپ ئاتىكارچىلىق قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى، ئۇ سىنىپ مەسئۇلىمىز تاپشۇرغان بىر جەدۋەلنى تولدۇرماقچى بولۇپ ھەممە ئوقۇغۇچىنىڭ

يېنىغا باردى، پەقەت بىزنىڭ پارتىمىزنىلا ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتتى.

— بىزنىڭكىنى يازمامسىز؟ — دېدى ئىلشاد.

— يېزىپ بولغان؟

— قېنى، مەن ئۆزۈمنىڭكىنى كۆرىمەن.

— كۆرسەتمەيمەن.

— كۆرسەتمىسىڭىز يېزىلىڭ، پىكرىمىز چىقىدۇ جۇمۇ!

مەن: «ئۇنىڭ بىلەن تاكاللاشما» دەپ ئىلشادنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدىم، ئىلشاد جىمىپ قالدى.

— ئۆگىنىشىمىز مۇشۇنداق جىددىي تۇرسا، ئۇنى كاشىلا قىلما، يېرىم سائەت ۋاقىت چىقىرىپ سەن قىلىپ باقە مۇشۇ ئىشنى؟ — دېدى غەيرەت.

— شىرئەلى ئىككىمىزنى ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتكەنتى، سوراپ قويدۇم، بۇنىڭ نېمىسى يامان؟

— بولدى قىلىڭلار ساۋاقداشلار، — دېدى ئايسارەم تەمكىن قىياپەتتە.

ئىمتىھان باشلىنىپ كەتتى، ئادەتتە مەكتىپىمىزدە ئىمتىھان ئېلىنىۋاتقان كۈنلەردە يوقلىما قىلىنمايتتى. شۇ پەنگە ئائىت كىتاب - ماتېرىياللارنى ئەكېلىپ ئۆگىنىش قىلىساق ياكى شۇ ئىمتىھانغا ئۇلگۇرۇپ كەلسەكلا بولاتتى. تازىلىق نۆۋەتچىلىكى كەلگەنلەر سىنىپ ۋە مەيداننى قولىنىڭ ئۇچىدىلا تازىلاپ قوياتتى، مەكتەپنىڭ بارلىق تەرتىپى بۇزۇلۇپ كەتكەندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

ئىمتىھاندا قېرىشقاندەك ئايسارەم بىلەن ئالدى - كەينى بولۇپ ئولتۇرۇپ قاپتىمەن، ئىمتىھانغا كىرىش ۋاقتىدىلا ئەمەس، ئادەتتىكى سىناققا كىرىش ۋاقتىدىمۇ ئېچىلىپ گەپ قىلىشمايۋاتاتتۇق، ئىككىنچى قېتىملىق

ئىمتىھان فىزىكا ئىدى، ئۇ تۇيۇقسىز كەينىمگە قاراپ:
— پايدىلىنىش ماتېرىيالىدىكى تۆتىنچى بابنىڭ مەشىقىنى ئىشلەپ بولغانمىدىڭىز؟ — دەپ سوراپ قالدى.
— ئىشلەپ بولغان، بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟
— مەن، مەن ئىشلىيەلمىگەنىدىم.
— ئىمتىھاندا چىقىپ قالسا سىزگە دەپ بېرەي، — دېدىم مەن خۇددى دەپ بېرەلەيدىغاندەك قىياپەتتە.
ئۇنىڭ چىرايىدا مەمنۇنلۇق جىلۋىلەندى. «ئەسلىدە ئىمتىھاندا يېقىن ئولتۇرىدىغانلىقىمىزنى سىنىپ مەسئۇلىمىز ئارقىلىق بىلىۋاپتىكەنسەن ـ دە، قاراپ تۇر، ساڭا دەپ بېرىش ئۈياقتا تۇرسۇن، كەينىڭگە قارىساڭمۇ قەغىزىمنى كۆرسەتمەيمەن» دېدىم ئىچىمدە.
ئىمتىھان باشلاندى، قېرىشقاندەك ھېسابلاش سوئالىنىڭ ئىككىنچىسىنى قايسى فورمۇلاغا سالسا بولىدىغانلىقىنى زادىلا بىلەلمىدىم، باشقا جايلارنى پۇ ئاتقانلىق ئەمەس، ئون بەش مىنۇتتا ئىشلەپ بولدۇم، قەلەمنى چىشلەپ ئويلاپ خېلى ئولتۇردۇم. بىر چاغدا ئالدىمغا قارىسام ئايسارەم ھەممە سوئالنى ئىشلەپ بوپتۇ. «خەپ، مەندىن يۇقىرى نومۇر ئېلىۋالىدىغان بولدۇڭ ـ دە» دەپ ئويلىدىم ـ دە، چىقىپ كەتمەكچى بولدۇم.
— ئىشلەپ بولدىڭىزمۇ؟ — دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئويلىمىغان يەردىن.
— ھە، — دېدىم مەنمۇ ئىشلەپ بولالمىغىنىمنى يوشۇرۇپ.
ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەينىمگە قارىدى ـ دە، مېنىڭ ھېسابلاشنىڭ ئىككىنچىسىنى ئىشلىمىگەنلىكىمنى كۆرۈپ قالدى بولغاي، ئىمتىھان قەغىزىگە بىرنەرسە يازغان بولۇپ «پىشاڭ» دېدى پەس ئاۋازدا. شۇ ھامان بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھېسابنى كاللامدىلا ئىشلەپ بولدۇم. لېكىن، ئىشلەيمۇ ـ ئىشلىمەيمۇ دەپ ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. «نېمىشقا ئۇ دەپ بەرگەننى يازغۇدەكمەن؟ ياق يازماي، ھەقىقىي بىلىمىمنى سىناپ كۆرمەمدىمەن؟! ھەي، يەنىلا يازاي جۇمۇ، بۇ دېگەن كۈتۈلمىگەن ئامەت ئەمەسمۇ، نېمىشقا يازمىغۇدەكمەن...» دېگەنلەرنى ئويلاپ خېلى ۋاقىت ئارىسالدى بولدۇم. ئاخىر مۇئەللىم تارقاتقان ئاق قەغەزگە ئىشلەيمۇ بولدۇم، بىراق بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتىم، ئىمتىھان نازارەتچىسى يېنىمغا كېلىپ بىر قۇر قارىۋېتىپ كېتىپ قالدى. قارىغاندا، ئۇ فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولسا كېرەك، ئاخىر كۆڭلۈمنى توختىتىپ يازدىم ـ دە، چىقىپ كەتتىم.

ئىمتىھانلار تۈگىدى. «ئۇھ» دەپ ئارام ئېلىپ ئىككى كۈن ئۆتكەندە سىنىپ مەسئۇلىمىز گۈلھەسەل مۇئەللىم كىرىپ كەلدى.

— ساۋاقداشلار، مەكتەپ رەھبەرلىكى ئەستايىدىل ئويلىشىش ئارقىلىق بۇ يىل ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەتىلدە ئىككى ھەپتە ئوقۇيدىغانلىقىنى قارار قىپتۇ، — دېدى، شۇ ھامان سىنىپ ئىچىدە: «ئۇھ، ھېرىپ كەتتۇق» دېگەن سادالار كۆتۈرۈلدى. گۈلھەسەل مۇئەللىم:

— «جاپانىڭ تېگى راھەت» دېگەن گەپ بار ساۋاقداشلار، غەيرەت قىلىڭلار! ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئۆتۈپ كەتسەڭلار ئائىلەڭلەرنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىپلا قالماي، بەلكى، ئىستىقباللىڭلارمۇ پارلاق بولىدۇ...

مەۋسۇملۇق ئىمتىھان ھەلەكچىلىكىدە نەتىجىلەر چىققۇچىلىك ئۈچ كۈن ئارام ئالغان بوپتىمىز، تەتىلدە

قىلىمەن دېگەن ئىشلىرىمنىڭ بىرىنى قىلالمايدىغان ئوخشايمەن، مەھەللىلىك بالىلار بىلەن قازانقۇمغا بېرىپ قار تېپىلمىز دېگەنلىرىمچۇ تېخى! ھەي، قار ئېرىپ كەتمەي تۇرسا بولاتتىغۇ.

ئايسارەم سىنىپ بويىچە بىرىنچى بولغانىدى، مەن ئىككىنچى بولغانىدىم. ئەگەر ھېلىقى ھېسابنى ئايسارەم دەپ بەرمىگەن بولسا، مەن ئىككىنچى بولالمىغان بولاتتىم. ياقەي، ئۇ ھەممىنى دەپ بەرمىدىغۇ، پەقەت «پىشاڭ»لا دېدىغۇ!؟ بۇنى قانداقمۇ دەپ بەردى دېگىلى بولسۇن؟ بىراق، مەن ئۇ دەپ بەرگەن سۆزنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ھېسابنى ئىشلەپ بولدۇم ئەمەسمۇ!

نېمىشقىدۇر بۇ مەۋسۇملۇق ئىمتىھان كۆڭلۈمدە بىر خىل غەشلىك پەيدا قىلىپ قويدى، قۇمتاغقا بېرىپ قار تېپىلىش ئارزۇلىرىم يوققا چىقىدىغان ئوخشايدۇ...

www.uyghurkitap.com

بەشىنچى باب

# قىشلىق تەتىل

## 1. ئىستېرېئولۇق كىنو

تەتىلدە ئوقۇيدىغان گەپ بىلەن ھەممىمىزنىڭ دېمى ئىچىمىزگە چۈشۈپ كەتتى، ئادىل قاتارلىق بەشەيلەن ئىككى كۈن كەلمىدى، مەكتەپ دېگەن ئوقۇغۇچىلار بولسا مەكتەپ ئىكەن. تولۇق 3 ـ يىللىقلارنىڭ سىنىپى تۆتىنچى قەۋەتتە بولغاچقا، پەسكە ئانچە چۈشمەيتتى. ئۈچىنچى سائەتلىك دەرس ۋاقتىدا قورسىقىم ئاغرىپ كېتىپ ھاجەتخانىغا چىققانىدىم، مەكتەپ ئىچىنى غېرىبلىق بېسىپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

پەقەت يۇقىرى ئۆرلەش ئىمتىھانى ئېلىنىدىغان دەرسلەر ئۆتۈلىدىغان بولغاچقا، كۈنلىرىمىز زېرىكىشلىك ئۈستىگە زېرىكىشلىك تۇيۇلاتتى. مۇئەللىملەر دەرس سۆزلەپ بەزى مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرگىچىلىك «توغرىمۇ، شۇنداقمۇ» دېسە، جىمىلا ئولتۇراتتۇق. بەزىدە ئايسارەمدەك ئاكتىپلار ئانچە ـ مۇنچە «سايراپ» قوياتتى، مۇئەللىملەرمۇ ئارتۇق بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. بىز تەتىل قىلدۇق دېگەنلىك ــــ مۇئەللىملەرمۇ تەتىل قىلدى دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟! نەلەردىن تاپىدىكىنتاڭ، يېڭى ـ يېڭى پايدىلىنىش

ماتېرىيالى تېپىپ كېلىپ شۇنى ئىشلىتەتتى. ۋاقتىنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ سىنىپتا رۇخسەت سورايدىغانلار كۆپىيىپ قالدى. ئەلۋەتتە، مەنمۇ: «بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ» دەپ رۇخسەت سوراپ قۇمتاغقا قار تېيىلغىلى چىقتىم. قار قېلىن ياغقان بۇنداق قىشتا ئويۇن ئوينىغانغا يېتەمدۇ! ئون نەچچە يىلدىن بېرى بىر قېتىم ياغقان مۇنداق قېلىن قاردا ئوينىۋېلىش ئەلۋەتتە كۆڭۈللۈك ئىش دە! بىراق، ئاتامغا: «بۈگۈن ئىمتىھان ئالغانىدى، بىرىپ بولۇپ يېنىپ كەلدىم» دەپ يالغان ئېيتقانىدىم.

يەنە شۇ زېرىكىشلىك دەرسخانا! ھەممىمىز ھارغىن كۆرۈنەتتۇق، تەنەپپۇستا سىنىپقا ئىلشاد بىر تۇتام قەغەزنى كۆتۈرۈپ كىردى.

— چۈشتىن كېيىن سائەت بىر يېرىمدا كىنوخانىدا ئىستېرېئولۇق كىنو قويۇلىدىكەن، بارىدىغانلارغا مانا ئېلان ۋارىقى، — دېدى ئۇ.

— بېلەت باھاسى قانچە پۇل ئىكەن؟

— سەككىز يۇەن.

— نېمانچە قىممەت؟

— بۇ ئېلان ۋارىقىنى كۆتۈرۈپ بارساڭ سەككىز يۇەن، بولمىسا ئون بەش يۇەن ئىكەن.

— ماڭا بىرنى بەر.

— ماڭا بىرنى...

— بۇنى كۆتۈرۈپ بېرىپ بېلىتىنى ئالساڭ، كۆزئەينىكىنى بېرىدىكەن.

— ئۆتكەندە بىز كۆرگەن، بەك قورقۇنچلۇق. كىنودا ئوقيا ئاتقانىدى، مېنىڭ كۆزۈمگە ئېتىلغاندەك بولۇپ ۋارقىرىۋەتكەنىدىم.

— دەرسكە قانداق قىلارمىز ئەمدى؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— مەن بارمايمەن.

— بەزىبىر ئاكتىپلار مۇئەللىمگە دەپ قويمىسىلا بولاتتىغۇ...

— دەپ قويسا قويسۇن، بۇ كىنونى كۆرگىنىم كۆرگەن.

بىز سىنىپتىكى يەتتە - سەككىز ساۋاقداش چۈشلۈك تامىقىمىزنى يەپ بولۇپلا كىنوخانا ئالدىدا كۆرۈشمەكچى بولدۇق. مەن بۇلتۇر ئىستىرىئولۇق كىنو قويغاندا ئاغرىپ قېلىپ كۆرەلمىگەنىدىم. بۇ دېگەن بىر پۇرسەت، كۆرۈشۈم كېرەك. ئەگەر ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئۆتۈپ كەتسەم، ئۆگىنىشنىڭ جىددىيلىكىدە ئىستىرىئولۇق كىنو كۆرۈش نېسىپ بولامدۇ - بولمامدۇ، بۇنى بىلمەك تەس.

قېرىشقاندەك ئاپامنىڭ تامىقى پىشمايۋاتاتتى. «ھەي، تاماق يېمەي ماڭسام تېخى بولمىسا...» ئاپام مېنىڭ ئالدىراۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ ھەرىكىتىنى تېزلەتتى. «ئۇھ» تاماقنى تېزلا يەپ كىنوخانىغا چاپتىم، دېگەندەك ساۋاقداشلىرىم ساقلاپ تۇرۇپتۇ. كىنوخانىدا ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا چوڭلار يوق دېيەرلىك ئىدى، بىز «نۆۋەتلىك سىنىپ» نىڭ ئوقۇغۇچىلىرىلا ئەڭ ئاز ئىدۇق، پەرقۇزات بىلەن جاپپار يېنىمىزغا كەلدى.

— سىلەر بۈگۈن ئوقۇمىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى جاپپار.

مەن «ياق» دەي دەپ تۇرۇشۇمغا، ئىلشاد:

— خەنزۇچىدىن تېكىست يادلاپ بولغانلار يېرىم كۈن دەم ئالدۇق، — دېدى ئالمان - تالمان.

— ئەمىسە بىللە كۆرەيلى، مەن سىلەرنى دەرس ئوقۇيدۇ دەپ...

كىنوخانا ئىچى ۋاراڭ - چۇرۇڭ بولۇپ كەتكەنىدى.

گۇڭگا چىراغ يورۇقىدا سەللا يىراقتىكى كىشىلەرنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. بىز ئورنىمىزدا ئولتۇرۇپ كۆزئەينەكلەرنى تاقاپ باقتۇق.

— بىر كۆزنىكى قىزىل، بىرى كۆك ئىكەن، قىزىق ئىش - دە بۇ! مۇشۇنى تاقىمىساق كىنو غۇۋا، تۇتۇق كۆرۈنىدىكەن...

— بۇ كۆزئەينەكنى ساقلاپ قويۇپ كېيىن سېتىۋالمايلا كۆرسەك بولغۇدەك - ھە، — دېدى مۇرات.

— سودىگەر دېگەن ھامان پايدا - زىيان بىلەن ھېسابلىشىدۇ مانا، كېلەر قېتىم بىر كۆزى سېرىق، بىر كۆزى يېشىل كۆزئەينەكلىك قىلىپ قويىسىچۇ؟

— شۇنداقمۇ بولامدىكەن تېخى!

— ئەلۋەتتە، كىنوخانىدا ئىشلەيدىغان قوشنىمىزنىڭ دېيىشىچە، بۇ خىلدىكى كۆزئەينەكنى يەتتە خىلدىن ئوشۇق دەيدىغۇ؟

— بىر كىنونىڭ كۆزئەينىكى بىلەن يەنە بىر كىنونى كۆرگىلى بولمايدۇ دېمەكچىمۇ سەن؟

— شۇنداق.

چىراغ ئۆچۈشى بىلەن ئىسقىرتىش، ۋارقىراشلار بېسىقتى. كىنو باشلىنىپلا بىر پىل خارتۇمى بىلەن ئوت يېمەكچى بولۇپ خارتۇمىنى شۇنداق سوزۇشىغا «ۋاي» دەپ بېشىمنى كەينىمگە داجىتىپ كۆزئەينىكىمنى ئېلىۋەتتىم، باشقىلارمۇ شۇنداق قىلغانىكەن، ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. كىنو تۈگىگىچە قانچە قېتىم بېشىمنى ئەپقاچتىم بىلمەيمەن، لېكىن باشقىلارغا چاندۇرمىدىم. كىنو ئاخىر تۈگىدى، سىرتقا چىقىپ بايىقى قىزىقچىلىقلارنى دوراپ كۈلۈشۈپ ماڭدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— يەنە بىر مەيدان كۆرەمدۇق - يە؟ — دېدى ئادىل نەچچىمىز قالغاندا.

— ئەمدى پۇل يوق، — دېدى ئىلشاد.

— ئامالىنى قىلىمەن. ئىككىنچى قېتىملىق كىنو قويۇلىدىغانغا ئوتتۇز بەش مىنۇت ۋاقىت بار ئىكەن، قوشنىمىزغا دەپ باقسام كىنوخانىنى تازىلاشقا ياردەملەشسەك بىر قېتىملىق كىنونى بىكارغا كۆرسەتسە ئەجەب ئەمەس.

— قانداق بولار؟ ماقۇل دەرمۇ؟ — دېدىم مەن ئىككىلىنىپ، — بىزنىڭغۇ تازا كۆرگۈمىز بار ئىدى، مەيلى دەپ باق، ئاداش.

— مەكتەپكە بارمىدۇق، تاز بولساڭ گەدەنگىچە بول دېگەن گەپ بار. بۇ تاپتا بارغان بىلەنمۇ گۈلھەسەل مۇئەللىمنىڭ تاپا - تەنىسىگە قالىدىغان گەپ، ئەتە بىراقلا بارمامدۇق.

— دەپ باقاي ئەمىسە.

ئادىل كىنوخانىغا كىرىپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا سىنىپىمىزدىكى ئايسارەم قاتارلىق نەچچە قىز ساۋاقداش كىنوخانا ئالدىدىن ئۆتۈپ قالدى، بىز ئۆزىمىزنى چەتكە ئالغۇچە ئۇلار يېنىمىزغا كېلىپ:

— ھە قاچقۇنلار، كىنو كۆردۈڭلارمۇ؟ قىزىقمىكەن؟

— قىزىق بولمايچۇ؟ سىلەرنىڭمۇ كۆرگۈڭلار بارمۇ؟ — دېدى ئادىل خۇشال ھالدا كىنوخانىدىن چىقىۋېتىپ.

— ئادىل، قىزلارنى مېھمان قىلىدىغان ئوخشىمامسەن؟ — دېدى ئىلشاد چاقچاق قىلىپ.

— چاتاق يوق، سىنىپىمىزنىڭ ئەلاچىلىرىنى بىر

مەيدان كىنوغا تەكلىپ قىلىش مەن ئۈچۈن شەرەپ، قېنى يۈرۈڭلار!

— ئۈچىنچى مەيدان كىنوغا كىرىدىغانلار ئاز، ئىككىنچى مەيداندىمۇ بىرمۇنچە ئورۇن بوش قالدى. تازىلاپ بېرىپ كۆرۈۋېلىڭلار دېدى، بىكارغا كۆرمەيمىز، كىنوخانىنى تازىلاپ بېرىمىز.

بىز قوللىرىمىزغا سۈپۈرگە ئېلىپ تەرەپ - تەرەپتىن تازىلاپ كىنوخانىنى بىردەمدە پاكىزلىۋەتتۇق. ئۇنىڭچە ئايسارەم بىلەن قەلبىنۇر سىرتتىن گازىر ئېلىپ كىرىپ ھەممىمىزگە بىر سىقىمدىن تارقاتتى.

كىنو باشلاندى، قىزلار «ۋايجان، ۋاي» دەپ ۋارقىراپ ئولتۇرالماي قالدى، ئۇلار ھە دەپ ئۆزلىرىنى ئۇياق - بۇياق قاچۇراتتى، ئايسارەم نەچچە قېتىم مۈرەمگە بېشىنى ئۇرۇۋالدى، ماڭا كىنو بايىقىدىنمۇ تېز تۈگىگەندەك تۇيۇلدى. «ھەي، يەنە يېرىم سائەت داۋاملاشقان بولسا - ھە» دەپ ئويلاپ قالدىم. كىنو تۈگەپ ھەممىمىز ئالدىراش تالاغا ماڭدۇق، قىش بولغاچ گۇگۇم چۈشۈپ بولغانىدى.

— قانداق، كىنو قىزىقمىكەن؟ — دېدى ئادىل ئايسارەمگە قاراپ.

— بەك قورقۇنچلۇق ئىكەن، بولۇپمۇ ئاۋۇ كۆزئەينەكلىك يىلاننىڭ... ۋاي ئويلىسامىلا قورقىمەن.

— يىلاننىڭ خارتۇمىچۇ تېخى...

بىز خوشلىشىپ ئالدىراش ئۆيلىرىمىزگە راۋان بولدۇق، مەن مەھەللىگە كېلىشىمگە، قۇمتاغدىن قار تېپىلىپ كەلگەنلەر ھارغىن ھالدا ئۇچرىدى. يىراقتىن تۇمان ئىچىدىكى قۇمتاغقا قاراپ بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ كەتتىم.

www.uyghurkitap.com

## 2. تاغلىق كەنت

قىشلىق تەتىللىك تەكرار قىلىش ئاخىرلىشىپ ئىككى كۈندىن كېيىن ئاتام ھۇجرامغا كىرىپ:

— بالام شىرئەلى، مېنى ئۆگىنىشكە بەك قىستىدى دەپ قالدىڭ — ھە، باشلانغۇچنى پۈتكۈزگەندە شىنجاڭ سىنىپىغا ئۆتەلمەي يىغلىغىنىڭ ھېلىمۇ قۇلاق تۈۋىمدە، سەن شۇ كۈنى بىر كۈن تالاغىمۇ چىقماي يىغلىغانىدىڭ، مانا، ئىككى يېرىم يىل تىرىشتىڭ، يەنە بىر مەۋسۇم چىشىڭنى چىشلىۋەتسەڭ كۆزلىگەن نىشانىغا ھامان يېتىسەن، — دېدى.

— ئاتا، سەنچە شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدا ئوقۇش ھەقىقەتەن مۇھىممۇ؟

— ئەلۋەتتە مۇھىم بالام، بىرىنچىدىن، ئىستىقبالىڭ پارلاق بولىدۇ، ئىچكىرىدىكى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇيالايسەن؛ ئىككىنچىدىن، ئائىلىمىزنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتەلەيسەن، ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، مەن بىر ئادەم مائاش ئالىمەن، يارئەلى ئىككىڭلارنىڭ يېرىڭلار يوق، ئاپاڭ ئائىلە ئايالى، بىر كىشلىك يېرى بار... ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپاڭمۇ كېسەلچان بولۇپ قالدى.

— بولىدۇ ئاتا، مەن تىرىشىپ باقاي.

— بولىدۇ، ئۆتەلمىسەڭمۇ مەيلى، ئۆزۈڭنى بىر سىناپ كۆر.

— ئۆتكەندە سەن كۆكيارغا ئېلىپ بارىمەن دېگەنىتىڭغۇ؟

— ئۆگۈنلۈككە ماڭىمىز، ئۇ يەردە بوۋاڭ بىلەن بىر نەۋرە تۇغقىنىمىز بار.

— بوۋامموُ بارامدۇ؟
— باربدۇ، يارئەلى ئاپاڭغا ھەمراھ بولۇپ قالىدۇ.
— يارئەلى يىغلايدىغان بولدى ـ دە.
— يىغلاپمۇ يۈرمەس.

ئاربدا نەچچە كۈن ھاۋا ئىسسىپ قار ئاساسەن ئېرىپ كەتكەچكە، قۇمتاغدا قار تېپىلىدىغان ئىشىمىزمۇ يوق بولغانىدى. مەھەللىدىكى باللار قولىمىزغا بىردىن كالتەك ئېلىپ «كۆچ ـ كۆچ» توپ ئويناپمۇ زېرىككەنىدۇق، كەچتە بولسا تېلېۋىزوردا يەنىلا تەكرار فىلىملەر قويۇلاتتى، مۇشۇنداق كۈنلەردە يىراق تاغلىق كەنتكە بېرىش مەن ئۈچۈن تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىش ئىدى.

بۈگۈن سەھەردىلا كۆكيارغا قاراپ يولغا چىقتۇق، ھەقىقەتەن يىراقتىن كۆكۈچ كۆرۈنىدىغان تاغلار بارغانچە يېقىنلاشماقتا ئىدى. كۆكيار تاغلىرى تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي بۆلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆكيارنىڭ تۆۋىنىدىكى تاغ چالقان تېغى، كۆكيارنىڭ شەرقىدىكى تاغ كۆكيار تېغى دەپ ئاتىلاتتى.

مەن يول بويى ئەتراپنى بوۋامدىن سوراپ ماڭدىم. بىز تۆمۈريولغا كەلگەندە، يوك پويىزى شەرققە قاراپ كېتىۋاتقانىكەن. مەن پويىزنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم بولغاچقا، ۋاگونلارنى ساناپ باقتىم. كىچىك تېپتىكى ئاپتوبۇستىكى كۆكيارلىق كىشىلەر مېنىڭ ھەممە نېمىگە قىزىقىپ سوراشلىرىمغا ئېرىنمەستىن جاۋاب بېرەتتى، ئىككى رەت ئارقىمىزدىكى ئورۇندا مەندىن سەل پاكار بىر بالا ئولتۇرغانىكەن، ئىككىمىز ئوبدانلا تونۇشۇپ قالدۇق، ئۇ كۆكيارغا بارغاندا مېنى تاغقا ئاچىقماقچى بولدى، ئۇنىڭ ئىسمى قاھار ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەن تاغ دېسە ئىگىز ـ ئىگىز چوققىلار، زىچچىدە ئورمانلار بىلەن قاپلانغان دەپ ھېس قىلاتتىم. ئاپتوبۇس مەنزىلگە يەتكەندە، يالىڭاچلانغان ياڭاق، جۇجەم، ئۆرۈك دەرەخلىرىگە قاراپ مەھەللىمىزنى ئەسلىدىم. تاغلىق يېزىغا كەلگەن بىرىنچى كۈنى ئەھلىمەھەللە بىلەن كۆرۈشىمىز دەپ ئۆتتى.

تاغ ھاۋاسى سوغۇق بولۇپ، سوغۇق شامال يۈزلەرگە يىڭنىدەك سانجىلاتتى. كۆكيارلىكى تۇغقىنىمىزنىڭ ئىسمى ھېيتئاخۇن ئىدى. ھېيتئاخۇن بوۋام قارا كۆز، قوش بۇرۇن، مەڭزى قىزىل، چار ساقال، كۈچلۈكلۈكى مېڭىشلىرىدىنلا چىقىپ تۇرىدىغان يېشى ئاتمىشلارغا بېرىپ قالغان كىشى ئىدى.

ــ شەرىپىدىن ئەپەندى بولدۇم دەپ ئۆزۈن بولدى بۇ تەرەپلەرگە چىقمىغىلى، مانا بىر ئوبدان چىقىپسىلەر. كۆڭۈل ئاغرىقى بولۇۋاتقان شۇ يىللاردا تەتۈر قاراشتۇق، ئەمدى ياراشتۇق، مەنمۇ بازارغا بارغاندا سىلەرنىڭكىگە كىرىپ ئۆتىمەن، سىراجىدىن مالاكا، سەنمۇ مەندىن رەنجىمە...

مەن بۇرۇن تۇغقانلار ئارىسىدا بىر كېلىشمەسلىك بولغانلىقىنى پەملىدىم، نېمە بولسا بولسۇن، تۇغقانلار جەم بولدۇق. ھېيتئاخۇن بوۋام كەنجى ئوغلى ھېسامىدىن بىلەن بىللە تۇرىدىكەن. ھېيتئاخۇن بوۋامنىڭ مەن بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئوغۇل نەۋرىسى يوق ئىكەن، بىز كەچتە تاغ ياپىنىسى يەپ ئۇخلاپ قالدۇق.

سەھەردە تاغ شامىلىغا يۈزلىنىپ ئاتام ئىككىمىز يوغان ـ يوغان قورام تاشلىق قورۇق ئىچىنىغا چۈشتۇق. ئاتام يىراقلارغا قارىغىنىچە، ھېيتئاخۇن بوۋام بىلەن بوۋاملار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى سۆزلەپ بەردى...

— شۇنچىلىك بىر ئېغىز گەپ بىلەنمۇ دۈشمەنلىشىپ قالىدىغان ئىش بولۇپتىكەن - ھە؟ — دېدىم مەن تەئەججۈپلىنىپ.

— شۇنداق، قېرى - ياش، ئەر - ئايال، ئۇرۇق - تۇغقان دېمەي دۈشمەنلەشكەن. ھەي، ئۇ چاغلاردا بىزمۇ قولىمىزغا قىزىل يەڭلىك تاقاپ، نەگە بار دېسە شۇ يەرگە بېرىپ، كىمنى ئوتتۇرىغا چىقار دېسە، شۇنى ئوتتۇرىغا تارتىپ چىقىرىپ يۈرۈپتىكەنمىز...

— سەن ھېيتئاخۇن بوۋامنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ كۆرەش قىلمىغانسەن؟

— ياق، مېنىڭ خېتىم چىرايلىق بولغاچ مەن پۈتۈكچى ئىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتاملار ئوتتۇرىسىدىكى ئىش بۇرۇنقى مىراس دەۋاسى. مانا ئەمدى ئاتام چوڭ بولغاچقا ئۆزى ئىزدەپ كەلدى، ھېيتئاخۇن ئاكاممۇ ئۆز ۋاقتىدا ئاتامغا قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىپ تۇرۇپتىكەن.

بىزنى ھېيتئاخۇن بوۋامنىڭ چوڭ ئوغلى ھېمىت ئاتام چاقىرغىلى چىقتى، بىز چالا ئېرىگەن قارلارنى دەسسەپ مەھەللىگە قايتتۇق. تاغنىڭ مېھرى دېگەن باشقىچە بولىدۇ - دە! بىز كۆكيارنىڭ چوڭ، تاتلىق ياڭىقى، سېرىق سەۋزىسىدە قورۇلغان قورۇما بىلەن ناشتا قىلدۇق. ناشتىدىن كېيىن ھېيتئاخۇن بوۋاملارنىڭكىگە قولۇم - قوشنىلىرى بىز بىلەن كۆرۈشكىلى كىرىشكە باشلىدى. مەن تالاغا چىقسام ھېيتئاخۇن بوۋاملارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا قاھار تۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! تىنچلىقمۇ؟ — دېگىنىچە ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا چوڭلاردەك قول ئۇزىتىپ كەلدى.

— نېمىشقا ئۆيگە كىرمەيسىز؟

— كېرەمنى ساقلاۋاتىمەن.
— كېرەم دېگەن كىم؟
— دوستۇم، سىزمۇ بىردەمدە چىقىشىپ كېتىسىز. ئۇ سالغا ئاتىدىغانغا بەك يامان، بىردەمدە كېلىدۇ.
— نەگە بارىمىز؟
— قىشتا تاغقا چىقساق مەنىسىز، ياز بولغان بولسىغۇ ئاۋۇ تاغقا چىقىپ بىر ـ ئىككى كېلەر تۇتۇپ كېلەتتۇق.
— كېلەر دېگەن نېمە؟
— كېلەرنى بىلمەمسىز؟
— ياق، شەكلى قانداق؟
— كېرەم كېلىپ قالدى، هوي كېرەم، چاققان بول!
مەن كېرەم بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۈم. كېرەم ئون بەش ياشلاردىكى كۆزلىرى كۆكۈچ، چېچى سارغۇچ، بويى ئېگىز، قاڭشارلىق، يۈزىدە سەپكۈنى بار، ئاغزى چوڭراق، كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان بالا ئىدى.
— قارا، كېرەم، شىرئەلى كېلەرنى بىلمەيدىكەن، سىلەرنىڭ ئۆيدە قۇيرۇقى بارمۇ؟
— تۆت ـ بەش تال بار، لازىم بولسا بېرەي.
— ياق، ماڭا لازىم ئەمەس، شىرئەلىگە كۆرسىتىپ قويايلى دېگەنتىم.
— يۈگۈرۈپ كىرىپ ئاچىقايمۇ ـ يە؟
— بولدىلا، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلمايلى، نەگە بارساق بولار؟
— توشقان تۇتقىلى بارامدۇق، ياۋا كەپتەر تۇتقىلىمۇ؟
— بولىدۇ، مەن قىلتاق، سالغا، رەگەتكىلىرىمنى ئاچىقىۋالاي.

قاھار يۈگۈرگىنىچە ئۆيى تەرەپكە كەتتى. كىرەمنىڭ يول باشلىشى بىلەن تاش بىلەن قوپۇرۇلغان ھويلا تاملىرىنى بويلاپ يۇقىرىغا قاراپ ماڭدۇق. بۇ يەردە ئۆيلەرمۇ تاشتىن، تونۇر، ئېغىل، ھاجەتخانىلارمۇ تاشتىن قوپۇرۇلىدىكەن. ئاجايىپ رەتلىك ۋە تەكشى تىزىلغان تاشلار كۈزدە شەھەردە باققاللار تىزىپ قويىدىغان قارا قوغۇندەك كۆرۈنەتتى، بىز سۇ ئامبىرىنىڭ شەرقىدىكى يول بىلەن يۇقىرىغا قاراپ مېڭىۋەردۇق. مەن كىرەمگە: «قاھارنى ساقلاپ تۇرايلى» دەپ بولغۇچە كەينىمىزدىن قاھارنىڭ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان تىۋىشى ئاڭلاندى.

بىز تاغ ئىچىگە خېلى ئىچكىرىلەپ قالدۇق، تاشلىق تاغنىڭ بىر ئەۋزەللىكى بەلگە قويۇپ قويغىلى، ماڭغان يولنى پەرق ئەتكىلى بولىدىكەن، قۇمتاغدا بولسا ئۇنداق ئەمەس، بىر ئاز شامال چىقتىمۇ بولدى، ماڭغان ئىزىنىمۇ يوقىتىدۇ. بىز بۇ تاغلىق كەنت ھەققىدە پاراڭلىشىپ ھارمىدۇق، كىرەم سالغىنىنى چىقىرىپ «ھە» دېگىنى بىلەن تەڭ، بىر توشقاننىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بىز يۈگۈرۈپ بېرىپ توشقاننى تۇتۇۋالدۇق، قاھار پىچىقىنى چىقىرىپ بوغۇزلىدى.

— كەچتە، بىزنىڭكىدە شىر ئەلنىنى مېھمان قىلايلى، — دېدى كىرەم.

— مەن ئاپامغا دەپ قويغان، بىزنىڭكىدە مېھمان بولىدۇ، — دېدى قاھار.

— سىلەرنىڭكىدە ئەتە، — دېدى كىرەم توشقاننىڭ تېرىسىنى سويۇۋېتىپ.

بىز ئانچە ئېگىز بولمىغان بىر ئېدىرغا چىقتۇق، يىراقتىكى تۆمۈريولدا بىر پويىز بىر تال يىلاندەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېتىۋاتاتتى. مەن تېخىمۇ يىراقلارغا نەزەر سالدىم، بۇ يەردىن قۇمتاغنى كۆرگىلى بولمايتتى.

— بىز قۇمتاغدا تۇرۇپ قارىساق بۇ تاغلار شۇنداق ئېنىق كۆرۈنىدۇ، نېمىشقا قۇمتاغ كۆرۈنمەيدۇ؟ — دېدىم مەن ھەيران بولۇپ.

— قىشنىڭ ھاۋاسى تۇمانلىق بولغاچقا كۆرۈنمەيدۇ، بەلكىم ياز ۋە كۈزدە كۆرۈنۈشى مۇمكىن، مەن دىققەت قىلماپتىمەن، سەنچۇ قاھار، — دېدى كېرەم يىراقلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي.

مەن بۇ ئىككى بالا بىلەن ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالدىم. ياۋا كەپتەرگە دان چېچىپ قويغان يەرگە بىرمۇ كەپتەر كەلمىگەچكە، كەپتەر تۇتالمىدۇق. تاغلىق كەنتتىكى كۈنلىرىم ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئۆتمەكتە ئىدى.

## 3. قارچىغا ۋە ئوۋچى بوۋاي

تاغ ھاۋاسى سوغۇق بولسىمۇ، بۇ يەردىكى مېھرى ئىسسىق بالىلار بىلەن چىقىشىپ كەتكەچكە سوغۇقمۇ بىلىنمىدى. مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم بوۋامنىڭ «ئەتە كېتىمىز» دەپ قېلىشى ئىدى. بوۋاملارمۇ ئۆتمۈش ھەققىدە قىزىق - قىزىق پاراڭلارغا چۈشۈپ كەتكەندەك قىلاتتى، بۇ يەردىكى تاشلار مېنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى، بەزى تاشلارنى قولۇمغا ئېلىپ سىلاپ باقاتتىم.

— تاش يىغامسىز؟ — دەپ سوراپ قالدى بىر كۈنى كېرەم.

— كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈندى، تۇتۇپ باقتىم، — دېدىم سەل خىجىل بولۇپ.

— بۇ يەردە تاش كۆپ، ھەممە يەر تاش، مەن يىغىپ

قويغان ھەر خىل تاشلار بار، كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە بارغاندا خالىغانچە ئىلىۋېلىڭ، — دېدى كېرەم ئۆيگە چاقىرىپ قويغانلىقىنى ئەسكەرتىپ.
— ئۇنداق قىلسام قانداق بولىدۇ، — دېدىم ئوڭايسىزلىنىپ.
— قاھاردىمۇ بار، ئۇمۇ بېرىدۇ... ھوي قاھار، ئۆتكەنكى تاشلىرىڭ بارمۇ؟
قاھار بىر قورام تاشنىڭ كەينىگە ھاجەتكە كەتكەنىدى، ئۇ يېنىمىزغا كېلىپ:
— تاش دېگەن كۆپقۇ؟ شىر ئەلگە ھەممىنى ئالىمەن دېسىمۇ بېرىمەن. ئەتە، تاشچى داۋىنىغا بارايلى، ئۇ يەردىن بىلەي تاش ئەكېلەيلى.
— بولىدۇ، شىر ئەلى چىدىسىلا بارايلى.
— چىدايمەن، مېنى سىلەر ھۇرۇن كۆرۈۋاتامسىلەر نېمە؟ — دېدىم سەل نارازى بولۇپ.
— ئارىلىق يىراقراق، ئۇنىڭ ئۇستىگە تاش كۆتۈرۈپ كېلىدىغان گەپ.
— چاتاق يوق.
— قاسىم ئوۋچى كېلىۋاتىدۇ، — دېدى كېرەم يىراقتىن قولىغا بىر قۇشنى قوندۇرۇۋالغان بوۋاينى كۆرسىتىپ.
— ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېڭىپ باقامدۇق؟
— قويە ئۇ قېرىنى، قارچىغىسى توشقان ئالالمىسا بىزدىن كۆرۈپ «سىلەر توشقاننى ئۈركۈتۈۋەتتىڭلار، قارچىغامنى قورقۇتۇۋەتتىڭلار...» دەپ كايىپ كېتىدۇ.
— ئۇنىڭغۇ بىرەر توشقان ئوۋلاپ كەلگىنىنى مەن كۆرمىدىم، بەلكىم بىرەر يەرگە تۇزاق قۇرۇپ قويغان بولسا شۇ يەرگە ماڭغاندۇ ھەرقاچان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ قوشۇلسىلا ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپ باقايلى، شىر ئەلىمۇ قىزىقىدۇ مېنىڭچە؟

قاسىم ئۇۋچى دېگەن كىشى بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزغا كەلگەندە ئۇنىڭغا قىزىقىپ سەپسالدىم، ئۇ يېشى ئاتمىشتىن ھالقىغان، پىت كۆز، ياپما قاپاق، كېپىنەك بۇرۇن، ياپىلاق يۈز كىشى بولۇپ قارىماققا تېتىك كۆرۈنەتتى، قولىدىكى قارچىغىسى بولسا ھە دەپ پۇتىدىكى تاسمىنى چوقۇلايتتى، قورسىقى ئاچقان بولسا كېرەك، ئەتراپقىمۇ تىنماي قارايتتى.

— تۇماغىسىنى كىيدۇرمەپسەنغۇ قاسىم ئاتا، — دېدى قاھار قارچىغىغا سىنچىلاپ قاراپ.

— بۇ تەۋەلەردە توشقان يوق، سەل تۇرۇپ كىيدۇرىمەن، نېمە ئاسماندىن چۈشكەندەك بۇ يەردە يۈرىسىلەر؟

— ھېيتئاخۇن بوۋاملارنىڭكىگە كەلگەن بۇ ئاغىنىمىزغا چىرايلىق تاش تېرىپ بېرىمىز دەپ كەلگەنىدۇق.

— مۇنداق دەڭلار، مەن بىلەن ئاۋۇ تاغنىڭ ئۇ يېنىغا ئۆتسەڭلار تاش دېگەن شۇ يەردە، ھەر تاش، ھەر تاش...

— ئۇنداق بولسا ماڭايلى.

يول بويى ئۇۋچى بوۋاي بىزگە قىزىق - قىزىق ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەچ، قارچىغىسىنىڭ تۇماغىسىنى كىيدۇرۇپ ماڭدى. «قولى تالمىدىمىكىنە!» دېگۈم كېلىپ ئىچىم سىقىلىپ كەتتى، دېگەندەك ئۇ بوۋاي كۆرسەتكەن جايدا ھەقىقەتەن رەڭدار تاشلار كۆپ ئىكەن.

— قاسىم ئاتا، قاسىم ئاتا، قارا، ئاۋۇ يەردە توشقان بار ئىكەن، — دېدى كېرەم ھاياجانلىنىپ.

— قېنى، قېنى، ھە كۆردۈم، سىلەر جىم تۇرۇڭلار...

ئۇۋچىنىڭ ياپما قاپاقلىرى ئىچىدىكى ئۆتكۈر

كۆزلىرى توشقاننى كۆرگەن زامان چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى ـ دە، كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى. ئۇ قارچىغىنى شۇنداق قويۇۋېتىشكە قارچىغا ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ توشقانغا ئوقتەك ئېتىلدى. كۆز يېتىم يەردە توشقاننىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، قارچىغا ھە دەپ كۆتۈرۈلۈشكە ئۇرۇناتتى، ئوۋچى بولسا ئۆزىنىڭ يېشىغا ماس كەلمىگەن چاققانلىق بىلەن يۈگۈرەيتتى، بىزمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ يۈگۈردۇق، ئويلىمىغان يەردىن قاسىم بوۋاي بىر تاشنى دەسسىۋېلىپ تاغ يامرىلىغا سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى، بىز جايىمىزدا داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدۇق.

— قاسىم ئاتا، ھوي قاسىم ئاتا!— دەپ توۋلىدى قاھار. بىز يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا بارساق ئۇ ۋاي ـ ۋايلاپ يېتىپتۇ، ئۇنىڭ پۇتى قايرىلىپ كەتكەن، قولىنى تاش قىيىۋەتكەنىدى.

— تېز توشقاننى ئېلىۋېلىڭلار!— دېدى ئۇ.

— قارچىغا چوقۇلىمامدۇ؟

— راست، ئۇمۇ بار گەپ، مېنى يۆلەڭلار.

بىز ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدۇق، ئۇ بىزنىڭ ياردىمىمىزدە ئاقساپ مېڭىپ قارچىغىنىڭ يېنىغا كەلدى، قارچىغا توشقاننىڭ گۆشىنى تىتىپ مەززە قىلىپ يەۋاتاتتى.

— ھەي، قورسىقىنى توقلىۋالدى ـ دە، بۇ جانىۋار،— دېدى قاسىم بوۋاي.

— قورسىقىنى توقلىۋالسا نېمە بولىدۇ؟— دېدىم بېشىغا تۇماغا كىيگۈزۈلگەن قارچىغىغا قاراپ.

— ئىككىنچى قېتىملىق ئوۋغا قىزىقمايدۇ ئەمدى،— دېدى ئۇ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئارقىدىنلا قارچىغىغا قولىنى ئۇزىتىپ «كەل، كەل» دېۋىدى، قارچىغا ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قولىغا قوندى ـ دە، شۇ تەرىقىدە كېرەمنىڭ يۆلىشى بىلەن ماڭدى.

قاسىم ئۇۋچى پۇتىنىڭ ئاغرىقىغا باقماي، ئۇلجا بارمىكىن دەپ ئەتراپقا قاراپ كېتىۋاتاتتى.

## 4. بىلەي تاش

كۆنلىرىم مەن ئويلىغاندىنمۇ مەنىلىك ئۆتمەكتە ئىدى، كۈندۈزى قاھارلار بىلەن ئويناپ ھېرىپ كەتكەچكە بالدۇرلا ئۇخلاپ قالاتتىم. بوۋاملار مېنى ناشتىلىققا يېقىن ئويغىتاتتى، ئاتام مېنىڭ كۆڭۈللۈك ئويۇنىنىمدىن مەمنۇن ئىدى، ئۆزى بولسا كونا ساۋاقدىشى سايىم مۇئەللىم بىلەن مۇڭدىشاتتى، ئۇلارنىڭ زادىلا گېپى تۈگىمەيتتى، مەن بولسام يىغقان تاشلىرىمنى، يەنى كۆكيارلىق دوستلىرىم بەرگەن ھەر خىل تاشلارنى ھېيتئاخۇن بوۋام بەرگەن خالتىغا سېلىپ ساقلايتتىم.

بۈگۈنمۇ ناشتا قىلىپ بولۇشۇمغا، قاھار بىلەن ھەببۇل چاقىرغىلى كەپتۇ. ھېيتئاخۇن بوۋام ئۇلارغا:

ــ شىرئەلىنى زېرىكتۈرۈپ قويماڭلار باللىرىم جۇمۇ!ــ دېدى.

ــ زېرىكتۈرمەيمىز.

ــ بۈگۈن نەگە بارىسىلەر؟

ــ بىلەي تاش ئالغىلى بارايلىمىكىن دەۋاتىمىز،ــ دېدى قاھار.

ــ ياخشى ئويلاپسىلەر، بىلەي تاش ھەربىر ئۆيدە بولمىسا بولمايدىغان جابدۇق، توختاپ تۇرۇڭلار.

ھېيتئاخۇن بوۋام قازناق ئۆيىگە كىرىپ كېتىپ، بىر بولقا بىلەن يەنە بىرنەرسىنى ئاچىقتى ۋە ھەبىبۇلغا تەڭلەپ:

— سەن بۇنى ئىشلىتىشنى بىلىسەنغۇ؟ — دېدى.

— بىلىمەن، بۇنى بىلمىسەم قادىر تاشچىنىڭ نەۋرىسى بولالايمەنمۇ؟!

— شىر ئەلىگە تازا ئوبدان بىلەي تاشتىن بىر - ئىككىنى يونۇشۇپ بېرىڭلار، ئەمما دىققەت قىلىڭلار، قولۇڭلارغا بولقا ئۇرۇۋالماڭلار، شىر ئەلى كۆزىگە تاش چاچرىتىۋالمىسۇن، — دېدى.

• بىز تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ ئۇلار دېگەن مەنزىلگە يېتىپ كەلدۇق. قار تەلتۆكۈس ئېرىپ بولمىغان بولغاچقا، تاشچى ئۇستام چىقمىغانىكەن. بۇ يەردە ھەر خىل تاش ماتېرىياللىرىنىڭ يېرىم پۈتكەنلىرى، بۇزۇلغانلىرىنىڭ پارچىلىرى تۇراتتى.

— بۇرۇن بۇ يەر بەك ئاۋات ئىكەنمىش، — دېدى قاھار ئەتراپتىكى تاشلارنى كۆرسىتىپ.

— تۈگمەن تېشى، يارغۇنچاق، تاش تۇلۇق، تاش ھاۋانچا، تاش پەلەمپەي... قاتارلىقلار ياسىلىدىكەنمىش، بوۋامۇ مۇشۇ يەردە بىزنىڭ ئۆيدىكى يارغۇنچاقنى ئۆزى ياسىغانىكەن، — دېدى ھەبىبۇل.

— قاچانلاردىن باشلاپ تاش مەيدانى بولغاندۇ بۇ يەر، — دېدىم ئەتراپقا قاراپ.

— بوۋامنىڭ دېيىشىچە، — دېدى ھەبىبۇل قولىدىكى بولقا بىلەن بىر يالپاق تاشنى ئۇرۇپ، — بوۋامنىڭ بوۋىسى بەگلەرگە تاشچىلىق قىلغىلى بۇ يەرگە كەلگەنىكەن، بوۋام: «بىزنىڭ ئاتا - بوۋىمىز بۇ يەرگە كەلگىنىگە تۆت يۈز يىللار بولغاندۇ» دەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ئوھوي، شۇنچە ئۇزۇن يىل بوپتۇمۇ؟ — دېدى قاھار ھەببۇلغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ.

— بوۋام شۇنداق دەيدۇ، يالغان بولسا ئۆزۈڭ سوراپ باق.

— شۇنچە يىلدىن بېرى بۇ تاشلار ھېلىمۇ تۈگەپ قالماپتۇ - ھە! — دېدىم مەنمۇ قىزىقىپ.

— تاغ تۇرسا، قاراڭ، ئاۋۇ يەرلەر بۇرۇن ئاۋۇ يەردەك ئېگىز ئېدىرلىق ئىكەنمىش، — دېدى ھەببۇل.

— يېتىپ يېسەڭ تاغمۇ تۈشمايدۇ دېگەن گەپ بارغۇ؟ بۇنداق زايە قىلىۋەتسەك بولمايدۇ، — دېدى قاھار.

— سەن بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنى تاشلارنى زايە قىلىۋەتتى دېمەكچىمۇ؟

— ياق، زامانىۋى تاشچىلىق قىلىدىغان ئۇسكۇنىلەر بولغان بولسا دەيمىنا.

— ناھىيەدە جىققۇ؟ مۇشۇ يەرگە كەلگۈچە يول بويىدا گىرانىت تاشلارنى پىششىقلايدىغان زاۋۇتلارنى كۆپ كۆردۇم، — دېدىم مەن.

— بازارغا بارغاندا كۆرىمىز، ئاڭلىساق ئۇلار تاشنى ھەرىدە ھەرىلەيدىكەنغۇ؟

— ھوي، پاراڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ بىلەي تاش ئېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمىز، — دېدى قاھار.

— كېرەم كەلگەن بولسا بولاتتى، كەرچىدىكى تۇغقانلىرىنىڭكىگە كېچە كېتىپتۇ، — دېدى ھەببۇل.

— كېرەمغۇ: «شىرئەلگە بېرىدىغانغا بىزنىڭ ئۆيدە تەييار بىلەي تاش بار» دېگەنىدى، شىرئەلى، ئۇنىماي تۇرۇۋالدىڭىز - دە...

— مەن كونا ئەدەبىيات كىتابتىن «بىلەيچى بوۋاي» دېگەن ھېكايىنى ئوقۇغان، بىلەي تاشنىڭ قەدرىنى بىلىمەن، شۇڭا، ئۆزۈم ئۆز قولۇم بىلەن چوقۇپ باقاي دېدىمغۇ؟

— سىز ئۆنداق ئاسان چىقىرالمايسىز، مەن بوۋامغا ياردەملىشىپ باققان، بىلىمەن. دىققەت قىلمىسىڭىز بولقىنى قولىڭىزغا ئۇرۇۋالىسىز، — دېدى ھەبىبۇل.

ھەبىبۇل بىردەمدە ئىككى بىلەي تاشنى ھەر ھالدا خىش چوڭلۇقىدا تەييارلىدى. بىز بىلەي تاشنى ئېلىپ كەينىمىزگە ياندۇق. يولدا ئۇلار ئېلىۋالغان ياڭاقنى چېقىپ يەپ، سۇداندىكى مۇزلاپ كەتكەن چاينى ئىچتۇق. بىلەي تاشنى بىر كونا خالتىغا سېلىپ، ئۇنى ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم مېتىرچە كالتەكنىڭ ئوتتۇرىغا ئېسىپ، بىر ئۇچىنى مەن، يەنە بىر ئۇچىنى قاھار كۆتۈردۇق.

يىراقتىن قارىسا تۇزلەڭلىك كۆرۈنگەن بۇ يەر تاشلىقتىكى جىرا ئىدى، جىرادىن ئۆتكەندىلا ئېگىز تاغلار كۆرۈنەتتى. بۇ يەرنىڭ قانچىلىك گۈزەل ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى. بىز مەھەللىگە كەلگەندە، بىزنى ساقلاپ تۇرغان كىچىك باللار قولىمىزدىكى كالتەككە ئېسىۋالغان خالتىغا قارايتتى.

بوۋام بىز ئەكەلگەن بىلەي تاشنى كۆرۈپ «ياخشىسىنى تالاپسىلەر» دەپ ماختاپ كەتتى.

— ئۆيدە بىلەي تاش بولمىسا بولمايدۇ، ھەقىقەتەن يارايسىلەر، — دېدى ئاتام.

بىز بىلەي تاش ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتقاندا ھەبىبۇلنىڭ بوۋىسى «گۇس - گۇس» دەسسەپ يېنىمىزغا كەلدى - دە:

— ھىم، سىلەر كۈنپېتىشتىكى يېرىم تۈگمەن تېشى ياتقۇزۇلغان ئېدىردىن ئاپسىلەر - ھە، — دېدى بىلەي تاشقا قاراپ. دېمىسىمۇ بىز شۇ يەردىن ئالغانىدۇق.

— قانداق بىلدىڭ، بوۋا؟ — دېدى ھەبىبۇل.

— مەن بىلمىسەم كىم بىلىدۇ. قارا، قوللىرىم شۇ تاشلىقتا تاشتەك قېتىپ كەتكەن مېنىڭ. بەللىرىممۇ شۇ. ئۆمرۈمنىڭ تەڭدىن تولىسى شۇ تاشلىقتا ئۆتتى، قەيەردىن قانداق تاش چىقىدىغانلىقىنى بىلمەي قالىمەنمۇ؟ ياخشى تاش تاللاپسىلەر، ھە، بۇنى ماۋۇ يەردىن باشلاپ سەل سىلىقلىتىۋەتسەك بولغۇدەك. ھېيتئاخۇن، قەلەم بارمۇ؟ — ئۇ شۇنداق دەپ قولۇمدىكى بولقىنى ئېلىپ بىلەي تاشنى ئۆرۈپ كۆردى. قەلەمنى ئېلىپ بىر دەمدە شۇنداق ئەپچىللىك بىلەن قېلىپتا چىققاندەك قىرلىق ۋە سىلىق قىلىۋەتتى.

— ئۇستا دېگەن ھامان ئۇستىدە، — دېدى ھېيتئاخۇن بوۋام.

بىز مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ياڭاقلىق باغدىكى مۇزدا مۇز تېيىلىپ ئويناش ئۈچۈن چىقىپ كەتتۇق.

## 5. كېيىك

كۆكيارغا كەلگىنىمىزگە تۆت كۈن بولدى، بۈگۈن سەھەردىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم، ھېلىقى بىلەي تاشقا ھېيتئاخۇن بوۋاملارنىڭ قىغىرىقىنى سۈركەپ، بىلەي تاشنىڭ ئۈستىنى سىلىقلاشنى داۋاملاشتۇردۇم.

— بولدى، قىغىراقنى ئۇپرىتىۋەتمە، — دېدى بوۋام.

— بۇ قىغىراقنى يۇقىرىقى تاشئۆيدىكى تۆمۈرچى ئۇستام سوققان، پۇتۇنلەي پولاتتىن سوقۇلغان، ھېچقىسى يوق، — دېدى ھېيتئاخۇن بوۋام.

— ئۆيگە قايتقاندا ئەمدى چاقچىغا قىغراق - پىچاقلارنى چاقلاتمايدىغان بولدۇق، بوۋا. ئاپاممۇ خۇشال بولۇپ كېتىدىغان بولدى.

— شۇنداق بولمايچۇ...
قاھار بىلەن كىرەم كىرىپ كەلدى، ئۇلار مەشىنىڭ يېنىدىكى كىچىك ئورۇندۇقلاردا مېنىڭ قىڭراقنى بىلىشىمگە قاراپ ئولتۇردى ھەمدە قىڭراقنى بىلەيگە قانداق سۇركەشنى ئۆگەتتى. مەن كىرەمنىڭ تۇنۇگۇن نەگە بارغانلىقىنى سورىغانىدىم، كىرەم:
— تۇنۇگۇن كېچە كىچىك ئاتام بىلەن كەرچىگە بېرىپ كەلدۇق، يولدا كېيىكلەر شۇنداق جىق ئۇچرىدى، — دېدى.
— شۇنداق، — دەپ چۈشەندۇردى ھېيتئاخۇن بوۋام، — ئون* نەچچە يىلدىن بۇيان ھېچكىمگە كېيىك ئوۋلىغىلى قويمىدى ئەمەسمۇ! بۇ بەك ياخشى بولغىنى، بىر يۇرتتا بىر خىل ھايۋان يوقىسا بىر خىل كېسەل تارقىلارمىش، كېيىك ناھايىتى تۇيغۇن، چېچەن ھايۋان، ئۇ چۆل - جەزىرىدە ياۋا ئۆت - چۆپلەرنى يەپ، قاقسۇلارنى ئىچىپ يۇرۇۋېرىدۇ.
— تۇنۇگۇن بىر كېيىك ئىككى ئوغلىقىنى ئەگەشتۇرۇپ ئاۋۇ يالپاق تاشنىڭ يېنىدىكى ئويمانلىقتا ئوتلاۋېتىپتىكەن، ئوغلىقىنى تۇتۇۋالغان بولسام دەپ كەتتىم، — دېدى كىرەم.
— مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىغىلا كېلىدىغان بوپتۇ - دە؟ — دېدى ھېيتئاخۇن بوۋام.
— شۇنداق، بىزمۇ ھەيران قالدۇق.
— ئەمىسە، كېيىك راستتىنلا كۆپىيىپتۇ، بۇ گېپىڭنى قاسىمئاخۇن ئاڭلاپ قالمىسۇن، بولمىسا تۇزاق قۇرۇپ بولسىمۇ تۇتۇۋالىدۇ.
— كېيىك دېگەن قوغدىلىدىغان ھايۋان، ئۇنىڭغا چېقىلسا بولماس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— مەن بىلمىسەم كىم بىلىدۇ. قارا، قوللىرىم شۇ تاشلىقتا تاشتەك قېتىپ كەتكەن مېنىڭ. بەللىرىممۇ شۇ. ئۆمرۈمنىڭ تەخدىن تولىسى شۇ تاشلىقتا ئۆتتى، قەيەردىن قانداق تاش چىقىدىغانلىقىنى بىلمەي قالىمەنمۇ؟ ياخشى تاش تاللاپسىلەر، ھە، بۇنى ماۋۇ يەردىن باشلاپ سەل سىلىقلىتىۋەتسەك بولغۇدەك. ھېيتئاخۇن، قەلەم بارمۇ؟ — ئۇ شۇنداق دەپ قولۇمدىكى بولقىنى ئېلىپ بىلەي تاشنى ئۆرۈپ كۆردى. قەلەمنى ئېلىپ بىر دەمدە شۇنداق ئەپچىللىك بىلەن قېلىپتا چىققاندەك قىرلىق ۋە سىلىق قىلىۋەتتى.

— ئۇستا دېگەن هامان ئۇستىدە، — دېدى ھېيتئاخۇن بوۋام. بىز مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ياڭاقلىق باغدىكى مۇزدا مۇز تېيىلىپ ئويناش ئۈچۈن چىقىپ كەتتۇق.

## 5. كېپەك

كۆكيارغا كەلگىنىمىزگە تۆت كۈن بولدى، بۈگۈن سەھەردىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم، ھېلىقى بىلەي تاشقا ھېيتئاخۇن بوۋاملارنىڭ قىغىرىقىنى سۇركەپ، بىلەي تاشنىڭ ئۇستىنى سىلىقلاشنى داۋاملاشتۇردۇم.

— بولدى، قىغىراقنى ئۇپرىتىۋەتمە، — دېدى بوۋام.

— بۇ قىغىراقنى يۇقىرىقى تاشئۆيدىكى تۆمۈرچى ئۇستام سوققان، پۇتۇنلەي پولاتتىن سوقۇلغان، ھېچقىسى يوق، — دېدى ھېيتئاخۇن بوۋام.

— ئۆيگە قايتقاندا ئەمدى چاقچىغا قىغىراق - پىچاقلارنى چاقلاتمايدىغان بولدۇق، بوۋا. ئاپاممۇ خۇشال بولۇپ كېتىدىغان بولدى.

— شۇنداق بولمايچۇ...

قاھار بىلەن كىرەم كىرىپ كەلدى، ئۇلار مەشىنىڭ يېنىدىكى كىچىك ئورۇندۇقلاردا مېنىڭ قىڭراقنى بىلىشىمگە قاراپ ئولتۇردى ھەمدە قىڭراقنى بىلەيگە قانداق سۈركەشنى ئۆگەتتى. مەن كىرەمنىڭ تۈنۈگۈن نەگە بارغانلىقىنى سورىغانىدىم، كىرەم:

— تۈنۈگۈن كېچە كىچىك ئاتام بىلەن كەرچىنگە بېرىپ كەلدۇق، يولدا كېيىكلەر شۇنداق جىق ئۇچرىدى، — دېدى.

— شۇنداق، — دەپ چۈشەندۈردى ھېيتئاخۇن بوۋام، — ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ھېچكىمگە كېيىك ئوۋلىغىلى قويمىدى ئەمەسمۇ! بۇ بەك ياخشى بولغىنى، بىر يۇرتتا بىر خىل ھايۋان يوقىسا بىر خىل كېسەل تارقىلارمىش، كېيىك ناھايىتى تۈيغۇن، چېچەن ھايۋان، ئۇ چۆل - جەزىرىدە ياۋا ئۆت - چۆپلەرنى يەپ، قاقسۇلارنى ئىچىپ يۈرۈۋېرىدۇ.

— تۈنۈگۈن بىر كېيىك ئىككى ئوغلىقىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاۋۇ يالپاق تاشنىڭ يېنىدىكى ئويمانلىقتا ئوتلاۋېتىپتىكەن، ئوغلىقىنى تۇتۇۋالغان بولسام دەپ كەتتىم، — دېدى كىرەم.

— مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىغىلا كېلىدىغان بوپتۇ - دە؟ — دېدى ھېيتئاخۇن بوۋام.

— شۇنداق، بىزمۇ ھەيران قالدۇق.

— ئەمىسە، كېيىك راستتىنلا كۆپىيىپتۇ، بۇ گېپىڭنى قاسىمئاخۇن ئاڭلاپ قالمىسۇن، بولمىسا تۇزاق قۇرۇپ بولسىمۇ تۇتۇۋالىدۇ.

— كېيىك دېگەن قوغدىلىدىغان ھايۋان، ئۇنىڭغا چېقىلسا بولماس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھىم، كېچىدە بېرىپ ئىنىس - جىنىغا تۇيدۇرماي تۇتۇپ كەلسە كىم بىلىدۇ دەيسەن. مەن بىلىپ تۇردۇم، ئۇ ئۆتكەن يىلىمۇ كەم دېگەندە بىرنەچچە كېيىك ئوۋلىۋالدى، ئۇنداق قىلمىسا بولاتتى، يا بۇنى بىرىگە دېگىلى بولمىسا...

بىز سىرتقا ئوينىغىلى چىقىپ، ئۇششاق باللار بىلەن ئوينىغىمىز كەلمەي مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىكى تاشلىققا چىقتۇق، ھاۋا خېلى ئىسسىپ قالغان بولۇپ، تاغ شاملى يوق ئىدى. خىيالىم كېيىكتە قالدى، كېيىك دەپ تولا ئاڭلىدىم، «ئادەم ۋە تەبىئەت» پىروگىراممىسىدا كۆپ كۆردۈم، ئەمما ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقمىغانىدىم، مەن كېرەمگە:

— كېرەم، سەن دېگەن ھېلىقى يالپاق تاش قەيەردە؟ — دەپ سورىغانىدىم، ئۇ شەرق تەرەپتىكى بىر تاغنى كۆرسىتىپ «ئاۋۇ دۆڭنىڭ كەينىدە» دەپ ئېگىكى بىلەن ئىما قىلدى.

— بېرىپ باقامدۇق؟ — دېدىم مەن.

— ھەبىبۇل كەلسۇن، ئۇچىمىز پاراڭ بىلەن بىردەمدە بېرىپ قالىمىز.

— كېچىدە تاغ ئىچىدە يول ماڭساڭلار قورقمامسىلەر؟ — دېدىم كېرەمگە.

— تاغ ياقىلاپ ماڭىمىز، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ھەمراھ بولىدۇ، — دېدى ئۇ چوڭلاردەك سۆزلەپ.

— ھەبىبۇل ئەجەب كەلمەيدىغۇ؟ نېمە بولغاندۇ ئۇنىڭغا؟ — قاھار تىت - تىت بولۇپ مەھەللە تەرەپكە بويۇندىدى.

بىز شۇنداق دەپ تۇرغاندا، ھەبىبۇل سۇدانىنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرگىنىچە ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ

كەلدى، ئۇ تەرلەپ كەتكەنىدى. ئۇ كېلىشىگىلا، كېرەم:
— نېمانچە كېچىكىسەن؟ — دېدى.
— قويلار چىقىپ كېتىپ يا توسۇيالمايمەن. ھەي، ئەجەب جىلە قىلدى، بۇياققا تورىسام ئۇياققا قاچىدۇ... شۇڭا ھايال بولۇپ قالدىم.
كېيىنكى ھەققىدە بولۇۋاتقان گەپلەرگە قىزىقىپ كونا ئەدەبىيات دەرسىدىكى «ئوۋچى ئەسلىمىلىرى» ناملىق ھېكايە ئېسىمگە كېلىپ قالدى، ئاتام ھەرقانداق دەرسلىك كىتابنى ساقلايتتى، تولۇقسىزنىڭ 6 - يىللىقىدا كونا ئەدەبىيات دەرسلىكىدىكى تېكىستلەرنى تولۇق ئوقۇپ بولغانىدىم، ھېكايىدىكى ئوۋچىنىڭ كېيىك ئوۋلىماس بولۇپ قالغانلىقى ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلىپ، كېيىككە بولەكچىلا ھېرىسمەن بولۇپ قالغانىدىم. كېيىك سەكرەشكە ماھىر، كېيىكنىڭ سەكرەپ ئويناقلىغىنىنى بىر كۆرۈۋالغان بولسام... ئىسست، بۇگۈن كۆرۈشكە نېسىپ بولارمۇ؟ بىز كېرەم ئېيتقىنى بىلەن ئىما قىلغان ھېلىقى يالپاق تاشقا كېلەي دېمەيتتۇق، مەن ئۇنىڭدىن:
— بايا، ئاۋۇ دۆڭدىن ئۆتسەكلا بارىمىز دېۋىدىڭ، دۆڭگىمۇ كەلدۇق. قەيەردە ئۇ يالپاق تاش؟ — دېدىم مەن تەقەززا بولۇپ. بىز ئەمدى ئۆزئارا سىزلىشىپ يۇرمەي، تاغ پەدىسىدە سەنلىشىپلا كەتتۇق.
— ھېرىپ قالدىڭمۇ، ئاداش، — دېدى كېرەم سەل خىجىل بولغاندەك قىياپەتتە.
— ياق، مەن...
— كېلىپ قالدۇق، ئەنە ئاۋۇ كۆرۈنگەن قىيا شۇ. تاغ باغرىدا ئوت - چۆپى بولۇق بىر ئويمانلىق بار ئىكەن. كېيىكلەر شۇ يەردە ئوتلايدىكەن، — دېدى كېرەم ئەتراپقا ماھىر ئوۋچىلاردەك نەزەر سېلىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىز يەنە ماڭدۇق، نەچچە كۈندىن بېرى مەنمۇ تاشلىق يولدا تولا ماڭغاچقا، تاشلىقتا مېڭىشنىڭ ئېپىنى خېلى بىلىۋالغانىدىم، شامال قارشى تەرەپتىن يۈزىمىزگە ئۇرۇلاتتى. ھەببۇل سۇدانىنى ماڭا ئۇزىتىپ:

— كېلەر تۇتقىلى چىققاندا شىرئەلى بولغان بولسا چىدىماي قالاتتى - ھە!— دېدى قاھارغا قاراپ.

— راست، بىز يازدا كېلەر تۇتىمىز دەپ ئاۋۇ ئاقباش تاغلارغا قەدەر ماڭىمىز. يازدا ئىسسىقتا باش تىققۇدەك بىر سايە تاشلايدىغان دەرەخ يوق دېگىنە، تەرلەپ - تەپچىرەپ كېتىمىز.

— بۇلتۇر يازدا تۇغقانلارنى يوقلاپ بىز مۇشۇ تاغنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتتۇق. ھەي، ئۇ تاغنىڭ ھەممە يېرى قارىغاي، يېشىلچىلىق ئىكەن. بىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنلا تاقىر ئەمەسمۇ!— دېدى كېرەم.

— ئۇ يەرنىڭ سۈيى مولدۇر ھەرقاچان،— دېدىم مەن.

— ئۇنى بىر دېمە، يامغۇر كۈندە ياغىدۇ دېسە لاپ كېتەر، ھەپتىدە بىرنەچچە قېتىم ياغىدىكەن ئەمەسمۇ!— دېدى ئۇ بىر تاشنىڭ ئۈستىگە ئوڭ پۇتىنى قويۇپ.

— ئۈچ يىل بۇرۇن مەن تولۇقسىزنىڭ 3 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقاندا، 4 -، 5 - ئايلاردا يامغۇر كۆپ ياغىدىغان، خېلى يېشىلچىلىق بولاتتى.

— سەن قەيەردە ئوقۇغان؟

— ئەلۋەتتە سەن ئوقۇغان مەكتەپتە.

— نەچچە كۈندىن بېرى مەن سىلەرنى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇمامدىكىن دەپ يۈرۈپتىمەن.

— ئوقۇمىساق بولمايدۇ، بىزنىڭ سىنىپ مەسئۇلىمىز ماتېماتىكا دەرسى بېرىدىغان ئابدۇئېزىز مۇئەللىم ئىدى.

— ئابدۇئېزىز مۇئەللىم بىزگە ماتېماتىكا دەرسى بېرىدۇ، تولۇقسىز 3 - يىللىق «ب» سىنىپنىڭ سىنىپ مەسئۇلى.

— ھازىرمۇ ئاچچىقى يامانمۇ؟

— ئانچە ئەمەسقۇ؟

— بىزگە دەرسكە كىرگەن چاغلاردا ئاچچىقى بەك يامان ئىدى.

— قۇرۇق پاراڭ سېلىشماي ماڭايلى، — دېدى ھەببۇل.

بىز تاغدىن - باغدىن پاراڭلاشقاچ ماڭدۇق. قۇياش ئۆرلىگەنچە ھاۋا ئىسسىپ چاپىنىمىز ئېغىر كېلىشكە باشلىدى، مەن چاپىنىمنىڭ ئالدىنى ئېچىۋېتىپ ئۇلاردىن قالماي ماڭدىم، كەينىمگە قارىۋىدىم، كەلگەن يېرىمىز كۆز يەتكۈسىز يىراقتا قالغانىدى. ئەگەر قۇمتاغدا مۇشۇنداق ئۇزاپ كېتىۋېرىدىغان بولساق ئىشنىڭ ئاقىۋىتى باشقىچە بولاتتى.

— ئەمدى ئاز قالدۇق. گەپلەشمەي پۇتىمىزنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئاۋۇ دۆڭنىڭ يېنىدىكى تاشلارنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ قارىساق بولىدۇ، — دېدى كېرەم بىزگە يول باشلاپ.

بىز ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە، مۆكۈپ ماڭسا بىزمۇ مۆكۈپ ماڭدۇق، ئۆرە تۇرسا ئۆرە تۇردۇق.

— ئەنە قاراڭلار، ئىككى كېيىك ئوغلىقى ئوتلاۋاتىدۇ، ئانىسى يېتىپتۇ! — كېرەمنىڭ ئاۋازى يۇقىرىراق چىقىپ كېتىۋىدى، ھەببۇل ئاستىراق دېگەن ئىشارەتنى قىلدى.

بىز قورام تاشنىڭ كەينىدىن ماراپ، ئويمانلىقتىكى كېيىكلەرنى كۆردۇق. ئۇلار پات - پات چۆچۈپ قارايتتى، ھېلىقى ياتقان كېيىك بولسا ئورنىدىن تۇراي دېمەيتتى. كېرەم:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— شامالنىڭ شەيىسىدە كېيىكلەر بىلمەي قالدى، بولمىسا ئۈركۈپ قېچىپ كېتەتتى. شىرئەلى، كېيىكلەر چىرايلىقمىكەن؟ — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ مەغرۇر هالدا.

— چىرايلىقكەن، ئىسىت، تۇتۇپ باقسام بولسام - ھە؟ — دېدىم مەن ھاياجانلىنىپ.

قاھار بىر تاشقا يۆلىنىپ كېتىپ، تاش سىيرىلىپ كەتتى - دە، كېيىكلەر چۆچۈپ ئالمان - تالمان قاچتى، ھېلىقى ئانا كېيىك بولسا ئورنىدىن تەستە تۇرۇپ پۇتىنى سۆرەپ ماڭاتتى.

— توزاقىا چۈشۈپ قاپتۇ! — دېدى كېرەم ئورنىدىن تۇرۇپ كېيىك تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ.

بىزمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈردۇق، كېيىنك ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن چېغى بىزدىن قورقۇپ كەينىگە داجىپ جىمجىت تۇردى، بىز ئۇنىڭ يېنىغا كەلدۇق. مەن بۇرۇن كېيىكنىڭ كۆزىنى چىرايلىق دەپ ئاڭلىغان، ۋاھ، ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىكەن. كېرەم كېيىكنىڭ بېشىنى سىلاپ جىمىقتۇرماقچى بولدى، ئەمما كېيىك كەينى پۇتى بىلەن تىرەجەپ قېچىشقا ئۇرۇناتتى، توزاق ئۇنىڭ ئالدى سول پۇتىنى ئۇزۇۋەتكەنىدى.

— قانداق قىلىمىز؟ ھالىدىن كېتىپتۇ، بولمىسا ئۇنى تۇتۇش بىزگە نېسىپ بولمايتتى، — دېدى قاھار. ئۇ ھەببۇل بىلەن توزاقنى ئېلىۋەتمەكچى بولدى.

— قويۇۋېتەيلى، — دېدىم مەن كېيىككە ئىچىم ئاغرىپ.

— بۇنى چوقۇم قاسىم ئۇۋچى قۇرغان.

— بىلىپ قالسا چاتاق بولىدۇ.

— نېمە چاتاق بولىدۇ، ساقچىغا مەلۇم قىلىمىز دەپ باققىنا، غىڭ قىلالمايدۇ.

بىز مىلىق تەستە قاپقاننى ئېچىپ كېيىنكىنى قويۇۋەتتۇق. چۆچۈپ كەتكەن كېيىك بىزدىن يىراقلاپ كەينىگە قاراپ قويۇپ جىرا ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

— ياخشى بولدى، بولمىسا قاسىم ئۇۋچىنىڭ قىشلىق سوقۇمى بولۇپ كېتەتتى، — دېدى كېرەم.

— بىز يەۋەتسەكمۇ بولاتتى، — دېدى ھەبىببۇل ئېغىزىنى چىكىلدىتىپ.

— ئۇنى يەپ قويۇپ ھۆددىسىدىن چىقالمايسەن...

— ئۆلۈپ قالارمۇ؟

— بايا پۇتىنى تېڭىپ قويغان بولساق بوپتىكەن - ھە؟

— ھەي ئىسىت.

## 6. قەدىمىي قەلئە

بۈگۈن سەھەردە ئاتامدىن: «ئەتە ئۆيگە قايتىمىز» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئانچە خۇش بولۇپمۇ كەتمىدىم. چۈنكى، قاھارلار ماڭا تېخى تۇرنى كۆرسىتىمىز دەپ ۋەدە بەرگەنىدى. مەن يۇرتىمىزدىكى قەدىمىي تۇرنىڭ بىرنىگىمۇ بېرىپ باقمىغاچقا، بۇ يەردىكى تۇرنى بىر كۆرۈۋېلىش ئارزۇسىدا قاھارلارنىڭ چاقىقانىراق كېلىشىنى كۈتتۈم.

قاھار بىلەن ھەبىببۇل كېلىپ مېنى چاقىرغاندىلا خىيالدىن ئويغاندىم. ئۇنىڭچە كېرەممۇ يېتىپ كەلدى، كېرەمنىڭ قولىدا بىر پارچە كىتاب بار ئىدى. ئۇ قولىدىكى كىتابنىڭ مۇقاۋىسىدىكى سۈرەتنى كۆرسىتىپ:

— بىز كۆرىمىز دېگەن تۇر مۇشۇ شۇ، قاراڭلار بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇرۇنقى ھالىتى، ھازىر ئۆزگەرتىۋەتتى، — دېدى.

— ھوي، بۇ بىر قەلئەكەنغۇ؟ نېمىشقا سىلەر ئۇ قەلئەنى تۇر دەيسىلەر؟ — دېدىم.

— تاڭەي، چوڭلار شۇنداق دېسە بىزمۇ شۇنداق ئاتاپ كۆنۈپ قاپتىمىز.

كىتابنىڭ مۇقاۋىسىدىكى بۇ قەلئە شېغىللىق دۆڭنىڭ ئۈستىگە سېلىنغانىكەن، تۆت تەرىپىدە تونۇرغا ئوخشايدىغان يۇمىلاق مۇنارسىمان كۇنگۈرىلىك كۆرگۈچ بار، تۆت كۆرگۈچنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان كۇنگۈرىلىك قېلىن سېپىل تېمى بار، قوۋۇق ئورنى بوش قالغان، ئۇ يەر ــ بۇ يەرلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن قۇرۇلۇش ئىدى.

بىز بۇ يەرگە كەلگەندە قەلئە سۈرەتتىكىگە ئوخشاشمايلا قالغانىدى. مەن بۇ كىچىك قەلئەنى بىر ئايلىنىپ چىقتىم، تامدا قانداقتۇر قۇشلارنىڭ ماياقلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قۇرۇلۇشنىڭ تاملىرىغا ۋە ئەتراپىغا ھەر خىل قەدىمىي شەكىلدىكى «قۇرۇلۇش»لارنى ياسىغان بولۇپ، بىر قارىماققا قەدىمكى نەرسىلەردەك كۆرۈنەتتى.

— بۇ يەرنى كىنو ئىشلەش ئورنى قىلغاندىن كېيىن مۇشۇنداق ئۆزگەرتىۋەتتى. ئاۋۇ يەردىكى نەرسىلەرگە قارا، قەدىمكى كىنولاردىكى كۆرۈنۈشلەرنى ئەسلەۋاتامسەن؟ — دېدى كېرەم مەغرۇرلىنىپ.

— كىنو ئىشلىگەندە سىلەرمۇ كىنوغا قاتناشتىڭلارمۇ؟ — دېدىم.

— قاتناشتۇق، قاتناشتۇق، — دېيىشتى ئۇلار بىردەك.

— مەن «بوران ــ چاپقۇن» دەمدۇ، ئىشقىلىپ پادىچى بالىنىڭ رولىنى ئالدىم. كىيگەن كىيىملەرگە قارايدىغان بولساڭ، ھەي! تاغارنى بويالا تىككەن كىيىملەر ئىكەن

دېگىنە ئۇ. مېنى دۈشمەنلەر قوغلاپ كەلسە قويلارنى ھەيدەپ ئاۋۇ يەردىن ماۋۇ يەرگە قاچىدىغان ئازلا كۆرۈنۈشكە ئالدى، شۇنىڭغىمۇ ئىككى يۈز يۈەن پۇل بەردى، — دېدى كېرەم.

— تاغدا ئات - تۆگىلىرىڭلار بىلەنمۇ خېلى كۆپ پۇل تاپتىڭلار - ھە؟ — دېدى ھەبىبۇل.

— ئاتلارغا كۈنىگە ئوتتۇز كوي، تۆگىلەرگە ئەللىك كوي، ئاتام بىلەن ماڭا كۈنىگە يۈز كويدىن بەردى. قىرنشقاندەك ئۇلار كۆرۈنۈش ئالىمىز دېگەن كۈنلەردە ھاۋا ئۇدا ئۈچ كۈن بۇلۇتلۇق بولۇپ قالسا بولىدۇ دەڭلار، كۆرۈنۈش ئالالمىغاننى ئاز دەپ، بىزگە تېخى يەنە پۇل بەردى، ئۇ پۇلنى بىز ئاسان تاپقان بولدۇق دېگىنە.

— بەزى كىنولارنى ئىشلىشقا جىق ئادەم كېتىدىكەن، نەلەردىن ئەكېلىدىكىنتاڭ، بوي - بەستى ئوخشاش ئادەمدىن بەزىدە بەش يۈزدىن ئارتۇق ئادەم رول ئالىدىكەن، — دېدى قاھار.

— شۇ ئادەملەرگە شۇنچىۋالا جىق پۇل كەتسە، كىنو پۈتكەندىن كېيىن شۇنچە پۇل تاپالامدىغاندۇ؟ مېنىڭچە تاپالمايدۇ جۇمۇ! بىزنىڭ مەھەللىگە ناھىيەلىك كىنوخانىدىن يىلدا نەچچە قېتىم كېلىپ بىر - ئىككى كىنونى بىكارغا قويۇپ بېرىپ كېتىدۇ، كىنو ئىشلەپ پۇل تاپىمىز دېگەنگە زادىلا كاللام ئۆتمەيدۇ، — دېدى كېرەم قولىدىكى تاشنى يىراقلارغا ئېتىپ.

— مەن بىر ماتېرىيالدىن ئامېرىكىنىڭ بىر كىنوغا بىر يۈز ئەللىك مىليون دوللار مەبلەغ سالغانلىقىنى ئاڭلىدىم، چوڭ ھەجىمدىكى كىنولارغا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ مەبلەغ سالىدىكەن، — دېدىم مەن چۈشەنچەمنى بايان قىلىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— نېمە دەيدىغانسەن؟ بىر كىنوغا ئۇنچىلىك پۇل خەجلىسە ئۇنى قانچە يىلدا قايتۇرۇۋالىدىغاندۇ؟ دەۋاتقىنىڭ ئامېرىكا دوللىرى، ھەي، بىزنىڭ پۇلدا جىقلا پۇلغۇ ئۇ؟

— بەزى كىنولار قويۇلۇشقا باشلاپ ئالتە ئاي ئىچىدە دەسمايىسىنى چىقىرىپ بولىدىكەن.

— مۇشۇ قەلئەدە يىلىغا قانچە فىلىمنى لېنتىغا ئالىدىغاندۇ؟ — دېدىم مەن.

— ئېنىق ساناپ باقماپتىمىز. بۇ يەردە پەقەت چۆل باياۋان، چەت بازار، قەدىمىي ئۆتەڭ... لەرنىڭ كۆرۈنۈشىنى ئالىدىكەن. مېنىڭچە، يىلىغا بەش - ئالتە قېتىم كېلەمدىكىن. بەزىلەر كىنوغا چىقىدىغان ھەممە ئادەمنى ئۆزلىرى ئەكېلىدىكەن، بەزىلىرى مۇشۇ يەردىكى كىشىلەرنى ياللايدۇ، بۇ تۇرغا كېلىدىغان ساياھەتچىلەرمۇ خېلى بار تېخى، — دېدى قاھار.

بىز قەلئەدە كىنو ئىشلەش ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتقاندا يىراقتىن بۇياققا بىر كىچىك دالا ماشىنىسىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق، ماشىنا توپا توزىتىپ بىردەمدە يېتىپ كەلدى. ماشىنىدىن ئۈچ ئادەم چۈشۈپ، بايا بىز كۆرگەن جايلارنى بىر قۇر كۆرۈپ چىقىپ رەسىمگە تارتتى. بىز چەتتە قاراپ تۇردۇق، بىرى يېنىمىزغا كېلىپ خەنزۇ تىلىدا:

— ياخشىمۇسىلەر؟ — دېگىنىچە قولىنى ئۇزاتتى.

بىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ قالدۇق. قاھار:

— ياخشىمۇسىز؟ — دەپ سالام قايتۇردى خەنزۇ تىلىدا.

— خەنزۇچە بىلىدىكەنسىلەر - دە؟ مەن ئۇيغۇر تىلىنى

بىلمەيمەن، خەنزۇچە سۆزلەشسەك بولارمۇ؟ — دېدى ئۇ كىشى.

— بولىدۇ، بىز بۇ يەرگە ئويناپ كەلگەن، — دېدىم مەن جاۋابەن.

— ئۆيۈڭلار مۇشۇ يەردىمۇ؟

— بۇ دوستلىرىمنىڭ ئۆيى مۇشۇ مەھەللىدە، مەن ناھىيە بازىرىدىن كەلدىم.

— ھە، سىلەرنىڭ ئېتىڭلار بارمۇ؟ نەچچە ئات بار؟ ھەربىر ئائىلە بىردىن ئېگەر بارمۇ؟

مەن ئۇلارنىڭ گېپىنى دوستلىرىمغا تەرجىمە قىلىپ بەردىم.

— بىزنىڭ يەتتە ئېتىمىز بار، ئېگەردىن تۆتى بار، بىزدە يەنە تۆگىمۇ بار، — دېدى كېرەم دەرھال.

— تۆگىمۇ بارمۇ تېخى، بەك ياخشى بولدى... بىزگە ئىشلەپ بېرىشكە ئادەممۇ چىقار - ھە؟ مەسىلەن، ئاۋۇ يەرگە ياغاچتىن ئۆي سالىمىز، ماۋۇ يەرگە قوتان سالىمىز. بۇلارنى قىلىپ بېرىدىغان ئادەم بارمۇ؟

— مانا بىز بار، بىز قىلىمىز، — دېدى ھەبىبۇلمۇ بوش كەلمەي.

— ھەي، سىلەر كىچىك تۇرساڭلار، باللارنى بۇنداق ئىشقا سېلىشقا بولمايدۇ، چوڭلار بارمۇ؟

— بار، ھازىر قىش بولغاچقا ئېتىز ئىشى يوق، — دېدى قاھار.

ئۇلار نام كارتوچكىسىنى قالدۇرۇپ كېتىپ قالدى.

— شىرئەلى، سەن ئەتە كېتىمەن دېمە ئەمدى، بىر ھەپتە تۇرساڭ كىنوغا چىقىۋالىسەن، — دېدى كېرەم.

— شۇنداق قىلسامغۇ بولاتتى، بىراق تەتىل توشۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالدى ئەمەسمۇ؟ تەتىلدە ئىشلەشكە بەرگەن A، B ئىمتىھان سوئاللىدىن يەنە يەتتىسى مېنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، — دېدىم.

بىز قەلئەدىن كىنو ئىشلەش ھەققىدە پاراڭلىشىپ قايتىپ كەلدۇق. كېچىدە يېتىپمۇ خىيالىمدا بۇ قەدىمىي قەلئەنىڭ بۇرۇنقى ھالىتى ۋە ھازىرقى ھالىتى بىردەممۇ نېرى كەتمىدى، تېخى بۇرۇن بۇ مەھەللىلىكلەر كىچىك باللار ئاغرىپ قالسا شۇ قەلئەنىڭ كېسەكىنى قومۇرۇپ كېلىپ ئاشلىسا باللا ساقىيىپ قالاتتىكەنمىش. تۇرۇپلا مېنىڭ يۇرتىمىزدىكى تۇر نامى بىلەن ئاتىلىدىغان جايلارنىڭ ھەممىسىگە بېرىپ كۆرۈپ كەلگۈم كېلىپ قالدى، بۇ جايلارنى چوقۇم تارىخ مۇئەللىمىمىز بىلىدۇ، بېرىپلا تۇر نامى بىلەن ئاتىلىدىغان يۇرتلارنى، تۇر نىڭ رولىنى سوراپ بىلىۋېلىش ئويىغا كەلدىم.

## ئالتىنچى باب

# قۇمتاغ سەيلىسى

### 1. قۇمتاغدا لەگلەك ئۇچۇرۇش

مەن تاغلىق كەنتتىن كېلىپلا، ئاتام تېپىپ كەلگەن بۇلتۇرقى ئىمتىھان سوئاللىرىنى سائەتكە قاراپ تۇرۇپ كۈندە ئىشلەتتى. مەن ھەربىر پەننىڭ سوئاللىرىنى بىر سائەتكە قالمايلا ئاتامغا تاپشۇرۇۋەتتىم. ئاتامنىڭ: «نېمىگە ئالدىرايسەن، ئىمتىھان ۋاقتىدا ھەرگىز بۇنداق ئالدىراڭغۇلۇق قىلما جۇمۇ! ئىمتىھان مەيدانىغا كىرسەڭ ئىمتىھاننىڭ سۈرلۈكلۈكىدىن يازىدىغان نەرسىلىرىڭنىڭ بەزىلىرىنى ئۇنتۇپ قالىسەن. بۇنداق ئالدىراپ ئىشلىسەڭ ھەرگىز يۇقىرى نومۇر ئالالمايسەن...» دېگەن گەپلىرى ئانچە قۇلىقىمغا كىرىپ كەتمىدى. ئىچىمدە بولسا: «سوئاللار مۇشۇنداق ئاددىي چىقىدىغانلا بولسا مەن ئەلىيۇلئەلا بولىمەنمۇ تېخى» دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن قىشلىق تەتىلمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتۈپ كەتتى.

باھار شامىلى دەل - دەرەخلەرنى ئويغاتتى. تۇن قىسقىراپ كۈندۈز ئۇزىراشقا باشلىدى. مەكتەپتە مۇئەللىملەر كۈندە دېگۈدەك ئۇ گىرافىكنى، بۇ جەدۋەلنى تولدۇرغۇزاتتى. ھاۋانىڭ ئىسسىشىغا ئەگىشىپ مەن بوشىشىپ كېتىۋاتاتتىم. ئاپامنىڭ: «قىشتا ئۆگەنسەڭ

ئېسىڭدە ئاسان قالىدۇ» دېگەن گېپىنىڭ تېگىگە ئەمدى يېتىۋاتقاندەك قىلاتتىم. بوشىشىپ كەتكەن مەنلا ئەمەس ئوخشايمەن، مۇئەللىملەر سىنىپىمىزدىن كۆندە قاقشاپ چىقىپ كېتەتتى. مەنمۇ تاپشۇرۇقلارنى بۇرۇنقىدەك ئەستايىدىل ئىشلىمەيدىغان بولۇپ قالغانىدىم. مەنلىمىكىن دېسەم ئايسارەم، قەلبىنۇر، ئىلشاتلارمۇ بۇرۇنقىدەك بىرىلىپ ئۆگەنمەس بولۇپ قالغانىدى، بۇلارنى كۆڭلۈم تويۇپ تۇراتتى. ئىلشات تېخى مۇھەببەت قايىنىمىغا كىرىپ كەتكەنىدى، قەلبىنۇر ياسىنىشقا بېرىلىپ كېتىپ بۇرۇنقى ئاكتىپلىقىنى تاشلىغانىدى، گۈلھەسەل مۇئەللىم سىنىپ يىغىنى ئاچسىلا ئاچچىقلايدىغان بولۇپ قالغانىدى، ئۆتكەن ھەپتە يىغلىۋەتكىلى قىل قالدى.

مەھەللىدىكى بالىلار يەنە قېرى سېدە تۇۋىگە كېلىپ چوڭلارنىڭ ئوينىغان چاتمىسىغا، قاتارلىرىغا قاراپ بېقىپ زېرىككەندىن كېيىن، قۇمتاغ ساياھەت رايونىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا كېلىپ توپ تېپىپ ئويناپ كۈننى كەچ قىلىدىغان بولۇۋالدۇق، كەچلىرى مۆكۈشمەك ئويناپ يۈردۇق. باھارنىڭ شاماللىق كۈنلىرى يېتىپ كېلىۋىدى، مەھەللىدە لەگلەك ئۇچۇرۇش مودا بولۇپ كەتتى، ئايىغى چىققانلا بالىنىڭ قولىدا بىردىن لەگلەك، كۆپىنچىسى بازاردىن سېتىۋالغان سۇلياۋدىن ياكى رەختتىن تىكىلگەن لەگلەكلەر ئىدى. يارئەلى ئىككىمىز ئاتامنىڭ ئوقۇپ بولغان گېزىتلىرىدىن ئىككى لەگلەك ياساپ ئۇچۇردۇق. شەنبە كەلسە لەگلىكىمنى قۇمتاغقا بېرىپ ئۇچۇرمىسام، بۇ يەردە ھېلى تېرەككە، ھېلى سىمتانابقا ئىلىنىپ قېلىپ، ئاۋارىچىلىك تارتاتتىم...

شەنبە سەھەردىلا مەھەللىدىكى بالىلار قۇمتاغقا

لەگلەكلىرىمىزنى ئېلىپ چىقىپ كەتتۇق. بىرىمىز بىردىن قوم دۆۋىگە چىقىپ لەگلەك ئۇچۇرۇشقا باشلىدۇق، شامال ياخشى بولغاچقا بىزنىڭ لەگلەكلىرىمىز تېزلا ئېگىز ئۆرلەيتتى، بىراق لەگلەكنىڭ يىپى ئازلىق قىلاتتى.

— يىپىم يەتمىدى، يەنە بىرنى ئۇلىسام بولغۇدەك، — دېدى ئابلىز.

— ئاپلا، يىپىم ئۈزۈلۈپ كەتتى، — دەپ جاپپار يىپى ئۈزۈلگەن لەگلىكىنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن پەسكە قوغلاپ كەتتى.

— قاراڭلار ئاۋۇ لەگلەككە، نېمىدېگەن چوڭ، — دېدى ئابلىز. دېگەندەك كىمدۇر بىرى ئايالى بىلەن ئىككى بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ ئىشىكتەك چوڭلۇقتىكى بىر لەگلەكنى ئەكېلىپ يېنىمىزدىلا ئۇچۇرۇش ئۈچۈن يىپلىرىنى چىگىپ، تەڭشەشۋاتاتتى.

بىز لەگلەكلىرىمىزنى قوم قاچىلانغان قۇتىلارغا باغلاپ قويۇپ ئۇلارنىڭ يېنىغا باردۇق. ئۇلار خۇددى بىز لەگلىكىنى بىرنېمە قىلىپ قويىدىغاندەك بىزنى يېقىن كەلتۈرمىدى، بۇنىڭغا سەل ئاچچىقىمىز كەلدى-دە، تازىمۇ ئىچى يامان ئادەمكەنە بۇ دېگىنىمىزچە ئۆزىمىزنىڭ دۆۋىگە كېلىپ ئولتۇردۇق. ھېلىقىلارنىڭ لەگلىكى ھېچ ئۇچاي دېمەيتتى، «خوپ بولدى» دېدىم ئىچىمدە. ئىككى بالىسى بولسا لەگلىكىنىڭ ئۇچمىغانلىقىغا خاپا بولۇپ خەقىشلىك قىلغىلى تۇردى. ئۇلار ئاسمان - پەلەك ئۇچۇۋاتقان لەگلەكلىرىمىزنى كۆرۈپ بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلدى. جاپپار:

— نېرى تۇرۇڭلار، يىپىنى ئۈزۈۋېتىسىلەر! — دەپ يېقىن كەلتۈرمىدى. بايا بىزگە قوپاللىق قىلغان ئەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نېمە دېيىشنى بىلەلمىدى بولغاي، ئايالىغا قاراپ بىر نېمىلەرنى دېدى، ئۇلارنىڭ ئىككى بالىسى بىزنىڭ يېنىمىزدىن كەتكىلى ئۇنىمىدى. ئاپىسى نەچچە قېتىم چاقىردى، پىچىنە بېرىپ ئالداپ باقتى، ئۇنىمىدى، ئاخىر:

— ئۇكام، بالىلىرىم لەگلىكىڭىزنىڭ يىپىنى تۇتۇپ ئۇچۇرۇپ باقسا بوپتىكەن، — دەپ يېنىمغا كەلدى. مەن لەگلەكنىڭ يىپىنى ئۇ ئايالنىڭ بەش ياشلاردىكى چوڭ بالىسىغا بېرەي دەپ تۇرۇشۇمغا، جاپپار «بەرمە» دېگەندەك قىلىپ كانىيىنى قىرىپ يۆتىلىپ قويدى. بېرىش - بەرمەسلىك ھەققىدە دەقىقە ئويلىنىپ قالدىم، بىز ئۇلار قىلغاننى قىلماسلىقىمىز كېرەك ئىدى. مەن:

— بولىدۇ، بۇ يەردىن تۇتۇڭ ئۇكام، يىپنى تۇتماڭ، تۇتسىڭىز قولىڭىزنى قىيمۇۋېتىدۇ، — دەپ يىپنى غالتەككە چىگىپ قوللۇقنى بالىغا تۇتقۇزدۇم، بالا بىردەم قوم دۆڭدىن يۇقىرىغا يۈگۈرسە، بىردەم ئاسماندىكى لەگلەككە قاراپ خۇشال بولاتتى، ئۇنىڭ ئۈچ ياشلاردىكى ئىنىسى بولسا «مەنمۇ ئۇچۇرىمەن» دەپ تالاشقىلى تۇردى، بالىلارنىڭ ئاپىسى يېنىمدىكى جاپپارغا تىكىلدى، جاپپار كارى يوق ئۆز ئىشى بىلەن ئىدى.

— ئۇكام، ماۋۇ بالام لەگلىكىڭىزنى بىردەم ئۇچۇرۇپ ئوينىۋالسا بوپتىكەن، — دەپ يالۋۇرغاندەك ئاھاڭدا گەپ قىلدى ئايال. جاپپار گەپ قىلماستىن لەگلىكنى بالىغا تۇتقۇزۇپ قويدى، بالا ئاكىسىنى دوراپ ماڭىمەن دەپ قوم دۆڭدىن دومىلاپ كەتتى، بالىنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتكەن يىپ ئۈزۈلۈپ لەگلەك ئۇچۇپ كەتتى. جاپپار لەگلىكنى تۇتىمەن دەپ يۈگۈرگىنىچە پەسكە چۈشۈپ كەتتى. ھېلىقى يىقىلغان بالىنىڭ ئاغزىغا قوم كىرىپ كېتىپ ھە دەپ قومنى تۈكۈرەتتى، ئاتىسى بوتۇلكىغا

قاچىلىۋالغان چاينى ئەكىلىپ ئۇنىڭ ئىپغىزىنى چايقاتقۇزدى، بالا ئاكىسىنىڭ قولىدىكى لەگلەككە قاراپ يىغىدىن توختىمايلا قويىدى، بىز دىن سەل يىراقتىكى دۆڭدە لەگلەك ئۇچۇرۇۋاتقان ئابلىكىم بىلەن ئابلىزلار نېمە ئىش بولدىكىن دەپ يېتىپ كەلدى.

— سەل نېرىدا تۇرۇڭلار. شامال يۆنىلىشى ئۆزگەرسە يىپلار چىرمىشىپ كەتمىسۇن،— دېدىم مەن.

— خاتىرجەم بول، بۈگۈن شامال ناھايىتى ياخشى، جاپپارنىڭ لەگلىكىنىڭ يىپى تولا ئۈزۈلدىغۇ؟— دېدى ئابلىكىم.

— ئۇ تىككۈچىلەر ئىشلىتىدىغان قىل يىپنى ئۈزۈن دەپ ئالدى ئەمەسمۇ؟ ئۇمۇ بىزدەك موزدۇزلارنىڭ سۇلياۋ يىپىدىن ئالغان بولسا ئۈزۈلۈپ كەتمەستى،— دېدى ئابلىز.

— بىزنىڭ لەگلەك ئەجەب ئۇچماستا قالدى، قارىسام سىلەرنىڭ لەگلەكلەر بىر ئوبدان ئۇچۇۋاتىدۇ. بىرىڭلار كۆرۈپ باقساڭلار بوپتىكەن ئۇكىلىرىم؟— دېدى ھېلىقى ھاكاۋۇر ئەر ئاخىر بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ.

— بايا ئۇچۇرغاندا تولا موللاق ئاتقىنىدىن قارىغاندا تەڭشىكى ياخشى تەڭشەلمەپتىمۇ نېمە،— دېدى ئابلىز،— تەڭشەپ قويايلى.

بىز ئۇلارنىڭ ھېلىقى چوڭ لەگلىكىنىڭ يېنىغا كەلدۇق. لەگلەكنىڭ رەختى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، چۆرىلىرى ئىككى رەت تىكىلىپتىلگەن بولغاچقا كۈچلۈك شامالدىمۇ تىتىلىپ كەتمىگىدەك پۇختا ئىدى. چىغنىڭ ئورنىغا ئېلاستىكلىقى ياخشى، ئىنچىكە پولات سىم ئىشلىتىلگەن سۇلياۋ تاياقچە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، يىپىمۇ توم، غالتىكىمۇ ناندەك چوڭ، قوللۇقىمۇ ئەپچىل ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— نېمىدېگەن چوڭ غالتەك بۇ؟ — دېدى ئابلىز قولىغا ئېلىپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ.

— مەن ئاۋۇ يەرگە باراي، بىر ئۇچۇرۇپ باقايلى بۇ «ئايروپىلان» نى، — دېدى ئابلىز.

بىز نەچچە قېتىم ھەپىلىشىپمۇ تۇزۇك ئۇچۇرالمىدۇق، لەگلەكنى تۇتۇپ كەلگەن جاپپار لەگلەكنىڭ قۇيرۇقىنى كۆرسىتىپ:

— قۇيرۇقتىن يەنە بىر تال كەممۇ، نېمە؟ — دېدى.

— بىلمىدىمغۇ، مانا، بازاردىن ئالغاندا بەرگەن ھەممە نېمىسىنى ئالغاچ كەلگەن، — دېگەچ قولىدىكى سۇلياۋ خالتىنى كۆرسەتتى ھېلىقى كىشى.

جاپپارنىڭ پەرىزىدەك بىر تال قۇيرۇق كەم ئۇلانغانىكەن. بىز تەڭشىگىنى قايتىدىن تەڭشەپ ئۇچۇرۇۋىدۇق، لەگلەك ئاسمانغا كىچىك پىلانېر كۆتۈرۈلگەندەك لەپىلدەپ ئۇچۇپ چىقتى. ھېلىقى بالىلارنىڭ چاۋاك چېلىپ كۈلۈشلىرىدىن بىزمۇ خۇشال بولۇپ، ئۇلارنىڭ لەگلىكى بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۆزىمىزنىڭ لەگلەكلىرىنى ئۇنتۇپلا كەتكەنىدۇق.

جاپپارنىڭ لەگلەك ياساشقا قولى ئەپچىل ئىكەنلىكى بىزگە ئايان، ئۇ بۇلتۇر نەچچە قېتىم ئاتامدىن گېزىت سوراپ ئاچىقىپ لەگلەك ياساپ ساتقانىدى. مانا ئەمدى بازاردا تەييار لەگلەكلەر كۆپىيىپ كېتىۋىدى، بۇ يىل ئۇ لەگلەك ياساپ ساتالمىدى.

ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئىمتىھان بېرىش ئىشىم بولمىغان بولسا قومتاغدىن كەچكىچە كەلمەس ئىدىم. ئاتامنىڭ قولۇمغا سائەت سېلىپ قويۇۋېتىپ: «بالام، تىرىشقىن، تىرىشىپ ئوقۇپ شۇ ئىمتىھاندىن بىر ئۆتۈپ كەتكىنە! مەن ئوقۇيالمىغان

چوڭ ـ چوڭ شەھەرلەردىكى مەكتەپلەردە ئوقۇپ ياراملىق ئادەم بولغىن بالام!...» دېگەنلىرىنى ئويلاپ قۇمتاغ ئاسمىنىدا ئۇچۇۋاتقان خىلمۇخىل لەگلەكلەرگە ھەۋەسلىنىپ قاراپ قويۇپ ئۆيگە ياندىم.

## 2. بوران

مەكتەپتە ھەپتىدە بىر ئېلىنىدىغان تەقلىدىي ئىمتىھان باشلىنىپ كەتتى. مەن بىر قېتىم بىرىنچى، ئىككى قېتىم ئىككىنچى، بىر قېتىم ئۈچىنچى بولدۇم. ئاتام نەتىجىلىرىمنى كۆرۈپ خاپا بولاتتى. چۈنكى، مەن ئۆزۈم بىلىدىغان ئاددىي جايلاردىن نومۇر كەتكۈزۈپ قويغانىدىم. ئاتام بىرىنچى بولالمىغان چاغلىرىمدا: «سەن ئىمتىھاندىن بىرىنچى بولۇپ چىقىپ كېتىمەن دەپ ئالدىراپسەن، بولمىسا سوئاللارنى ئىشلەپ بولۇپ بىر قۇر تەكشۈرۈۋەتكەن بولساڭ ماتېماتىكىدىن مۇنچە نومۇر، فىزىكىدىن مۇنچە نومۇر ئاشۇراركەنسەن...» دەپ كېتەتتى. ئاپام بولسا: «ۋاي، ھېلىمۇ چۈ تاللانغان باللارنىڭ ئىچىدە شۇنچە نومۇر ئالماقمۇ تەس...» دەپ ماڭا چاپان ياپاتتى، ئاتامنىڭمۇ دېگەنلىرى ئورۇنلۇق ئىدى. نېمىشقىدۇر ئىمتىھان قەغىزىدىكى سوئاللارنى ئىشلەپ بولدۇممۇ، تەكشۈرۈشكە قېرىق ئىدىم، يېزىپ بولدۇممۇ، ئىمتىھان مەيدانىدىن چىقىپ كېتىشكە كۆزۈم تۆت ئىدى.

ھاۋانىڭ ئىسسىشى، ئۆگىنىش قىلىشىنىڭ خۇشياقماسلىقى، بىر ـ بىرىدىن قىزىق ئويۇنلارنىڭ تۈگىمەسلىكى مېنى قىينايتتى، ئۆگىنىش قىلىمەن دەپ ئولتۇرسام ئۇيقۇم كېلىپ مۈگدەپ قالاتتىم. پات ـ پات

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يۈز ـ كۆزۈمنى سوغۇق سۇدا يۇيۇۋېتىپ ئۆگىنىش قىلاتتىم. ئارام ئېلىش كۈنلىرىلا مېنىڭ ئەڭ ئەركىن ۋە خۇشال كۈنۈم ئىدى، باھارنىڭ ئىللىق شامىلى بارغانسېرى سۇسلاۋاتاتتى، يەنە بىر ـ ئىككى ھەپتە قۇمتاغدا لەگلەك ئۇچۇرۇۋالمىساق، لەگلەكلەر ئۇچماس بولۇپ قالاتتى. جاپپار، ئابلىكىم ئۇچمىز لەگلەك ياسىدۇق، بۇ قېتىم ياسىغان لەگلىكىمىزنى رەڭلىك قىلىپ بويىدۇق.

ــ ھېلىقى ئىككى بالىسى بىلەن لەگلەك ئۇچۇرۇشقا چىققان كىشىلەرنىڭ لەگلىكى بەك چوڭ ئىكەن، بىز ئۇنىڭدەك ياسىيالمىساقمۇ، چوڭراق قىلىپ ياساپ باقايلى،ــ دېدى جاپپار.

ــ چوڭ ياسىغانغا تۇشلۇق توم يىپىڭ بارمۇ؟ ــ دېدى ئابلىكىم.

ــ بازاردىن سېتىۋالىمىز، مەن موزدۇزلار بىلەن كۆرۈشتۈم، ئۇلار ئالتە يۇەنگە بىر غالتەك بېرىدىغان بولدى،ــ دېدى جاپپار قولىدىكى ئىشنى داۋاملاشتۇرغاچ.

ــ بۇ يىل نېمە بولدى، بازاردا لەگلەك كۆپىيىپ قالدى دېسە، سېنىڭ بازىرىڭنى تۇسۇپ،ــ دېدى ئابلىكىم جاپپارنىڭ ئەپچىل ھەرىكەتلىرىگە قارىغاچ.

ــ نېمە بولسا بولسۇن، مەن ئۆزۈم ياسىغان لەگلەكنى ئۇچۇرىمەن. ھەرگىزمۇ چىرايلىق، پۇختا دەپ بازاردىن سېتىۋالمايمەن،ــ دېدى جاپپار قەتئىيلىك بىلەن. بۇ گەپ ئالدىنقى ھەپتە بازاردىن كېيىنەك لەگلەكتىن بىرنى سېتىۋالغان ئابلىكىمغا تەگدى بولغاي، بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن:

ــ مېنىڭمۇ سېتىۋېلىش نىيىتىم يوق ئىدى، چىغىم يوق بولۇپ قېلىپ...ــ دېدى ئابلىكىم.

— مەن سىنى دېمىدىم، چىغىڭ يوق بولسا مەندىن سورىساڭ بولاتتىغۇ؟ قاراپ تۇرۇپ ئاتاڭنىڭ بەش يۈەن پۇلىغا زىيان سالىسەن، بولمىسا مەن ياساپ بەرسەممۇ بولاتتى ئەمەسمۇ؟

— سىنى ئاۋارە قىلىغۇم كەلمىدى،— دېدى ئابلىكىم.

— تايىنلىق،— دېدى جاپپار،— كۆزۈڭگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ شۇنى ئالغانسەن.

— باشقا گەپ قىلە،— دېدىم مەن،— كېلەر يىلى لەگلەك ئۇچۇرىمىز دەپ يۈرسەك سەت بولامدۇ، نېمە؟

— قانداق دەيسەن؟— دېدى جاپپار ماڭا لاپىدە قاراپ.

— مەھەللىمىزدىكى لەگلەك ئۇچۇرىدىغان بالىلارنىڭ كۆپى كىچىك بالىلار ئىكەن،— دېدىم مەن جاپپار بىلەن ئابلىكىمگە قاراپ،— ئالدىنقى ھەپتە مەن سەپسېلىپ باقتىم.

— نېمە بولسا بولسۇن، مەن ھەر يىلى لەگلەك ئۇچۇرىمەن، لەگلەكنى قېرى - ياش ھەممە ئادەم ئۇچۇرسا بولىۋېرىدۇ، خەلق مەيدانىدا بوۋايلار ئۇچۇرۇپ ئوينايدىكەن - يۇ، بىز ئۇچۇرساق نېمە بوپتۇ،— دېدى جاپپار مېنىڭ گېپىمگە قوشۇلماي.

دەم ئالغان كۈنى سەھەردىلا ناشتا قىلىپ قۇمتاغقا چىقىپ كەتتۇق. لەگلەكلىرىمىز تازا ئېگىز ئۆرلىگەندە شامال كۈچىيىشكە باشلىدى. بىز غالتەكلەرگە يىپنى يۆگەپ ئۈلگۈرۈپ بولالمايۋاتاتتۇق. شامالنىڭ كۈچىيىشى بىلەن لەگلەكلىرىمىز ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. لەگلەكلىرىمىز يىرتىلىپ كەتسە مەيلى ئىدى، مۇھىمى، قىممەت ئالغان يىپىمىزدىن ئايرىلىپ قالمىساق بولاتتىغۇ! قېرىشقاندەك ئالدىراشچىلىقتا غالتەك

قولـۇمدىن چۈشـۈپ كېتىــپ خېلى ئـاۋارە بولدۇم. بىــر چاغدا جاپپار:

ــ شىــر ئەلى، يىــپنى قاتــتىق سىــلكىگىــن! لەگلـەك يىــرتىلىــپ كەتسۇن، يىــپ دەرەخكــە ئىلىــنىــپ قالــسا ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ، لەگلەكنى قايتىدىن ياسىساق بولــدۇ، يىپنى...

ــ ئېگىزگىرەك چىقايلى دېسەم ئۆزۈڭلار ھۇرۇنلـۇق قىلىپ ئۇنىمىدىڭلار، مانا ئوبدان بولدىمۇ؟ــ دېدىم مەن تاپا قىلىپ. چۈنكى، بايا مەن «ئېگىزگە چىقـايلى، بۇ يـەر ئورمانغا يېقىنكەن، شامال يۆنىلىــشى ئۆزگىــرىپ قالسا لەگلەكلىرىمىــز دەرەخكە ئىلىنىــپ قالــمىسۇن يـەنە» دېگەنــدىم. بىــر ياقتــىن قۇم كۆزۈمــگە كىرىــپ ئـاۋارە قىلسا، بىر ياقتىن لەگلەك كـونتروللـۇقىنى يـوقىتىــپ بارغانچە پەسلەپ كېتىۋاتاتتى.

بوراننىڭ كۈچىيىشى بىلەن ھەممىمىزنىڭ لەگلىكى يىرتىلىــپ كەتتى، يىــپلىــرىمىزنى يۆگىشىــپ قۇمدىــن ئـورمان ئىچـىگە چۈشـتۇق، بىردەمــدە ئاسمانـغا سېرىـق پـەردە تارتىــپ قـويغانـدەك بـولۇپ كـەتتـى. بىــز مـۇسا بوۋاينىڭ ئالچۇقىغا كىــرىپ بىــردەم دالدىلاندۇق، بـوران بارغانچە كۈچىيىــپ كېتىــۋاتاتتى، ئـارىمىزدىكى بىزگـە ئەگىشىپ كەلگەن كىچىك باللار يىغلىغىلى تۇردى.

ــ تېــز كېتەيـلى، بولمــىسا ئۆيـدىكىلـەر ئەنسىــرەپ قالىدۇ،ــ دېدىم مەن.

ــ ئـورمان دېگـەن ئـەجەب ياخـشـى ئـىكـەن ـ ھـە! قاراڭلار، بورانــنىڭ ھەيـۋىسى بـوشـاپ كەتتـى،ــ دېـدى ئابلىكىم.

ــ يىغلاشما، كىم سىلەرنى ئەگىشىپ كەلسۇن دەپتۇ،

مانا هازىر ماڭىمىز ،ــ دېدى جاپپار كىچىك باللارغا ۋارقىراپ.
ــ تېرىكمە، ئۇلارمۇ بىزنى بار دەپ خاتىرجەم ئەگىشىپ كېلىپ لەگلەك ئۇچۇرغان گەپ، بولمىسا ئۇلارغا بۇ يەردە نېمە بار ،ــ دېدى ئابلىكىم جاپپارغا.
ــ چوڭلار بۇنداق بوراننى نېمىشقا قارا بوران دەيدىغاندۇ؟ بۇ بوران قارا ئەمەس، سېرىق تۇرسا...ــ دېدى جاپپارلارنىڭ قوشنىسىنىڭ ئوغلى رۇستەم دۈگدىيىپ تۇرۇپ.
ــ توڭلاۋاتامسەن؟ ــ دېدى جاپپار ئۇنىڭ هالىغا قاراپ.
ــ ئازراق،ــ دېدى ئۇ بالا سەل تېتىكلىشىپ.
ــ بوران كۈچىيىپ كېتىۋاتىدۇ، ئاسماننى چاڭ ـ توزان توسۇۋالغاچقا كۈن نۇرى يوق، هاۋا سوۋۇپ كېتىۋاتىدۇ،ــ دېدى جاپپار ئورنىدىن تۇرۇپ،ــ ئەمدى ماڭايلى، بولمىسا ماۋۇ باللارنى ھىق تۇتۇپ قالمىسۇن.
ــ شىرئەلى سەن بىر نېمە دېمەيسەنغۇ، رۇستەمنىڭ سوئالى جاۋابسىز قالدى،ــ دېدى ئابلىكىم.
ــ مەنمۇ بىلمەيدىكەنمەن، ئاتامدىن سوراپ باقاي،ــ دېدىم مەن.
ــ سەن ئەلاچىنىڭمۇ بىلمەيدىغىنى بار ئىكەن ـ هە؟ ــ دېدى ئابلىكىم.
ــ بولمايچۇ،ــ دېدىم مەن،ــ جاھاندا ھېچكىم ھەممىنى بىلمەن دېيەلمەيدۇ.
بىز مەھەللە ئىچىگە كىرگەندە ئىتلار قاۋشىپ، قويلار مەرىشىپ ئەتراپنى بىر ئاپتۇ.
ــ شىرئەلى، يەر تەۋرەشتىن ئىلگىرى قويلار مەرەپ، ئىتلار قاۋاپ، كالىلار مۆرەپ، ئاتلار كىشنەپ كېتىدۇ دەپ ئاڭلىغان، يەر تەۋرەپ قالماس ـ هە؟ ــ دېدى ئابلىكىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— تىلىڭغا تاش، خۇدايىم ساقلىسۇن، قارا بوراندا ھېچنېمىنى كۆرەلمەيۋاتقاندا بۇنداق شۇم ئېغىزلىق قىلمىغىنا، — دېدىم مەن.

بوران تېخىمۇ كۈچىيىپ توپا يېغىشقا باشلىدى ـ دە، ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. بىخەتەرلىك ئۈچۈن تۈك ئىدارىسى توكنى ئۈزۈۋەتكەن بولغاچقا، شام يېقىپ ئولتۇردۇق. ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى شۇنچە مەھكەم ئېتىۋەتكەن بولساقمۇ، ئۆي ئىچى يەنە تۇمان بولۇپ كەتتى. بايا: «لەگلەك ئۈچۈرۈشقا مېنى ئېلىۋالماپسەن» دەپ خاپا بولغان يارئەلى ئەمدى خاپىلىقىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى.

— ئاتا، زىرائەتلەرنى بوران ئۇچۇرۇپ كېتەرمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئاتامدىن.

— ياق، ئۇچۇرۇپ كەتكەن بولسا بايا بولاتتى، ئەمدى توپا يېغىۋاتىدۇ، ئۇچۇرۇپ كېتەلمەيدۇ، بىراق بۇ ئاچچىق توپا زىرائەتلەرنىڭ يېڭى چىققان يۇمران يوپۇرماقلىرىنى، بىخلىرىنى قۇرۇتۇپ قويىدۇ، — دېدى ئاتام.

— بېغىمىزدىكى ئۆرۈك چېچەكلىرىنى قېقىۋەتكەنمىدۇ؟ — دېدىم مەن ئەنسىرەپ.

— بايا ئاپاڭ ئىككىمىز چىقىپ قاراپ باقتۇق، — دېدى ئاتام، — ئانچە قېقىلماپتۇ، ئەمدى توپىدا قانداقراق غورا تۇتىدۇ ئۇنى بىرنېمە دېمەك تەس، ھەي بۇ يىل باھار بالدۇر كەلدى دەپ خۇشال بولۇپ كەتكەندۇق، قانچە يىلدىن بۇيان كۆن بىلەن تۇن تەڭلىشىدىغان كۈنى، يەنى نورۇزدىن بۇرۇن مەھەللىمىزدە ئۆرۈك چېچەكلىمىگەنىدى.

ئاپام ئاشخانا ئۆيدىن ئىدىشقا سۇ چۇشۇرۇپ قويۇپ يېنىپ كىردى.

— توۋا، بۇنداق قاتتىق قارا بوراننى ئىلگىرى

كۆرمەيتىكەنمەن، كۇندۇزدىمۇ كېچىدەك بولۇپ كەتتى، — دېدى ئاپام.

بىز تالاغا چىققاندۇق، ھەقىقەتەن قاراڭغۇ چۈشكەندەك ئالەم قاراڭغۇلۇقتا قالغانىدى.

— مۇشۇ توپىدا ئىدىشتىكى سۇمۇ لاي بولۇپ كەتتى ھەرقاچان؟ — دېدىم مەن ئەنسىرەپ.

— تۇۋۇقنى ھەم يېپىپ، ئۇستىنى داستىخان بىلەن يۆگەپ قويدۇم، لاي بولسىمۇ ئەتىگىچە تىنىپ سۈزۈلۈپ قالىدۇ، بالام، — دېدى ئاپام مېنى خاتىرجەم قىلىپ...

## 3. توپا دەرياسى

يامغۇردا شورپا، بوراندا ئۇيقۇ دەپ تازا ئۇخلاپتىمىز. يارئەلى ئىككىمىز سەھەر ئورنىمىزدىن تۇرۇپ بىر-بىرىمىزگە قاراپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق، ئۆي ئىچىدىكى ھەممە نەرسىنى قېلىن توپا باسقانىدى، كىتابىمنى قولۇمغا ئېلىۋىدىم، كىتابىمنىڭ ئورنىدا شۇنداق روشەن ئىز قېپقالدى، ئاپام ئوچاقتا ئوت يېقىپ ناشتىلىق تەييارلاۋاتقانىكەن، ئىشىكتىن چىقىشىمغا:

— چاپىنىڭنى كىيىپ چىق، تالا بەك سوغۇق، — دېدى ئاپام.

تالا ھەقىقەتەن سوغۇق ئىدى، مەن چاپىنىمنى كىيىپ چىقىپمۇ توڭلاپ ئۇدۇل ئوچاقنىڭ ئالدىغا يۈگۈردۈم. ئاخشامقىدەك توپا ياغمىغان بولسىمۇ، لېكىن بوراننىڭ قالدۇقى بار ئىدى. ئاتام ھويلىغا كىرىپ كەلدى ۋە:

— ھەي، بوران يارداڭ ياقىسىدىكى تەكلەرنىڭ تۈۋرۈكلىرىنى ئۈزۈۋېتىپتۇ، تەك شۇڭگىلىرىنى تۇرۇپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

چىگىچ چاچتەك قىلىۋېتىپتۇ، تەك ئاچقاندا ھەربىر تال شۇڭنى چىلىڭ چىگىكەن ئەمەسمىدۇق... — دېدى ئۇھسىنىپ.

— بۈگۈن مەكتەپكە بارمىساقمۇ بولارمۇ؟ — دېدىم مەن ئاتامغا قاراپ.

— نېمىشقا بارمىغۇدەكسەن؟ — دېدى ئاتام سەل جىددىيلىشىپ، — بىزنىڭ يېزا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ھەر يىراقلاردىن يول ناچار بولسىمۇ مەكتەپكە ئۆلگۈرۈپ كېلىدۇ. سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلار مەكتەپكە يېقىن، يول ياخشى، ئەلۋەتتە بارىسىلەر - دە.

— ئاخشامقى بوراندا قۇمتاغ ئۆستەڭ تەرەپكە سۈرۈلگەنمىدۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن ئاتامدىن.

— ئەخمەق، قۇمتاغ ئورنىدا تۇرىدۇ، — دېدى ئاتام، — مەن مۇشۇ ياشقا كىرىپ قۇمتاغنىڭ ئۆستەڭ تەرەپكە سۈرۈلگىنىنى ئاڭلاپ باقمىدىم. بىز كىچىك چاغلاردا چىقىدىغان بورانغا سېلىشتۇرغاندا ئاخشامقى بوران ھېچ نەرسە ئەمەس، بالام!

— ئاخشام قۇمتاغ رىۋايىتىدىكىدەك تۈگۈلۈكتىنمۇ قۇم قۇيۇلغاندەك چۈشەرمۇ دەپ ئەنسىز ياتتىم، — دېدىم مەن.

— ئۇ دېگەن رىۋايەت، بىز دەل - دەرەخلەرنى كېسىپ ئۇ دەرىجىگە يەتمىدۇق، — دېدى ئاتام.

شۇ ئەسنادا بوۋام قولىدا بىر تۇتام سۆگەت نوتىسى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قانداق ئەھۋالىڭلار، باللىرىم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! كەل بوۋا، — دېدىم مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ.

— شەرىپىدىن، ئېتىزغا بېرىپ باقتىڭمۇ، بالام؟ — دەپ سورىدى بوۋام ئاتامدىن.

— باردىم، تەكلەرنى تۇرمەكلەپ چىگىچ چاچتەك قىلىپ قويۇپتۇ، — دېدى ئاتام.

— ھېچقىسى يوق، تەكلەر تېخى بىخلىمىغان تۇرسا، يەنە جايىغا ئەكېلىپ قويساق بولىدۇ، — دېدى بوۋام ئاتامنى سەل خاتىرجەم قىلىپ.

— راشىدىنلارنىڭ تەكلىرى قانداق ئىكەن؟ — دەپ سورىدى ئاتام بوۋامدىن، — مەكتەپكە ئالدىراپ ئۇ يەرلەرگە بارالمىدىم.

— خۇداغا شۈكۈر، ئۇ يەرلەرنىڭ ئۆپچۆرىسىدە ئورمان بولغاچ ئانچە بوران تەگمەپتۇ، — دېدى بوۋام.

— ئۇششۇك چۈشىدۇ دېگەن گەپ بارغۇ، قانداق بولار؟ — دەپ سورىدى ئاتام سەل ئەنسىرەپ.

— ئۇششۇك چۈشسە ئۆرە مېۋىلەرگە چاتاق، تەككە ھېچنېمە بولمايدۇ، — دېدى بوۋام.

— ئۆرۈكلەر چېچەكتىن چىقا - چىقماي بوران قېقىۋەتكىنى يامان بولدى، — دېدى ئاتام ئۇھسىنىپ.

— بىر ياز ئۆرۈك يېمىگەنگە نېمە بولماقچىدى، — دېدى بوۋام، — ئۇششۇك چۈشۈپ تەكلەرنى نابۇت قىلمىسىلا بولاتتى.

بىز بوران توغرۇلۇق پاراڭلاشقاچ ناشتا قىلىۋاتاتتۇق، دەرۋازا قېقىلىپ ئابلىز كىرىپ كەلدى. چوڭ - كىچىك ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئۇنى داستىخانغا تەكلىپ قىلساق، ئۇ زادىلا ئۇنىمىدى.

— ئەتىگەن مەكتەپكە بارغانىدىم، توك يوق، سىنىپلار قاراڭغۇ بولغاچ بۈگۈن دەم ئالىدىكەنمىز، شىر ئەلىگە دەپ قوياي دەپ كىرىشىم، — دېدى ئۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ــ نېمانچە بۇرۇن بارىسەن؟ ــ دېدىم مەن.
ــ ئىنەك موزايلىغاندىن بۇيان مەن مەكتەپ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىكى ئۈچ مۇئەللىمگە سۈت ئاپىرىۋاتاتتىمغۇ؟ سۈت ئېلىپ بارسام مۇئەللىملەر شۇنداق دېيىشىۋاتىدۇ، ــ دېدى ئۇ ماڭا قاراپ.
ــ بىزنىڭ مەكتەپمۇ قويۇۋېتىپتىمۇ؟ ــ دېدى يارئەلى خۇشال بولۇپ.
ــ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ قانداقلىقىنى بىلمىدىم، مەن ماڭاي، ــ دېدى ئۇ دەرۋازا تەرەپكە مېڭىپ.
بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئۇنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ قويدۇق. يارئەلى بولسا پوپايكىسىنى كىيىپ بىردەم تالاغا چىقىپ، بىردەم ئوچاق ئالدىغا كېلىپ مەكتەپكە بارماسلىقىقا بىرەر باھانە ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ دەرۋازا ئالدىغا كىچىك ئورۇندۇقنى قويۇپ ئولتۇرغىنىچە مەكتەپ تەرەپتىن بىرەرىنىڭ يېنىشىنى كۈتتى، بىراق ئۇنىڭ تەلىيىگە مەكتەپ تەرەپتىن بىرى كېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە مەكتەپ تەرەپكە كېتىۋاتقانلار كۆپەيگىلى تۇردى. ئاتام موتوسىكلىتىنى مىنىپ ئەھۋال بىلىپ بېقىش ئۈچۈن مەكتىپىگە يۈرۈپ كەتتى. يارئەلى بولسا بىرەرىنىڭ «بىزمۇ مەكتەپكە بارمايدىكەنمىز» دېيىشىنى كۈتۈپ تەقەززا ئىدى. ئاپام بولسا ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا خاپا بولۇپ:
ــ ساڭا بىرەرى «بارمىساقمۇ بولىدىكەن» دېمىگەندىكىن كىيىمىڭنى ئالماشتۇرۇپ مەكتىپىڭگە ماڭ، ــ دېدى ئۇنى مەكتەپكە مېڭىشقا ئۈندەپ.
ــ بارمىساق بولمامدۇ؟
ــ مەن سىلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىڭلار ئەمەس، تېز ماڭ.
ــ مېنىڭ بۈگۈن زادىلا بارغۇم يوق.

— مەكتەپتىن قاچقان بالا ياخشى بالا ئەمەس.
— بۈگۈن بوران چىققان تۇرسا... ئۇنىڭ ئۈستىگە...
— ئۇنى - بۇنى باھانە قىلماي مەكتەپكە ماڭ.
يارئەلى ئىرىنچەكلىك بىلەن كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپ بوغچىسىنى ئاستى - دە، ئەمدى دەرۋازا ئالدىغا چىقىشىغا، ئاتام موتوسىكلىتتىن چۈشتى.
— ئاتا، ئاتا، سىلەرمۇ بۈگۈن دەم ئالامدىكەنسىلەر؟
— شۇنداق، سىلەرمۇ دەم ئالىدىكەنسىلەر.
— ۋاھ، بەك ياخشى بولدى.
— مەكتەپكە بارمىسا ياخشىمۇ؟
— بۈگۈن ياخشى.
ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. يارئەلى بوغچىسىنى ھويلىدىكى كارىۋاتنىڭ دوقمىسىغا ئېسىپ قويۇپ تالاغا چاپتى، ئاپامنىڭ كىيىمىگىنى ئالماشتۇرۇۋال دېگىنىگىمۇ قارىماي بىردەمدە كۆزىمىزدىن غايىب بولدى.
مەن ئاتامغا ياردەملىشىپ كىچىككىنە بېغىمىزدىكى دەرەخلەرنىڭ سۇنغان شاخلىرىنى كېسىپ، چېچەكلەردىكى توپىنى قېقىشىپ بەردىم، چۈشكە يېقىن ھاۋا ئېچىلىپ كەتتى. چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولغاندا جاپپارلار چاقىرغىلى كىرىپ كەلدى.
مەھەللىدىكى بالىلار قۇمتاغنىڭ ئۈستەڭ تەرىپىگە سۈرۈلگەن - سۈرۈلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن قۇمتاغقا قاراپ ماڭدۇق. يارئەلى كەينىمىزدىن ئەگىشىۋالدى، بىر يەرگە بارسام ئۇنىڭ كەينىمگە كىرىۋېلىشىغا شۇنداق ئۆچ ئىدىم، مەن ئۇنى ئالداپمۇ ئالدىيالمىدىم، ئاخىر بارساڭ بارمامسەن دەپ كارىم بولمىدى. بىز قۇمتاغ باغرىغا كېلىپ مۇسا بوۋاينىڭ كەپىسىگە كەلدۇق، كەپىنى بوران قىيسايتىپ

قويغانىكەن. قۇمتاغنىڭ ياقىسىدىكى دەرەخلەر ئۆز پېتى، مۇسا بوۋام تىككەن ئۆتكەن يىلقى كۆچەتلەرمۇ ئۆز پېتى تۇراتتى. لېكىن، دەرەخلەرنى سۇغىرىدىغان ئېرىقلارغا قۇم تىنىپ كەتكەنىكەن.

— كېچە چىققان بوران، ياغقان توپىغا قاراپ، قۇمتاغنىڭ قۇمى يۇرتىمىزنى يۇتۇپ كېتەرمىكىن دېگەنىدىم، قۇمتاغ ئۆستەڭ تەرەپكە ھېچبىر سۇرۇلگەندەك ئەمەسقۇ، — دېدى جاپپار.

— بىزمۇ شۇنداق ئويلىغانىدۇق، — دېدىم مەنمۇ ئاتامنىڭ دەپ بەرگەنلىرىنى دەپ بەرگەچ.

— قۇمتاغ ئاستىدا قالغان ھېلىقى شەھەرگە ئوخشاش بىزنىڭ بۇ يۇرتىمىزمۇ قۇم ئاستىدا قالسا قانداق قىلارمىز دەپ ئەنسىرەپ يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن، كېچىچە قارا بېسىپ چىقتى، — دېدى ئابلىز.

— قۇمتاغ رىۋايىتى راستىمىدۇر؟ ئۆينىڭ تۆڭلۈكىدىن قۇم تۆگمەننىڭ نويدىن چۈشكەن ئۆگۈتتەك چۈشەمدىغاندۇ؟ — دېدى ئارىدىن بىرى.

— نەدە ئۇنداق ئىش بولسۇن! مۇسا بوۋامدەك دەرەخ تىكىپ ئورمان قوغدىساق قۇم ھەرگىز بىزگە تەڭ كېلەلمەيدۇ، — دېدى ئابلىز.

— بۇگۇن ئابلىكىم كەلمەپتىغۇ؟ — دېدى قۇتيار.

— ئەمدى ئېسىڭگە كەلدىمۇ مەن، — دېگىنىچە قۇم دۆڭىنىڭ كەينىدىن ئابلىكىم چىقىپ كەلدى.

— ئاسماندىن چۈشمىگەنسەن؟ مەن مۇشۇ ياققىلا قاراپ ئولتۇرغان، ئەمدى ئۆرۈلۈشۈمگە... — دېدى قۇتيار ھەيران بولۇپ.

— «كۆز دېگەن كامار نېمە، كۆرمىسەڭ بىكار نېمە» دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭ... نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر، مەن

يوق پاراڭ ئەجەب قىزىپ كېتىپتىغۇ؟ — دېدى ئابلىكىم يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.

— نېمە پاراڭ بولماقچىدى، كېچىدىن چىققان بوراننىڭ گېپى بولمامدۇ. ئەجەب قورقۇتتى ئۇ بوران! — دېدى ئابلىز.

— قۇمتاغنىڭ قۇمى دېگەن ئاجايىپ قۇم - دە، بۇ قۇمنى بوران ئۇچۇرۇپ كېتەلمەيدۇ...

— راست، قۇم ياغماستىن توپا ياغدى دېسە، نەدىن كېلىدىغان توپىدۇر ئۇ؟ — دېدى قۇتيار قۇمنى سورۇپ كۆرۈپ، — قاراڭلار، مانا قۇمدا ئازراق توپا بار ئىكەن. دېمەك قۇمتاغقىمۇ توپا ياغدى دېگەن گەپ.

بىز بوران ھەققىدە ئۇزاق مۇنازىرىلىشىپ توپىنىڭ نەدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلەلمەي تۇرغىنىمىزدا مۇسا بوۋام كېلىپ قالدى.

— سىلەرمىدىڭلار بالىلىرىم، بايا سىلەر ئالچۇققا بارغانمىدىڭلار؟

— بارغان، ئالچۇقلىرىنى بوران قىيسايتىپ قويۇپتىكەن، ئوڭشاپ قويدۇق. ئاۋۇ قۇم تىنىپ كەتكەن ئىككى ئېرىقنىڭ قۇمىنى ئېلىۋەتتۇق، — دېدى ئابلىز.

— ھە، قارىسام ئىزىڭلار بار ئىكەن، ھەرقاچان سىلەرنى مۇشۇ ئەتراپتا دەپ كەلگەنىدىم. سەل تۇرۇپ بوران سۇندۇرۇۋەتكەن ئىككى تۇپ سۆگەتنى كېسىپ سىلەر كۆتۈرگۈدەك قىلىپ قويىمەن. كەنتكە ئاپىرىشىپ بېرىڭلار، كەنتتىكىلەر بىرەرىگە بېرىۋەتسۇن.

بىز بىردەك ماقۇل بولدۇق. ئابلىز بايىقى بىز تالاشقان سوئالنى مۇسا بوۋايدىن سورىدى.

— مۇسا بوۋا، نېمىشقا قۇم ياغماي توپا ياغىدۇ؟ كېچىچە ياغقان توپا نەدىن كەلگەن؟...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— قۇمنىڭ دانىسى سەل چوڭ بولىدۇ، بوران ئۇ ياقتىن بۇ ياققا يۆتكەيدۇ ـ يۇ، ئۇچۇرالمايدۇ، شۇڭا قۇم ياغمايدۇ. بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا چۆلتاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۈيى ئاسماندەك سۈزۈك ۋە تىنىق بىر دەريا بولغانىكەن. دەريانىڭ ئەتراپى قويۇق قومۇشلۇق بولۇپ، ھەر خىل قۇشلار نە ـ نەلەردىن ئۇچۇپ كېلىپ ماكانلىشىدىكەن. بۇ دەريانىڭ سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈكىدىن دەريادىكى بېلىقلارنىلا ئەمەس، چۈشۈپ كەتكەن يىڭنىنىمۇ كۆرگىلى بولىدىكەن. كىشىلەرمۇ دەرياغا ئېزىپ ـ تېزىپ ئەخلەت تاشلىمايدىكەن، بىر تېمىم سۇنىمۇ زايە قىلماي ئىشلىتىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىگە شەيتان كىرىپ، سۇغا ئەخلەت تاشلاشقا، دەريا بويىدىكى ئورمانلارنى كېسىشكە ئۈندەپتۇ، دەسلەپتە كىشىلەر ئۇنىماپتۇ، شەيتان قايتا ـ قايتا كۈشكۈرتۈپ ئاخىر كىشىلەرنى دەرەخ كېسىشكە، دەرياغا ئەخلەت تاشلاشقا كۆندۈرۈپتۇ، ئۇزۇنغا بارمايلا دەريانىڭ سۈيى بۇلغىنىپ بېلىقلار ئازلاپ كېتىپتۇ، ئاپپاق ئاق قۇلارنىڭ قاناتلىرى قازاننىڭ قارىسىنى سۈركەپ قويغاندەك كىرلىشىپ كېتىپتۇ، كىشىلەر بۇنىڭ بىلەن كارى بولماي ئۆز ئىشلىرىنى داۋام قىلىۋېرىپتۇ. ئاخىر دەريادا ھەممە قۇرۇپ تۈگەپتۇ. بۇنىڭغا غەزەپلەنگەن تەڭرى بۇ دەريا كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتسۇن دەپ قارغاپتۇدەك. شۇنىڭ بىلەن بۇ دەريادا سۇ ئەمەس، كۈلدەك يۇمشاق توپا ئاقىدىغان بولۇپ قاپتۇدەك... بۇ توپا دەرياسىغا ئادەم تۇرماق تۆگە چۈشۈپ كەتسىمۇ، ئۇنىغا بىر تال شارەك چۈشۈپ كەتكەندەكلا بىلىنىگۇدەك. بوران چىقسىلا شۇ توپا دەرياسىنىڭ توپىسى ئۇچۇپ كېلىپ ياغقۇدەك...

ھەي، كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدىمۇ ياغىدىغان بۇ توپا دېگەن! بىزگە چوڭلار: «توپا دەرياسىنىڭ توپىسى ئۇپىدەك سىلىق، يېپىشقاق بولىدۇ» دەيدىغان! ئەمدى سىلەر مۇئەللىمىڭلاردىن سوراپ باقساڭلار، ئۇلار نېمە دەيدىكىن.

بىز مۇسا بوۋاينىڭ توپا دەرياسى ھەققىدىكى قىزىق رىۋايىتىگە قىزىقىپ خېلى ئولتۇردۇق. بىزنى سۈر باستى بولغاي، ئالدىمىزدىكى قۇم بىردىنلا كۆزىمىزگە توپا دەرياسىدەك كۆرۈنۈپ، دەسسىگەن ھامان توپا ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدۇق. مۇسا بوۋاي ئىككى تۈپ سۆگەتنىڭ شاخلىرىنى كەسلەپ بىز كۆتۈرگۈدەك قىلىپ ئۈلگۈردى.

## 4. قۇمتاغدا نورۇز

قۇم، ھەممە يەر ئاپتاپتا تاۋلانغان قۇم. دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ياشىرىشى بىلەن قۇمنىڭ رەڭگى تېخىمۇ روشەنلەشتى. مەكتەپتە تەقلىدىي ئىمتىھانلار ئېلىنىپ تۇردى، ۋاقىت ئاز قالغانچە مېنى سۈر بېسىشقا باشلىدى، بەزىدە ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئۆتۈشكە كۆزۈم يەتمەي قالاتتى. بۇنداق بەل قويۇۋەتكەن چاغلاردا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 6 ـ يىللىقىدىكى چاغلارنى يادىمغا ئالاتتىم ـ دە، تۇرۇپلا روھلىنىپ قالاتتىم. مەھەللىمىزدە سارا ئۆتكۈزۈشنىڭ گېپى بولۇۋاتاتتى. يۇرتىمىزدا ھەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن باشلىنىدىغان نورۇز بايرىمى 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە مەھەللە ـ مەھەللىدە ئۆتكۈزۈلەتتى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يۇرتىمىزنىڭ ئادىتى بويىچە بىز نورۇزنى «سارا» دەپ ئاتايتتۇق، مانا بىزنىڭ مەھەللە سارا ئۆتكۈزۈش كۈنىنى تاللاۋاتاتتى. بىزنىڭچە بولسا، بىز دەم ئالغان كۈنى ئۆتكۈزسە بەك ياخشى بولاتتى. ئېسىمنى بىلسەم، مۇشۇ كەمگىچە سارا بىرەر قېتىممۇ بىز باللارنىڭ دەم ئالغان كۈنىگە ئۇدۇل كەلمەپتۇ. دېھقانچىلىقنىڭ شەنبە - يەكشەنبە بىلەن نېمە كارى.

بوۋاملارنىڭ ئۆيىگە بارسام، بوۋام راشىدىن كىچىك ئاتام بىلەن باغدا ئىشلەۋاتقانىكەن.

— «ياشلار كېلەر ئىشقا» دەپتىكەن، قېنى قولۇڭغا ئاۋۇ گۈرجەكنى ئېلىپ تاغاڭغا ياردەملىشىپ ماۋۇ يەردىكى توپىنى ئاۋۇ يەرگە ئېتىشىپ بەر، — دېدى بوۋام مېنى كۆرۈپ.

— بولدى، بۇ ئاۋاقنىڭ بىلىكىنىڭ كۈچى يوق، بىر گۈرجەك توپا ئاتقۇچە چوكىدەك ئىنچىكە قوللىرى سۇنۇپ كەتمىسۇن يەنە، ئۆزۈم بىردەمدە تۈگىتىمەن، — دېدى كىچىك ئاتام بوۋامغا قاراپ قويۇپ، — ماڭ، تۇرغانىغا دەرس ئۆگىنىپ قوي، — دېدى.

— مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن؟ قۇمتاغقا چىقىشتا مەھەللىدىكى باللار ئىچىدە، بۇ يىل كىرىپلا ئۈچ قېتىم بىرىنچى بولدۇم جۇمۇ؟ تولا مېنى كەمسىتمە، — دېدىم كىچىك ئاتام بىلەن چېقىشىپ.

— قايسى چوققىغا چىققانتىڭلار؟

— ئەلۋەتتە بىرىنچى چوققىغا - دە.

— ئۇنداقتا خېلى كارامىتىڭ بار ئىكەن، پوت - قولۇڭنىڭ چوكىدەك ئىنچىكىلىكىگە قاراپ، سېنى بەكلا ئاجىز مىكىن دەپ ئويلايدىكەنمەن.

— سىلەرمۇ كىچىك ۋاقىتىڭلاردا قۇمتاغدا ئوينامتىڭلار؟

— ئەلۋەتتە، قۇمتاغدا ئويناش ھەممىدىن كۆڭۈللۈك. ئۇ چاغلاردا ھازىرقىدەك تېلېۋىزور، كىنو دېگەن نەدە تۇرۇپتۇ دەيسەن، مەكتەپتىن كېلىپلا قويلارنى ئاچىقىپ قويۇۋېتىپ، قۇمتاغقا چىقىپ كەتسەك قاراڭغۇ چۈشكىچە چېلىشىپ ئويناپ ھارمايتتۇق.

— ئۇ چاغلاردا قۇمتاغ، ئۆستەڭ بويىدا قوي باقساڭلار بولامتى؟

— بولمايچۇ. ئۇ چاغلاردا ئۆستەڭنىڭ ئەتراپىدىكى يارداڭلىقلار ئادەم بويى ئۆت - چۆپ ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە سازلىق، ئاۋۇ قوغۇن تېرىغان يەرلەرمۇ ئېچىلمىغان زەيكەش يەرلەر ئىدى.

— ھازىر مۇسا بوۋام ھېچكىمگە قوي باقتىلى قويمايدۇ.

— ئۇ چاغلاردىمۇ مۇساكام بار ئىدى. بىراق، شۇ قۇدۇقنىڭ ئۇستىدىكى ئورماندا قوي باقتىلى قويمايدىغان. ئۇنىڭ تۆۋىنىدە دەرەخمۇ ئاز، زەيكەش يەرلەر ئىدى. بىز قوينى شۇ يەردە باقاتتۇق. قۇمتاغ يانباغرىدىكى يانتاقلىقمۇ بۇرۇن چوڭ ئىدى، ھازىر ئۇ يانتاقلىقنىڭ دائىرىسىمۇ تارلاپ دوپپامدەك جايدا قاپتۇ. توغراقلىقنىڭ سەل ئۇستىدىكى ئىككىزنىڭ ئورنىچىلىك كېلىدىغان يەردە چۇچۇكبۇيا بار ئىدى. ھەي، ئۆتكەن يىلى قۇمغا كەلگەنلەر كېچىدە كولاپ ئەكېتىپتۇ. ئەلمىساقتىن بۇيان تىنچ تۇرغان چۇچۇكبۇيا بىر كېچىدىلا يوق بوپتۇ. ھە راست، پاراڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ نېمە ئىشقا كەلگىنىڭنى سورىماپتىمەنغۇ؟

— ئۆگىنىش قىلىۋېرىپ زېرىكىپ كەتتىم. بوۋامدىن

سارانى قايسى كۈنگە توختاتقانلىقىنى سوراپ باقاي دەپ كەلدىم.

— سارانى ئالدىمىزدىكى يەكشەنبە كۈنگە توختاتتى.

— ۋاھ، ئەجەب ياخشى بوپتۇ.

— بۆلەكچىلا خۇشال بولۇپ كەتتىڭغۇ؟

— خۇشال بولمايچۇ؟ يەكشەنبە كۈنى بولسا ساراغا باشتىن - ئاياغ قاتنىشالايمىز ئەمەسمۇ؟ قاراپ تۇر، قۇمتاغقا چىققىنىمىزدا بىرىنچى بولۇپ سېنى قايىل قىلىمەن.

— چېلىشىشتا قانداقراق؟

— چېلىشىشتا جاپپار بىلەن ئابلىكىم يامان، مەن چېلىشالمايدىكەنمەن.

— ئاتاڭنى تارتىپسەن - دە، ئاتاڭمۇ چېلىشالمايتتى، مەن يىقىۋېتەتتىم.

— شۇڭا، سەن دېھقان بولغان - دە.

— ......

مەن كىچىك ئاتاملارغا ياردەملىشىپ ئۆيگە قايتقۇچە جاپپارلارنىڭكىگە كىرىپ ماڭدىم.

— سارا بولغان كۈنى تېتىكرەك بولايلى، شامال چىقسا لەگلەك ئۇچۇرايلى، — دېدى ئۇ.

— ئۇنداق بولسا سەن تازا چىرايلىق بىر لەگلەك ياسا، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

بىز جاپپار بىلەن سارادا بولىدىغان ئويۇنلار ھەققىدە تاتلىق خىياللار بىلەن خېلى ۋاقىتقىچە پىلان تۈزدۇق.

ئۆي - ئۆيلەردە سارا ھەققىدە پاراڭ بولۇۋاتاتتى. كىملەردۇر بىرلىرى سارانى جۈمە كۈنگە توغرىلاشنى ئوتتۇرىغا قويسا، بىرلىرى پەيشەنبە كۈنى ئۆتكۈزۈش ھەققىدە تەكلىپ بېرىۋېتىپتۇ. ھەي: «يەكشەنبە كۈنىدىن

ئۆزگەرمىسۇن» دەپ ئىچىمدە تىلەپ يۈردۈم. مەكتەپتە ساۋاقداشلىرىمىمۇ سارا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى ھەققىدە گەپ بولغاندا ھەممىدىن بىزنىڭ مەھەللىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان سارانىڭ قىزىيدىغانلىقى ھەققىدە بەس ـ بەستە مۇنازىرىلەشتى. دېمىسىمۇ قۇمتاغ ياقىسىدىكى بۈككىدە ئورمان، سۈيى سۈپسۈزۈك بۇلاقلار، ياپيېشىل چىملىق، قۇشلار سايراپ تۇرغان بۇنداق جايدا ئۆتكۈزۈلسە ئەلۋەتتە قىزىيدۇ ـ دە.

شەنبە كۈنى مەھەللىدىكى چوڭلار سارا ئۆتكۈزۈلىدىغان جايغا مەيدان ۋە ئوچاق ياساپ بولدى. بىز ئورمانلىقتىن مۇسا بوۋام تەييارلاپ قويغان ئوتۇنلارنى توشۇپ دۆۋىلىۋەتتۇق. سارانىڭ ھارپىسى بۇنچىلىك قىزىدى، ئەتە چوقۇم قىزىيدۇ ـ دە، ئەلۋەتتە! ھەي، بوران چىقمىسا بولاتتىغۇ. مەھەللىدىكى بالىلار قۇمتاغدىن خۇپتەن بىلەن تەڭ قايتىپ كەلدۇق. ئاتا ـ ئانىلىرىمىز ئۇنىغان بولسا مۇسا بوۋامغا ھەمراھ بولۇپ قونۇپ قالغان بولاتتۇق.

بۈگۈن ــ يەكشەنبە، سەھەر تۇرۇپ كەتتىم. قۇمتاغ تەرەپتىن ناغرىنىڭ ياڭراق ساداسى ئاڭلىنىۋاتاتتى. «ھاپىلا ـ شاپىلا» ناشتا قىلدىم ـ دە، قۇمتاغ تەرەپكە چاپماقچى بولدۇم ـ يۇ، يارئەلىنى ئويغىتىش يادىمغا كېلىپ ئۇنى ئەمدى ئويغىتىپ تۇرسام، ئاپام:

ــ سەل توختاپ تۇر، پوشكال سالغانىدىم، بىز بارغۇچە ئالغاچ بار. ئۇنىغىچە يارئەلىمۇ ناشتا قىلىپ بولىدۇ، ــ دېدى تۈيۈقسىزلا.

ــ ۋاي ـ ۋۇي، مەن ئوغۇل بالا تۇرۇپ داستىخان كۆتۈرۈپ يۈرسەم سەت بولمامدۇ؟

ــ نېمىگە سەت بولىدۇ، بۈگۈن دېگەن سارا، خۇشال

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولىدىغان كۆن، نېمە سەھەردىلا خاپا قىلىسەن مېنى.
— بولىدۇ، مەن ئاپىراي.
— تۈنۈگۈن بوۋاڭ ئاش ئۇسىدىغانغا ئارا پىيالە بولسا ئۇننى ئالغاچ بىرىڭلار دېگەنىدى، ئۇن بەشىنى تەييارلاپ قويدۇم، ئۇنىمۇ ئېلىۋېلىڭلار.
— چېقىپ قويسام مەيلىمۇ؟ — دېدىم ئاپامنى بۇ ئېسىل پىيالىلىرىنى ئاياپ ئاتاڭلار ئاپارسۇن دەمدىكىن دەپ. دېگىنىمدىكىدەك بولدى، ئاخىر پىيالىلەرنى ئاتام ئاپىرىدىغان بولدى. مەن ئاق داستىخانغا ئورالغان بىر تاۋاق پوشكالنى كۆتۈرۈپ، يارئەلنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ كەتتىم.
قۇمتاغ باغرى ئاجايىپ قىزىپ كېتىپتۇ. بىزنىڭ مەھەللىلىك باللارلا كەلمەپتۇ، تۆۋەن مەھەللىدىن، ئارا مەھەللىدىن، قوشتاغدىن، ئارالدىن، كېچىكتىن، ياردائىدىنمۇ كەپتۇ. مەن داستىخاننى ئۇدۇل بوۋامنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم، بوۋام داستىخاننى قولۇمدىن ئېلىپ ئۇزۇن سېلىنغان داستىخاندا ئولتۇرغان جامائەتنىڭ ئالدىغا قويۇپ:
— بىزنىڭ شەرىپىدىنلەر ئاززاق پوشكال، قويماق ئەۋەتىپتۇ، ئېغىز تېگىپ بېقىشالا... — دېدى.
كۆپچىلىك دۇئا قىلىپ بولۇپ داستىخاندىكى پوشكال، قۇيماقلا ئېغىز تېگىشتى. يوغان - يوغان سۆگەتلەرگە ئىلەڭگۈچلەر ئېسىلغان، يېشىل چىملىقلارغا كىگىز، ئەدياللار سېلىنغان، تۈنۈگۈن ئاسقان قازان بېشىغا كارىۋاتلار قويۇلغان بولۇپ، ئۇستىگە چىنە، تەلەڭگىلەر رەت - رەت تىزىۋېتىلگەنىدى. بىز بولساق چوڭلارغا قايسى بۇلاقتىن دېسە شۇ بۇلاقتىن سۇ ئەكېلىپ بېرىپ تۇردۇق، تەرەپ -

تەرەپتىن مېھمانلار كېلىشكە باشلىدى. قومىتاغنىڭ بارخانلىرى ئۇستىدىمۇ ئادەملەر ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرەتتى. ھەممە يەر بايرام خۇشاللىقىغا چۆمگەندى، بۇ يىلقى سارا بۇرۇنقىغا قارىغاندا قىزىپ كەتكەندى.

كەينى مەھەللىدىكى ياشقا ئەڭ چوڭ تۆمۈر بوۋاينى چوڭ ئوغلى ھاپاش قىلىپ ئەكەلگەندە پۈتۈن ساراچىلار «دۇررىدە» ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، بوۋاينى «كۆتە ـ كۆتە» بىلەن ئوتتۇرىدىكى گىلەمگە ئولتۇرغۇزدى. بوۋاي خۇشاللىقتىن مەڭزى قىزىرىپ تېتىكلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى، بوۋاي ئەتراپقا تويماي قارايتتى، جامائەتتىن ئۇنى ـ بۇنى سورايتتى.

ــ سەن كىمنىڭ بالىسى، بالام؟ــ بوۋاي يېنىدىكى ساقاللىق بىر بوۋايدىن سورىدى.

ــ تۇرسۇن ناۋاينىڭ.

ــ ھە، تۇرسۇنئاخۇننىڭ ئوغلى توختىمۇسەن، بالام. بالا ئىدىڭ، چوڭ ئەر بولۇپ كېتىپسەن مانا.

بىز بوۋاينىڭ سۆزلىرىدىن ھەيران قالدۇق. ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئادەمنى بالام دەۋاتىدۇ، بىزنى نېمە دەيدىكىن ئەمدى! ئارىدىن ئىلىنىياز قاسساپ گەپ سورىدى:

ــ تۆمۈر دادا، بۇ يىل نەچچە ياشقا كىردىلە؟

ــ بەكرەك گەپ قىل، قۇلىقىم ئېغىرلىشىپ قالدى،ــ دېدى بوۋاي. ئىلىنىياز قاسساپ بوۋاينىڭ يېنىغا كېلىپ ئۈنلۈك سورىدى.

ــ خۇدايىم بۇيرۇسا يۈز ياشتىن ئاشتىم. مەن چوڭ يېغىلىقتا ئوتتۇز ياشلاردىكى تازا كۈچۈمگە تولغان ياش ئىدىم، تۇنجى بالىمىزمۇ ئون ياشتىن ئاشقانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— چوڭ يېغىلىق دېگىنى قاچانقى ئىش، شەرىپىدىن ئەپەندىم؟ — جامائەت ئاتامغا قاراشتى. ئاتام:
— چوڭ يېغىلىق 1933 ـ يىلى ئەتىيازدا بولغان، — دېدى يۇقىرى ئاۋازدا.
— توغرا دەيدۇ، باش ئەتىياز ئىدى، — دېدى بوۋاي، — شۇ يىلى ئەتىياز كېچىكىپ كەلگەنىدى، سېپىل يېنىدا ئۆلگەن ئادەمنىڭ كۆپلۈكىنى دېمەيسىلەر... ھەي.
— شۇ بويىچە ھېسابلىغاندا بۇ كىشىنىڭ يېشى راستىنىلا يۈزدىن ئېشىپتۇ ـ ھە؟ — دېدى ئىلىنىياز قاسساپ.
— ئاشماي. بىزمۇ مۇشۇنداق ئەقىل ـ ھوشىمىز بىلەن قېرىساق ـ ھە! ھوي، ئۆمەرنىياز قېنى سەن؟ كەل، تۆمۈر بوۋاڭنىڭ يېنىغا كەل، بېشىڭنى سىلاپ قويسۇن.
كىچىك باللار تۆمۈر بوۋاينىڭ يېنىغا كېلىشتى. تۆمۈر بوۋاي باللارنىڭ بېشىنى ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر ئوقۇپ سىلاپ قويدى. يۈز ياشتىن ئاشقان ئادەم كىچىك باللىغا ئىسىم قويۇپ بەرسە، بېشىنى سىلاپ قويسا، ئۆمرى ئۇزۇن بولغۇدەك دېگەن قاراش بويىچە بوۋام مەن باشلانغۇچنىڭ 1 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغدا، يارئەلى تايتاڭلاپ ماڭىدىغان ۋاقىتلىرى بولسا كېرەك، تۆۋەن مەھەللىدىكى يۈز ياشتىن ئاشقان تاجىخان موماممىغا بېشىمىزنى سىلاتقانلىقى يادىمدىن چىقمايتتى.
سارا قىزىپ كەتتى. مەھەللىمىزدىكى سازەندىلەرنىڭ ھەممىسى كەلگەنىدى، ساز چېلىنىپ، ئويۇن باشلىنىشتىن ئىلگىرى كەنت كومىتېتىدىن ئابدۇراخمان ئابىت تەبرىك سۆزى قىلدى ۋە ئاخىرىدا:
— ھاۋا ئىسسىپ كەتكۈچە باللار قۇمتاغقا چىقىپ

كەلسۇن، ياشلار چېلىشىشنى باشلىسۇن، ئۇنىڭغىچە سارا ئېشىمۇ پىشىدۇ، كۆپچىلىك، قانداق دەيسىلەر؟ — دېدى.
ھەممە بىر دەك قوشۇلدى، بىز بالىلار ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈندۇق. مەن دېمەتلىكلەر بىرىنچى چوققىغا، يارئەلى دېمەتلىكلەر ئىككىنچى چوققىغا چىقماقچى بولدۇق. ئۇلارنىڭمۇ بىرىنچى چوققىغا چىقىقۇسى بار ئىدى. چۈنكى، ئادەتتە مەكتەپلەردە قۇمتاغقا چىقىش مۇسابىقىسى بولغاندا ئىككىنچى چوققىغا قىزلار چىقاتتى. بىز پۇشتەكنىڭ چېلىنىشى بىلەن تىكىلگەن بايراقنى قاراپ چاپتۇق، جاپپار ھەقىقەتەن تېز يۈگۈرەيتتى. ئۇ بىرىنچى چوققىنىڭ تۆۋىگە كەلگەندە ئۇلتۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ پۇتىغا تىكەن سانجىلىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ تاپىنىغا قاراپ قولى بىلەن تىكەننى ئالماقچى بولدى ـ تالمان ئېلىۋەتتى ـ دە، يەنە يۈگۈردى. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتىم، قىرىشقاندەك قۇم مەن ماڭغانسېرى سىيرىلىپ تۇراتتى. ئىچىمدە قۇم ماڭىلا ئەمەس ھەممىگە ئوخشاش دەپ باقتىم، ئامال بولماي يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىپ چوققىغا سەل يانتۇ تەرەپتىن چىقىشقا ئۇرۇندۇم. جاپپار بىلەن ئابلىكىم چوققىنىڭ تىك تەرىپىدىن يامىشىۋاتاتتى، مەن قۇم بارخىنىنىڭ سەل يان باغرىنى بويلاپ تېز ئىلگىرىلىدىم ـ دە، جاپپاردىن بىر قەدەم بۇرۇن بايراقنى ئېلىۋالدىم. كەينىت كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرغان ئادەم بىزگە نومۇر قويدى، ئۇھ، مەن بىرىنچى بولدۇم.
بىز قۇمتاغدىن پەسكە چۈشكەندە، چېلىشىش قىزىپ تازا ئەۋجىگە چىققانىدى. قۇمدۆڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مويسىپىتلار تۆمۈر بوۋامنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ئولتۇراتتى. بوۋاينىڭ ياشلىق دەۋرى يادىغا يەتكەن بولسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىرەك، ھە دەپ چىلىشچىلارغا مەدەت بېرەتتى، كۆزلىرىدىن ئۈمىد ۋە خۇشاللىق چاقناپ جانلىنىپ كەتكەندى. مەن بوۋامغا قارىدىم، بوۋاممۇ شۇنداق تىمەن ۋە جۇشقۇن كۆرۈندى، مېنىڭ بوۋاممۇ تۆمۈر بوۋامدەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسە ـ ھە!

ياشلارنىڭ چېلىشىشى تازا قىزىپ بىر يەرگە بارغاندا، تۆۋەندىكىلەر «سارا ئېشى پىشتى» دەپ تووۋلىدى، چېلىشىشمۇ ئاخىرلىشىپ قالغانىدى، بىز پەسكە چۈشتۇق. تۆمۈر بوۋام قاتارلىق ياشقا چوڭ جامائەتنىڭ ئالدىغا تەرتىپ بويىچە ئاش تارتىلدى. قۇتبىدىن ئىمام: «قېنى جامائەت، ئاشقا باقايلى، باللارمۇ ئاش ئىچسۇن، ئاش قىزىقكەن، بىر يېرىگە تۆكۈۋالمىسۇن...» دېگەندىن كېيىن، ھەممە «خوش، خوش» دېيىشىپ ئاشقا ئېغىز تېگىشتى. چىملىق، قۇمتاغنىڭ دەرەخ سايىسى چۈشۈپ تۇرىدىغان يامزاللىرىدا ئولتۇرۇپ سارا ئېشى ئېچىۋاتقانلار كۆپ ئىدى. قاچىلارغا ئۇسۇلغان ئاشلارنى شوخ قىزلار رەت ـ رېتى بىلەن ئاشنى ئىچىپ بولغانلارغا سۇناتتى، ئىچىلىپ بولۇنغان قاچىلارنى ئۆستەڭگە چىلاپ قۇم سۈركەپ يۇيۇپ، بۇلاق سۈيىدە چايقاپ يەنە توشۇيتتى. بىز باللارغا راسلانغان ئورۇندا قاتارلىشىپ ئولتۇرۇشتۇق، ياشقا چوڭراق باللار كىچىكلەرگە ئاش قۇيۇپ بەردى. سارا ئېشى شۇنداق تېتىپ كەتتىكىن، ئايھاي! تىلىمنى تامشىتىپلا قالدىم. نەچچە يىلقى سارا بۇنداق داغدۇغىلىق ۋە كەڭ كۆلەملىك بولمىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئاتامالار ھەربىر ئۆيدىن كىشى بېشىغا بەش كويدىن يىغىلغان پۇل يېتەرمۇ دەپ ئەنسىرىگەنىدى. «تاما ـ تاما كۆل بولار» دېگەندەك ئاز ـ ئازدىن يىغىلغان پۇلغا كىرەكلىك ھەممە نەرسە

ئېلىنغاندىن سىرت، ئاشقىنى ئۆزۈن يىل كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئايۇپ ئاكىغا ياردەم قىلىنغانلىقى ئۇقتۇرۇلۇپ، «كۆپچىلىك رازىمۇ» دېگەندە، ھەممەيلەن بىردەك «رازى» دېيىشتى.

قومتاغنىڭ تۆۋىنىدە قىزلارنىڭ بەزىلىرى چاكۇم ئوينىسا، بەزىلىرى ئىلەڭگۈچ ئۇچۇۋاتاتتى، بىرنەچچە قىز ئېرىقتىن قۇم ئېلىپ بارماقلىرىدىن تېمىتىپ چۈنچە سېلىش ئويۇنى ئويناۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئويۇنىغا قىزىقىپ بالىلىقى ئېسىگە كېلىپ قالغان بىرنەچچە ئايالمۇ بۇ ئويۇنغا قوشۇلدى. سارا نەزمى باشلاندى، ئەڭ ئاۋۋال تۆمۈر بوۋاي سارا ھەققىدە قوشاق ئېيتتى، ئاندىن باشقىلار سارا قوشاقلىرىنى ئېيتىپ سورۇننى بىر ئايلاندى. قوشاق ئېيتقانلار ئىچىدە شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىكى قاينام - تاشقىنلىقتىن ئىلھاملىنىپ قوشاق توقۇغانلارمۇ بولدى. توي - تۆكۈنلەردە بېيىت ئېيتىشىشقا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ قوشاق ئېيتىشىش، چوڭلاردىن ئۆتۈپ ياشلارغا، ئاندىن بىز دېمەتلىك بالىلارغا ئۆتكەندە توختىغاندىن كېيىن، كەنت باشلىقى:

— ھازىر سارا مەشرىپىمىز باشلاندى، ئاۋۋال بالىلاردىن كەلسۇن، قېنى بالىلار، بىر پەدە ئۇسسۇل ئويناپ بېرىڭلار - ھە! — دەپ جاكارلىدى.

بىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ تۇرغاندا تولۇقسىز 1 - يىللىقتا ئوقۇيدىغان يالقۇن بىلەن دانىيار ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى، ئاندىن ئابلىكىم، جاپپارلار چۈشتى، مەنمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئۇسسۇلغا چۈشتۇم. بىز بىر پەدە ئۇسسۇل ئويناپ بولغاندىن كېيىن چوڭلار ئۆزگىچە لەرزان ئۇسسۇللىرىنى باشلىۋەتتى. تۆمۈر بوۋام ئورنىدا

www.uyghurkitap.com

ئولتۇرۇپ ئۇسسۇل ئويناپ ھەممىنى كۈلدۈرۈۋەتتى، مۇسا بوۋام بولسا قازان بېشىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرەتتى.

## 5. قۇمتاغدا ئۆتۈلگەن دەرس

سارا ئۆتكۈزۈلۈپ نەچچە كۈندىن كېيىن، ئەمدىلا يۇيۇپ تارىنىپ پەرىزاتتەك بولۇپ كەتكەن ئالەمنى بوران چىقىپ توپىغا كۆمۈپ ھەممىمىزنى بىزار قىلىۋەتكەنىدى. نەچچە كۈن ئۆتۈپلا يامغۇر يېغىپ بوراندىن ئۆچمىزنى ئېلىپ بەردى. يامغۇردىن كېيىن جۇدۇن بولدى، شۇ قېتىمقى جۇدۇندىن كېيىن باھار ئەلچىسى — قارلىغاچلار كەلدى. قارلىغاچلارنىڭ كېلىشى بىلەن ئالەم نەچچە كۈندىلا ئېلىپ كەتتى، ئەمدى بىزنىڭ لەگلەكلىرىمىز ئانچە ئۇچماس بولۇپ قالدى.

ئۆگىنىشنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا بېشىمنى كۆتۈرەلمەي قالدىم. تەقلىدىي ئىمتىھانلاردا ئۇدا ئىككى قېتىم ئىككىنچى بولدۇم. سىنىپتا ئۆرلەش ئىمتىھانى توغرۇلۇق ھەر خىل پەرەزلەر بولۇۋاتاتتى. ئەڭ مۇھىمى، سىنىپىمىزدىكى ئۈچ ساۋاقداشنىڭ نوپۇسىدىن مەسىلە چىقىپ ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئىمتىھان بېرەلمەيدىغان بولدى، بۇ ھەقتە گەپ بولغاندا ئادىل ھەممىدىن بەك سۆزلەيتتى.

— «تەلەي نەگە بارىسەن دېسە، دوقا ماڭلاينىڭ قېشىغا» دەپتىكەن، تەلىيىمنىڭ ئوڭلۇقىدىن مەن چەكتىن بىر كۈن بۇرۇن تۇغۇلۇپتىكەنمەن، — دەپ ھەممىمىزنى كۈلدۈردى ئۇ. ئارىدىن بىرى:

— ئىمتىھان مەيدانىدا ئورنۇڭ شىر ئەلىنىڭ

ئارقىغىلا كېلىپ قالسا، تەلىيىڭ قوشلاپ كەلگەن بولىدۇ - دە، — دېدى.

— شىر ئەلى، ئىمتىھاندا كەينىڭدە ئولتۇرۇپ قالسام دەپ بىرەرسەن - ھە؟ — دېدى ئادىل.

— قېنى، ۋاقتى كەلگەندە ئامال بولسىلا، — دېدىم مەن تەمكىنلىك بىلەن.

— ئامال دېگەن ئاسماندىن چۈشمەيدۇ، ئۆزۈڭ تاپىسەن، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ماڭا قاراپ، — بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقداش بولغاندىكىن بەش نومۇرلۇق بولسىمۇ ياردىمىڭ تېگەر...

قوڭغۇراق چېلىنىپ ئورۇنلىرىمىزدا ئولتۇرۇشتۇق. «شۇمۇ گەپ بولدىمۇ، ئىمتىھان ۋاقتىدا نېمىشقا ئۇنىڭغا دەپ بەرگۈدەكمەن. ئۆگىنىش قىل دېسە قىلمايدۇ، تاپشۇرۇقنى كۆچۈرۈۋالىدۇ... ياردەم قىلىمەن دەپلا كومىسسىيەلەر قاراپ تۇرسا، ئۇنىڭغا سوئاللارنىڭ جاۋابىنى دەپ بەرگۈدەكمەن تېخى.»

سىنىپ مەسئۇلىمىز ھەم ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز گۈلھەسەل مۇئەللىم باھار ھەققىدە بىر نەسىر، بىر بايان ماقالىسى يېزىش ھەققىدە تەلەپلەرنى چۈشەندۈرۈپ، ماقالىنى قانداق يېزىش ھەققىدە تەپسىلىي توختالدى. ئىنتىزام سەللا بوشاشسا:

— ئەدەبىيات ئىمتىھانىدا ماقالە بەك مۇھىم ھەم كۆپرەك نومۇر ئالغىلى بولىدىغان تۈر، شۇڭا دىققەت قىلىپ ئاڭلاڭلار، مەن سىلەرگە سۆزلەۋاتقان بۇ مەزمۇنلار كىتابلاردا يوق.

— مۇئەللىم، ھازىر باھار پەسلى بولغاندىكىن قۇمتاغقا بېرىپ باھار پەسلىنى كۆزىتىپ ماقالە يېزىپ كەلسەك بولامدۇ، — دېدى ئىلشات.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بولىدۇ، مەن بۇ تەكلىپنى مەكتەپ رەھبەرلىكىگە دەپ باقاي، ئەمما ئانچە ئۈمىدلىنىپ كەتمەڭلار، — دېدى گۈلھەسەل مۇئەللىم نېمە دېيىشنى بىلەلمىدىمۇ ياكى كۆڭلىدە بىرەر پىلان تۈزدىمۇ، ئۇ بىردەم ئويلىنىۋەتكەندىن كېيىن، — ھازىر بىخەتەرلىك تەكىتلىنىۋاتىدۇ، بىخەتەرلىكنى نەزەردە تۇتۇپ بولسىمۇ رۇخسەت بەرمەسمىكىن. ئۈچ يىل بۇرۇنقى قۇمتاغ سەيلىسىگە بارغاندىكى پاجىئەنىڭ كاساپىتىدىن مەكتىپىمىزنىڭ قۇمتاغ سەيلىسى ئۆتكۈزىدىغان پائالىيىتى توختاپ قالغان.

— بىر سىنىپلا ئوقۇغۇچى بولغاندىكىن بولۇپ قالار، بىخەتەرلىككە كەلسەك ھەممىمىز ئاڭلىق بولساقلا بولمىدىمۇ؟ — دېدى ئابباس.

— سەن ئۇنداق دېگەنبىلەن، يېنىشىمىزدا بىرنەچچىلار قوپۇپ، ئۆيىمىز مۇشۇ يەرگە يېقىن ئىدى؛ يەنە بىرنەچچىلار دوستۇمنىڭ ئۆيى بار ئىدى، تۇغقىنىمنىڭ ئۆيى دېگىلى تۇرارسىلەر...

— ئۆيى قۇمتاغ ياقىسىدىكىلەردىن تۆتەيلەن بار، قالغانلىرىمىز بىردەك مەكتەپكە يېنىپ كەلسەك بولمىدىمۇ...

بۇ بىر سائەتلىك دەرسمۇ تۈزۈك دەرس بولمىدى. ھاۋانىڭ ئىسسىقى، زېرىكىشلىك مەشىق ئىشلەش ھېچ ھالىمىزنى قويمىدى. بىزنىڭ سىنىپتىغۇ تاللانغان بالىلار بولغاچقا ئانچە ۋايساپمۇ كەتمىدۇق، باشقا پاراللېل سىنىپتىكى بالىلار ئۆگىنىشنى تاشلىۋەتكەندەكلا قىلاتتى، مۇئەللىملەرنىڭ پات - پات ئۇلار توغرۇلۇق ۋايساشلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتۇق. ئاتامنىڭ دېگىنى توغرا ئىكەن، 5 - ئايدىن باشلاپ تۈزۈك ئۆگىنىش

قىلالمايسەن، مۇشۇ 2 ـ، 3 ـ ئايلاردىكى سوغۇقمۇ ئەمەس، ئىسسىقمۇ ئەمەس ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگەن دەپ، تېلېۋىزور كۆرۈشتىن ۋاز كېچىپ كۈندە مېنىڭ ئۆگىنىشىمگە نازارەتچىلىك قىلىشى بىلەن نۇرغۇن مۇھىم مەزمۇنلارنى قايتا كۆرۈۋالغانىكەنمەن، مانا ئەمدى ئەسقېتىۋاتىدۇ.

گۈلھەسەل مۇئەللىم قۇمتاغقا بېرىش ھەققىدە بىرنېمە دېمەيۋاتاتتى. ئىلشات بولسا تولۇقسىز 1 ـ يىللىقتىكى جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ قۇمتاغقا ئېلىپ بېرىپ دەرس ئۆتكەنلىكىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختايتتى.

— مۇھەممەت مۇئەللىم دەرسنى ئەجەب ياخشى ئۆتەتتى ـ ھە!

— ئۇنى بىر دېمە، خەرىتە دېگەننى دوسكىغا، كىتابقا قارىمايمۇ كىتابتىكىگە ئوخشاش سىزاتتى.

— ئىسسىق بەلباغ بىلەن سوغۇق بەلباغنى چۈشەندۈرگەندىكى يۇمۇرلۇق سۆزلىرىچۇ، تېخى!

— ئىسسىق بەلباغدىكىلەرنىڭ ئۆزىنى يەلپۈگۈچتە يەلپۈپ ئولتۇرۇپمۇ تەرلەيدىغانلىقىنى، سوغۇق بەلباغدىكىلەرنىڭ بولسا تۈكۈرگەن تۈكۈرۈكىنىڭ يەرگە مۇز بولۇپ چۈشىدىغانلىقىنى مىسال ئېلىشىنى دېمەيسەن.

مېنىڭ خىيالىم شۇ چاغدىكى قۇمتاغدا ئۆتۈلگەن جۇغراپىيە دەرسىگە كەتتى. قۇمتاغدىكى قۇمنىڭ شۇنچە يىللاردىن بېرى بۇ يېشىللىقنى يۇتۇۋەتمىگىنىگە ھەممە ئادەم ھەيران، پەقەت جۇغراپىيە مۇئەللىمىمىزلا بۇنى توغرا چۈشەندۈرگەنىدى. بىزنىڭ بۇ مۇئەللىمىمىز بويى پاكار، ئاق سېرىق، دائىم كۈلۈپ يۈرىدىغان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمەيدىغان ياخشى مۇئەللىم ئىدى. مۇھەممەت مۇئەللىم سىنىپقا گىلوبۇسنى كۆتۈرۈپ كىردىمۇ بولدى، بىزنى بىرنەچچە مىنۇت قانغۇچە كۆرۈۋېلىشقا قويۇپ بېرىپ، ئۆتمەكچى بولغان دەرسكە مۇناسىۋەتلىك خەرىتىنى دوسكىغا بور بىلەن سىزاتتى. مۇھەممەت مۇئەللىمنىڭ خەرىتە سىزىشىنى تەنەپپۇس ۋاقتىدا دوراپمۇ باقاتتۇق. سىزغان خەرىتىلىرىنى جۇغراپىيە ئاتلىسى، جۇغراپىيە كىتابىمىزدىكى خەرىتىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرەتتۇق. ئوپمۇئوخشاش بولمىسىمۇ، ئىشقىلىپ بىر قاراپ بىلگىلى بولاتتى. مۇھەممەت مۇئەللىم بىر قېتىملىق شامال ھەققىدىكى دەرسنى ئۆتكۈچىلىك ئىككى پاراللېل سىنىپنى قۇمتاغقا ئېلىپ چىقىپ دەرس ئۆتكەنىدى. مۇئەللىمنىڭ ئۆتكەن دەرسنى ھازىر سىنىپىمىزدىكى قايسىلا ساۋاقداشتىن سورىسا توغرا جاۋاب بېرەلەيدۇ. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ساۋاقداش غۇنچەم مۇھەممەت مۇئەللىمدىن: «مۇئەللىم، قۇمتاغنىڭ بىزنىڭ مەھەللىگە كۆچمىگەنلىكىدە شامالنىڭ قانداق رولى بار؟ — دەپ سورىغانىدى.

«بۇ سوئالنى سوراپ ياخشى قىلدىڭىز، — دېدى مۇھەممەت مۇئەللىم، — ناھىيەمىز بازىرى دۇنيادىكى قۇملۇققا ئەڭ يېقىن شەھەر. قۇمنىڭ شەھىرىمىزنى يۇتۇۋەتمىگەنلىكىدە ئىككى سەۋەب بار. بىرى، دەل شامال؛ يەنە بىرى، مانا كۆز ئالدىمىزدىكى يېشىللىق. شامالنىڭ يۆنىلىشىگە قارايدىغان بولساق، ناھىيەمىزدە، بولۇپمۇ بىز تۇرۇۋاتقان بۇ يەردە شامال ئاساسەن غەربتىن شەرققە ياكى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي جەنۇبقا، شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي جەنۇبقا چىقىدۇ. قۇمتاغنىڭ يۆنىلىشى

غەربتىن شەرققە قاراپ سوزۇلغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 65 كىلومېتىر كېلىدۇ. شىمالدىن جەنۇبقا كەڭلىكى تەخمىنەن 40 كىلومېتىر، ئەڭ تار يەرلىرى 15 كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. شامال يۆنىلىشى جەنۇبتىن شىمالغا بولغان بولسا ئىش چاتاق بولاتتى. قاراڭلار، قۇم بارخانلىرى، قۇمتاغنىڭ چوققىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شىمال بىلەن جەنۇبقا يۈزلەنگەن. شەرق ياكى غەربكە يۈزلەنگەن بارخان ۋە چوققا يوق. پۈتۈڭلارنىڭ ئاستىدىكى قۇم دولقۇنلىرىغا قارىساڭلارمۇ بۇنى بىلەلەيسىلەر...»

راست، مۇئەللىم دېگەندەك قۇم دولقۇنلىرىنىڭ يۆنىلىشى مۇئەللىمنىڭ دېگەنلىرى بىلەن تامامەن ئوخشاش ئىدى. شۇنچە يىل قۇمتاغدا ئويناپ بۇنىڭغا نېمىشقا دىققەت قىلمىغاندىمەن دەپ كەتكەنىدىم. شۇ چاغدا دالا دەرسىگە چىققان مۇئەللىملەرمۇ ھەيران قېلىشقانىدى. مۇئەللىمنىڭ يېشىللىقنىڭ، نەملىكنىڭ قۇمنى توسۇش ھەققىدىكى دېگەنلىرىنى سۆزلىمەيلا قوياي. قۇمتاغنىڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقىپ تۆۋەنگە قارىغاندا، قۇمتاغ باغرىدىكى ئورمانلىق گويا ساپسېرىق قۇم ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىكى يېشىل گۆھەرگە ئوخشاش كۆرۈنەتتى. يۇمشاق، پاكىز، كىيىمگە يۇقمايدىغان قۇم ھەقىقەتەن ئېسىل ئىدى. 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ تاكى 8 - ئاينىڭ بېشىغىچە بۇ يەردە قۇمغا كۆمۈلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. بولۇپمۇ 7 - ئاي قۇمغا كۆمۈلۈشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق پەيتى.

شۇ چاغدا مۇھەممەت مۇئەللىم: «قۇمتاغنىڭ بولغانلىقى بىزنىڭ بەختىمىز، بۇ قۇمتاغ بىزگە ئاپەت ئەمەس. ئاپەت بولسا كۆز ئالدىمىزدىكى يېشىللىقنى

ۋەيران قىلىش ۋە قۇمتاغ باغرىدىكى نەملىكلەرنى، يەنى سازلىقلارنى قۇرۇتۇپ، سۇ مەنبەلىرىنى يوقىتىشتىن كېلىدۇ...» دېگەنىدى. جۇغراپىيە دەرسى مېنى ئۆزىگە شۇنچىلىك جەلپ قىلىۋالدىكى، جۇغراپىيە دەرسلىك كىتابىدىكى مەزمۇنلارنىڭ ھەممىنى يادلىۋالدىم. مېنىڭ يادلىۋالغىنىم ئۆلۈك يادلاش بولماستىن، چۈشىنىپ يادلاش بولغانىدى.

شۇ قېتىملىق دالا دەرسىدە بىخەتەرلىككە مەسئۇل بولۇپ چىققان ئۈچ ئوقۇتقۇچىمۇ بىز بىلەن بىللە دەرس ئاڭلىغانىدى، يېشىللىق ھەققىدە گەپ بولغاندا:

— مۇشۇ يەردىكى ئورماننى قوغدىغان مۇسا ئاكىنى شەھەر قوغداشتىكى باتۇر جەڭچى دېسەك بولىدۇ، — دەيتتى مۇھەممەت مۇئەللىم، — قاراڭلار، مۇشۇ كۆز ئالدىمىزدىكى يېشىللىقتىكى ھەربىر تۈپ دەرەختە مۇسا ئاكىنىڭ قان ـ تەرى بولۇپلا قالماستىن، ھەربىر كۆز بۇلاقتا ئۇنىڭ ئەجرى بار.

— ئۇ كىشىنى مۇسا تەرسا دەيدىكەنغۇ؟ — دېگەنىدى جاپپار.

— باشقىلارغا كۆسەي چاغلىق دەرەخنى كەستۇرمەي، ئورمان قوغدىغان ئادەم قانداقمۇ تەرسا بولسۇن، — دېدى مۇھەممەت مۇئەللىم كەسكىنلىك بىلەن، — ئۇنىڭ ئەجرىدىن مانا بۇ ئورمان ئورمان بولۇپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئورمان شەھەرنى، جۈملىدىن بۇ يەردىكى ھاياتلىقنى قوغداۋاتىدۇ. بۇ ئورمان بولمىسا، يازنىڭ ئىسسىقىدا بىز كوچىلاردا يۈرەلمىگەن بولاتتۇق... ياغاچ لازىم بولغاندا، كەنت كومىتېتىنىڭ تەستىقى بويىچە مۇسا ئاكىنىڭ كۆرستىشى بىلەن قىرىغان، يىڭىلاش لازىم بولغان دەرەخلەرنى كېسىپ پايدىلىنىۋاتىمىز. بۇنىڭ نەرى

يامان؟ قۇمغا كۆمۈلگەنلەر سالقىنلاپ مۇسا ئاكىنىڭ ئەجرىگە رەھمەت ئېيتىشىۋاتامدۇ؟ مېنىڭچە، ئاۋۇ قۇشلارنىڭ سايراشلىرىمۇ مۇسا ئاكامغا بولغان مەدھىيەسى جۇمۇ!

— مۇئەللىم شامال نېمىشقا جەنۇبتىن شىمالغا چىقمايدۇ؟ — دېدى ئارىدىن بىرى.

— ھە، مەن سىلەرگە دەل مۇشۇنداق نۇقتىلارنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن بۇ دەرسنى پىلانلاپ چىقتىم، — مۇھەممەت مۇئەللىم شۇنداق دېگىنىچە قۇمغا يوغان قىلىپ دۇنيا خەرىتىسىنى سىزىپ چۈشەندۇردى.

— ھە، ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن - دە، — دېيىشىپ مۇھەممەت مۇئەللىمگە ھەممىمىز قايىل بولغانىدۇق.

— ئەمدى سىلەر شىمالغا قاراڭلار، نېمىنى كۆردۇڭلار؟ — سورىدى مۇئەللىم.

— دەرەخلەرنى كۆردۇق!

— ئۇنىڭ نېرىسىدىچۇ؟

— بىنالارنى كۆردۇق!

— يىراققا قاراڭلار، يىراقتا نېمە بار ئىكەن؟

— تاغ، قارلىق تاغ بار ئىكەن!

— ھەببەللى، شۇ قارلىق تاغ دۇنياغا مەشھۇر تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقى بۆلىكى — كۆكيار تاغلىرى، — دېدى مۇئەللىم دەرسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — تەڭرىتاغلىرىدىن ئېرىگەن قار - مۇز سۇلىرى بىزنىڭ بۇ يۇرتنى كۆكەرتىپ كېلىۋاتىدۇ، قار قېلىن ياغقان قىشلىقى يۇرتىمىزنىڭ سۈيى مول بولىدۇ. يازلىقى كېلىدىغان كەلكۈن تاغدا ياغقان يامغۇر سۇلىرى بىلەن قارلىق تاغدىكى ئېرىگەن قار سۇلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن كېلىدۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇھەممەت مۇئەللىم يۇرتىمىز ھەققىدە نۇرغۇن بىلىم بەرگەنىدى. جۇغراپىيە كىتابىمىزدا يۇرتىمىز توغرىسىدا ھېچقانداق مەزمۇن بولمىسىمۇ، بىزگە يۇرتىمىز ھەققىدە نۇرغۇن بىلىملەرنى چۈشەندۈرگەنىدى. شۇ چاغدىكى يۇرتىمىزنىڭ جۇغراپىيەسىگە ئائىت بىلىملەرنى ئاتامغا سۆزلەپ بەرسەم، ئاتاممۇ بىر قىسىم مەسىلىلەرنىڭ نەزەرىيەسىنى بىلمۇالغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

شۇ قېتىمقى دەرستىن كېيىن مۇھەممەت مۇئەللىم ھاۋا رايى توغرىسىدىمۇ نۇرغۇن بىلىم بەرگەنىدى.

— ساۋاقداشلار، كىلىمات، ھاۋا رايى ھەققىدە ئاتا - ئانىڭلارنىڭمۇ بىلىمى چوڭقۇر، — دېدى مۇئەللىم بىزگە چۈشەندۈرۈپ، — نېمىشقا دېسەڭلار ئۇزۇن يىل مۇشۇ يۇرتتا تىرىكچىلىك قىلغان كىشىلەر بۇغداي تېرىش، كېۋەز تېرىش، تەكنى ئېچىش، كۆمۈش... دېگەندەك ئىشلارنىڭ ۋاقتىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئەڭ ئاددىيسى، ئۈزۈم ئۈزۈشنى مىسالغا ئالساق، ئۈزۈم پىشتى دەپلا ئۈزىدىغان ئىش يوق. ئەگەر ئۈزۈم پىشتى، چۈنچىگە ئېسىۋالايلى دەپ بېقىڭلار، بىردەك، ياق، ئۈزۈم شەربىتىگە توشسۇن، شەربىتىگە توشمىغان ئۈزۈم خور چىقىپ قالىدۇ، تەمى بولمايدۇ... دەيدۇ. چۈنكى، ھەممىسى كىلىمات ھەققىدىكى بىلىملەرگە مۇناسىۋەتلىك. ئۈزۈمنى بەك كېچىكىپ ئۈزسە، تەكنى ئارام ئالدۇرۇش ئىشىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي ئۈششۈك چۈشكۈچە كۆمۈشكىمۇ، ئۈزۈمنىڭ ۋاقتىدا قۇرۇشىغىمۇ تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا كىلىمات، ھاۋا رايى ھەققىدىكى بىلىملەرنى بىلىشىڭلار ھەقىقەتەن مۇھىم. سىلەر كۈندە تېلېۋىزوردىن «ھاۋا رايىدىن ئالدىن

مەلۇمات» پىروگراممىسىنى كۆرۈۋاتىسىلەر، شۇ تېمپېراتۇرا بىر پۈتۈن رايوننىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنى كۆرسىتىدۇ. ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ھەر يىلى شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە ئاساسەن ئوخشاش بولىدۇ... پەرقلىق بولىدۇ دېسەك، بىر - ئىككى كۈن ئېشىپ كەتسە بىر ھەپتە پەرق قىلىدۇ...

مانا ئەمدى ئەدەبىيات مۇئەللىمىمىزنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە باھار ھەققىدە ماقالە يېزىش ئۈچۈن قۇمتاغ باغرىدىكى يېشىل ئورمانغا بارىمىز دەۋاتىمىز. قۇمتاغقا بېرىش مەن ئۈچۈن بەرىبىر بولسىمۇ، ئەمما ساۋاقداشلار بىلەن بىرگە بېرىش ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىش ئىدى. بارىمىز دېگەن بۇ يەرگە مەن ھەپتىدە ئىككى - ئۈچ قېتىم بارىدىغان جايلار ئىدى. مۇئەللىم ئەمەلىي مىساللار ئېلىپ چۈشەندۈرسە، مۇھەممەت مۇئەللىم سۆزلىگەندەك ئېسىمدە قالار. قوڭغۇراق چېلىنمايلا گۈلھەسەل مۇئەللىم كىرىپ كەلدى، سىنىپ ئىچىدىكى ۋاڭ - چۇڭ تېخى بېسىقمىغانىدى.

— مۇئەللىم كەلدى!

سىنىپ ئىچى تىنچىيدىغاندەك ئەمەس ئىدى، گۈلھەسەل مۇئەللىم مۇنبەرگە چىقىپ تۇرۇشىغا، قوڭغۇراق چېلىنىپ سىرتتىن ساۋاقداشلار يۈگۈرۈپ كىرىشكە باشلىدى. ئۇلار مۇنبەردىكى مۇئەللىمنى كۆرۈپ، ئىشىك تۈۋىدە گۇناھكاردەك قاراپ تۇرۇشاتتى.

— ئولتۇرۇڭلار، — دېدى گۈلھەسەل مۇئەللىم ئۇلارغا تەكشى بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، — سىنىپقا قاراپ بېقىڭلار؟ چاڭ - توزاننى كۆز بىلەن بۇنچىلىك كۆرۈۋاتىمىز... ئۇنىڭ زىيىنىنى مەن دېمىسەممۇ بىلىسىلەر، سىنىپتىن چىققاندا، كىرگەندە ئاستا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مېڭىڭلار، بىز ئوقۇتقۇچىلار بىر سائەت دەرس سۆزلەپ بولۇپ چىقىپ كېتىمىز، سىلەر سەككىز سائەت ئولتۇرىسىلەر. قاراڭلار، بايىقى ساۋاقداشلار بىرمۇنچە چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈۋەتتى. بۇنداق قىلماڭلار، سالامەتلىك مۇھىم...

بىز جىم ئولتۇرۇشتۇق. دېمىسىمۇ سىنىپ ئىچىنى قويۇق چاڭ ـ توزان قاپلاپ كەتكەنىدى. گۈلھەسەل مۇئەللىم بىرمۇنچە نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن:

ــ مەكتەپ رەھبەرلىكى سىلەرنىڭ تەلەپىڭلارغا قوشۇلدى، ــ دېيىشىگە:

ــ هوي! ۋاھ!ــ دېگەن سادالار بىلەن تەڭ چاۋاكلار چېلىنىپ ئاسمانغا بۆك ئېتىشلار بولۇپ كەتتى.

ــ قاراڭلار، سىنىپ ئىچىدە يەنە چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلدى،ــ دېدى گۈلھەسەل مۇئەللىم تىنچىشقا ئىشارەت قىلىپ.

مۇئەللىمنىڭ گېپى قۇلىقىمىزغا كىرەمدىغان، ئەتىكى دالا دەرسىگە ئېلىنىدىغان نەرسىلەر ھەققىدە كۆڭۈللۈك پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق، دەرستىن چۈشۈپمۇ بۇ ھەقتە بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىپ كەتتۇق.

ــ 6 ـ ئايدا ئىمتىھان ئالسا ئوقۇش پۈتكۈزىمىز، خاتىرە سۈرەتكە چۈشەرمىز، كىمدە فوتو ئاپپارات بار؟ شۇنىڭ غېمىنى قىلايلى،ــ دېدى ئىلشات.

ــ يېڭى يىلدا باھارگۇل ئېلىپ كەلدىغۇ، شۇ ئېلىپ كەلسۇن،ــ دېدى ئابباس.

ــ ئوغۇل بالا، ھەي ئوغۇل بالا، قۇمتاغقا بېرىپ قىزلارغا چىراي سارغايتىپ يۈرىمىزمۇ؟ توغقىنىڭلارنىڭ بولسىمۇ ئۇقۇشۇپ بېقىڭلار؟ــ دېدى ئىلشات سەل خاپا بولغاندەك بولۇپ.

— ئەتە باردىغان تۇرساق، كىمدىنمۇ سورارمىز؟ — دېدى ئابباس.
— گۈلھەسەل مۇئەللىمگە دەپ باقساق، مۇئەللىم بولغاندىكىن بىرەر ئاپپاراتنىڭ ئامالىنى قىلار، — دېدىم مەن.
— گۈلھەسەل مۇئەللىم ئاپپارات ئېلىۋالىدىغان ئىش بولسا ئاللىقاچان دېگەن بولاتتى.
— نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟ ئەتە يەيدىغان - ئىچىدىغاننىڭ غېمىنى قىلىۋاتامسىلەر؟ — دېدى ئادىل.
— يەيدىغان - ئىچىدىغانىنىڭلا گېپىنى قىلىدىكەنسەن، شۇڭمۇ تورپاقتەك سېمىز - دە، سەن. رەسىمگە چۈشىدىغاننىڭ گېپىنى قىلىۋاتىمىز، ھېچكىمنىڭ ئۆيىدە رەسىم ئاپپاراتى يوق ئىكەن.
— شۇ گەپمىتى، مەن ئەكېلەي، رەسىمنى تەڭ پۇل چىقىرىپ يۇيدۇرىمىز جۇمۇ ئەمىسە!
— ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بول...
سەھەردىلا مەكتەپكە باردىم. ساۋاقداشلارنىڭ بىر - بىرىدىن خۇشاللىقىنى كۆرۈپ ئۇلارغا قېتىلدىم. بىزنىڭ سىنىپنىڭ دالا دەرسىگە بارىدىغانلىقىمىزنى ئاڭلىغان پاراللېل سىنىپتىكى ساۋاقداشلارنىڭ ئىچىگە ئوت كەتكەندى. ئۇلارنىڭ ئۆز سىنىپ مەسئۇللىرىغا بولغان نارازىلىقى بىردەمدە مەكتەپ مۇدىرىغىمۇ يەتكەندى. مەكتەپ مۇدىرى ئەسلىدە باشقا ئۈچ سىنىپنى قوشۇپ بېرىشقا تەستىق سالمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدىمۇ قانداق، ئەتە ئۇلارغىمۇ دالا دەرسى ئۇيۇشتۇرغانىدى.
بىز قۇمتاغقا كېلىپ مۇئەللىملەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئورمانلىقنى ئايلىنىپ قۇمتاغقا چىقىپ، يېشىللىقنى قۇملۇق بىلەن سېلىشتۇردۇق. گۈلھەسەل مۇئەللىم سېلىشتۇرۇش، كۆزىتىش، بايان قىلىش ھەققىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمەلىي مىسال ئېلىپ چۈشەندۈردى، بىز بۇ دەرسنى خۇشال تۇگىتىپ يېنىپ كەلدۇق. كەچتە باھار دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە يازدىم.

## 6. ئالتۇن ئۇزۇك

جۇجەم پىشتى. ياز مېۋىسىنىڭ تەمى مېنى ھەممە چاغ ئۆزىگە تارتاتتى. كۇندە سەھەردە ئۆگىنىش قىلىمەن دەپ ئۆيىمىزنىڭ كەينىدىكى تەكلىككە چىقىپ كېتىمەن ـ دە، ئېرىق بويىدىكى باراقسان ئۆسكەن جۇجەم دەرەخلىرىدىن جۇجەم يەپ قورسىقىمنى توقلىتۋېلىپ كىرىمەن.

ــ ئوقۇماقمۇ ئاسان ئەمەس، بالام، كۇندە جۇجەم يەپ قورسىقىڭنى توقلىتۋېلىپ ناشتىنى ئوبدان قىلمىساڭ بولمايدۇ مە، بۇنى سومكاڭغا سېلىۋال، قورسىقىڭ ئاچقاندا يەۋال، ــ دەيتتى ئاپام خاپا بولۇپ. مەن بولسام كۇندە سەھەردە جۇجەم يېيىش ئادىتىمنى داۋاملاشتۇرۇۋەردىم.

ــ جۇجەم يېگۈڭ كەلسە يېگىن، بىراق ئەتىگىنى ناشتا قىلمىساڭ بولمايدۇ، ــ دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى ئاتام، ــ سەل سەھەررەك تۇرۇپ ئۆگىنىشىڭنى قىلىشتىن بۇرۇن جۇجەم يەۋېلىپ ئۆگىنىش قىل، ئۆيگە كىرگۇچە قورسىقىڭمۇ ئېچىپ قالىدۇ، جۇجەم ئۇيقۇنى ياخشىلايدۇ، كۇندە جۇجەم يەۋېرىپ دەرس ۋاقتىدا ئۇيقۇڭ كېلىپ ئۇخلاپ قالما يەنە؟

ئاتامنىڭ دېگىنى توغرا ئىكەن، تۆتىنچى سائەتلىك دەرستە ئىككى قېتىم ئۇخلاپ قالدىم. چۈشلۈك ئارام ئېلىشتا ئۆيگە كېلىمەن ـ دە، ئاپام ئېتىپ قويغان

تاماقنى يەۋېلىپ ئۇخلاپ كېتىمەن. ئاپام چاقىرىپ قويمىسا مەكتەپكە بارماي ئۇخلايتىمىكىنتاڭ. ئۇيقۇم، ئىشتىھايىم، تامىقىم ياخشى بولغاچ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىم ياخشى ئىدى. ئاپام مېنىڭ تاماق يېيىشىمگە قاراپ: «بالام شىر ئەلى، ئۆگىنىشىڭ ئېغىر، شۇڭا يېگىنىڭ چىرايىڭغا چىقمايدۇ، ئىچكىرىگە بارمىساڭمۇ مەيلى بالام، ئۆگىنىشكە ئۆزۈڭنى ئۇنچىلىك ئۇرۇپ كەتمە...» دەپ ئىچى ئاغرىپ سۆزلەپ كېتەتتى. ئاپا دېگەن ئاپىدە...

ئىسسىق بولغانچە، بىزنىڭ قومتاغقا بارىدىغان كۇنلىرىمىز ئازلاپ كېتىۋاتاتتى. پەقەت يامغۇر ياغقان چاغلاردىلا قومتاغقا چىقىپ قانغۇچە ئويناۋېلىپ يېنىپ كېلەتتۇق.

— قومتاغقا سەھەردە چىقىپ باقمىغىلى خېلى ئۇزۇن بوپتۇ، بوۋام بامداتقا ماڭغاندا بىز قومتاغقا بېرىپ كۇننىڭ چىقىشىنى كۆزىتىپ باقايلى، — دەپ قالدى بىر كۇنى جاپپار. بۇنىڭغا ئابلىز، قۇتيار، ئابلىكىملەر دەرھال قوشۇلدى.

— ھەي، تاتلىق ئۇيقۇنى بۇزۇپ يەنە چىقىمىزمۇ؟ — پەرقۇزات بۇنىڭغا قوشۇلماي، — «سەھەر ئۇيقۇسى، خان ئۇيقۇسى» دەپتىكەن، ئارامخۇدا بىر ئۇخلىساڭلار بولمامدۇ؟ كۇن دېگەن شۇ ئۆزلۇكىدىن قومتاغنىڭ شەرقىدىن ھەر كۇنى كۆرگىنىمىزدەك چىقىدۇ. ئۇنداق قىلغاندىن كۇننىڭ ئولتۇرغىنىنى كۆرسەكلا بولمامدۇ؟ كۇننىڭ چىقىشىنى كۆرۈش ئۇچۇن تاتلىق ئۇيقۇنى ھارام قىلىدىغان گەپ...

— كۇننىڭ ئاستا ـ ئاستا قوم ئىچىدىن چىقىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن ئىدىقۇت تېغىغا ئاستا ـ ئاستا ئولتۇرۇشى ئوخشاشمايدۇ. كۈننىڭ ئولتۇرۇشىنى كۈندە دېگۈدەك كۆرىدىكەنمىز، كۈننىڭ چىقىشىنى مۇشۇنداق ئاغىنىلەر بىرلىشىپ كۆرمىسەك ئاسانلىقچە كۆرەلمەيدىكەنمىز، — دېدى جاپپار سەل خاپا بولۇپ، — كۈننىڭ چىقىشىنى كۆرۈش يا يامان ئىش بولمىسا، نېمانچە خاپا بولۇپ كېتىسەن؟

— خاپا بولمىدىم. شېرىن ئۇيقۇمنى بۇزۇشقا قىيمايۋاتىمەن.

— بارغۇڭ بولمىسا بارمىساڭلا بولمامدۇ؟ بىزنىڭ بېرىشىمىزغا سوغۇق سۇ سېپىپ نېمە قىلىسەن؟

— ماقۇل، قوياشنى كۆزەتكۈچى ئاسترونوم پالۋانلىرىم، مەن سىلەرگە ئاق يول تىلەي، بولدىمۇ؟

ئەتە شەنبە، مەن سائەتنى سەھەر ئۈچتىن قىرىققا توغرىلاپ قويۇپ بالدۇرلا ياتتىم، بىراق ئۇيقۇم كېلەي دېمەيتتى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ جىمىرلىشى ماڭا يېڭى ـ يېڭى سوئاللارنى تاشلايتتى. يارئەلنىنىڭ بوش خورىكى ئۇيقۇمنى تېخىمۇ قاچۇرۇۋەتتى، مەن ئۇنى نوقۇپ خورىكىنى پەسلىتىپ بىردىن يۈزگىچە ساناپ باقتىم، ئۇيقۇ كىرپىكىمنىڭ ئاستىدىلا، ئەمما ئۇخلىيالمايۋاتاتتىم. «ئەتە جاپپارلار ئويغىنالارمۇ؟»

نەۋاقلاردا ئۇخلاپ قالدىمكىن، سائەتنىڭ جىرىڭلىشى بىلەن ئويغىنىپ كەتتىم.

— نېمە بولدۇڭ، نېمە يېرىم كېچىدە تۇرۇۋالىسەن؟ — دەپ ئاپام ئۆگزىدىن چۈشۈشۈمگە يېنىمغا كەلدى.

— جاپپارلار بىلەن قۇمتاغقا چىقماقچىدۇق، — دېدىم مەن بوشقىنا ئاۋازدا.

— يورۇق چۈشكەندە بارمامسىلەر؟ سائەت خاتا تەڭشىلىپ قالغان ئوخشايدۇ. بامداتقا ئەزانمۇ توۋلىمىدى تېخى، ماڭ ئۇيقۇڭنى ئۇخلا.

— جاپپارلار بىلەن دېيىشىپ قويغان، چېنىقىقاچ قۇمتاغقا چىقىپ كۈننىڭ چىقىشىنى كۆزەتمەكچى بولغانىدۇق.

— يائاللا، سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشىڭلار يوق. ئايدا بىر - ئىككى قېتىم كۈننىڭ چىقىشىنى، ئولتۇرۇشىنى كۆرىمىز دەپ قۇمدىن كەلمەيسىلەر. مەيلى، بىراق يورۇق چۈشكەندە بېرىڭلار، سۇدانىنى ئېلىۋال، ئۇسساپ كەتسەڭلار ئىچەرسىلەر.

— ئۆستەڭ بويىدا بۇلاق دېگەن تولا، ئۇسسىغاندا بۇلاق سۈيىنى ئىچمەيمىزمۇ؟

— بۇلاق سۈيىنى ئېلىۋېلىپ قۇمتاغ ئۈستىدە ئىچمەمسىلەر؟

مەن ئاپامنىڭ كۆڭلىنى دەپلا سۇدانىنى ئېلىپ جاپپارلارنىڭكىگە يۈرۈپ كەتتىم، جاپپارلارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلە - كەلمەيلا ئابلىز بىلەن قۇتيارنى ئۇچراتتىم، ئۇلارمۇ چالا ئۇيقۇلۇقتا ئارانلا كېتىۋاتاتتى، مېنىڭ يۆتەلگىنىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مېنى چاقىردى.

— سەل قاراڭغۇ تۇرىدۇ، ئورماندىن ئۆتەلەرمىزمۇ؟ — دېدى قۇتيار.

— قورقۇۋاتامسەن؟ قورققان بولساڭ مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ ماڭ، — دېدى ئابلىز.

— جاپپار بىزگە كۈننىڭ چىقىشىنى كۆرىمىز دەپ ئوت يېقىپ قويۇپ ئۆزى ئۇخلاپ ياتقىنى نېمىسى، ئۆتكەن قېتىممۇ شۇنداق قىلغان، بۇ ئاداش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىز جاپپارنى ساقلاۋاتقاندا، بامدات نامىزىغا ماڭغان جالال ئاكام بىزنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ۋە:

— نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى ئەنسىزلىك بىلەن.

— جاپپارنى چاقىرغىلى كەلگەن، قۇمتاغقا چىقىپ چېنىقىمىز دېيىشىپ قويغان.

— ھە، مەن چاقىرىپ قوياي، جاپپار، ھوي جاپپار، ئاداشلىرىڭ كەپتۇ.

جاپپار كۆزىنى ئۇۋۇلاپ چىقتى ـ دە:

— ئۇخلاپ قاپتىمەن، قېنى يۈرۈڭلار، — دەپ بىز بىلەن ماڭدى.

بىز ساياھەت مەيدانىنىڭ ئىشىكى بىلەن مېڭىپ يول بويىدىكى رېشاتكىلارغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. بىزدىن بۇرۇن كېلىپ چېنىقىۋاتقانلارمۇ بار ئىكەن، بايىقى قورقۇشلىرىمىز بارا ـ بارا پەسلىدى. بىز مۇزدەك بۇلاق سۈيىدە يۈز ـ كۆزىمىزنى يۇيۇپ، بۇلاق سۈيىنى ئوچۇملاپ ئىچىپ قۇمتاغقا چىققاندا جاھان ئوبدانلا يورۇپ قالغانىدى. قۇمتاغنىڭ قۇمى مۇزدەك، ھاۋاسى سالقىن ئىدى. ھەر قېتىم بۇنداق سەھەردە قۇمتاغقا چىقساق، بىزگە يېڭىلىق تۇيۇلاتتى.

— قۇم ئەجەب مۇزدەككەن، تازا بىر يېتىپ ئۇخلىۋالغۇم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئابلىز ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ ئەسنىگىنىچە.

— ئاۋۋال كۈننىڭ چىقىشىنى كۆرۈپ بولۇپ، يەنە ئۆتكەنكى قېتىمقىدەك چوققىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تازا قانغۇدەك ئۇخلايلى ئەمىسە، — دېدى قۇتيار.

— ئۆتكەن يىلقىغا قارىغاندا ئەتىگەندە قۇمتاغقا كېلىپ چېنىقىدىغانلارمۇ كۆپىيىپ قاپتۇ ـ ھە؟

قاراڭلار، ئاۋۇ يەردىمۇ ئادەم بار ئىكەن،— دېدى جاپپار قومتاغنىڭ چوققىسىدىكى ئادەملەرگە قاراپ.

— سەھەر تۇرۇپ چېنىقىش پايدىلىق تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ساپ، جىمجىت دېگىنە...— دېدىم مەن.

— تەتىل بولغاندا بىزمۇ كۈندە سەھەردە چېنىققىلى كېلەمدۇق؟— دېدى قۇتيار قۇم بارخانلىرىغا يامىشىپ چىقىۋېتىپ.

— بولىدۇ، ئۇيقۇمىزنى ئاچالىساقلا،— دېدى جاپپار پۇتىغا سانجىلغان تىكەننى ئېلىۋېتىپ.

ـ چاققان بولايلى، بىز بىرىنچى چوققىغا چىقىپ بولغۇچە كۈن چىقىپ بولىدىغان بولدى، ئۇپۇق قىزىرىپ كېتىۋاتىدۇ،— دېدى ئابلىز يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ.

بىزمۇ قەدەملىرىمىزنى تېزلىتىپ بىرىنچى چوققىغا چىقىپ كۈنگە يۈزلىنىپ ئولتۇردۇق. «غۇر - غۇر» تاغ شامىلى ئاجايىپ راھەت ئىدى. مەھەللىمىزدىكى تۇرخۇنلاردىن كۆتۈرۈلگەن تۈتۈن ئورمانلار ئىچىدە كۆكۈچ لېنتىدەك لەيلەيتتى، مەھەللە - مەھەللىلەرنىڭ ئۈستىدە بولسا كۆككە ئۆرلىگەن كەپتەرلەر ئەگىپ ئۇچۇشماقتا ئىدى، يىراق - يىراقلاردا كۆكيار تاغلىرى كۆكىرىپ تۇراتتى، كۆكيار تاغلىرى قومتاغدىن ھەقىقەتەن كۆك كۆرۈنەتتى. شەرق ئاسمىنىدىكى بېلىق قورسىقىدەك تۇرۇم - تۇرۇم بۇلۇتلار قىزىرىشقا باشلىدى. ئەنە، كۈن چىقتى!

كۈن دەسلەپتە قىپقىزىل چوغدەك كۆرۈندى، ئاندىن بارا - بارا يوغىناپ دۈپدۈگىلەك بولۇپ ئالەمگە ئالتۇن نۇرلىرىنى سەپتى. بىز كۈننىڭ چىقىشىنى تولۇق تاماشا قىلىپ بىرىنچى چوققىدىن پەسكە قاراپ يۈگۈردۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۇمشاق، مۇزدەك قۇم ئاجايىپ راھەت تۇيۇلدى. بىز پەسكە چۈشۈپ سالقىن ھاۋادا يۇمشاق، مۇزدەك قۇمدا ئېغىناپ ياتتۇق، ئابلىزنىڭ دېگىنىدەك بىردەمدە ئۇخلاپ كېتىپتىمەن، ئارىمىزدا پەقەت قۇتىيارلا ئۇخلىيالماپتۇدەك.

كۈن نۇرى بىزگە چۈشكەندىلا، ئويغىنىپ مەھەللىگە قاراپ ماڭدۇق، جاپپار قۇمدا ئولتۇرۇپ بىر نېمىنى ئىزدىگەندەك قىلىۋاتاتتى. مەن:

ــ نېمە ئىزدەۋاتىسەن؟ ــ دەپ ئۇنىڭ يېنىغا ئىككى قەدەم مېڭىشىمغا:

ــ جىم تۇر، بىردەم جىم تۇرۇپ تۇر، بايا بىر نەرسە پارقىرىغاندەك كۆرۈنگەندى، مەن ئاۋۇ يانتاقنى بەلگە قىلىپ قويۇپ قويغانىدىم، مانا مۇشۇ يەرگە كەلگەندە پارقىرىغان نەرسىنى يوقىتىپ قويدۇم، ــ دېدى ئۇ. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باشقىلارمۇ كېيىنگە ياندى ۋە جاپپار كۆڭۈل قويۇپ ئىزدەۋاتقان يەرگە سىنچىلاپ قاراشتۇق.

ــ قۇم ئاستىدىكى شەھەرنىڭ ئالتۇنى چىقىپ قالمىغاندۇ؟ ــ دېدى ئابلىز چاقچاق قىلىپ.

ــ ئۇنداق بولىدىغان بولسا قۇمتاغدىن كەتمەي كولايمىز جۇمۇ! ــ دېدى جاپپار.

ــ قۇمتاغنىڭ ئاستىدىكى شەھەرنىڭ ئالتۇنلىرى راستتىنلا چىقىپ قالسا ـ ھە؟

ــ نېمە قىلاتتىڭ؟

ــ نېمە قىلىسەن، خەجلىمەمسەن؟

ــ مانا، تاپتىم!

ــ نېمىكەن؟

ــ ئۈزۈككەن، ئالتۇن ئۈزۈك ئىكەن!

— قۇمتاغ ئاستىدىكى شەھەرنىڭ ئالتۇنىمىدۇر - يە؟
— ياق، چوقۇم ساياھەتچىلەر چۈشۈرۈپ قويغان گەپ.
— باي بولۇپ كېتىدىغان بولدۇق.
— مۇئەللىمگە تاپشۇرارسەن؟
— ئەلۋەتتە، شۇنداق قىلىمەن - دە.
— ئالتۇن توپا ئاستىدا تۇرسىمۇ ئالتۇن، ھامان پارقىرايدۇ دەپ بىكار ئېيتىمىغانىكەن، قاراڭلار، دات باسماي پارقىراپ تۇرغىنىنى.
— ئالتۇن راستتىنلا دات باسمايدىكەن جۇمۇ!
— كۆزى ياقۇتمىدۇر؟
— چوقۇم ياقۇت، كۇنگە تۇتۇپ باقايلى، پارقىرامدىكىن؟
— ۋاھ، كارامەت ئىكەنغۇ...
بىز ئالتۇن ھەققىدە ھەر خىل مۇنازىرىلەرنى قىلىپ بىردەمدە ئۆستەڭ بويىغا كەلدۇق، بۇ يەردە قوللىرىمىزنى يۇيۇپ مۇزدەك بۇلاق سۈيىدىن ئىچتۇق، ئاندىن مەھەللىگە يۈرۈپ كەتتۇق. مەن ئۆيگە كەلگەندە ئاپام ھالۋا ئېتىپ قويغانىكەن، بايا قۇمتاغدا جاپپارنىڭ ئالتۇن ئۇزۇك تېپىۋالغانلىقىنى ئاپامغا دەپ بەردىم.
— ئوبدان ئويلاپتۇ، — دېدى ئاپام، — ئالتۇن دېگەن ئېرىق مال، خەجلىۋالسا ئۆزى بىلەن تەڭ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ نەرسىنى سۆرەپ كېتىدۇ. مۇئەللىملەرگە تاپشۇرۇپ بېرىمەن دېگىنى ھەقىقەتەن ياخشى بوپتۇ، بالام. سەن تېپىۋالغان بولساڭمۇ مۇئەللىملەرگە تاپشۇرغۇزاتتۇق، ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سالمىدى دېگەن شۇ ئوغلۇم!
جاپپارنىڭ ئالتۇن ئۇزۇك تېپىۋېلىپ مەكتەپكە تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكى بىردەمدە مەكتەپكە پۇر كەتتى. ئىككىنچى سائەتلىك گىمناستىكا ۋاقتىدا مەكتەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رادىيو ئۈزۈپلىدا مەخسۇس ئاڭلىتىلدى. ساۋاقداشلار چاقچاق قىلىپ:
— جاپپارمۇ تازا ئەخمەق ئىكەن، قۇمتاغدا تېپىۋالغان نەرسىنىڭ ئىگىسىنى نەدىن تاپىدۇ، جىمىدە خەجلىۋالماي، ھەي!
— شۇنى دېمەمسەن، بىزگە خەجلەپ بەرگەن بولسىچۇ؟
9 - ئايدا مەكتەپكە ئوقۇش پۇلى تاپشۇرىدىغان گەپ، يەتتە گىرام ئالتۇن ئىكەن ئەمەسمۇ! ئۇنى ساتسا بىر يىللىق ئوقۇش پۇلىنى چىقىرىۋالاتتى.
— ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇزۇكنىڭ كۆزىمۇ جىڭ ياقۇت ئىكەن دېيىشىۋاتىدۇ.
— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭلا...
— ۋايەي، چاقچاق قىلىۋاتىمىز، ئۇ ھەقىقەتەن توغرا قىلدى، ئازراق ئالتۇننى كۆرۈپ ئىنسابنى ئۇنتۇساق بولمايدۇ. بولدى، ئۇنداق بولمىغۇر چاقچاق قىلىشمايلى، جاپپاردىن ئۆگىنەيلى.
مەن جاپپارنىڭ ئالتۇن تېپىۋېلىپ مەكتەپكە تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىنى خەۋەر قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ، بىر پارچە خەۋەر يېزىپ گېزىتكە ئەۋەتمەكچى بولدۇم.

## 7. تەرسا بوۋاي ئاغرىپ قالدى

بۇلتۇردىن باشلاپ مۇسا بوۋام بىلەن خېلى ئوبدانلا چىقىشىپ قالغانىدۇق، تاۋۇزلىرىغىمۇ ئېغىز تېگىدىغان بولۇپ قالغانىدا، مۇسا بوۋامنىڭ ئاغرىپ قېلىشى بىزگە

هار كەلدى. ھەر قېتىم مۇسا بوۋامنىڭ كەپىسىگە كەلسەك ھېلىقى بىر يېرىم مو كەلگۈدەك يەردىكى تاۋۇزلۇقنى ئوت باسقان، بىز تىكىشىپ بەرگەن تېرەكلەر پۇتالمىغان ھالدا تۇراتتى. مەھەللىگە يېقىن يەرلەردىكى قارىياغاچ دەرەخلىرى يېڭى ئۆي سالغۇچىلار تەرىپىدىن شاخلىرى كېسىلىپ يالىڭاچلىنىپ قويۇلغانىدى. ئەگەر مۇسا بوۋاي ئاغرىپ قالمىغان بولسا، چوكا چاغلىق ياغاچ كېسىلمىگەن بولاتتى. مەھەللىدىكىلەر بۇنى بىلىپ تۇرسىمۇ، بىرەرى كۆكرەك كېرىپ چىقىپ بىر نېمە دېيەلمەيتتى. كەنت كومىتېتىدىكىلەرمۇ قىزىق ئىكەن، دەرەخلەر كېسىلىپ كېتىۋاتسىمۇ، كارى بولماي يۈرۈشىدۇ. ئەتە - ئۆگۈن بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئورمىنىمۇ تۈۋەن مەھەللىنىڭ ئورمىنىدەك قىرىلىپ كەتسە خۇش بولىدىغان ئوخشايدۇ.

مەھەللىدىكى ئىچى كۆچلۈك كىشىلەر مۇسا بوۋاينىڭ چوڭ ئوغلى تۇردى ئاكىنى ئاتىسىنىڭ ئىزىنى بېسىشقا دەۋەت قىلىپ كۆندۈرگەنىدى، مۇسا بوۋاينىڭ تەلىپىمۇ شۇ ئىكەن. تۇردى ئاكىنىڭ چىرايى ئاتىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. بىراق، ئاتىسىدەك كەسكىن ۋە قاتتىق قول ئەمەس ئىدى. بۇرۇندىنلا ئاتىسىنىڭ ئورمان باقىدىغان بۇ جاپالىق ئىشىغا نارازى ئىدى. مانا ئەمدى بۇ ۋەزىپىنىڭ ئۆزىگە يۈكلىنىپ قالىدىغانلىقى ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەن بولغىيتتى.

مۇسا بوۋاينىڭ ئاچقان بۇلاقلىرى، تىككەن كۆچەتلىرى، تېرىغان يانتاقلىرى، ئېرىق بويىغا تاغدىن كۆچۈرۈپ كەلگەن سۈزىلىرىنىڭ ھەممىسى بىزگە تونۇش ئىدى. ئەتىيازدىن تا كەچ كۈزگىچە كىمگە سۈزە كېرەك بولسا ئېتىزلىققا بارغاندا نەچچە مىنۇت ۋاقتىنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

چىقىرىپ ئۆستەڭگە چۇشۇپ سۇزە ئىلىشۋالاتتى. ئاپام تېخى بىز ئوروپ كەلگەن سۇزىنى سالقىن جايدا قورۇتۇپ داكا خالتىغا ئېلىپ قويۇپ قىشتا سۇيۇقئاش، چۆچۈرە ئەتكەندە ئۇۋۇلاپلا سېلىپ بېرەتتى. گۇپپىدە سۇزە ھىدى بۇرۇنغا ئۇرۇلغاندا ئىشتىھالىرىمىز بۆلەكچىلا ئېچىلىپ كېتەتتى. ئەتىياز بولۇپ يەر ـ جاھان ئىلىلىسا ئۆستەڭ بويىدىكى سۇزە ـ يالپۇز، ئېشەك تىكىنى، قاغا تىرنىقى... قاتارلىق ئۆسۇملۈكلەر ئەڭ بۇرۇن كۆكىرەتتى. بىز بولساق سۇزە، بېدە تېرىپ كېلەتتۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسا بوۋاينىڭ تۆھپىسى ئىدى.

بىر مەھەللە دېگەندە خىلمۇخىل ئادەملەر بولىدىكەن. قايسى كۈنى رىشىت قاساپنىڭ تورلۇك ماللار ماگىزىنىنىڭ ئالدىكى قاتار قويۇلغان ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشقانلار مۇسا بوۋاينىڭ ئاغرىپ قالغانلىقى ھەققىدە نېمىلەرنىدۇر دېيىشتى. ئەڭ ئاۋۋال سېيىت قادىر:

ــ خوپ بوپتۇ، جاھاندا ھېچكىم ـ ھېچكىمگە كېرەك بولمايدىغاندەك بولۇپ كەتكەنىدى ئۇ قېرى. ئۆتكەندە بىر ئارىلىق كېسىۋالاي دەپ دەرەخنىڭ غولىراق شېخىدىن ئازراقلا كەسكىنىم بار، مېنى ئوغرىغا چىقىرىپ قىلىپ قالدى سوتقا سۆرەپ ئاپارغىلى، بىر ئارىلىق ياغاچ دېگەن قانچىلىك نېمىتى. شۇ بوغداينىڭ بېغىنى، قويلارغا سالىدىغان ئوت ـ چۆپلەرنى ئېلىشقا ئىشلىتىدىغان ئادەم بويى كېلىدىغان ياغاچقۇ تايىنلىق، ــ دېيىشكەن، تۇرسۇن ئوسمان:

ــ سەنغۇ نېمىلا بولمىسۇن بىر ئارىلىق كېسىپسەن، مېنىڭ نەچچە ئۆچكەم بەش تۇپ قارىياغاچنى غاجاپ قويغانغا، بەش تۇپ كۆچەتنىڭ ئورنىغا ئون تۇپ كۆچەت

تىكتۇردى، — دېدى غەزەپلىنىپ. شۇ چاغدا بۇ پاراڭنىڭ ئۇستىگە كەلگەن ئېلى ياغاچچى:

— سېيىت، سەنمۇ راست گەپ قىل، ئېغىزىمغا كەلدى دەپ دەۋەرمەڭلار. ھېلىمۇ شۇ ئادەم ئېرىنىمەي ئورمان بېقىۋاتىدۇ. بولمىسا ئۆي سالىمەن دەپ ئوتتۇرىغا چىققان ئادەم بىر تۇپ لىمنى بازارغا چىقىپ پالانى پۇلغا ئالىدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى.

— قارىغاندا، سەن ئۆي سالغۇچىلىك ئۇ قىرىنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن ئوخشىمامسەن؟ راست، سەن دېگەن ياغاچچى - ھە، قارىغاندا مۇسا دېگەن تەرسا كۆسەي ساڭا ياغاچ بەرگەن ئوخشايدۇ، «تۇگمەنچى بىلەن ھاكچى دوست» دەپ، ئورمان باقار بىلەن ياغاچچى دوست بولىدۇ - دە، — دېدى تۇرسۇن ئوسمان.

— ئەلۋەتتە، مۇسا ئاكىنىڭ دەپتىرىدە ھەممىڭنىڭ ئۆي سالغاندا لىم - چەنزە ئالغىنىڭ، تېكىڭگە تېرەك ئالغىنىڭنىڭ سانى بار. ئارقا - ئارقىدىن ئالىمەن دېسەڭلار ئۇنىمايدۇ - دە! مۇسا ئاكا ئادىل ئىش قىلىدىغان ئادەم. مانا ئەمدى كېسەل بولسا خۇشال بولىدىغان گەپمۇ...

شۇنىڭدىن كېيىن، مەن رىشىت قاساپلارنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا بارسام، مۇسا بوۋامنىڭ يامان گېپىنى ئانچە ئاڭلىمايدىغان بولدۇم.

بۇگۇن ھاۋا تۇتۇلۇپ يەنە سىم - سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. مەكتەپتىن كېلىپلا كىتابلارنى قولتۇقۇمغا قىسىپ قۇمتاغقا چىقىپ كەتتىم، بۇلاق بويىدا ئولتۇرۇپ ئۇنلۇك ھالدا خەنزۇ تىلىدىن تېكىست يادلىدىم، ئۇسساپ كېتىپ مۇزدەك بۇلاق سۇيىدىن قانغۇدەك ئىچىۋېلىپ يەنە ئۆگىنىش قىلىشنى داۋاملاشتۇردۇم. كۆزۈم تېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كىتىپ ئارام ئالاي دەپ قوْمتاغقا چىقتىم، سەل نېرىدا جاپپار «ئۇيغۇر تىلى»دىن قائىدىلەرنى يادلاۋاتقانىكەن، مېنى كۆرۈپ:

— بايا كەلسەم بىر خىلدا «خەنزۇ تىلى» دىن تېكىست يادلاۋاتقانىكەنسەن، مەنمۇ جىممىدە بۇ يەرگە كېلىپ «ئۇيغۇر تىلى» دىن قائىدە يادلىدىم. ئىمتىھانغا مۇشۇنداق چىرماش تەس يەرلەر چىقىدىكەن ئەمەسمۇ؟ ئالدىنقى قېتىملىق تەقلىدىي ئىمتىھانلاردا دەل ئەدەبىيات ئىمتىھانىدىن «ئۇيغۇر تىلى» قىسمىدىن نومۇرۇم جىق تارتىلىپ كېتىپتۇ، بەزىلەر يادلىغاننىڭ پايدىسى يوق دەيدىكەن، بىراق مەن يادلىمىسام يادىمغا چۈشمەيدىكەن، — دېدى.

— «ئۇيغۇر تىلى» قىسمىنى مىسال بىلەن يادلا، شۇنداق قىلساڭ ئېسىڭدە تۇرىدۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — بەزىلەر يادلاپ نېمە قىلىدۇ دەيدۇ، مەن ئۇنداق قارىمايمەن. چوقۇم يادلاش كېرەك، قائىدىسىنى يادا بىلمەي قانداقمۇ توغرا ـ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. «ئۇيغۇر تىلى» نىڭ ھۆكۈم قىلىش سوئاللىرى ئادەمنى بەك قايمۇقتۇرىدۇ.

— راست دەيسەن، مەنمۇ سەندىن ئۆگىنىش ئۇسۇلۇڭنى سوراپ يۈرۈپ خېلى ئىلگىرىلىدىم. ھەي، بۇرۇنراق سېنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلۇڭدا ئۆگەنسەم بوپتىكەن دەپ قالىمەن، ئۈچ قېتىملىق تەقلىدىي ئىمتىھاننىڭ نەتىجىسى بارغانچە ياخشى بولۇۋاتىدۇ دېگىنە.

— يەنە ساق بىر ئاي ۋاقىت بار، مۇشۇ بىر ئايدىمۇ تىرىشساڭلا تولۇق ئوتتۇرىنىڭ نومۇر چېكىدىن ئاشۇرالايسەن.

— مېنىڭغۇ تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇغۇم يوق.
— نېمىشقا؟
— بىزنىڭ مەھەللىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ كەلگەنلەر خېلى بارغۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرسۇننىڭ ئاچىسى بىلەن ئابلىكىمنىڭ نەۋرە ئاكىسى ئىككىسىلا ئىشقا ئورۇنلاشتى. قالغانلىرى ئىش يوق يۈرمەمدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، بىرەر ھۈنەر ئۆگىنەيمىكىن دەيمەن.
— نېمە ھۈنەر ئۆگىنەي دەيسەن؟
— ناۋايلىق جاپالىق، ياققان نان بازار تاپسىغۇ تاپتى، بولمىسا قاغا قاق دېمەستە ئورۇندىن تۇرۇپ كۆيۈپ - پىشىپ ئىشلىگەنگە تۇشلۇق نەپ يوق؛ ئاشپەزلىك بىر دەم قازان بېشىدىن نېرى بولغىلى بولمايدىغان ئىش ئىكەن؛ كىيىم تىككۈچىلىكنىڭ بازىرى كاسات، بىزنىڭ مەھەللىدىكى كىيىم تىككۈچىلەر كىيىم - كېچەك دۇكىنىنى ئېچىۋالدى. بازاردا ئېقىۋاتقان يان تېلېفون رېمونتچىلىقىنى ئۆگىنەيمىكىن دەيمەن.
— نېمىلا ھۈنەر ئۆگەنمە ھەممىسىگە بىلىم كېتىدۇ، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈپ ئۆگەنسەڭمۇ بولىدىغۇ؟
— تولۇق ئوتتۇرىدا ئۈچ يىلنى ئۈستەل بېقىپ ئۆتكۈزگەندىن كۆرە، شۇ ئۈچ يىلدا ھۈنەرنى گۈلدەك ئۆگىنىۋالمايمەنمۇ؟
— نەدە ساڭا ئۇنداق تېز ھۈنەر ئۆگىتىدىغان يەر.
— رادىيودا ئېلان بېرىۋاتامدۇ؟
— ئىشەنگىلى بولامدۇ؟
— ئېلان تارقىتىۋاتقانلارغىغۇ ئىشەنگىلى بولماس، رادىيودا بەرگەن ئېلانغىمۇ ئىشەنمىسەك بولماس.
بىزنىڭ پارىڭىمىز تازا قىزىغاندا، ئابلىكىم بىلەن قۇتيار كەلدى. قۇتيار:

— ئىككىڭلارنىڭ ئۆيىگە ئىزدەپ بارسام، سىلەرنى كىتابىنى قولتۇقلاپ چىقىپ كەتكىلى نەۋاخ دەيدۇ، ھەرقاچان مۇشۇ يەردە دېگەنىدىم، ئويلىغىنىمدەك چىقتى، — دېدى.

— ئۆرلەش ئىمتىھانىغا بىر ئاي ۋاقىت قالدى. 6 - ئاي كىرسە ئىسسىقتا ئۆگىنىش قىلغىلى خۇشياقامتى ئادەمگە، ھەي، بۇرۇنراق شىر ئەلىدىن ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ئۆگەنگەن بولسام، مەنمۇ «نۇقتىلىق سىنىپ» قا كىرەلەركەنمەن، پۇشايماننىڭ دورىسى يوق دەپ راست ئېيتقانىكەن، — دېدى جاپپار.

— راست دەيسەن، شىر ئەلىنىڭ تاپشۇرۇقىنى كۆچۈرۈپ يامان ئۆگىنىپ قالغانىدىڭ. شىر ئەلى دەپ بەرمىسە ئۇرۇشۇپ ئارام بەرمىدىڭ، ئەمدى بىلىپسەن - دە، — دېدى قۇتيار چاقچاق قىلىپ.

— سىلەر تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇمسىلەر؟ — دېدى جاپپار.

— ئۆزۈڭ ئوقۇمايدىغان ئوخشىمامسەن؟

— ئوقۇمايمەن، رېمونتچى بولىمەن.

— مەن تولۇق ئوتتۇرىغا پىلان ئىچىدە ئۆتەلىسەم ئوقۇيمەن، پىلان سىرتىدا بولسا ئوقۇمايمەن. مەۋسۇمگە مىڭ يۈەندىن تۆلەپ ئوقۇسام، بىزنىڭ ئۆيگە ئېغىر كېلىدۇ، — دېدى قۇتيار مەيۈسلىنىپ.

— ئۇنداقتا، نېمە قىلىسەن؟ — دېدى جاپپار.

— مۇسا بوۋامنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئورمان باقايمىكىن دەيمەن.

— ئۇنداقتا، سېنى باللار قۇتيار تەرسا، قۇتيار كۆسەي دەيدىكەن - دە، — دېدى ئابلىكىم چاقچاق قىلىپ.

ھەممىمىز كۆلۈشۈپ كەتتۇق.

— چوڭ بولمىساق بوپتىكەن. كىچىك ۋاقتىمىزدا قاچان چوڭ بولارمىز دەپ كۈندە بويىمىزنى ئۆلچەيدىغان، ئەمدى چوڭ بولغانچە بىزنى غەم باسقىلى تۇردى. مانا، تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتكۈزىمىز، قانداق قىلىش ھەققىدە بىر قارارغا كېلەلمەي يۈرىمىز. تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇدۇقمۇ دەيلى، ئالىي مەكتەپتە قايسى كەسىپتە ئوقۇيمىز، بۇنى مەن بىرنېمە دەپ بېرەلمەيمەن، سەنچۇ شىرئەلى،— دېدى جاپپار.

— مەن، مەن ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئۆتۈشنىلا ئويلاپ ئۇنىڭ نېرىسىنى ئويلىماپتىمەن،— دېدىم قىزىرىپ. دېمىسىمۇ مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇسام، قايسى كەسىپتە ئوقۇپ نېمە بولىدىغانلىقىم ھەققىدە ئويلىنىپ باقمىدىم دېسەم، راست گەپ قىلمىغان بولۇپ قالارمەن، مۇھەممەت مۇئەللىمنىڭ جۇغراپىيە دەرسى ئۆتۈلگەندە، مەن ياراملىق جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسى بولىمەن دەپ كۆڭلۈمگە پۈككەن چاغلىرىممۇ بولغان. مېنىڭ ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ سىنىپىغا ئۆتۈپ ئاتامنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش خىيالىم بار...

— بۇنداق گەپلەرنى ئىمتىھان بېرىپ بولغاندا دېيىشەيلى،— دېدى قۇتيار،— ھازىر ئالدىمىزدىكى ئىمتىھاندا باشقىلاردىن بىر نومۇر بولسىمۇ جىق ئالىدىغاننىڭ غېمىنى قىلايلى. ھەممىمىز قولىمىزدىكى كىتابنىڭ يېرىمىنى تەكرار قىلىپ ئاندىن بىردەم پاراڭلىشىۋېلىپ ئۆيلەرگە قايتايلى... بۇنداق كۆڭۈلنى يېرىم قىلىدىغان گەپلەرنى دېيىشمەيلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن قۇتيارنىڭ بۇ تەكلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ ئاۋۋال ئۆگىنىش قىلىدىغان ئورنۇمغا قاراپ ماڭدىم. يىراقتىن مۇسا بوۋاينىڭ كەپىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، كۆز ئالدىمغا مۇسا بوۋاينىڭ ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن چىرايى كەلدى. نېمىشقا ئۇ كىشىنى يوقلاپ تۇرمىدۇق؟ ئەجەب يادىمىزغا كەلمەپتۇ دېسە! ئەتىدىن باشلاپ ۋاقتىمىز چىقسىلا مۇسا بوۋامنى يوقلاپ تۇرساق بولىدۇ، بۇنىڭغا دوستلىرىممۇ چوقۇم قوشۇلىدۇ.

قۇلىقىمغا دوستلىرىمنىڭ ئۇنلۇك تەكرار قىلىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

## 8. تەرسا بوۋاينىڭ كەپىسى

مۇسا بوۋاينىڭ كەپىسىگە قارىسامال، بۇلتۇر بىزگە قوم ئاستىغا كۆمۈپ قويغان قوغۇن بىلەن مېھمان قىلغىنى ۋە تاۋۇزلۇقىدىكى بىر - بىرىدىن تاتلىق تاۋۇزلىرىنى تىلىپ بېرىشلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. ھەي، تۇردى ئاكىمۇ ئۇنىڭ ئوغلى بولغاندىكىن ئاتىسىنىڭ تاۋۇزلۇقىغا بىرنېمە تېرىسا بولاتتىغۇ! ئوت بېسىپ كېتىپتۇ. ئەتە - ئۆگۈن شورلىشىپ، قومۇش بېسىپ ھېچنېمە ئۈنمەس بولۇپ كەتمىسە بولاتتىغۇ!

مۇسا بوۋاينى يوقلاپ بارغىنىمىزدا، ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ يۇم - يۇم يىغلىدى. كىم بىلسۇن، بوۋاينىڭ بۇنداق بولارىنى! خەقلەرغۇ بۇ توغرۇلۇق ھەر قىسما گەپ قىلىشىۋاتىدۇ. مانا دۇكان ئالدىدا قىلىشىدىغان باشقا گەپ يوقتەك يەنە شۇ مۇسا بوۋاي توغرۇلۇق ئۆسەك گەپ بولۇۋاتاتتى.

ــ تۇردىلار ئاتىسىنى داخانغا ئاپارغانىكەن، ئەركەك جىن ئۇرۇۋېتىپتۇ دەپتۇدەك.
ــ شۇنداق بولمىسا، توختاشتەك ئادەم نەچچە ئاي داۋالانسىمۇ ساقايمايدىغان ئىش بولامدۇ؟
ــ بۇ قېرىنىڭ كەپىسىدە شۇ جىنلار باللاپتىكەن، ئۇنى بىلمەي جىنىنىڭ بېشىغا دەسسەپ قويغان گەپ...
ــ شۇڭا، ئۇنىڭ كەپىسىگە تۇردى بارالمايدۇ، بولمىسا ئاۋۇ ئالىقاندەك يېرىگە كۆكتات تېرىسىمۇ بىرمۇنچە پۇل بولاتتى دەيمەن.
ــ ئۇنىڭ كەپىسىگە باللار بارىدىغان، باللارغىمۇ دەپ قويساق بولغۇدەك، ئەمدى بارمىسۇن.
ــ باللاردىن سورىسام، بارمايۋاتىمىز دەيدىغۇ؟
ــ هەي، بۇ باللارنىڭ گېپىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ جۇمۇ؟ ئۆتكەندە قازانقۇمغا بېرىپ ئويناپ كەپتۇ ئەمەسمۇ؟ ئەتە ـ ئۆگۈن يۇرەكتاغقا بارىمىز دەپ بېشىنى چوڭ قىلىپ كېتىپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەيمەن.

......

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مۇسا بوۋاينىڭ كەپىسى بىزگە سېھىرلىك تۇيۇلىدىغان بولدى. ئەنە، بىز ئەكەلگەن قومۇش، يېكەنلەر؛ ئەنە، بىز تىككەن تېرەكلەر... كۆز ئالدىمغا مۇسا بوۋاي بىلەن بىللە ئىشلىگەن چاغلار كېلەتتى، هېچبىر ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. لايدا تېيىلىپ كەتكەنگە شۇنچە ئۇزۇنغىچىمۇ ئەسلىگە كەلمەيدىغان ئىش بولامدۇ؟ تۇردى ئاكىلار داۋالاتمىدىمۇ ـ يە؟ ياق، بوۋاملار ناهىيەلىك دوختۇرخانىغا نەچچە قېتىم بېرىپ يوقلاپ كەلدىغۇ... هەي، شۇ قېتىم يىقىلغاندا نېمىشقا بېشىنى كۆتۈرۈۋالمىغان بولغىيتتى ـ هە! «بالا ـ قازا

دېگەن پۇت ـ قولىنى ساڭگىلىتىپ كەلمەس» دەپ بىكار ئېيتمىغان ـ دە...

مانا 6 ـ ئاي كىرىشى بىلەن ھاۋا بىردىنلا تونۇردەك قىزىپ كەتتى. ئەمدى ئۆگىنىش قىلىشنىڭ پۇرسىتى كېتىپ پۇشايمان قىلىپ ئولتۇرغىنىمىز ئولتۇرغان. ئۆستەڭدە يا بىر كۆڭۈللۈك سۇغا چۆمۈلۈپ ئوينىغىلى بولمىغان، يا ئۆگىنىش قىلغىلى بولمىغان. مانا سەھەردە بىردەم كىتاب كۆرگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان چاغدا لاغايلاپ يۈرگىنىم يۈرگەن دەڭلار! مەنلا ئەمەس، باشقا ساۋاقداشلارمۇ شۇ. باشقىلارغا نېمە بولسا ماڭىمۇ شۇ، نېمە بولسا بولمامدۇ! ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئۆتەلمىسەم تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇسام بولىدىغۇ؟ بولمىسا مەنمۇ جاپپاردەك بىرەر ھۈنەر ئۆگىنەرمەن. يامغۇر ياغسا بولاتتى، دوستلىرىم بىلەن قۇمتاغقا بېرىپ ئويۇنىمىزنى داۋاملاشتۇرغان بولساق.

مۇسا بوۋاينىڭ كەپىسى ھەققىدىكى ھەر قىسما گەپلەر بىزنى ئۇ يەرگە بارالماس قىلىپ قويغانىدى. بىز باللارلا ئەمەس، چوڭلارمۇ ئۇ يەر بىلەن ماڭماي قوشبۇلاق تەرەپتىن يېڭى بىر چىغىر يول ئېچىپ ماڭىدىغان بولۇۋالدى. ھەي، بۇرۇنقى يول ھەم تۈز، ھەم يېقىن ئىدى.

ئاخىر يامغۇر ياغدى. بىز باللار يەنە قۇمتاغقا چىقتۇق. قۇم ـــ كۆز يەتكۈسىز ئالتۇن قۇم! بىزنىڭ خۇشاللىقىمىزغا ھەمدەم بولغان ئالتۇن قۇم! يامغۇر ياغقان كۈنلەردە ئادەتتە قۇمتاغقا بېرىپ كېلەلىگۈدەك باللارنىڭ ھەممىسى بارىدىغان بولغاچقا، قۇمتاغدا ئادەم كۆپ ئىدى. تۆۋەن مەھەللىلىك باللارمۇ قۇمتاغقا چىققانىكەن، ئۇلار بىزدىن بىر چاقىرىم تۆۋەنكى جايدا

ئويناۋاتاتتى. ئىككى مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مۇسا بوۋاينىڭ كەپىسى جايلاشقان بولغاچقا، تۆۋەن مەھەللىلىك باللار ئاسانلىقچە بىز تەرەپكە، بىز ئۇلار بار تەرەپكە بارالماس بولۇپ قالغانىدۇق. بىر چاغدا قۇتيار:

— مۇسا بوۋامنىڭ كەپىسىگە بېرىپ باقامدۇق؟ — دېدى. ئارىمىزدىكى قىزلاردىن باھارگۈل بىلەن ئالىيە:

— ياق، بارمايلى، مۇسا بوۋامدەك بولۇپ قالساق قانداق قىلىمىز؟ — دەپ ئۇنىمىدى.

— بىز ئۇ كەپىگە تولا بارغان. مۇسا بوۋام تىلىپ بەرگەن تاۋۇز - قوغۇنلارنى يېگەن، بارساق باردۇق، بارىدىغانلار يۈرۈڭلار، — دېدى جاپپار.

— بارساق باردۇق، يۈرۈڭلار، — دېدىم مەن. شۇ چاغدا يارئەلى:

— ئاكا، بارما، ئاتامغا دەپ قويىمەن، — دەپ تۇرۇۋالدى.

— مەن ئوغرىلىق قىلغىلى بارىمەن دېمىدىم. ئاۋۇ، تۆۋەن مەھەللىلىك باللارنىڭ يېنىغا بارىمەن دېدىم، — مەن گەپنى بۇراپ. مېنىڭ بۇ گېپىمگە جاپپارمۇ قوشۇلۇپ بەردى.

— راست، بىز مۇسا بوۋامنىڭ كەپىسىگە ئەمەس، تۆۋەن مەھەللىلىك باللارنىڭ يېنىغا بارىمىز، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن بىز بىر توپ بالا قۇمدۆڭدىن ھالقىپ يۈرۈپ كەتتۇق. مېنىڭ ئېسىمگە ھېلىقى قوغۇن ئوغرىلىرى كېلىپ قالدى. «ھەي، شۇ چاغدا ئۇلارنى ئەجەب قورقۇتۇپتىكەنمىز، ئۇلار بۇ يىلمۇ كېلەرمۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ بىر دەمدە مۇسا بوۋامنىڭ كەپىسىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ قالدۇق. كەپىگە ئۇزۇندىن بۇيان ئادەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېلىپ باققاندەك ئەمەس ئىدى. ئۈستىدىكى بىر يانغا قىيسىيىپ قالغان ياكى ياغاچقا نەچچە قۇش قونۇۋالغاندى.

— ھەي، مۇسا بوۋام ئاغرىپ قالمىغان بولسا تاۋۇز يەپ، چۆچەك ئاڭلاپ ئولتۇرماسمىدۇق، — دېدى ئابلىكىم.

— شۇ ئەمەسمۇ؟ تۇردى ئاكىمۇ تازا قورقۇنچاق ئادەم ئىكەن. خەقنىڭ يالغان ـ ياۋىداق گەپلىرىگە ئالدىنىپ بىر ئوبدان يەرنى ئاق تاشلىۋەتتى. قاراڭلار، ئاۋۇ يەردىكى بىز تىككەن تېرەكلەر ئۆسساپ، يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ كېتىپتۇ، — دېدى جاپپار.

— ئەمىسە بىز ئاۋۇ يەردىن سۇ باشلاپ سۇغىرىپ قويايلى، — دېدىم مەن تېرەك كۆچەتلىرىنىڭ ھالىغا قاراپ.

— شۇنداق قىلايلى؟ — دېگەن سادا بىلەن بىز ئۆستەڭگە قاراپ ماڭدۇق.

بىزنى كۆرۈپ تۆۋەن مەھەللىلىك بالىلارمۇ بىز تەرەپكە قاراپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېلىقى تۇرنىياز بار ئىدى. ئۇلار كېلىپ سالاملاشقاندىن كېيىن:

— سىلەر بۇ يەرگە كېلىشتىن قورقمىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— نېمىشقا قورقىدىكەنمىز؟ سىلەر قورقىدىغان ئوخشىمامسىلەر؟ — دېدى جاپپار مەغرۇرلۇق بىلەن.

— بىز قورقمايمىز، نېمىشقا قورقىدىكەنمىز، — دېدى تۇرنىيازمۇ بوش كەلمەي.

ئىككى مەھەللىلىك بالىلار ئارىسىدا بۇرۇندىن بالىلارچە ئۆچ ـ ئاداۋەت بولغاچقا ئاسانلا سوقۇشۇپ قالاتتۇق.

— راستتىنلا قورقمامسىلەر؟ — دېدى جاپپار.
— قورقمايمىز، قانداق؟ — دېدى ئۇلارمۇ بوش كەلمەي.
— ئەمىسە، مۇسا بوۋامنىڭ كەپىسىنى ئوڭلاپ قويىمىز، قاتنىشامسىلەر؟ — دېدى جاپپار تەمكىنلىك بىلەن.
— بولىدۇ، قېنى يول باشلاڭلار!
بىز مۇسا بوۋامنىڭ كەپىسىگە كىرىپ ئىچىنى بىرەر قۇر تازىلاپ سۈپۈردۇق. قىيسىيىپ قالغان جايغا تىرەك قويۇپ ئوڭشىدۇق ۋە سۇ باشلاپ تېرەك كۆچەتلىرىنى سۇغىرىپ قويدۇق.
ئارىدىن ھەپتە ئۆتتى، بىزنىڭ مەھەللىدىكى مۇسا بوۋاينىڭ كەپىسىگە بارغانلار ۋە تۆۋەن مەھەللىدىكى بارغانلاردىن بىرەرىنىڭ ئېغىزى مايماق، پۇتى باسماس، قولى تۇتماس بولۇپ قاپتۇ دېگەن گەپنى ئاڭلىمىدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەتتىنچى باب

# يۈكسەك ئارزۇ

## 1. ئىمتىھانىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە

جاھان تونۇردەك قىزىغان، تىنچىق كۈنلەردە يۇقىرىغا ئۆرلەش ئىمتىھانى كېلىپ قالدى. مانا بىزنىڭ ئىمتىھان ئورۇنلىرىمىزمۇ بېكىتىلىپ بولدى، ئالدىنقى ھەپتە چۈشكەن ئوقۇش پۈتكۈزۈش سۈرىتىمىزمۇ تارقىتىلدى، مەن يامان ئەمەس چۈشۈپتىمەن. ھەممىدىن گۈلھەسەل مۇئەللىمنىڭ قىزى گۈلىيەسىمەن چىرايلىق چۈشكەنىدى. بەش ياشلاردىكى بۇ قىزنىڭ زەڭگەر ئەتلەستىن كىيگەن كۆڭلىكى شۇنداق چىرايلىق ياراشقانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈرەتكە چۈشۈشكىمۇ ئېپى بار قىز ئىكەن. سۈرەتكە چۈشكۈچىلىك بىرمۇنچە ساۋاقداشلار: «ئوقۇغۇچىلىرى خاتىرە سۈرەتكە چۈشسە، بالىسىنى قىستۇرۇپ نېمە قىلىدىغاندۇ» دېيىشكەنىدى. مەن سۈرەتكە قايتا ـ قايتا قاراپ باقتىم، بىر قارىماققا بۇ ئوقۇش پۈتكۈزۈش خاتىرە سۈرىتىگە گۈلىيەسىمەن ئالاھىدە ھۆسن قوشقاندەك كۆرۈنەتتى.

سىنىپتا ئىمتىھان مەيدانى، ئورنى ھەققىدە مۇنازىرە بولۇۋاتاتتى.

— مېنىڭ ئورنۇم دېرىزە تۈۋىدىكى كەينىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ئورۇندا ئىكەن.

— سەن قانداق بىلىسەن؟

— ئورۇن نومۇرۇمغا قارا، ئۈچىنچى مەيدان ئالتىنچى ئورۇن. ھەربىر مەيدانغا يىگىرمە بەشتىن ئوقۇغۇچى ئورۇنلاشتۇرۇپ، تۆت رەتتىن ئۈستەل قويۇلغان. بىرىنچى رەتتە يەتتە ئۈستەل بار. قالغان ئۈچ رەتتە ئالتىدىن ئون سەككىز ئۈستەل بار، ئون سەككىزگە يەتتىنى قوشساڭ يىگىرمە بەش بولامدۇ؟ شۇنداق ھېسابلىغاندا، مەن دېرىزە تۈۋىدىكى رەتنىڭ كەينىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ئورۇندا بولمايمەنمۇ؟

— راست دېيسەن، مەن ئىككىنچى رەت بىرىنچى ئورۇندا، ئەڭ ئالدىدا ئىكەنمەن. ھەي، مۇئەللىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇدەكمەن.

— مەن ئۈچۈن بەربىر. كۆچۈرمەن، ئالدى ـ كەينىدىكى باللاردىن كۆچۈرۈۋالىمەن، سورىۋالىمەن دېيىش ئەخمەقلىق.

— ئۆتكەن يىلىچۇ، بىزنىڭ مەھەللىدىكى دىلشاتنىڭ ئاكىسى ئالدىدىكى ساۋاقدىشىنىڭكىدىن تالLاشلارنى كۆرۈۋالغانىكەن.

— ئۇنداق باشقىلارنىڭ چاپىنىدا تەرلەش نومۇس.

— ساڭا گەپ قىلمىدىم قوتۇر ئاكتىپ، سەن چىقىپ تۇر.

— سېنىڭ سىنىپىڭمىتى بۇ؟!

— ......

گۈلھەسەل مۇئەللىمنىڭ سىنىپقا كىرىشى بىلەن بايىقى جېدەل بېسىقىپ قالدى.

— ساۋاقداشلار، مەن مۇنچىنچى مەيداندا، سەن ماۋۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئورۇندا دەپ تولا ۋاقىتىڭلارنى ئىسراپ قىلماڭلار، — دېدى گۈلھەسەل مۇئەللىم بايىقى جېدەلنى بىلىۋالغاندەكلا، — ئەڭ مۇھىمى، ئەمەلىي بىلىمىڭلار، بىر سىنىپتىكى ساۋاقداشلار ئالدى ـ كەينى ئولتۇرارمىزمىكىن دەپ قالماڭلار. ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى ناھىيەدىكى ھەرقايسى مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنى كىرىشتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرغان...

مۇئەللىمنىڭ سۆزى بىلەن سىنىپتىكى غۇلغۇلا بېسىقتى. بىراق، مۇئەللىم سىنىپتىن چىقىپ كېتىشىگە، يەنە مۇنازىرە باشلاندى.

— بۇ يىل ئىمتىھان سوئاللىرى بەك تەس چىقىدۇ دەپ ئاڭلىدىم.

— مەن ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ئاچقان شەھەرلەر كۆپىيىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، بۇ دېگەنلىك ئالىدىغان ئوقۇغۇچىمۇ كۆپەيدى دېگەنلىك. يۇقىرى نومۇر ئالساقلا، ئارزۇيىمىزغا يېتىدىغانلىقىمىزدا گەپ يوق.

— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ؟ يۇقىرى نومۇر ئالسا ھەممە بالا ئارزۇسىغا يېتىدۇ.

— شۇ ئەمەسمۇ؟ قاراپ تۇرۇپ نان يېسەڭ قورسىقىڭ تويىدۇ، ماڭساڭ يول ئاۋۇيدۇ... دېگەندەكلا بىر گەپقۇ بۇ.

— شۇڭا، ئۆگىنىش قىلايلى.

— ئەمدى ئۆگەنگەننىڭ نېمە پايدىسى، ئوينايلى.

— ئوينىساڭ تالاغا چىقىپ ئوينا، بىز ئۆگىنىش قىلىمىز.

— ......

سىنىپتا يا پاراڭ بېسىقمايتتى، يا ئۆگىنىش خۇشياقمايتتى.

مۇئەللىملەرمۇ، تولا ئۆگىنىش قىلىڭلار دەپ زېرىكتى بولغاي، بىز بىلەن ئانچە كارى بولمايۋاتاتتى. شۇ كۈنلەردە ئىمتىھان باشلانغۇچە بىزنى بەش كۈن قويۇۋەتتى. بۇ چاغدىكى خۇشاللىقتىن سىنىپنى كۆتۈرۈۋەتكىلى قىل قالدۇق.

— ئۇھ، مۇئەللىملەرمۇ ئارام ئېلىڭلار دەيدىكەن ھە؟!— دېدى ئىلشات.

— بۇ بەش كۈندە قانغۇدەك ئۇخلىۋالىمىسام،— دېدى ئابباس.

— سەن ئۇزۇنتۇرا ئۇخلاشنىڭلا گېپىنى قىلىسەن،— دېدى ئىلشات،— ھېلىمىغۇ تولا ئۇخلاپ قېلىپ سىنىپىمىزنىڭ كۈندىلىك كېلىپ - كېتىشىدىن نومۇر تارتقۇزۇپ «كۆچمە قىزىل بايراق» نى ئاران تۆت قېتىم ئالالىدۇق.

— «كۆچمە قىزىل بايراق» قا ئامراق بولساڭ ئاپام ئىككىنى تىكىپ بەرسۇن، بىرنى سىنىپىڭنىڭ ئاۋۇ يېرىگە ئېسىۋال، يەنە بىرنى كارىۋىتىڭنىڭ بېشىغا ئېسىپ يات،— دېدى ئابباس.

ھەممىمىز ئابباسنىڭ بۇ گېپىدىن كۈلۈپ كەتتۇق. ئىلشات ئابباسنىڭ بۇنداق گەپ قىلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىكەن، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي:

— قۇشقاچ تىلىڭ چىقىپ كېتىپتىغۇ سېنىڭ،— دېگىنىچە ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى.

— ئەتە بىزنىڭكىگە كېلىڭلار، قارتا ئوينىغاچ گۇڭۇر - مۇڭۇر پاراڭلىشايلى،— دېدى ئابباس.

— ئەتە بولماسمىكىن، ئەتە ئۆيۈڭدە قانغۇدەك ئۇخلىساڭ بىزنى كىم كۈتىدۇ؟ ھەرقانچە بولسىمۇ ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار كۈتۈڭلار دېمەيدىغانسەن،— دېدى ئادىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئاپام تاماق ئېتىدۇ، مەن قوغۇن - تاۋۇز تىلىپ بېرىمەن، قارتا ئوينايمىز، خالىساق VCD كۆرىمىز، خالىساق مۇزىكا ئاڭلايمىز...

— ئۇنىمۇ قويۇپ، بۇنىمۇ قويۇپ ئۆگۈنلۈككە ئەتىگەن شىرئەلىلەرنىڭكىگە يىغىلىپ قۇمتاغقا چىقايلى،— دېدى ئادىل،— ھاۋا ئىسسىغاندا ئورمانلىقتا سەگىدەپ، بۇلاق سۇلىرىدىن ئىچىپ، قورساق ئاچقاندا ئاشخانىدىن تاماقنى ھۇزۇرلىنىپ يەپ، تازا بىر يايرايلى.

— بۇ بولىدىغان پىلان ئىكەن،— دېدى ئابباس،— قۇمتاغ ساياھەت رايونىدا ئاشخانىلارمۇ خېلى كۆپ بولۇپ قالدى، بىراق تامىقى سەل قىممەت ئىكەن.

— تاماقتىن خاتىرجەم بولۇڭلار، بىزنىڭكىدە يەيمىز،— دېدىم مەنمۇ مەيدەمگە ئۇرۇپ.

شۇنداق قىلىپ ئۆگۈنلۈككە بىزنىڭكىگە يىغىلىدىغانغا كېلىشىپ تارقىلىشتۇق. مەن ئۆيگە كېلىپلا بۇ ئىشنى ئاپامغا دېدىم. ئاپام ئوخشىتىپ تاماق ئېتىپ بېرىشكە خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى ۋە نېمە تاماق ئېتىش ھەققىدە پىلان تۈزۈشكە باشلىدى. مەن بولسام جاپپار، ئابلىمىز، قۇتيار، ئابلىكىملەرنى چاقىرىۋېلىشنى لايىق تاپتىم.

ئۆيگە مېھمان كەلسە تېخى، كەلمىسە تېخى! بىر كۈن بۇرۇن تەييارلىق قىلغىلى تۇرۇۋىدۇق، ئاچ كىرگۈچە دەككە - دۈككىدە بولدۇم. ھەممە تەخ بولۇپ كەتسىمۇ نېمىشقىدۇر كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرى بىرنېمىدىن ئەندىشە قىلاتتى. ئويلاپ باقسام جاپپار، قۇتيارلار بىزنىڭكىگە كىرگەندىن باشقا، ساۋاقداشلىرىمنى كوللېكتىپ مېھمانغا چاقىرمىغانىكەنمەن.

سەھەردىلا ساۋاقداشلار ۋېلىسىپىتلىك بىرنىڭ

كەينىدىن بىرى كىلىشكە باشلىدى. ئۆرۈك، قوغۇن، تاۋۇز ۋە نان بىلەن چاي قۇيدۇم. ئاساسەن دېيىشىپ قويغان ساۋاقداشلار كېلىپ بولغاندا قۇمتاغقا يۈرۈپ كەتتۇق. بۇگۈن ھاۋا نەچچە كۈندىكىدىن سالقىن بولغانلىقى ئۈستىگە ئانچە ـ مۇنچە غۇر ـ غۇر شامالمۇ بار ئىدى. قۇمتاغدا خالىساق قىيغىشاتتۇق؛ خالىساق قۇم دۆۋىلىرىدىن سەكرىشەتتۇق؛ خالىساق قۇمدىن قەلئە ياساپ ئوينىدۇق... خېلى ۋاقىت ئۆتتى، بىر چاغدا ئادىل يوقاپ كەتتى. ئۇنى چاقىرساق قۇم دۆۋىسىنىڭ كەينىدىن ئۇنى چىقتى، بارساق نەچچە قوڭغۇزنى تۇتۇپ چوڭ بىر ئويۇنان ياساپ يەرگە بىرمۇنچە سوئاللارنى يېزىپ قويۇپتۇ. ئىلشات:

ــ نېمە قىلىۋاتىسەن، قوڭغۇز ئاغىنىلىرىڭ بىلەن ئويناۋاتامسەن؟ ــ دېدى.

ــ ئۆتكەندە مەن يېزىغا بارغاندا، شۇ يەردىكى باللار قوڭغۇزنى ماڭدۇرۇپ ئىمتىھانغا چىقىدىغان سوئاللارنى بىلگىلى بولىدۇ دېگەنىدى. سوئاللارنى يېزىپ قويۇۋىدىم، ھازىرغىچە تۆت سوئالنى دەسسىدى، ــ دېدى ئادىل.

ــ ئىشىڭنى قىلە، نەدىكى يوق گەپلەرگە ئىشىنىدىكەنسەن، ــ دېدى ئاباس.

ــ ئېيتە، قايسى سوئاللار چىقىدىكەن؟ ــ دېدى ئىلشاتمۇ قىزىقىپ.

ــ ئەدەبىياتتىن ماقالە يېزىقچىلىقىغا بايان خاراكتېرلىك ماقالە يېزىش چىقىدىكەن، ــ دېدى ئادىل.

ــ بۇنى سەن دېمىسەڭمۇ مۇئەللىم دېدىغۇ؟ نەچچە يىلدىن چىققان ماقالىلەر مۇھاكىمە ماقالىسى، چۈشەندۈرۈش ماقالىسى ئىكەن. بۇ يىل بايان ماقالىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىپتىمالغا يېقىن دىگەنىدى. سەن شۇ ئاساستا قارىقويۇق دەۋاتىسەن دىگىنە!— دىدى ئىلشات.

— بايان ماقالىسىنىڭ تېمىسى نىمىكەن، شۇنى بىر دەپ بەرسۇنچۇ؟— دىدىم مەنمۇ جىم تۇرغۇم كەلمەي.

— ......

ھەش ـ پەش دىگۇچە بەش كۈنلۈك دەم ئېلىش ئۆتۈپ كەتتى. مەكتەپكە كېلىشىمىزگە ئىمتىھان كىنىشكا نومۇرلىرىمىزنى تارقىتىپ بەردى. گۈلھەسەل مۇئەللىم كىنىشكىنى يوقىتىپ قويماسلىقنى، ئەتىدىن باشلاپ ئىمتىھان مەيدانىنى كۆرۈشتىن تارتىپ ھەممىدە كىنىشكىنى كۆرسىتىپ كىرىمىسەك كىرگۈزمەيدىغانلىقىنى، ناھىيەنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردىن ئوقۇغۇچىلار كېلىدىغان بولغاچقا ئەدەپلىك بولۇش، ئىلمىي بولۇشىمىز كېرەكلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتتى.

مانا بىرىنچى قېتىملىق ئىمتىھانمۇ باشلاندى. سىنىپ ئىچىدە ئىمتىھان ۋاراقلىرىنىڭ «شاراق ـ شۇرۇق» ئۆرۈلۈشىدىن باشقا ئاۋاز يوق ئىدى. قىزىق يېرى، ماقالە يېزىشقا بايان ماقالىسى يېزىش چىققانىكەن، كۈلۈپ كەتتىم. ئادىلنىڭ قوشغۇزلىرى دەپ بەرگىنى توغرا چىقتىمۇ ياكى گۈلھەسەل مۇئەللىمنىڭ پەرىزى توغرا چىقتىمۇ، ئىشقىلىپ بايان ماقالىسى يېزىش چىققانىدى. ئىمتىھان ۋاقتىدا ئىشلىگەن سوئاللار ئادەتتە تەقلىدىي ئىمتىھان ياكى ئۆيدە ئولتۇرۇپ مەشىق قاتارىدا ئىشلىگەن ئىمتىھان سوئاللىرىغا ئوخشاشمايتتى. ۋاقىت دىگەن شۇنداق تېز ئۆتىدىكەن، كاللىغا ئادەتتىكى نەرسىلەرمۇ كەلمەي قالىدىكەن. ئاتامنىڭ: «ئىمتىھان دىگەننىڭ سۇرى باشقىچە بولىدۇ» دىگىنى مۇشۇ ئىكەن ـ

دە، دەپ ئويلىدىم. ساۋاقداشلىرىمنىڭ پالانچىنىڭ كەينىدە ئولتۇرسام دېگەن گەپلىرى بىكار ئاۋارىچىلىكتىن باشقا نېمە ئەمەسكەن. كىم سەللا ئىككى يانغا قارىسا، كومىسسىيە ئاستا كېلىپ دىققەت قىلىش ھەققىدە ئەسكەرتىش بېرىپ تۇرىدىكەن ئەمەسمۇ!

چۈشتىن بۇرۇنقى ئىمتىھانلار ھاۋانىڭ سالقىن ۋاقتىدا ئېلىنىدى. يامان بولغىنى، چۈشتىن كېيىنكى ئىمتىھان چىڭقىچۈش ھاۋا تازا قىزىغانغا توغرا كەلدى. سىنىپ ئىچىدىغۇ ھەر ھالدا شامالچىلار پىرقىراپ تۇراتتى، شۇنداق بولسىمۇ مەندىن تەر قۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى، ئۇسسىغاندا كومىسسىيەلەر ئەكېلىپ بەرگەن چاينى ئاۋايلاپ ئىچەتتۇق... ھەي، چۈشتىن كېيىنكە ئىمتىھان ئورۇنلاشتۇرسا زادىلا بولمايدىكەن جۇمۇ!

ئاخىر ئىمتىھانلار تۈگىدى. گۈلھەسەل مۇئەللىمنىڭ ئەسكەرتمىسى بىلەن ئەتىسى ھەممىمىز مەكتەپكە يىغىلدۇق. سىنىپقا كىرىپلا ئىمتىھان توغرۇلۇق غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدۇق.

— ئادىل، قۇمتاغدا قوڭغۇزلاردىن ماتېماتىكىدىن تازا قىيىن مەسىلىلەرنى يېزىپ سورىساڭ بوپتىكەن، — دېدى ئىلشات قىزىقچىلىق قىلىپ، ئادىلمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھەي، شۇ كۈنى تەقلىدىي ئىمتىھان سوئاللىرىنى ئاچىقىپ قويغان بولسام بوپتىكەن، شۇنىڭغا ئوخشايدىغان مەسىلە چىققان بولسىمۇ - ھە، — دېدى.

ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

— بۇنداق ئىمتىھان ۋاقتىدا كۆچۈرۈۋالمەن، باشقىلاردىن سورىۋالىمەن دېگەنلىكنىڭ ئۆزى ئەخمەقلىق ئىكەن. مۇئەللىملەر شۇنداق دېسە نېمە دەيدىكىن

دەپتىمەن، ھەقىقەتەن شۇنداق ئىكەن، — دېدى ئابباس.

قانچە نومۇر ئالىدىغانلىقىمىز ھەققىدە ئۆزىمىزچە ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىشىپ گۈلھەسەل مۇئەللىم تارقىتىپ بەرگەن تەتىلدە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ۋە مەكتىپىمىزنىڭ تولۇق ئوتتۇرا قىسمى تونۇشتۇرۇلغان تەشۋىقات ۋەرەقىنى ئېلىپ قايتتۇق.

## 2. كۆڭۈل تەسەللىسى

ئىمتىھانلار تۈگىگەندىن كېيىن، ئىككى مۈرەمدىن تاغنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلەپ قالارمەن دەپ ئويلاپتىكەنمەن. نەدىكىنى، ئىمتىھاندا قانچە نومۇر ئالارمەن؟ نومۇرۇم تۆۋەن بولۇپ قالسا بېشىمنى قانداقمۇ كۆتۈرۈپ يۈرەرمەن؟ دېگەندەك ھەر خىل ئەندىشىلىك سوئاللار چىرماپ، مانا ئەمدىن ئۆيدىن چىقماي ياتتىم.

ئابلىز، قۇتيار، جاپپار، ئابلىكىملەرمۇ ئىزدەپ كەلمىدى. قارىغاندا ئۇلارمۇ مەندەك ھېسسىياتتا بولغان بولسا كېرەك. مېنىڭغۇ ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئۆتەلمىسەم، تولۇق ئوتتۇرىغا ئۆتۈشۈمدە گەپ يوق. جاپپار، قۇتيار، ئابلىكىملەرگە... يامان بولىدىغان بولدى – دە! نومۇرى مەكتىپىمىزنىڭ تولۇق ئوتتۇرىغا قوبۇل قىلىش نومۇر سىزىقىغا يەتسە مەۋسۇمىغا بەش يۈز يۈەندىن، يەتمىسە مىڭ يۈەندىن ئوقۇش پۇلى تۆلەيدۇ. ئۇلار شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئۆتكەن بولسا ھەقسىز ئوقۇسا، ئاتا – ئانىسىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتكەن بولاتتى. ئۇلارغىمۇ نېمە ئامال! نېمە ئۇلارنىڭ غېمىنى يەپ كەتتىم ئەمدى؟

ئۆزۈمنىڭ غېمى يېتىپ ئاشمايدىغاندەك. ئەگەر نومۇرۇم تۆۋەن بولۇپ قالسا ئاتامنىڭ نۇرغۇن ۋاقتىنى چىقىرىپ ئۆگىنىشىمگە يېتەكچىلىك قىلغانلىرىغا... ھەي، ئاتامغۇ بىرنېمە دېمەس، مۇئەللىملەرنىڭ يۈزىگە قانداق قارارمەن؟ ساۋاقداشلىرىممۇ سوئاللارنىڭ تەسلىكىنى بىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىمتىھان دېگەن شۇنداق سۇرلۇك بولىدىغان تۇرسا... ياق، ئۆزۈمگە ئىشەنچ قىلاي، فىزىكىدىن ئىككى مەسىلە، خىمىيەدىن نەچچە ھۆكۈم قىلىشنى خاتا ئىشلەپ قويغىنىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا يەرلەرنى ۋە باشقا پەنلەرنى ئاساسەن ياخشى بەردىم. نېمىشقا ئەنسىرىگۈدەكمەن؟ نېمىشقا تالا ـ تۈزگە چىقىپ ئوينىمىغۇدەكمەن؟

ئاخىر ئۆيدىن چىقتىم ـ دە، ئۇدۇل جاپپارلارنىڭكىگە باردىم. ئۇ ئۆيدە يوق ئىكەن. ئۇ يەردىن چىقىپ ئابلىكىملەرنىڭكىگە كېتىۋاتسام يولدا ئۇ ئۇچراپ قالدى. ئۇنى ئۈستىبېشى توپا، مايكىسىنىڭ مۈرىسى يىرتىلغان ھالدا كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم.

ــ ھەيران قېلىۋاتامسەن؟ ــ دېدى ئۇ مېنىڭ ئەپتىگە قاراپ ھەيران قېلىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ، ــ ئىمتىھاننى ياخشى بېرەلمىدىم، ئەمدى مۇشۇنداق بولماي ئامال يوق. قارىمامسەن، تالئېرىق ياقىسىدىكى تەكمىزنىڭ ئىككى تال سىمى ئۈزۈلۈپ كېتىپتىكەن، شۇنى ئوڭشايمىز دەپ ئىت تالىغاندەك بولۇپ كەتتۇق.

ــ شۇنداقمۇ؟ بىرەرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىمىكىن دەپ چۆچۈپ كەتتىم، ئۇزۇملار تازا ئوخشىغان ئوخشىمامدۇ؟ ــ دېدىم مەن.

ــ مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە ئادەم بىلەن ئادەم ئۇرۇشىدىغان چاغمۇ؟ ئېتىمىز ئىشىنىڭ كۆپلۈكىدە خەققە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گەپ خۇشياقمايدۇ. ئۇرۇشتۇڭمۇ بولدى، قالدىڭ بالاغا. ھېلى سوتنىڭ چاقىرغان، ھېلى ساقچى كەلگەن، ئىشىڭ ئىش بولمايدۇ. يا تاياق يېگەن ئادەمگە ئارامچىلىق يوق ئىكەن، يا ئۇرۇۋالغان ئادەمگە. ئۆتكەندە ئىككى قوشنىمىز ئۇرۇشۇپ قالغانغۇ؟ شۇلارمۇ ئاخىر بولماي ئەرزىنى قايتۇرۇۋېلىشىپ يارىشىپ قالدى. ئۇزۇملەر بۇ يىل راسا ئوخشاپتۇ. «يەر ئىشلىگەننى بىلىدۇ» دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن. ئەتىيازدىن باشلاپ يەرگە تازا ئىشلەپتىكەنمىز، كۆرمەمسەن، سەككىزىنچى نومۇرلۇق سىمدىن تۆت تال ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ... سىلەرنىڭغۇ يېرىڭلار ئاز، بىر جانلىق يەرگە ئاپاڭ يالغۇز ئىشلەپ يېتىشىدۇ. بىزنىڭ يەر جىق، بوۋام ـ مومام ياشقا چوڭ بولۇپ قالدى، ئېتىز ئىشلىرىغا بارغىلى قويمايمىز... ئاتام مېنى تەكتە ئىشلىتىدىغاندەك قىلىدۇ.

ــ ھۇنەر ئۆگىنىمەن دەۋاتامتىڭ؟

ــ ھۇنەر ئۆگىنىشكە ئەۋەتسە بارمامدىمەن، ئاداش.

ــ جالال ئاتام چوقۇم ئەۋەتىدۇ.

ــ شۇنداق قىلسا ياخشى بولاتتى.

ــ مەن ياردەملىشىدىغان ئىش بارمۇ؟

ــ يوق، ئابلىكىملەرنىڭكىگە ماڭغانمىتىڭ؟

ــ شۇنداق، ئىشىڭ تۈگىگەن بولسا يۈر، بىللە بارايلى.

ــ مۇشۇ ئەپتىم بىلەن ئاۋۇ تۆت كوچىدىن ئۆتسەم خەقلەر نېمە دەر. سەن بېرىپ تۇر، مەن يۈز ـ كۆزۈمنى يۇيۇۋېتىپ، كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇۋېلا بارىمەن.

ــ مەنمۇ ئۆيۈڭلەرگە باراي، ئىككىمىز بىللە بارايلى.

ــ ئالدى ـ كەينىڭگە مېڭىپ يۈرەمسەن. سەن ئاۋۋال بېرىپ تۇر، مەن كەينىڭدىنلا يېتىمەن.

مەن ئابلىكىملەرنىڭكىگە كەلسەم، ئابلىكىملەر لەمپىسىنى ئوڭشاۋاتقانىكەن. دېمىسىمۇ ئۇلارنىڭ لەمپىسىنىڭ ئۈستى شالاڭلاپ چېقىر ئاپتاپ چۈشىدىغان بولۇپ قالغانىدى، مانا ئەمدى بوپتۇ، قارىغاندا مەنىلا بىكارچى ئوخشايمەن. مەنمۇ پۇچقىقىمنى تۇرۇپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتىم. هاۋاخان ئاپام:

— ۋاي، ئازلا ئىش قالغانىدى، كىيىمىڭىز توپا بولۇپ كېتىدۇ، بولدى، بولدى، — دەپ ئالدىمنى توسۇپ باقتى، مېنىڭ قەتئىيلىكىمنى كۆرۈپ، — توختاپ تۇرۇڭ ئەمىسە، مەن ئابلىكىمنىڭ كىيىمىدىن ئاچىقىپ بېرەي، شۇنى كىيىپ ئىشلەڭ، — دېگىنىچە ئابلىكىمنىڭ هۇجرىسىغا كىرىپ كېتىپ كونا مەكتەپ فورمىسىنى ئاچىقتى. مەن ئۇنى كىيىپ ئابلىكىم بىلەن قومۇش توشۇدۇم.

مەن ئابلىكىمنىڭمۇ ئوقۇغۇسىنىڭ يوقلۇقىنى ئاڭلاپ دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپلا كەتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، تولۇق ئوتتۇرىدا ئۈچ يىل، ئالىي مەكتەپتە بەش يىل ئوقۇپ كەلسە ئىش تاپالماي قالسا بىر ئىشنىڭ ئېپىنى قىلالماسمىش، ئەگەر تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇغان ئۈچ يىلنىڭ ئىككى يىلىدا بىر هۈنەرنى ئۆگىنىپ بولۇپ ئۈچىنچى يىلىدىن باشلاپ دۇكان ئايرىۋالسا بىر ئائىلىنى قامدىغىلى بولغۇدەكمىش. جاپپار بىلەن ئابلىكىمنى بۇ خىيالغا كەلتۈرگەن شۇ توختى ناۋاي بىلەن تۇرسۇن پولۇچىدۇر بەلكىم، ئۇلار ناهىيە بازىرىنىڭ مەركىزىدە سودا قىلىۋاتاتتى. توختى ناۋاينىڭ شاگىرتلىرى بەشتىن كەم بولمايتتى. تۇرسۇن پولۇچىلارنىڭ ئاشخانىسىمۇ خېلى ئوبدان مېڭىۋاتاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قارىغاندا، ئۇلار جاپپار بىلەن ئابلىكىمنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزىدىغانلىقىنى پەملەپ تۇرۇپ، ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولىقىنى پىشۇرۇپ بولغان گەپ. مەن خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپتىكەنمەن، ئابىت ئاتام:

ــ شىر ئەلىجان، نەدە ئوقۇي دەيسەن؟ ــ دەپ سوراپ قالدى.

ــ ئىچكىرىدىن چاقىرىق كەلسە ئىچكىرىدە، بولمىسا تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇيمەن، ــ دېدىم مەن جاۋابەن.

ــ هە، سىزغۇ ئوقۇسىڭىز بولىدۇ. ئاتىڭىز مۇئەللىم بولغاندىن كېيىن ئوقۇشنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ، ــ دېدى هاۋاخان ئاپام، ــ ئوقۇتقۇچىلىقتىن نان يەۋاتىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئابلىكىمنى ئوقۇتۇش ـ ئوقۇتماسلىق هەققىدە بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتىمىز. ئابلىكىمىمىغۇ تازا ئوبدان ئوقۇيالماپتۇ... شۇ.

ــ ئوقۇسا شىر ئەلىدەك ئەلاچى ئوقۇسا بولىدىكەن. بولمىسا باشقا ئىش قىلغان تۈزۈك ئىكەن، ــ دېدى ئابىت ئاتام، ــ سىلەر مەكتەپكە بارغاندىن باشلاپ، ئابلىكىمدىن «سىنىپىڭلاردا كىم ئەڭ ياخشى ئوقۇيدۇ» دېسەم «شىر ئەلى» دەپ كېلىۋاتىدۇ...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئوڭايسىزلاندىم. شۇ ئارىدا قۇتيارمۇ كېلىپ قالدى. بىزنىڭ ئىشلەۋاتقانلىقىمىزنى كۆرۈپ ئۇمۇ بىزگە قوشۇلماقچى بولۇۋىدى، بىز ئۇنىمىدۇق. ئىشنى تۈگىتىپ ئابلىكىمنىڭ هۇجرىسىدا گۇڭگۇر ـ مۇڭگۇر پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق، جاپپار بىلەن ئابلىز كىرىپ كەلدى، بىز قۇمتاغقا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. بىز ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن چىققاندا، ئابلىكىمنىڭ ئاپىسى هاۋاخان ئاپام ئالدىدا پەرتۇق، قولىدا ساپلىق تۇتقان هالدا ئىشىكى ئالدىغا چىقىپ:

— سائەت بىردىن كېيىن قالماڭلار، تاماقنى مۇشۇ ئۆيدىلا يەڭلار! ئابلىكىم، ئاغىنىلىرىڭنى ئېلىپ كەل، جۇمۇ! — دەپ قويدى.

مەن يول بويىدىكى تاشلارنى ئېلىپ سايراۋاتقان قۇشلار تەرەپكە قارىتىپ ئاتتىم. ھەربىر ئېتىشىمدا قۇشلار گۇررىدە ئۇچاتتى. جاپپار بولسا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، قۇمتاغقا چىقىپ قۇمغا تۇخۇم كۆمۈپ يېگەن چاغلىرىمىزدىكى ئەخمەتنىڭ پىشمىغان تۇخۇمنى يېيىشىنى دوراپ ماڭدى. بىز شۇ چاغدىكى كۈلكىلىك ئىشلارنى دېيىشىپ بىردەمدە ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ قالدۇق. ئون مېتىر نېرىدا سېرىق ئەجدىھادەك قۇمتاغ... ئۆستەڭ سۈيى بىر خىلدا قىرغاقتا ئۇرۇلۇپ ئاقماقتا ئىدى. ئۆستەڭ بويىدىكى سۇزە - يالپۇزلار يېڭىلا ئۇرۇلغاچقىمىكىن، خۇش ھىدى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. ئابلىكىم:

— مۇسا بوۋامنىڭ ھېلىقى بۇلىقىغا بېرىپ باقمامدۇق؟ — دېدى.

— بولىدۇ، ئۇ بۇلاقتا بارمىغىلىمۇ خېلى كۈنلەر بولۇپتۇ، — دېدىم مەن.

بىز بۇلاق بويىغا كېلىپ چۆچۈپ كەتتۇق. چۈنكى، بۇلاقنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن توپا سىيرىلىپ چۈشۈپ بۇلاقنىڭ كۆزىنى ئېتىۋالغانىدى. بىز قولمۇ قول لايلارنى ئېلىۋېتىپ سۈنى راۋانلاشتۇردۇق. قۇمتاغ ياقىسىدىكى بۈككىدە سۆگەتلىك ئاستىدا تۆت - بەش كىشى ئېغىناپ يېتىشاتتى. قارىماققا، ئۇلار قۇمغا كۆمۈلگىلى كەلگەنلەردەك قىلاتتى.

بىز بۇلاقنى تازىلاپ بولۇپ ئۆستەڭنىڭ ئايىغىدىكى كىچىك كۆلگە بېرىپ سۇغا چۆمۈلدۇق، سۇدىن چىقىپ

قۇمدا يېتىپ ئىمتىھان توغرۇلۇق پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق.

— شىرئەلى، شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئۆتۈپ كەتسەڭ بىزنى ئۇنتۇپ قالما جۇمۇ!— دېدى جاپپار.

— ھەي، مەنمۇ ئىمتىھاننى ئوبدان بېرەلمىدىم،— دېدىم مەن،— يېزىدىن چىققان بالىلارنى بوش چاغلىغىلى بولمايدىكەن... ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەرمۇ بىلىسىلەر، يېزا نوپۇس ئاساس قىلىنىدىغان تۇرسا، بىزنىڭ ئۆيدە ئاتام مەن ئىككىمىز شەھەر نوپۇس، ئاپام بىلەن يارئەلى يېزا نوپۇس. بىز ئىككى بالىنىڭ يېرى يوق. ئاپامغا رەھمەتلىك بوۋاملار بىر كىشىلىك يەر بەرگەنىكەن. شۇ يەرگە ئىشلەپ كۈنىمىز يامان ئەمەس ئۆتۈۋاتىدۇ. مەنمۇ يېزا نوپۇس بولغان بولسام بەك ياخشى بولاتتى...

— ئۇ يېرىمۇ بار، بىرنەچچە يىل بولدى، مەكتىپىمىزدىن شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ماڭغانلار ئاز، يېزىلاردىن كۆپ بولۇۋاتامدۇ،— دېدى قۇتيار.

— مەن ئوقۇمايمەن، ئوقۇماي نېمە قىلىدىغانلىقىمنىمۇ بىلمەيمەن،— دېدى ئابلىز.

— ھەي، توققۇز يىل ئوقۇپتىمىز، نېمىنى ئوقۇدۇق؟ بىرەر نىشانىمىز يوق ئىكەن. ئارىمىزدا ئەلاچى ئوقۇغان شىرئەلىنىڭ چېغىدا قانداق قىلىشى ھەققىدە بىرەر نىشانى يوق ئىكەن،— دېدى جاپپار.

— مېنىڭغۇ شوپۇر بولغۇم بار ئىدى، بىراق ھازىر شوپۇرلۇق كىنىشكىسى ئالماق ئىنتايىن تەسلىشىپ كېتىپتۇ دەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەۋرە ئاكامنىڭ دېيىشىچە، شوپۇرلۇق بۇنىڭدىن كېيىن ئانچە مۇھىم

كەسىپىمۇ ھېسابلانمايدىكەن،ــ دېدى قۇتيار ئۇھسىنىپ.
ــ شىرئەلى، سەن كەلگۈسىدە نېمە بولىسەن؟ ــ دەپ سورىدى ئابلىكىم مەندىن.
ــ دوختۇر بولۇش ئارزۇيۇم بار ئىدى. بىراق، دوختۇرلۇق مەكتەپلىرىگە ئۆتەلەيمەنمۇ، بۇنى بىلمەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە دوختۇرلۇق كەسىپلىرىنىڭ ئوقۇش پۇلى بەك يۇقىرى ئىكەن. ئاتام بىر كىشىلىك مائاش بىلەن يارئەلى ئىككىمىزنى ئوقۇتۇپ كېتەلمەسمىكىن، شۇڭا ئوقۇش پۇلى ئەرزان، ئوقۇش پۈتكۈزسەم خىزمەت تاپقىلى بولىدىغان بىرەر كەسىپنى تاللايمىكىن،ــ دېدىم مەن.
ھەممىمىز قومدا كۆز ئالدىمىزدىكى قىيىنچىلىقلارنى دېيىشىپ يېتىپ تەرلەپ ئېقىپ كەتكەنىدۇق.
ــ ئادەم دېگەن رىزقى بىلەن تۇغۇلىدۇ دەپتىكەن، بىزنىڭمۇ پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنى باردۇ، ھاۋا قىزىپ كېتىۋاتىدۇ. قېنى، سۇغا چۆمۈلۈپ بولۇپ بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ غىزالىنايلى،ــ ئابلىكىم شۇنداق دېگىنىچە كۆلگە ئۆزىنى ئاتتى.
بىز مۇزدەك سۇزۇك سۇدا بىردەم بېلىقتەك ئۈزۈپ ئوينىۋىدۇق، بايىقى كۆڭۈلسىز خىياللار كاللىمىزدىن بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك يېنىكلەپ قالدۇق.

## 3. ئويۇنچۇق

ئىمتىھان بېرىپ بولغىلىمۇ بەش ـ ئالتە كۈن بولۇپ قالغانىدى. ئىمتىھان نەتىجىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ھەققىدە ھەر خىل مىش ـ مىش گەپلەر بولۇپ تۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىمتىھان نەتىجىلىرىمىز چىقمىغانسېرى تىت ـ تىت بولۇپ كېتىۋاتاتتىم. بىز مەھەللىدىكى ئاغىنىلەر كەچقۇرۇن يەنە قومتاغقا ئويۇنغىلى چىقتۇق.

— شىرئەلى، سەن چوقۇم شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئۆتۈپ كېتىسەن، بېيجىڭغا بېرىشنى خالامسەن، گۇاڭجۇۋغىمۇ؟ — دەپ سورىدى جاپپار.

— راست، تېلېفون قىلسام پۇل كېتىدۇ دېسەڭ، ئىككىلىك بولسىمۇ خەت يېزىپ قويارسەن... — دېدى ئابلىكىم.

— ۋاي ـ ۋۇي، مەن ھازىرلا ئىچكىرىگە ماڭىدىغاندەك گەپ قىلىپ كەتتىڭلارغۇ؟ مەن دېگەن يېزا نوپۇس ئەمەس. شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا يېزا نوپۇستىكىلەرنى ئاساس قىلىدىغان تۇرسا، — دېدىم مەن سەل تېرىكىپ.

— مۇئەللىملەرمۇ ساڭا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىۋاتامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن «نۇقتىلىق سىنىپ»تىمۇ سىنىپىنىڭ ئالدى بولۇپ ئوقۇغان تۇرساڭ، — دېدى ئابلىزمۇ قولىدىكى بوتۇلكىغا قوم قاچىلاۋېتىپ.

— بولۇپمۇ، ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىمىز ئابدۇلئەزىز مۇئەللىمنى دېگىنە. بىزنىڭ سىنىپقا كىرىدىغان بولسا سېنى ماختاپ ئۇچۇرۇۋېتەتتى، — دېدى پەرقۇزات، — «بۇ ھېسابنى شىرئەلى ئىككى مىنۇتتا ئىشلەپ بولدى، دەپتىرىگە قارىسام كۆنۈكمىنىڭ ھەممىنى ئىشلەپ بوپتۇ...» دەيدىغان بولسا بىز سېنىڭدىن پەخىرلىنىپ ئولتۇراتتۇق. مەن بولسام يېنىمدىكى قوشتاغلىق ساۋاقدىشىمغا: «مېنىڭ ئاغىنەم شۇنداق ياخشى ئوقۇيدۇ، ئۇ بىرىنچى سىنىپتىن باشلاپ ئەلاچى ئوقۇغان» دەپ ماختىنىپ ئولتۇراتتىم، ھەي، نوپۇسنى ئالماشتۇرغىلى بولغان بولسا مەن نوپۇسۇمنى ساڭا بەرگەن بولسام ـ ھە؟

— سەنمۇچۇ، تولا خۇپسەنلىك قىلما، سەن چوقۇم بېيجىڭغا بارسەن، بېيجىڭغا بېرىپ بىللە ئوينىغان چاغلارنى جەزمەن سېغىنىپ قالىسەن، مانا، ساڭا بۇنى هازىرلا سوۋغا قىلاي، ئاداش،— دېدى قۇتيار قولىدىكى ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقنى ماڭا تەڭلەپ.

— ۋاھ، بۇ ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقنى بىرنۆۋەتتىشكە كۆزۈڭ قىيدىمۇ؟ چاقچاق قىلمايۋاتىدىغانسەن؟— دېدى پەرقۇزات.

— شىر ئەلىنى قەستلەي دەپسەن - دە،— دېدى جاپپار مىيىقىدا كۈلۈپ.

— نېمە دەيدىغانسەن هوي، خاتىرە بولۇپ قالسۇن دېدىم شۇ!— دېدى قۇتيار.

— ئارىمىزدىكى ئەلاچىنى ئۆزۈڭدەك ئويۇنخۇمار قىلاي دەپسەن - دە، ئىچىڭ نېمىدېگەن تار سېنىڭ،— دېدى ئابلىكىممۇ قەستەن ئۇنىڭ زىتىغا تېگىپ.

— سىلەرگە نېمە بولدى؟ مەن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن بۇ ئويۇنچۇقنى شىر ئەلىگە بېرىمەن دېسەم، نېمىشقا ھەممىڭنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ كېتىمەن؟!— دېدى قۇتيار گەپكە چىدىماي،— بۇرۇن بىرەر ئويۇن ئوينايمىز دېسەك، شىر ئەلى ئۇنىمىسا شىر ئەلىنى دۆشكەلەپ ئارىغا ئالمايتتىڭلار، ئەمدى نېمە بولدى سىلەرگە؟

— ھەي نادانلىق، ئۆز ۋاقتىدا بىزمۇ شىر ئەلىدەك تىرىشىپ ئوقۇغان بولساق، بۇگۈنكىدەك ئوقۇش پۇلىدىن غەم قىلىپ ئولتۇرمىغان بولاتتۇق، سەن ئويۇنچۇقنى ئۇنىڭغا بەرسەڭ، ئۇمۇ بىزدەك ئويۇنخۇمار بولۇپ قالسا قانداق بولىدۇ؟ ئەڭ ياخشىسى سەنمۇ ئويناما، ھېلىمۇ بازاردىكى ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانىغا جىق پۇل خەجلەپ بەردىڭ،— دېدى پەرقۇزات.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

— مۇشۇ گەپنى دېمىسەڭ بولاتتى، ئابلىكىملەرگە بولۇپ بېرىدىغان بولدى ـ دە بۇ گەپ،— دېدى قۇتيار.

— ھە، ئەسلىدە سەن ئويۇنچۇقخانىدا ئوينايدىكەنسەن ـ ھە، ئويۇنغاندا شۇنداق يالغۇز ئوينايدىغان گەپمۇ؟ — دېدى جاپپار چىقىشىپ.

— ياق، ياق، كىچىك ئاپاملارنىڭ ئۆيىنى ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرىدىغانلار ئاچقان ئويۇنچۇقخانا ئۇ. مەن شۇ كىچىك ئاپاملارنىڭكىگە بارغاندا ھەقسىز ئانچە ـ مۇنچە ئويناپ قوياتتىم شۇ. ماۋۇ پەرقۇزات دېگەن خائىنىنىمۇ نەچچە قېتىم ئوينىتىپ قويغان...— دېدى قۇتيار پەرقۇزاتنى نوقۇشلاپ.

بىز ئەتە چۈشتىن بۇرۇن ھەممىمىز ئويۇنچۇقخانىغا بېرىپ ئويۇن ئويناپ باقماقچى بولۇپ كېلىشتۇق.

مەن سەھەر تۇرۇپلا ئاپامنى ناشتىلىق تەييارلاپ بېرىشكە ئالدىراتتىم. ئاپام نەچچە كۈندىن بېرى ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرۇپ تۇنۇگۇندىن باشلاپ تالا ـ تۈزگە چىققىنىمدىن خۇشال بولدىمۇ، قولىدىكى ئىشنى قويۇپ ناشتىلىق تەييارلاشقا تۇتۇندى. دەل شۇ چاغدا يارئەلى ئويغىنىپ مېنىڭ كىيىم ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن كىيىم تاللاۋاتقانلىقىمدىن بىر يەرگە بارىدىغانلىقىمنى پەملىدى بولغاي، يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ ئۇمۇ تەييار بولدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ بىللە ئېلىپ بارسام ئويۇنچۇقخانىغا بارغىنىمنى ئاتامغا دەپ قويىدۇ. ھەي، چاقىقانراق بىرەر باھانە تاپسام بولاتتى. ھە، ساۋاقداشلارنىڭكىگە بارىمىز دېسەم مەنمۇ بارىمەن دېمەس.

بىرىنچى بولۇپ جاپپار كەلدى. مەن ئۇنىڭغا يارئەلىنى ئالداشنىڭ پىلانىنى دەپ قويدۇم. ئۇمۇ مەن يارئەلى بىلەن تاۋۇز تىلغىلى چىقىپ كەتكەندە

ئابلىكىم، قۇتيارلارغا دەپ قويۇپتۇ. دېمىسىمۇ ساۋاقداشلارنىڭكىگە بارىمىز دېمىسەك بولمايدۇ ــ دە! ئۇلارمۇ يارئەلنىڭ ماڭا تولا ئەگىشىۋالىدىغانلىقىنى بىلىدىغان بولغاچقا، يارئەلنى بىر دەمدە قايىل قىلدى.

ئويۇنچۇقخانىغا كىرسەك، ئويۇنچۇقلار بوش ئەمەس ئىكەن، ئۇنىڭ ــ بۇنىڭ ئوينىغىنىغا قاراپ ئويناش قائىدىلىرىنى بىلىۋالدۇق. بىر چاغدا قۇتيار يىغىش قىلغان پۇلغا بىرىمىزگە ئون تالدىن تەڭگە ئېلىپ كەلدى. مەن بىر مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىتتا ئالتە تەڭگىنى ئۇتتۇرۇپ قويدۇم. قۇتيار تولا ئوينىغاچقا، ئۇ بىرمۇنچە ئۇتتى. قالغانلىرىمىز بەش مىنۇتقا قالماي ھەممىنى ئۇتتۇرۇۋەتتۇق. پەقەت قۇتيار بەرگەن نەچچە تال تەڭگىنى خەجلەپ تۆتىمىز بىللە ئوينىدۇق. ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ئويناش ھەقىقەتەن كۆڭۈللۈك ئىكەن، بىراق پۇل توشۇمايدىكەن، يەنىلا بىزنىڭ قۇمتاغ ياخشى ئىكەن. خالىغانچە ئوينايمىز، ئېغىنايمىز، سەكرەيمىز، يۈگۈرەيمىز... ھېچكىم بىر تەڭگە بەر دېمەيدۇ. بۇ يەردە تەڭگە تۈگەپ كېتىپ قاراپ تۇرسىمۇ، غوجايىن «ماڭ، ئۆيۈڭگە كەت» دەپ قوغلىمايدىكەن، پۇل دەپلا قاراپ تۇرىدىكەن. ھەممىمىز سالپىيىپ قايتماقچى بولدۇق. دەل شۇ چاغدا ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى بىر ئادەم كىرىپ كەلدى ــ دە، تازا بېرىلىپ ئويۇنچۇق ئويناۋاتقان ئون ئىككى ياشلاردىكى بىر بالىنىڭ بېشىغىلا بىر شاپىلاق سالدى.

ــ مۇشۇ يەر ساۋاقدىشىڭ تۇرسۇنىنىڭ ئۆيىما؟ مانا يالغانچىلىقىڭغا، مانا ئالدامچىلىقىڭغا، مانا ئوغرىلىقىڭغا... ــ دېگىنىچە ئوغلىنى ئۇرغىلى تۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئارىغا بىر - ئىككى يىگىت كىرىپ باقتى، كار قىلمىدى.

بالا يىغلايتتى، يىغلاپ تۇرۇپ ئاتىسىغا ۋەدە بېرەتتى.

— جېنىم ئاتا، ئىككىنچى بۇ يەرگە كىرمەيمەن...

— بۇنداق ۋەدىنى سەن تولا بەرگەن ماڭا، بۈگۈن پۇت - قولۇڭنى سۇندۇرۇۋېتىپ، كارىۋاتتا باقىمەن سېنى...

بىچارە ئاتا ئوغلىنى ئۇرغىنىغا ئۆزىمۇ چىدىماي ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانىنىڭ غوجايىنىنى تىللايتتى، ھېلىلا ھەممە ئويۇنچۇقنى ئۇرۇپ چېقىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئورۇندۇقلارنى تېپىپ - ئۆرۈپ غوجايىنىنىڭ ئالدىغا دېۋىنىۋىدى، ئامانلىق قوغدىغۇچى تۇتۇۋالدى. بىز نېمە قىلارىمىزنى بىلەلمەيلا ئويۇنچۇقخانىدىن چىقىپ كەتتۇق. ئويۇنچۇقخانىدىن خېلى ئۇزاپ بولغاندىن كېيىن:

— بەش مىنۇتتا ھەربىرىمىزنىڭ بەش كويدىن پۇلىنى ئېلىۋالدى، ئەجەب ئاسان پۇل تاپقىلى بولىدىغان ئىشكەنە بۇ؟ — دېدى جاپپار شۇمشىيىپ.

— قۇتيارغا بەرگەن تەڭگىلەرنى ھېسابلىمىدىڭ تېخى، — دېدىم مەنمۇ ئۇنىڭ گېپىگە گەپ قوشۇپ.

— مەندە يەنە بەش كوي پۇل بار، يەنە ئوينايلى، — دېدى پەرقۇزات.

— ياق، بولدى ئەمدى، ئاستا ئۆيلەرگە كېتىۋالايلى، بولمىسا... — دېيىشىمگە، ئابلىكىم:

— ئەمدى قائىدىلىرىنى ئوبدان بىلىۋالدۇق. ئويناپ باقمايلىمۇ؟ بەشىمىز بىرلىشىپ بولسىمۇ ئۇتتۇرۇۋەتكەن پۇللىرىمىزنى قايتۇرۇۋالمايمىزمۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى قۇتيارمۇ.

— شۇ بەش كوي پۇلغا مۇز قايماق ئېلىپ بەرسەڭ تازا خۇشياقاتتى، — دېدى جاپپار.

— راست، بىكاردىن بىكار پۇلنى ئويۇنچۇققا زايە قىلىۋەتكەندىن كۆرە، شۇ پۇلۇڭغا بىزنى مېھمان قىلە، — دېدى ئابلىكىممۇ بايىقى گېپىدىن يېنىپ.

بىز تۆت كوچا دوقمۇشىدىكى سوغۇق ئىچىملىكلەر دۇكىنىدىن بىرىگە كىرىپ مۇز قايماق يېگەچ بايىقى ئويۇنچۇقخانىدىكى ئىشلار ئۈستىدە مۇنازىرە قىلىشتۇق.

— ئەجەب بىر ئىش، — دېدى پەرقۇزات، — بىر قارىسا تەڭگىلەرنى ئۇتۇۋالغىلى بولىدىغاندەك كۆرۈنىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئۇسكۇنىلەر ھېلىغۇ بىر تال تەڭگە ئىكەن، بىر چىۋىن قونسىمۇ چوقۇم چۈشۈپ كېتىدۇ، چوقۇم بىر سىر بار ئۇنىڭدا.

— ئەمدى بىلدىڭمۇ؟ بايا جىم تۇرغان بولسام مۇشۇ مۇز قايماقمۇ يوق ئىدى بىزگە، — دېدى جاپپار مۇز قايماقنى ھۇزۇرلىنىپ يەۋېتىپ.

— قۇتيار، سەنمۇ ئەمدى ئۇ يەرگە بارمىساڭ بولغۇدەك، قاراپ تۇرۇپ ئادەمنى ئالدايدىغان يەر ئىكەن ئۇ، — دېدى پەرقۇزات.

— ئالدىنقى قېتىملاردا مەن راستتىنلا ئۇتۇۋالغان. بۈگۈن ئەجەب...

— بولدى قىل، — دېدى جاپپار، — شۇنچە جىق بالىدىن مەن ئۇتتۇم دېگىنىنى بىز ئاڭلىمىدۇق. ھەممىسى ئۆزىنىڭ پۇلىنى قايتا - قايتا ئويناپ ئاخىر ئۇتتۇرۇپ بېرىپ يېنىپ چىقىدىغان گەپ ئىكەنغۇ؟ كۆڭۈل ئاچتۇقمۇ دەيلى، قانچىلىك مېڭە ئىشلەتتۇق؟ ھېچقانچە مېڭە ئىشلەتمىدۇق، پەقەت تەڭگە ئۇتۇۋالساق دېگەن ئويدا ئالدىراشچىلىقتا ئويىنىدۇق، ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۈستىگە، ھېلىقى تاياق يېگەن بالىنى ئويلاپ قويى، ئاتاڭدىن سەنمۇ تاياق يەپ يۈرمە يەنە.

بىز مۇز قايماقنى يەپ بولۇپ نېمە ئىش قىلىش ھەققىدە بىرلىككە كېلەلمەي يول بويى ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ ئۆيلەرگە تارقىلىشتۇق.

## 4. ئەمەلگە ئاشقان ئارزۇ

بۇ يىل قۇمغا كۆمۈلۈش بالدۇرلا باشلىنىپ كەتتى. ئادەتتە 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنلىرى ئەتراپىدا قۇمغا كۆمۈلىدىغانلار ئاندا ـ ساندا پەيدا بولاتتى. 7 ـ ئاي كىرمەي تۇرۇپلا قۇمتاغدا قۇمغا كۆمۈلىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى. ئادەتتە بۇنداق ھاۋا ئىسسىق كۈنلەردە ئېتىزدىكىلەر ئەتىگەن سائەت توققۇزغىچە ئىشلەپ يېنىپ كېلەتتى.

ئىسسىق كۈچىيىشكە باشلىدى. مانا بىز ئىمتىھان بېرىپ بولغىلى ئون كۈندىن ئاشتى، لېكىن ئىمتىھان نەتىجىلىرى چىقاي دېمەيتتى، مەكتەپكە نەچچە قېتىم باردىم. نۆۋەتچى مۇئەللىم:

— نېمىگە ئالدىرايسىلەر؟ ئەتە چىقمىسا ئۆگۈن چىقىدۇ. تەتىلدە ئارام ئېلىڭلار... نەتىجە چىقسىلا مەكتەپ ئالدىدىكى قارا تاختايغا چاپلاپ قويىمىز،— دېدى.

— ئۇنداقتا، كۈندە بىر قېتىم كېلىپ قارا تاختايغا قاراپ تۇرساق بولغۇدەك ـ دە؟— دېدىم مەن.

— كۈندە كېلىپ يۈرمىسەڭمۇ، نەتىجە چىقىپ باقسۇنچۇ؟ بىر دەمدە بىلىپ بولىسەن،— دېدى.

مەن ئۈمىدسىز ھالدا قايتىپ كەلدىم. چۈشتىن

كېيىن سائەت ئىككى بولا ـ بولماي قۇمغا كۆمۈلگۈچىلەر ھارۋىلارغا ئولتۇرۇپ قۇمتاغ تەرەپكە مېڭىشقا باشلىدى. ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرسام «نۇقتىلىق سىنىپ» تىكى ساۋاقدىشىم ئادىل بىلەن ئىلشات ۋېلىسىپىت بىلەن كېلىپ قالدى. مەن ئۇلارنى ئىمتىھان نەتىجىسى چىققان بولسا ماڭىمۇ دەپ قويغىلى كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. ئەسلىدە ئۇلار قۇمغا كۆمۈلگىلى كەلگەن تۇغقانلىرىنى قۇمتاغقا ئاچىققىلى كەلگەنىكەن.

ـــ سىلەرنىڭ ئۆي قۇمتاغقا يېقىن، نېمىدېگەن ياخشى، يۇرە، بىللە ئويناپ كېلەيلى، ـــ دېدى ئادىل.

ـــ بۇ ئىسسىقتا ئىسسىق ئۆتۈپ قالىدۇ. سەل كەچ بولسۇن، ئۆيگە كىرىپ ماڭمامسىلەر؟ ـــ دېدىم مەن.

ـــ بىز ماڭايلى، تۇغقانلار ھارۋىدا كەتكىلى خېلى بولدى، بىزنى ساقلاپ قالمىسۇن.

ـــ ئىمتىھان نەتىجىسىنىڭ قاچان چىقىدىغانلىقىنى ئۇقتۇڭلارمۇ؟

ـــ ئۇقمىدۇق، نەچچە كۈندىن كېيىن چىقىدۇ دەيدۇ، بىز ئىككىنچى چوققىنىڭ ئۇدۇلىدىكى سۆگەتلىككە بارىمىز، شۇ يەرگە بارساڭ دېيىشەيلى!

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئولتۇرالمايلا قالدىم. ئىمتىھاننى ئويلىسىلا غەم بېسىۋالاتتى. ئۇلارنىڭ خىيالىدا يوق ئويناۋاتقانلىقىغا ھەۋىسىم كەلدى. مەن ھەرقانچە خىيال قىلماي دېسەممۇ خىيالىم ئىمتىھانغا كېتىۋاتاتتى. ھەي، ئىمتىھان نەتىجىسى چاققانراق چىقسا بولاتتى. نېمە كۈن بۇ، دەككە ـ دۈككىدە يا كۆڭۈللۈك ئوينىيالمىغان، يا ئارامخۇدا ئىش قىلغىلى بولمىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆگزىدە يېتىپ يۇلتۇزلارغا قارىغىنىمچە يەنە خىيالغا پېتىپ كەتتىم. يارئەلى بولسا ئۇنى ـ بۇنى سوراپ خىيالىمنى بۆلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا بىر ۋارقىرىۋىدىم، جىمىپ قالدى. قاچانلاردا ئۇخلاپ قالدىمكىن، ئۇخلاپ قېتىپ كېتىپتىمەن. سەھەردە قۇياش كۆزۈمنى چاقچاقلىدىلا ئويغىنىپ ئورۇنلارنى يىغدىم ـ دە، ئۆگزىدىن چۈشۈپ ئۇيقۇمنى داۋاملاشتۇرماقچى بولدۇم. شۇ ئەسنادا ئاتام ۋېلىسىپىتنى يېتىلىگىنىچە سىرتتىن:

ــ شىرئەلى، شىرئەلى، هوي، شىرئەلى! قېنى سەن؟ ــ دەپ توۋلاپلا كىردى.

ــ مانا مەن ئاتا، نېمە بولدى؟

ــ بۈگۈن نەتىجىلەر چىقىدىكەن جۇمۇ! تېلېفوندا سۈرۈشتۈرگىلى بولىدىكەن.

ــ قانداق سۈرۈشتۈرگىلى بولىدىكەن؟

ــ مانا، ماۋۇ نومۇرغا تېلېفون قىلساق سۈرۈشتۈرگىلى بولىدىكەن.

ــ بىر يۈز ئاتمىش سەككىزنىڭ سۈرۈشتۈرۈش ھەققى قىممەت، ئەتىلەردىن مەكتەپكە بېرىپ باقاي.

ــ قىممەت بولسا بولمامدۇ، بالام! سۈرۈشتۈرۈپ كۆرەيلى.

كىنىشكامنى ئاچقىپ تېلېفون ئۇرۇشقا باشلىدۇق. شۇ چاغدا يۈرىكىم سېلىپ، نەپسىم تېزلىشىپ، تەرلەپ كەتتىم. ئاتام ئۈچ قېتىم تېلېفون قىلىپ ھېچ ئۇچۇر ئالالمىدى.

ــ ئۆزۈڭ بىر ئۇرۇپ كۆرە، ئاخىرىغا كەلگەندە ھېچبىر سادا چىقمايدىغۇ؟

ــ ئۇلانمىغاندۇ؟ ھېلىمۇ... مەيلى بىر ئۇرۇپ باقاي.

— بىر يۈز ئاتمىش سەككىزگە تېلېفون قىلىدىغانلار كۆپ بولغاچقا ئۇلانمايۋاتامدىغاندۇ ـ يە؟

— ۋاي بولىدىلا، ئىككى ـ ئۈچ كۈن كېچىكىپ ئۇققانغا نېمە بولماقچىدى.

— شۇنداق بولسىمۇ يەنە ئۇرۇپ كۆر.

ئەپسۇس، مەنمۇ ئىككى قېتىم تېلېفون قىلىپ هېچبىر ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىدىم. ئاپام بىلەن يارئەلىمۇ تېلېفون قىلىپ سۈرۈشتۈرۈپ باقماقچى بولغانىدى، مەن توسۇپ قويدۇم. ئۇنىڭچە ئادىلدىن تېلېفون كەلدى، ئۇلارمۇ ئۇچۇرغا ئېرىشەلمەپتۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، پەقەت ئايسارەملا نەتىجىسىنى ئۇقۇپتۇ. ئۇ بەش يۈز ئەللىك نومۇر ئاپتۇ. مەن ئۇنىڭ شۇنچە نومۇر ئالغانلىقىغا هەيران قالدىم. چۈنكى، تەقلىدىي ئىمتىهانلاردا ئۇ ئالتە يۈز ئەللىكتىن چۈشمەيتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ يەنە تىت ـ تىت بولۇشقا باشلىدىم، مەكتەپكە ئىككى قېتىم باردىم، مەكتەپكە بارغان مەنلا ئەمەسكەنمەن. مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى: «ئەته سائەت سەككىزدە كېلىڭلار، مائارىپ ئىدارىسىگە نەتىجە كەچتە كەلگۈدەك، كەلگەن هامانلا بىزمۇ كۆپەيتىپ چاپلاپ قويىمىز...» دېدى. شۇ مىنۇتتىن باشلاپ كۈننىڭ نەقەدەر ئاستا ئۆتىدىغانلىقىنى هېس قىلدىم.

بۈگۈن سەهەردىلا مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدىم. مەن كېلىشتىن بۇرۇنلا «نۇقتىلىق سىنىپ» تىكى ساۋاقداشلىرىمنىڭ يېرىمى دېگۈدەك كېلىپ بولغانىكەن.

— شىرئەلى، پەرىزىڭچە قانچە نومۇر ئالارسەن؟ — دېدى ئىلشات.

— ئىشقىلىپ، ئالتە يۈزدىن كەم ئالماسمەن، — دېدىم مەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئۇنچىلىك نومۇر ئالساڭ ئۆتەلمەسسەنمىكىن؟ ئاڭلىساق قوشتاغ يېزىسىدىن بىر بالا ئالتە يۈز ئاتمىش نومۇر ئاپتۇدەك، — دېدى.

— ئۆتەلمىسەم تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇمايمەنمۇ؟ — دېدىم كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرى گۇدرەت هالدا.

بىز ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىنىڭ نومۇر چېكى ھەققىدە قىزغىن مۇنازىرىلىشىۋاتقاندا، مەكتەپ ئىلمىي مۇدىرى بىر تۇتام ۋاراقنى ئاچىقتى. قىستاڭچىلىق باشلاندى.

— ھەي، سەل نېرى تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن ئاۋۋال چاپلىۋالاي، ئاندىن بىر مېتىر نېرىدا تۇرۇپ ئوقۇڭلار، يىرتىۋېتىشكە، جىجىلىۋېتىشكە بولمايدۇ، — ئىلمىي مۇدىر شۇنداق دېگىنىچە يەنە بىر ئوقۇتقۇچى بىلەن چاپلاشقا باشلىدى. ئىسمىنى تاپقانلار ياكى يېنىدىكى دوستىنىڭ ئىسمىنى تاپقانلار ئاۋۋال ئومۇمىي نومۇرىنى، ئاندىن ھەرقايسى پەنلەردىكى نەتىجىلىرىنى بىر - بىرلەپ ئۈنلۈك ئوقۇپ بېرىش باشلىنىپ كەتتى. بىر چاغدا ئادىل:

— شىرئەلى، شىرئەلى، قېنى سەن، يەتتىنچى ۋاراققا قارا، ئىسمىڭ شۇ يەردە ئىكەن، ئالتە يۈز يىگىرمە نومۇر ئاپسەن! — دېدى، قۇلىقىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم.

— مۇبارەك بولسۇن! مۇبارەك بولسۇن! — دېگەن سادالار قۇلىقىمغا كىرىشكە باشلىدى.

— ئۆتۈپتىمەنمۇ؟ — دەپ سورىۋەتتىم ئىختىيارسىز.

— سەن ئۆتمىسەڭ كىم ئۆتىدۇ، مەكتەپ بويىچە بىرىنچى بولغان تۇرساڭ، — دېدى ئىلمىي مۇدىر.

— شەرىپىدىنىنىڭ ئوغلىمۇسەن؟ — دەپ سورىدى ئىلمىي مۇدىرنىڭ يېنىدىكى ئوقۇتقۇچى.

— ھە، — دېدىم ئارانلا.

— يارايسەن، ئاتاڭنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىپسەن، — دېدى ئۇ ئوقۇتقۇچى ھاياجانلىنىپ.

مەكتەپ بويىچە بىرىنچى بولغانلىق خەۋىرىم مەندىن بۇرۇن ئۆيگە كېلىپ بولغانىدى. ئاپام كۆز يېشى قىلىپ:

— بىچارە بالام، ئۆگىنىش - ئۆگىنىش دەپ ياداپلا كەتتىڭغۇ، ئاتاڭمۇ ھە دېسە يېنىڭغا كىرىۋېلىپ ئۆگىنىش قىل دەپ تۇرغان، كەل بالام، ساڭا ئوخشىتىپ تاماق ئېتىپ بېرەي... — دېدى مېنى قۇچاقلىغىنىچە.

ئاپام كۆز يېشى قىلىۋاتقانىنىڭ ئۇستىگە، بوۋام بىلەن مومام كىرىپ كەلدى. مومام بېشىمنى سىلاپ پېشانەمگە سۆيۈپ كەتتى.

— بېلىقىزخان، كۆز يېشى قىلماڭ. ھوي، شەرىپىدىن قېنى سەن؟ شىرئەلى، ئاتاڭ قېنى؟

— ئاتام بازارغا كەتكەنىدى، كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى، — دېدى يارئەلى بوۋامنىڭ مۇرىسىگە ئېسىلىپ.

— ماڭ، يارئەلى بىزنىڭ ئۆيگە بار، راشىدىن ئاتاڭ پاقلاندىن بىرنى ئېلىپ كەلسۇن، ئاكاڭنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرايلى، — دېدى بوۋام يارئەلىگە، — ھېلى ئابىتاخۇننىڭ ئوغلى: «سىراجىدىن بوۋا، يارئەلى مەكتەپ بويىچە بىرىنچى بولدى، بىزنىڭ گۈلھەسەل مۇئەللىم خۇشاللىقىدا يىغلاپ كەتتى» دېمەسمۇ، شۇ خۇشاللىقىمدا چوڭ ئاپاڭلارنى ئېلىپلا كېلىشىم.

نەچچە ۋاقىتتىن ئىمتىھان نەتىجىسى قاچان چىقار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەپ تۆت كۆز بىلەن كۈتكەنىدىم، ئەمتىھان نەتىجەم چىقسا خاتىرجەم بولۇپ قالارمەن دەپ ئويلاپتىمەن. نەدىكىنى، قايسى مەكتەپكە ئۆتەرمەن، سالامەتلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلەرمەنمۇ دەپ غەم قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. مەن شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ھازىرلا ماڭىدىغاندەك ساۋاقداشلىرىم، تۇغقانلار بىرەر قۇردىن مۇبارەكلەشتى. ئۆزۈمنى ئالىي مەكتەپكە بارىدىغاندەك پەخىرلىك ھېس قىلىشقا باشلىدىم.

## سەككىزىنچى باب

# قۇمغا كۆمۈلۈش

### 1. قۇم چىچەكلىگەن كۈنى

بوۋام سەھەردىلا كەلدى. بوۋامنىڭ تىتىك ۋە تىمەنلىكىگە كۆز تەگمىسۇن. بوۋام ھازىرمۇ ئىتىز ئىشلىرىدىن قالغىنى يوق، بازارغا پىيادە بېرىپ كېلەتتى. «بازارغا چىقىدىغان ئىشىڭ بولسا، قۇمتاغ ساياھەت مەيدانىدىن بازارغا بىرىنچى يول كوچا ئاپتوبۇسىغا ياكى كىرا قىلىدىغان خادىكلارغا چۈشۈپ چىق» دېگىنىمىزگە قۇلاق سالمايتتى. تېخى: «ۋاي بالىلىرىم، مەن ياش چاغلىرىمدا ئۇنداق ھارۋا دېگەننى تولا ھەيدىگەن. كۆكياردىن ھارۋا بىلەن كۆمۈر ئەكىلىپ تولا ئولتۇرغان مەن. بىر قەدەم بولسىمۇ ماڭغىنىم ئەۋزەل. مېڭىپ تۇرمىسام بولمايدۇ، ھەرىكەت، ھەرىكەتتە بەرىكەت دەپتىكەن...» دەپ ئۇنىمايتتى. بوۋامنىڭ كېلىشىدىن بىر خۇشاللىقنى پەملىدىم.

— بىلىقىزخان بۈگۈن كونا ئايغا ئالتىنچى ئاينىڭ ئالتىسى، قۇم چىچەكلەيدىغان كۈن،— دېدى بوۋام ناشتىدىن كېيىن،— بۈگۈن ئۇلۇغ - ئۇششاق ھەممىمىز قۇمغا كۆمۈلەيلى. بۈگۈن قۇمغا كۆمۈلسە ئۇن كۈنگە تەڭ بولىدۇ، يارئەلى كاجلىق قىلماي بارسۇن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چۈشتە قۇۋۋەتلىك تاماق ئىتتىپ بېرىڭ، تۈنۈگۈن يادىمدا بار ئىدى، ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

— بولىدۇ، ئاتا، چۈشتە ياپما قىلاي، ئۆزلەمۇ چۈشلەپ ماڭسىلا، ئاپامنى يارئەلى چاقىرىپ كەلسۇن، — دېدى ئاپام.

— رەھمەت قىزىم، چۈشتە كېلەلمەيمەن. ھەسەن پالقانچىنىڭ نەۋرىسىنىڭ تويلۇق ئىشى بار ئىكەن، بېرىشىپ بەرسەڭ دەيدۇ، مەن شۇ يەرگە ماڭدىم.

— بۇ ئىسسىقتا تويغا قوپۇپ قاپتىغۇ ئەمدى؟ — دېدى ئاپام. بوۋام:

— بولغۇسى ئايال قۇدىسىنىڭ ئاپىسىنىڭ كېسىلى ئېغىر ئىكەن، ئۇلارغا كېلىن بولىدىغان بالىنى شۇ مەزلۇم باقىدىكەن. كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا نەۋرەمنىڭ تويىنى كۆرسەم دەپتۇدەك... شۇڭا، بۇ ئىسسىقتا توي بولىدىغان بوپتۇ، — دېگىنىچە چىقىپ كەتتى.

ئاتام بازاردىن كېلىشىگە، ئاپام بايا بوۋامنىڭ دېگەنلىرىنى بىر قۇر دەپ يەنە بازارغا ئەۋەتتى. مەن باراي دېسەم، ئاتام بىلەن ئاپام كېلىشىۋالغاندەكلا:

— تالا ئاپتاپ، ساڭا ئىسسىق ئۆتۈپ قالمىسۇن! — دېدى.

— ئۇنداقتا، ساڭچۇ ئاتا؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— مەن دېگەن چوڭ ئادەم، كېرەك يوق. سەن دېگەن ئۆسۈۋاتقان بالا، ئۆسۈۋاتقان بالىلار كېسەلگە ئاجىز كېلىدۇ، ئاپتاپ بەك كۈچلۈك، بالام! — دەپ ۋېلىسىپىتنى مىنىپ بازارغا كەتتى.

يوغان كۆنلۈك قىلىش ئۈچۈن مەن قازناق ئويدىن چوڭ كارتۇات كىرلىكنىڭ تۆت تەرىپىنى چىگىپ سايىۋەن قىلىدىغانغا تۆت تال ئۇزۇن تاياق ئاچىقىپ

تەييار قىلدىم، يارئەلى بولسا خىيالىدا يوق كارتون فىلىم كۆرۈۋاتاتتى، ئۇ نىمىشقىدۇر قۇمغا كۆمۈلۈشكە ئۆچ ئىدى. مەن ھەر يىلى كەم دېگەندە ئۈچ كۈن بولسىمۇ قۇمغا كۆمۈلەتتىم، ئۇنىڭ بۈگۈنمۇ قۇمغا كۆمۈلگۈسى باردەك قىلمايتتى. مەن ئاپامغا ياردەملىشىپ چاي قاينىتىپ چوڭ چۆگۈنگە ئېلىپ قوياي دېسەم، ئاپام:

— ھازىر سەل بالدۇر سائەت ئون ئىككىلەردە تەييارلىساقمۇ بولىدۇ. ئىسىت، ئاتاڭغا بەدىيان ئالغاچ كېلىڭ دېمەپتىمەن، — دەپ سەل ئويلىنىپ قالدى.

— ئاتام نېمىشقا يان تېلېفون تۇتمايدۇ؟ كۆپىنچە مۇئەللىملەرنىڭ بارغۇ؟

— ئادەم تېلېفوننىڭ قۇلى بولۇپ قالىدىكەن دەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتاڭ مۇئەللىملەرنىڭ دەرسخانىدا تېلېفوندا سۆزلىشىدىغان قىلىقىغا بەك ئۆچ. ئۆتكەندە بىر مۇئەللىم سىنىپتا بالىلارنى قارىتىپ قويۇپ تېلېفون قوبۇل قىلىپتىكەن، ئاتاڭ نەچچە قېتىم نەسىھەت قىلسا ئاڭلىماپتۇ، ئاخىر ئاتاڭ چىدىماي رەھبەرلىككە ئىنكاس قىپتۇ، ئۇ مۇئەللىم ھازىرغىچە ئاتاڭ بىلەن گەپلەشمەي يۈرگۈدەك.

— ئاتام مەكتەپتە ئىشلەتمىسە بولمىدىمۇ؟ ئەمدى بەدىياننى قانداق قىلىمىز؟

— ماڭ، تۇرسۇنخانلارنىڭكىگە بېرىپ باق، بولسا ئازراق ئېلىپ كەل. توختا، ھېلى ئاتاڭ كەلسە ۋېلىسىپىتلىكلا بارە، تېز بارسەن، ھەم ئاپتاپمۇ ئانچە تەگمەيدۇ.

چۈشتە قېنىپ ئۇخلاپتىمەن. ئاپامنىڭ چاقىرىشى بىلەن مەن كۈنلۈك ۋە سايىۋەنلەرنى كۆتۈرۈپ ماڭدىم. ئاتام بىلەن ئاپام چۆگۈن، سۇدان ۋە نان، قاق قاتارلىق

www.uyghurkitap.com

يېمەكلىكلەر قاچىلانغان خالتىنى ئېلىپ ماڭدى. يارئەلى، بارمايمەن دەپ قالدى. ھەممە ئادەم قومغا كۆمۈلىدىغاندەك قومتاغ تەرەپكە كۆنلۈك، چاي كۆتۈرۈپ ماڭغانلار كۆپ ئىدى. بىز ئۆستەڭگە بارغاندا قوم بەك قىزىغاچقىمىكىن، قومغا چىقالمىغانلار باراقسان ئۆسكەن تاللارنىڭ ئاستىدا سالقىنلاپ ئولتۇراتتى. پەستىكى ئېرىقتا بولسا كىچىك بالىلار سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناۋاتقاتتى. بىز ھەر يىلى قومغا كۆمۈلىدىغان دۆڭگە قاراپ ماڭدۇق. ئۇ يەردە ئۈچ ـ تۆت ئادەم ئاللىقاچان سايىۋەن تىكىپ قومغا كۆمۈلۈۋېتىپتۇ. بىز ئۇلاردىن سەل نېرىغا سايىۋەن تىكىپ ئورۇنلاشتۇق. ۋاھ، قوم ھەقىقەتەن قىزىق ئىدى. ئاتام قومتارتقۇ بىلەن قومنى تارتىپ بىر ئولتۇردى ـ دە، قوم بىلەن پۇتىنى تىزى بىلەن تەڭ كۆمدى. مەن بولسام ئايىغىمنى سېلىپ ئۈستىدىلا ئولتۇرۇۋالدىم. ئاتام:

— شىرئەلى، سەن پەسكە چۈشۈپ بىرەر سائەتتىن كېيىن چىقامسەن ـ يە؟ — دېدى ئاتام.

— بولسا شۇنداق قىلە، نېمىدېگەن ئىسسىق بۇ، — دېدى، — ئاپامۇ.

— ھېلىمۇ سائەت ئۈچ بولاي دېدى، سىلەر چىدىغانغا مەنمۇ چىدايمەن، — دېدىم مەن.

— يارايسەن بالام! ئوغۇل بالا دېگەن مۇشۇنداق چىداملىق، غەيرەتلىك بولۇشى كېرەك، — دېدى ياندىكى چاچلىرى ئاقارغان مويسىپىت.

مەن سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم.

— بالا كىچىك، ئاپتاپ ئۆتۈپ قالمىسۇن دەيمىزغۇ؟ — دېدى ئاتام، — ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بالا بۇ يىل تولۇقسىز ئوتتۇرىنى تۈگەتتى. ئۆگىنىش قىلىمەن

دەپ ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە ئۆيدە ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈپ ئاجىزلاپ قالدى، شۇڭا ئىسسىق ئۆتۈپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ تۇرۇۋاتىمىز، بولمىسىغۇ بۇلار كىچىكىدىن مۇشۇ قۇمتاغدا ئويناپ چوڭ بولغان بالىلار.

— مانا، چېنىققان بالا دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ. بىز نەۋرىلىرىمىزنى ئاپتاپ كۆرسۇن دەپ ئەكەلسەك سائەت بەشلەردە ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ ئاران چىقىشىدۇ. پارىكتا ئۆسكەن كۆكتاتتەك چوڭ بولغان بالىلار ـ دە ئۇ، كىچىكلىرى سوغۇقى ئېشىپ قىشلىقى ئورنىغا سىيىپ قويۇپ ياتقان... مانا سىلەرنىڭ بالاڭلار ئىسسىقنى ئىسسىق دېمەي يۈرۈۋاتىدۇ. بالا دېگەننى تولا چەكلەپ كەتسىمۇ بولمايدۇ، چىدا بالام،— دېدى ھېلىقى مويسىپىت.

— بىزغۇ يازلىقى بالىلارغا ئاچ يۈرمەڭلار دەپ قۇلىقىغا قۇيۇپلا تۇرىمىز، قورساق توقلا بولسا ئاپتاپ ھېچنېمە قىلالمايدۇ،— دېدى ئاتام.

— بۇنداق تېرىنى كۆيدۈرمەيدىغان، تەنگە داۋا ئاپتاپلىق يەر دۇنيادا كەمدىن كەم تېپىلىدۇ. مەن ياۋروپادىكى يەتتە دۆلەتكە بارغان. ئۇ يەردە مۇنداق كۈچلۈك ئاپتاپ ئەمەس، قۇياش بىردەم جامالىنى ئاچتىمۇ بولدى، ئاپتاپقا قاقلىنىمىز دەپ ئېيىقتەك بولۇشۇپ باغچىنى باغچە، ھويلىنى ھويلا دېمەي ئېغىناپ يېتىشىدىكەن، ئاپتاپ ئادەمگە ئوزۇق. مەنمۇ كىچىكىمدە يېزىدا ئۆسكەن، دېھقان بالىسىمەن. خىزمەت قىلدۇق دەپ ئۈرۈمچىدە ئىشلەپ كەتتۇق، مانا قاراڭ، بولۇشىمىز مۇشۇ، بەدەندە قۇۋۋەت يوق. ماڭساق پۇت ئاغرىپ تۇرغان. قۇمغا كۆمۈلگىلى ئۈچ كۈن بولدى، بۈگۈن تۆتىنچى كۈنى. دەسلەپكى ئۈچ كۈندە مېنى يۆلەپ ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېلەتتى، بۈگۈن ئۆزۈم مېڭىپ چىقتىم. قۇمنىڭ پايدىسى مۇشۇ بولماي نېمە؟ نېمىدېگەن ئېسىل قۇم بۇ، قاراڭ، ئالتۇندەك كۆرۈنىدۇ كىشىنىڭ كۆزىگە... ئانا يۇرتىمىزنىڭ باغلىرى، تاغلىرىلا ئەمەس، چۆل - جەزىرە، قۇملىرىمۇ تېپىلغۇسىز بايلىق. سىلەر مۇشۇ قۇمتاغ ئەتراپىدا ياشاپ قۇمتاغنىڭ كېڭىيىشىنى توسۇپ بوستانلىقنى قوغداپ كېلگىنىڭلارنىڭ ئۆزى مەردانىلىك، قەيسەرلىك. قاراڭلار، بىر مېتىر بېرى يەتمىش گىرادۇسلۇق ئىسسىق قۇم، بىر مېتىر نېرى بۈككىدە ئورمان، بۇلاق سۇلىرى ئوقچۇپ تۇرغان گۈزەل جەننەت. بۇنداق جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىك مۇشۇ يەرگىلا خاس. دۇنيادا كەمدىن كەم تېپىلىدۇ... — دېدى مويسىپىت.

— بىزنىڭ يۇرتنى بىر دەمدە دۇنيادىكى ئالاھىدە بىر يۇرت قىلىپ كۆرسىتىۋەتتىلەغۇ ئەمدى، — دېدى ئاتام پەخىرلىنىپ.

— سىلەر كۇندە مۇشۇ يەردە ياشايسىلەر، شۇڭا سىلەرگە ھېچقانچە ئالاھىدە بىلىنمەيدۇ. بىزدەك كۆرۈپ باقمىغانلارغا بۇنداق مۆجىزىلىك مەنزىرىنى كۆرۈشنىڭ ئۆزى بىر ھۇزۇر، بەخت. مانا مەن يېشىم ئاتمىش بەشكە كەلدى. مۇشۇ ۋاقىتقىچە مۇنداق ئېسىل مەنزىرىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. بايا قۇمتاغقا چىققۇچە ئاۋۇ يەردە بىر كەپىنى كۆردۈم. دېمەك، مۇشۇ يەردە ئورمان باقىدىغان ئادەم بار دېگەنلىك. بايا نەچچە قۇمغا كۆمۈلگۈچى دەرەخنىڭ شېخىنى سۇندۇرۇپ سايىۋەنگە قوزۇق قىلىۋالدى، ئۇلار سۇندۇرغان شاخ ئەڭ توم، ئەڭ غوللۇق شاخ ئىدى، نېمە دېگۈلۈك بۇنداق ئىشلارغا؟ ئۇلار بۇ يەردە ئورماننىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى

بىلىشمەيدۇ. بىر تۈپ دەرەخ، بىر تۈپ گىياھنىڭ قۇمنى تىزگىنلەپ تۇرغىنىنى بىلىشمەيدۇ. قىرىلغان جىنىمدا ئۇلار بىلەن زاكونلىشىشنى راۋا كۆرمىدىم...

— ھەي، بۇ ئورماننى بالىسىدەك قوغداپ كېلىۋاتقان ھېلىقى كەپىنىڭ ئىگىسى مۇساكامغا كۆز تەگكەندەكلا ئىش بولدى. لاي ئېرىقتىن ئۆتىمەن دەپ يىقىلىپ كەتكىنى بار، مېڭىسىگە قان چۈشۈپ يېرىم پالەچ بولۇپ يېتىپ قالدى. ھەي، ھەممىمىز ئۆكۈندۇق. ئوغلىنى ئورنىنى باسسۇن دېسەك بىر ئاي چىدىدى. سەۋەبى، دەرەخ كەسكەنلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ «ئاتام بىر ئۆمۈر قوغداپ بولالمىغان دەرەخنى مەن قوغداپ بولالامتىم!...» دەپ توختىۋالدى. ئادەمنىڭ ئىچىدە ئادەم بار. ئۆز ۋاقتىدا كېچىدە، بورانلىق كۈنلەردە، بايراملاردا... ئىشقىلىپ، مۇساكامنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ تالاي دەرەخلەرنى كېسىۋالىدىغانلار بار ئىدى. مۇساكام دەرەخ كەسكەنلەرنى بىلىۋالسا، نەسىھەت قىلىپ بىر تۈپنىڭ ئورنىغا ئەتىيازدا ئېرىنمەستىن چاقىرىپ كېلىپ ئون تۈپ كۆچەت تىككۈزەتتى. ئۆزىمۇ كەنت كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن بىر تۈپ دەرەخ كېسىلسە ئون تۈپنى تىكىپ ئەي قىلغانىدى. ئەنە، ئاۋۇ يەردىكى سۆگەتلەر ئەتىيازدا چىققان بوراندا شېخى تۈۋىدىن يېرىلىپ سولىشىپ ياتىدۇ. ئەسلىدە مۇساكام بولسا كېسىپ، كىمگە كېرەك بولسا شۇ كىشىگە بېرەتتى. ئورنىغا دەرەخ تىكىپ ياشلاشتۇراتتى...

— پەرىشتىدەك ئادەم ئىكەندۇق. مۇمكىن بولسا ئەتە چۈشتىن بۇرۇن مېنى شۇ كىشىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارالارسىزمۇ، ئۇكام؟ ئۇنداق كىشىلەرنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ نەچچە ئېغىز پاراڭلىشىۋېلىش بىز ئۈچۈن شەرەپ.

ــ بولىدۇ، مەن ئەتە سىلىنى نەدىن تاپىمەن؟

ــ ھەي، قارىمامسىز، ئۇنتۇغاقلىقىمنى، مەن ئۈرۈمچىدىن كەلدىم، ئىسمىم مۇستاپا ئابىدى، كەسپىم مېخانىكا ئىنژېنېرى. قۇمغا كۆمۈلگىلى ئايالىم ۋە ئىككى نەۋرەمنى ئېلىپ كەلدىم. دەسلەپتە تۇرپانغا بارغانىدۇق، ئۇ يەردە قۇمغا كۆمۈلىدىغان ئادەم بەك كۆپ ئىكەن. بىرى پىچانغا بېرىڭلار دېۋىدى، بۇ يەرگە كەلگەن. بۇ يەرنىڭ قۇمى ھەقىقەتەن ئېسىل ئىكەن. بىراق، قۇمغا كۆمۈلگۈچىلەرگە ياخشى شارائىت ھازىرلانماپتۇ. ئەتە يەنە بالىلىرىم، كېلىنلىرىم، نەۋرىلىرىم كېلىدۇ. جەمئىي ئون كىشى بولىمىز. ھەي، سىزمۇ ئۆزىڭىزنى بىر تونۇشتۇرۇۋەتمەمسىز؟

ئاتام ئۆزىنى ۋە ئائىلىمىزنى بىر قۇر تونۇشتۇرۇپ بولۇشىغا، مۇستاپا بوۋام سوراپ قالدى:

ــ سىلەرنىڭ بوش ئۆيۈڭلار يوقمۇ؟

ــ بارلىقىغۇ بار، بىراق...

ــ بىراق دېگەن گەپنى قويۇڭ. بىزگە ياتقۇدەك پاكىز ئورۇن بولسىلا بولدى. ئۆزىڭىز مۇئەللىم ئىكەنسىز. بىكار ۋاقىتلاردا تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلىشىپ مۇڭداشمايمىزمۇ؟ بىر ئادەمنىڭ يېتىپ ـ قوپۇشى ئۈچۈن ئون بەش يۈەندىن بېرەيلى، تاماقنى سىلەر نېمە يېسەڭلار بىزمۇ شۇنى يەيلى، ھەربىر ئادەمگە تاماق ئۈچۈن ئون بەش يۈەندىن بېرەيلى، قانداق دەيسىز؟ ياق دېمەڭ، پۇل تېپىش نومۇس قىلىدىغان ئىش ئەمەس. نەۋرىلىرىم بالىلىرىڭلار بىلەن ئۆگزىدە يېتىپ يۇلتۇزلار بىلەن مۇڭدىشىپ، ياز كېچىسىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلانسۇن، بالىلىرىڭلاردىن بىلىم ئالسۇن. يېزىدا

ئۆسۈپ چوڭ بولغان بالىلارنىڭ بىلىدىغىنى، كۆرگىنى، چوڭلاردىن ئاڭلىغىنى كۆپ بولىدۇ.

ئاپام سەل ئويلانغاندىن كېيىن:

— ئىككى ياتاق ئۆي، بالىلارنىڭ ھۇجرىسىنى بىكارلىساق بىر ئۆيدە ئىككىدىن ئادەم ياتسا، باشقىلار...

— سىڭلىم، بىز ئالاھىدە ئادەملەر ئەمەس، بىر ئۆيدە ئۈچىمىز ياتساقمۇ بولىدۇ. ئوغۇل نەۋرىلەر ئوغلۇڭلار بىلەن ئۆگزىدە ياتىدۇ، ئۇلارنىمۇ ھېسابلايمىز.

— مەن، مەن...

— ھە، مانا بولدى، كېلىشتۇق. ئەتە چۈشتە بىز سىلەرنىڭكىگە كۆچىمىز.

بوۋام راشىدىن كىچىك ئاتامنىڭ ھەمراھلىقىدا بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلدى. ئاتاملارنىڭ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن بوۋام سالام - سەھەتتىن كېيىن:

— بۇ ئەپەندىم كىم بولىدۇ، بالام، — دەپ سورىدى. ئاتام مۇستاپا ئابىدى ئەپەندىنى ۋە ئايالى رەيھان چوڭ ئاپامنى تونۇشتۇردى. مۇستاپا ئابىدى بوۋام:

— ئەتە چۈشتىن باشلاپ بىز سىلىنىڭ ئوغۇللىرىغا بالا بولىدىغان بولدۇق، ھەرقايسىلىرىغا ئېغىرچىلىقىمىز چۈشىدىغان بولدى، — دېدى.

بوۋام ئاتامدىن بايا بولغان سۆھبەتلەرنى بىر قۇر ئاڭلىغاندىن كېيىن كەكە ساقىلىنى سىيپاپ تۇرۇپ:

— بوپتۇ بالام، ئەلدىن ئەلگە نەپ دەپتىكەن. شۇ بىلىقىزخان سەل جاپا تارتىپ قالىدىغان بوپتۇ...— دېدى.

— ئۇ قانچىلىك جاپا بولىدۇ دەيلا، ئۆزىمىزگە ئەتسەكمۇ ئېتىدىغان تاماققۇ ئۇ، — دېدى ئاپام سەل ئوڭايسىزلىنىپ.

بىز كۈن بىلەن تەڭ قايتىشتۇق. كېچە يارئەلى بىلەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئاسماندىكى بىر ـ بىرىدىن نۇرلۇق يۇلتۇزلارغا قاراپ يېتىپ قومغا كۆمۈلگۈچىلەردىن كېلىدىغان پۇلنىڭ ھېسابىنى قىلىشىپ كەتتۇق.

ــ ئاكا، بىر ئادەمنىڭ بىر كۈنلۈك ئاش ـ تامىقىغا بەش كوي كېتەرمۇ؟ ــ دېدى.

ــ كېتىدۇ، ھازىر گۆشنىڭ باھاسى ئۆسۈپ كەتتى. گۆشكىلا كۈنىگە ئوتتۇز ـ قىرىق كوي كېتەمدىكىن. ئۇن، ماي، نان، كۆكتات...

ــ ئۇنداق بولسا ئەتە كېلىدىغان مېھمانلار ئون كۈن تۇرسا، كۈنىگە بىر ئادەمدىن ئون بەش كوي ياتاق ھەققى ئالساق، ياتاق ھەققىدىنلا بىر مىڭ بەش يۈز كوي كىرىم قىلىمىزمۇ؟ تاماقتىن بىر ئادەمدىن بەش كويدىن ساپ پايدا قالدى دېسەكمۇ، ئون كۈندە بەش يۈز كوي، ئاپام ئون كۈندە ئىككى مىڭ كوي پۇل تاپقۇدەك، ئاتامنىڭ بىر ئايلىق مائاشىدىن كۆپ پۇل تاپقۇدەك ـ ھە؟

ــ ئۇلار ئون، بىز تۆت، ئون تۆت ئادەمنىڭ ئاش ـ تامىقىنى تېتىغۇدەك ئېتىپ، ئۈلگۈرتەمەك ئاسانمۇ؟ ئەتىدىن باشلاپ تېتىك بولۇپ ئاپامغا ياردەملىشەيلى جۇمۇ؟ پۇلنىڭ كارى چاغلىق، ھەممىدىن مۇھىمى ئىناۋەت دېگىنە.

ــ بولىدۇ، ئاكا.

## 2. قومغا كۆمۈلگۈچىلەر

ئاپام سەھەردىن باشلاپ ئۆيلەرنى قېقىپ ـ سۈپۈرۈپ، يۇيىدىغاننى يۇيۇپ ھېرىپ كەتتى بولغاي، ناشتىلىقنى كېچىكىپرەك تەييارلىدى. مەن يارئەلى بىلەن ئاپامنىڭ

كۆرسەتمىسى بويىچە ئۆيلەردىكى بارلىق يوتقان - كۆرپىلەرنى قېقىپ، ئۆگزىدىكى سىمغا ئارتىپ ئاپتاپقا سېلىپ قويدۇق. ئاتام بولسا ئاشخانا ئۆينىڭ توك يولىنى قايتا رەتلىدى. بىز مۇشۇنداق ئالدىراش ئىشلەۋاتقاندا بوۋام بىلەن راشىدىن كىچىك ئاتام كىرىپ كەلدى.

— بىز ياردەمگە كەلگۈچە ھەممە ئىشنى قىلىپ بولۇپسىلەرغۇ، ئاكا، — دېدى كىچىك ئاتام.

— ئاپاڭلار بىلەن تۇرسۇنخانمۇ كېلىۋاتىدۇ، قىلىدىغان ئىشلار بولسا قولمۇقول قىلايلى. نېمىلا بولسا قىلىپ كۆرمەمسىلەر؟ بىلىقىزخان يېتىشەلمىسە ئاپاڭلار بىلەن تۇرسۇنخان كەلسۇن. ئاپاڭلار قازان بېشىغا ئۆتمىسىمۇ چىنە - قاچىلارنى يۇيۇشقا بولسىمۇ يارايدۇ، تۇرسۇنخاننىڭ ئېمىتىۋاتقان بالىسى بولمىسىغۇ تۇرسۇنخانلا ياردەملىشەتتى، — دېدى بوۋام.

مومام بىلەن تۇرسۇنخان ئاچاممۇ كىرىپ كەلدى. مومام كېسەلچان بولغاچقا كۆپىنچە تالا - تۈزگە ئانچە چىقمايتتى. ئۇنىڭچە ئاپام ناشتىلىق ئۈچۈن تەييارلىغان ئەتكەنچاي ۋە جاڭدۇ قورۇمىسىنى ئېلىپ چىقتى.

— ناشتا قىلىپ بولۇپ، ئۇن ئادەمنىڭ ئورنىنى تەخ قىلىپ كۆرەيلى. يوتقان - كۆرپىلەرنىڭ كىرلىكلىرى پاكىز بولسۇن. شەھەرلىك دېگەن تازىلىققا بەك دىققەت قىلىدۇ، بىزنى مەينەتكەن دەپ قالمىسۇن يەنە. نان ياقىدىغانغا تۇرسۇنخان ياردەملەشسە بولىدۇ. تۇرغۇنجان بىلەن مەرھاباغا ئاپاڭلار قاراپ قويىدۇ. كۆكتات ئېلىپ كېلىدىغانغا شەرىپىدىن يېتىشمىسە مەن ئەكېلەي. ئىككى بالىنى ئوقۇتمىقىڭلارمۇ ئاسان ئەمەس. سەل جاپا تارتساڭلار ئىككى بالىنىڭ ئوقۇش پۇلى بولسىمۇ چىقىپ قالىدۇ...— دېدى بوۋام.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاسماندىكى بىر - بىردىن نۇرلۇق يۇلتۇزلارغا قاراپ يېتىپ قۇمغا كۆمۈلگۈچىلەردىن كېلىدىغان پۇلنىڭ ھېسابىنى قىلىشىپ كەتتۇق.

— ئاكا، بىر ئادەمنىڭ بىر كۈنلۈك ئاش - تامىقىغا بەش كوي كېتەرمۇ؟ — دېدى.

— كېتىدۇ، ھازىر گۆشنىڭ باھاسى ئۆسۈپ كەتتى. گۆشكىلا كۈنىگە ئوتتۇز - قىرىق كوي كېتەمدىكىن. ئۇن، ماي، نان، كۆكتات...

— ئۇنداق بولسا ئەتە كېلىدىغان مېھمانلار ئون كۈن تۇرسا، كۈنىگە بىر ئادەمدىن ئون بەش كوي ياتاق ھەققى ئالساق، ياتاق ھەققىدىنلا بىر مىڭ بەش يۈز كوي كىرىم قىلىمىزمۇ؟ تاماقتىن بىر ئادەمدىن بەش كويدىن ساپ پايدا قالدى دېسەكمۇ، ئون كۈندە بەش يۈز كوي، ئاپام ئون كۈندە ئىككى مىڭ كوي پۇل تاپقۇدەك، ئاتامنىڭ بىر ئايلىق مائاشىدىن كۆپ پۇل تاپقۇدەك - ھە؟

— ئۇلار ئون، بىز تۆت، ئون تۆت ئادەمنىڭ ئاش - تامىقىنى تېتىغۇدەك ئېتىپ، ئۇلگۇرتمەك ئاسانمۇ؟ ئەتىدىن باشلاپ تېتىك بولۇپ ئاپامغا ياردەملىشەيلى جۇمۇ؟ پۇلنىڭ كارى چاغلىق، ھەممىدىن مۇھىمى ئىناۋەت دېگىنە.

— بولىدۇ، ئاكا.

## 2. قۇمغا كۆمۈلگۈچىلەر

ئاپام سەھەردىن باشلاپ ئۆيلەرنى قېقىپ - سۈپۈرۈپ، يۇيىدىغاننى يۇيۇپ ھېرىپ كەتتى بولغاي، ناشتىلىقنى كېچىكىپرەك تەييارلىدى. مەن يارئەلى بىلەن ئاپامنىڭ

كۆرسەتمىسى بويىچە ئۆيلەردىكى بارلىق يوتقان - كۆرپىلەرنى قېقىپ، ئۆگزىدىكى سىمغا ئارتىپ ئاپتاپقا سېلىپ قويدۇق. ئاتام بولسا ئاشخانا ئۆينىڭ توك يولىنى قايتا رەتلىدى. بىز مۇشۇنداق ئالدىراش ئىشلەۋاتقاندا بوۋام بىلەن راشىدىن كىچىك ئاتام كىرىپ كەلدى.

— بىز ياردەمگە كەلگۈچە ھەممە ئىشنى قىلىپ بولۇپسىلەرغۇ، ئاكا، — دېدى كىچىك ئاتام.

— ئاپاڭلار بىلەن تۇرسۇنخانمۇ كېلىۋاتىدۇ، قىلىدىغان ئىشلار بولسا قولمۇقول قىلايلى. نېمىلا بولسا قىلىپ كۆرمەمسىلەر؟ بېلىقىزخان يېتىشەلمىسە ئاپاڭلار بىلەن تۇرسۇنخان كەلسۇن. ئاپاڭلار قازان بېشىغا ئۆتمىسىمۇ چىنە - قاچىلارنى يۇيۇشقا بولسىمۇ يارايدۇ، تۇرسۇنخاننىڭ ئېمىتىۋاتقان بالىسى بولمىسىغۇ تۇرسۇنخانلا ياردەملىشەتتى، — دېدى بوۋام.

مومام بىلەن تۇرسۇنخان ئاچاممۇ كىرىپ كەلدى. مومام كېسەلچان بولغاچقا كۆپىنچە تالا - تۈزگە ئانچە چىقمايتتى. ئۇنغىچە ئاپام ناشتىلىق ئۈچۈن تەييارلىغان ئەتكەنچاي ۋە جاڭدۇ قورۇمىسىنى ئېلىپ چىقتى.

— ناشتا قىلىپ بولۇپ، ئون ئادەمنىڭ ئورنىنى تەخ قىلىپ كۆرەيلى. يوتقان - كۆرپىلەرنىڭ كىرلىكلىرى پاكىز بولسۇن. شەھەرلىك دېگەن تازىلىققا بەك دىققەت قىلىدۇ، بىزنى مەينەتكەن دەپ قالمىسۇن يەنە. نان ياقىدىغانغا تۇرسۇنخان ياردەملەشسە بولىدۇ. تۇرغۇنجان بىلەن مەرھاباغا ئاپاڭلار قاراپ قويىدۇ. كۆكتات ئېلىپ كېلىدىغانغا شەرىپىدىن يېتىشمىسە مەن ئەكېلەي. ئىككى بالىنى ئوقۇتمىقىڭلارمۇ ئاسان ئەمەس. سەل جاپا تارتساڭلار ئىككى بالىنىڭ ئوقۇش پۇلى بولسىمۇ چىقىپ قالىدۇ... — دېدى بوۋام.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— باللارنى ئوقۇتماق ئېغىر كەلمەيدۇ، ئاتا، ئاۋۇ مۇستاپا ئاكىنىڭ گەپلىرىنى ئويلىنىپ قالدىم. بازارغا يۈزلىنىش توغرا ئىش، ھالاللاپ پۇل تېپىش نومۇس قىلىدىغان ئىش ئەمەس. ئەگەر بۇ يىل بۇ ئىش ئېقىپ قالسا، باغچىنىڭ تۆر تەرىپىگە يەنە ئىككى ئېغىز ئۆي سالىمەن، — دېدى ئاتام.

— ئاۋۋال پايدا بولامدۇ، زىيان بولامدۇ كۆرۈپ بىر نېمە دېمەمسىلەر؟ — دېدى خېلىدىن بېرى گەپكە ئارىلاشمىغان مومام. بوۋام بىر ئىشنى ئويلىدى بولغاي، ئۆيگە كىرىپ كەتكەن ئاپامنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇردى.

— بېلىقىزخان، بۇ يەرگە كېلىڭ، دەيدىغان گەپ بار، — دېدى ئاپام ئۆيدىن چىقىشىغىلا.

— ھەممىمىزنى يىغىپ يىغىن ئاچىدىغان ئوخشىمامسەن؟ — دېدى كىچىك ئاتام.

— شۇنداق، يىغىن ئاچىمەن. بۇ يىغىن جەمەتىمىزنىڭ ئابرۇيىنى قوغدايدىغان يىغىن بولىدۇ. مانا، چۈشتە بۇ ئۆيگە مېھمان كېلىدۇ، مېھمان بولغاندىمۇ بىز ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان مېھمانلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ھەق تۆلەپ ياتىدۇ، شۇڭا ئۆزىمىزگە پۇختا بولايلى. بارلىق ئاسان قولغا چىقىدىغان، پۇللۇق نەرسىلەرنى چىڭ تۇتۇڭلار، يوقاپ كەتسە ئۇلاردىن كۆرۈشكە قەتئىي بولمايدۇ. سىلەرمۇ شۇ نەۋرە باللىرىم، ئەتىۋارلىق ئويۇنچۇقۇڭلارغا پۇختا بولۇڭلار. ئۇلارنىڭ ئاۋۇ ئىككى نەۋرىسىگە قوشۇلۇپ يەنە ئىككى نەۋرىسى كېلىدىكەن... گەپ تالىشىپ سوقۇشۇپ يۈرمەڭلار يەنە. ئۇنتۇپ قالماڭلار، ئۇلار بىزگە مېھمان...

بوۋامنىڭ سۆزلىرى ئورۇنلۇق ئىدى. بىز قولمۇقول ئىشلارنى تۈگىتىپ ئۇھ دېيىشىمىزگە، بوۋام:

— ئاۋۇ، چوڭ ياتاق ئۆيدىكى يوتقان سەل كونا ئىكەن، ماڭ، شىرئەلى بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ ئىككى كۆرپە، ئىككى يوتقان ئەكەل، — دېدى.

— ھاۋا ئىسسىق، مېھمانلار بەربىر يوتقاننى يېپىنمايدىغۇ، ئاتا، — دېدى ئاپام.

— شۇنداق بولسىمۇ يېڭى يوتقان - كۆرپە سالمىساق بولمايدۇ. مېھمانلارنى كېلەر يىلىمۇ مۇشۇ ئۆيگە چۈشسۇن دېسەك، شارائىتنى ياخشىلايلى.

چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇشىمىزغا ئۇلار كەلدى. يارئەلى ئىككىمىز ئۇلارنىڭ يۈك - تاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بەرمەكچى بولۇۋىدۇق، بىراق مۇستاپا بوۋام: «ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلىدۇ» دەپ ئۇنىمىدى. ئاتام مۇستاپا بوۋامنى باشلاپ ئۆيلەرنى كۆرسەتتى. مۇستاپا بوۋام ئوغۇل ۋە كېلىنلىرىگە ئۆيلەرنى ئۆزۈڭلار تاللاڭلار دېگەنىدى، بىزنىڭ ھۇجرىنى كىچىك ئوغلى دولقۇن ئاكا بىلەن ئايالى گۈلچېھرە ئاچا، قىزى گۈلقىزلار تاللىدى. ئاتاملارنىڭ ياتاق ئۆيىنى چوڭ ئوغلى غالىب ئاكا، ئايالى زەمىرە ئاچا، ئوغلى شىرزاتلار تاللىدى. ئادەتتە مېھمانخانا ئۆينىڭ يېنىدىكى يېڭىدىن سەرەمجانلاشتۇرغان ئۆينى مۇستاپا بوۋام، رەيھان ئاپام، جەسۇر، جۇشقۇنلار تاللىدى. يارئەلى ئىككىمىز ئۆگزىدە ياتىدىغان بولغاچقا بىزگە ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. ئاتام بىلەن ئاپام ھويلىدىكى يوغان تۆمۈر كارىۋاتتا ياتماقچى بولۇشقانىدى. ئۇلار بىرەر قۇر ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، مۇستاپا بوۋام ھەممىسىنى چوڭ كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزۇپ يىغىن ئاچتى.

— بۇگۈندىن باشلاپ ئۇن كۈن شەرىپىدىن مۇئەللىملەرنىڭ مېھمىنى ئەمەس، ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى بولىمىز، ھەممىمىز ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە بويسۇنۇشىمىز كېرەك، قولىمىزدىن كېلىشىچە قولمۇ قول ئىش قىلىشىپ بېرىمىز، ئاش - تاماقتا ئۇلار نېمە يېسە شۇنى يەيمىز. ئۇنى يەيمەن، بۇنى يېمەيمەن دېيىشكە بولمايدۇ. ھەربىرىمىز ئۆي سەرەمجانلىرىنى ئاسرايمىز. بۇزۇپ قويساق تۆلەيمىز...— دېدى.

ئاتام سۇغا چىلاپ قويغان تاۋۇزنى تىلدى. مېھمانلار تاۋۇز يېيىشكەندىن كېيىن، چوڭلار ئۆيلەرگە كىرىپ كېتىشتى، ھويلىدا باللار قالدۇق، بىز بىردەمدە چىقىشىپ كەتتۇق. شىرزاتنىڭ يېشى مەندىن بىر ياش كىچىك، گۈلقىز بىلەن جەسۇر يارئەلى بىلەن تەڭ ئىكەن، جۇشقۇن يارئەلىدىن ئىككى ياش كىچىك بولۇپ، باشلانغۇچنىڭ 3 - يىللىقىدىن 4 - يىللىقىغا كۆچكەندى. شىرزات بىلەن گۈلقىز قۇمغا كەلگىلى نەچچە كۈن بولغاچقا جەسۇر بىلەن جۇشقۇنغا قۇمتاغنى بىرەر قۇر چۇشەندۇردى، ئۇلار ھازىرلا قۇمتاغقا بارماقچى بولۇشتى، ئەمما مەن قوشۇلمىدىم، چۈنكى ئۇلار يېڭىلا كەلدى، ئىسسىق ئۆتۈپ قالسا بولمايتتى. شۇ ئەسنادا ئاپام مېنى مەھەللە دوقمۇشىدىكى دۇكاندىن ئاچچىقسۇ ئەكېلىشكە بۇيرۇدى. مەن ۋېلسىپىتلىك ئەكىرمەكچى بولۇۋىدىم، جەسۇر بىلەن جۇشقۇن ئەگىشىۋالغاچقا پىيادىلا ماڭدۇق. ئۇلار يول بويى ئۇنى - بۇنى سوراپ، يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك تۆگىنى كۆرۈپ كېلەيلى دەپ تۇرۇۋالدى. مەن بەربىر ئاچچىقسۇنى ھازىرلا ئىشلەتمىگەندىن كېيىن دەپ ئۇلارنى ئەگەشتۈرۈپ تۆگە دەرۋازىغا ئېلىپ باردىم. ئۇلار ھەيران

قىلىشتى. ئەلۋەتتە ھەيران قىلىشىدۇ ـ دە، بۇنداق ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇش ئىككىنچى بىر يەردە بولمىسا ـ يە!

مېھمانلار ئويغانغۇچە ئاپام ساماۋاردا چاي قاينىتىپ سۇدان ۋە باكلارغا قاچىلاپ قويدى. مەن ئاپامنىڭ ئالدىراپ قىلىۋاتقانلىقىنى پەملەپ ياردەملەشمەكچى بولدۇم. ئاپام قايناق سۇنى تۆكۈۋالمىسۇن دېدى بولغاي، يېقىن كەلتۈرمىدى... بىز مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ تېلېۋىزور كۆردۇق.

— بۇ يەردىمۇ يېپىق يوللۇق تېلېۋىزور بار ئىكەن ـ ھە؟ — دەپ سوراپ قالدى جەسۇر.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ ھازىر شەھەرلەردىلا ئەمەس، چەت كەنتلەردىمۇ بار بولۇپ كەتتى، — دېدى شىرزات سەل ئوڭايسىزلىنىپ.

قارىغاندا، ئۇلارغا مۇستاپا بوۋام ئۈرۈمچىدىكىگە ئوخشاش ئۇ ئۇنداقمۇ، بۇ مۇنداقمۇ دېگەندەك سوئاللارنى سوراپ يۈرمەڭلار دەپ نەسىھەت قىلغان چېغى، شىرزات بىلەن گۈلقىز جەسۇرغا تېرىكتى. ئاپامنىڭ تۈنۈگۈن قۇمغا كۆمۈلگىنى نېمە بولدى ئەمدى؟! ئۆزىمىزدىن باشقا ئون ئادەمگە تاماق ئېتىش ئۈچۈن ئالدىراپلا ئۆتۈۋاتاتتى. شۇنداق بولغىنىكەن، قولىنى مۇزدەك سۇغا چىلىماي ئىلاج يوق، ئەلۋەتتە. ئاتام قولمۇقول ياردەملەشتى دېگەنبىلەنمۇ ئاپام ئاتامنىڭ قىلغان ئىشىنى ياراتمايتتى ـ دە، ئۆزى بىر قوللۇق قىلىشقا ئادەتلەنگەنىدى.

سائەت ئىككى بولۇشىغا مۇستاپا بوۋام ھويلىغا چىقىپ «ئەزا»لىرىنى چاقىرىپ قۇمغا مېڭىشقا تەييارلاندى. بىزمۇ ئاتام بىلەن تەييارلاندۇق. جەسۇر بىلەن جۇشقۇننى كۆرۈپ يارئەلىمۇ بارماقچى بولدى. بىز باللار كۈنلۈك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سايىۋەن، سۇلارنى كۆتۈرۈپ مېڭىشىمىزغا، ئاپام بىر خالتىنى كۆتۈرۈپ چىقتى ۋە مېنى چاقىرىپ:
— شىرئەلى، ھوي، شىرئەلى، بۇنى ئال، ھېلى قورسىقىڭلار ئېچىپ قالىدۇ. قۇمنىڭ ئىچكىرىگە كىرمەڭلار. يارئەلى، سەن بوگۇن تۇنجى قېتىم قۇمغا كۆمۈلىدىغان بولغاچقا ئازراق كۆمۈل... دوستلىرىڭلارغا قۇمغا كۆمۈلۈشنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگىتىڭلار...— دېدى.
— قۇمغا كۆمۈلۈشنىڭمۇ قائىدىسى بولامدۇ؟— دەپ سورىدى جۇشقۇن.
— ئەلۋەتتە بولىدۇ - دە،— دېدى بوۋىسى.
— قانداق بولىدۇ؟ دەپ بىرە بوۋا،— دېدى ئۇ بوۋىسىغا.
— ھېلى قۇمغا چىققاندا سىلەرگە شىرئەلى بىلەن يارئەلى چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ. ئۇلار قۇمغا كۆمۈلۈش، قۇمدا مېڭىشتا بىزگە ئۇستاز بولالايدۇ،— دېدى.
— ئەمىسە شىرئەلى، مەن سېنى ئۇستاز تۇتسام بولغۇدەك،— دېدى شىرزات ئەستايىدىللىق بىلەن.
— بىز يارئەلىنى ئۇستاز تۇتىمىز،— دېدى جۇشقۇنلارمۇ خۇشال بولۇپ.
بىز قۇمتاغ تۇۋىگە كەلگەندە، ئۆستەڭدە سۇغا چۆمۈلۈۋاتقان بالىلارنى كۆرگەن جۇشقۇن سۇغا چۆمۈلىمەن دەپ جېدەل قىلىشقا باشلىدى. بوۋىسى بولسا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:
— سېنى بىز سۇغا چۆمۈلۈۋالسۇن دەپ ئەمەس، قۇمغا كۆمۈلۈۋالسۇن دەپ ئەكەلدۇق. ئاۋۇ ئورنۇڭنى ھۆل قىلىپ قويىدىغان كېسەللىك ساقىيىدۇ،— دېدى.
جۇشقۇن ئورنىغا سىيىپ قويىدىغانىنىڭ گېپى چىقىشى

بىلەن بوۋىسىغا ئالىيىپ قاراپ قىزىرىپ كەتتى، دېمىسىمۇ 3 ـ يىللىقتا چىققان بالىغا تەڭ دېمەتلىك باللارنىڭ ئالدىدا مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارلىسا ئاچچىقى كېلىدۇ ـ دە! مەن بولغان بولسام يىغلىۋەتكەن بولاتتىم.

قومغا كۆمۈلىدىغانلار بارا ـ بارا كۆپىيىشكە باشلىدى. سايىدا ئارام ئېلىپ بولغانلار بىر ـ ئىككىلەپ قومتاغقا قاراپ مېڭىشتى. جەسۇر بولسا قومغا چىقىشقا ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى. غالىب ئاكا، زەمىرە ئاچا، دولقۇن ئاكا، گۈلچېھرە ئاچىلار تۇنجى قېتىم كېلىشى بولغاچقا سائەت تۆتلەر بىلەن قومتاغ ياقىسىدىكى دەرەخ سايە تاشلاپ تۇرىدىغان جايدا كۆمۈلىدىغان بولۇشتى. بىز قومغا چىقتۇق، تونۇرنىڭ تەپتىدەك ئىسسىق يۇزىمىزگە ئۇرۇلغاندا جۇشقۇن چىدىماي قالدى. ئۇنىڭ ئايىغىنىڭ ئىچىگە قۇم كىرىپ كەتكەنىكەن، دەرھال ئايىغىنى سېلىۋېتىپ يۈگۈرۈپ باقتى، سەكرەپ باقتى، بولالماي ئاخىر يىغلاپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ پۇتىنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقىنى بىلدىم ـ دە:

— جۇشقۇن ئولتۇرۇۋال، ئولتۇرۇۋال!— دەپ توۋلىدىم، بىراق مېنىڭ گېپىم ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيۋاتاتتى.

ئاتام دەرھال قولىدىكى سايىۋەن، كۆنلۈكلەرنى تاشلاپ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى كۆتۈرۈۋالدى. جۇشقۇننىڭ تاپىنى كۆيۈپ قاپىرىپ چىققانىدى، ئەتراپتىكىلەرمۇ ھەيران قېلىشتى. بەزىلەر: «توۋا، بىردەمدە تاپىنى قاپىرىپ چىقىپتۇ» دېسە، بەزىلەر: «ھەي، شەھەرنىڭ بالىلىرى، پارنىكتا ئۆسكەن مايسا، بۇ يەردە چوڭ بولغان باللار ھېچ نەرسە بولمايدۇ. پۇتى كۆيگەندىكىن ئولتۇرۇۋالسا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بولمىدىمۇ؟ ياكى بولمىسا مايكىسىنى سېلىپ دەسسىۋالسىمۇ بولاتتىغۇ...— دېيىشەتتى.

رەيھان مومام بولسا جۇشقۇننىڭ پۇتىغا قاراپ يىغلامسىراپ ئۇنى بەزلەيتتى، مۇستاپا بوۋام جۇشقۇننىڭ يىغىسىنى توختاتقاندىن كېيىن:

— قانداق، نوچى؟ بايا ئالدىراپ كېتىۋىدىڭ، قۇم قانداق ئىكەن؟ پايپاق كىيىۋال، ئاۋۇ دۆڭگە چىقىپ ئولتۇرىمىز، بولە، قوزام،— دېدى.

بىز تۇنۇگۈن كۆمۈلگەن قۇم دۆڭگە چىقىپ كۇنلۇكلەرنى تىكتۇق. شىرزات، گۇلقىز، جەسۇرلار ئاللىقاچان چىقىپ بولغانىدى، ئۇلار جۇشقۇنغا توختىماي تەسەللى بېرەتتى. مەن ئاۋۋال مۇستاپا بوۋامنىڭ، ئاندىن رەيھان مومامنىڭ، ئارقىدىن ئاتامنىڭ پۇتىنى كۆمۈپ قويدۇم. شىرزات قۇمتارتقۇنى ئېلىۋېلىپ ئۆزىنىڭ پۇتىنى كۆمۈپ ۋايساپ كەتتى، گۇلقىز پۇتىنى كۆمەلمەي ئايىغىنى سېلىپ ئۇستىدە ئولتۇرۇۋالدى، جەسۇر سايىۋەننىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ يىراقلارغا قارايتتى. جۇشقۇننىڭ يىغىسى توختاپ بوۋىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى، يېنىمىزدىلا بىرى ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى.

مۇستاپا بوۋامنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا كەتتى.

— مانا قاراڭلار، نېمىدېگەن ئېسىل يەر بۇ، بىر ياقتىن داۋالىنىمىز، بىر ياقتىن مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئاڭلايمىز، يەنە بىر ياقتىن جۇشقۇندەك يىغلاڭغۇلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرىمىز،— دېدى. رەيھان مومام بولسا:

— هەي، بۇ ئادەمنىزە، ئەمدى يىغىسى توختىغان بالىنى يەنە يىغلاتماقچىمۇ ئەمدى،— دەپ كايىپ كەتتى.

مۇستاپا بوۋام بولسا:

— شەرىپىدىن، هوي شەرىپىدىن، بالىلارغا قۇمتاغنىڭ

پەيدا بولۇشى ھەققىدە ھېكايە سۆزلەپ بېرىڭ،— دېدى.

— قۇمتاغ رىۋايىتىنى شىرئەلى سۆزلەپ بەرسۇن،— دېدى ئاتام.

مەن مۇسا بوۋام سۆزلەپ بەرگەن قۇمتاغ رىۋايىتىنى ئالدىرىماي سۆزلەپ بەردىم...

## 3. قۇمتاغدا تارالغان خۇش خەۋەر

شىرزات، جەسۇر، جۇشقۇن ۋە گۈلقىزلار بىلەن شۇنعاق چىقىشىپ كەتتۇق. مانا بۇگۇن ئۇلار بىلەن قۇمغا كۆمۈلگەننىڭ تۆتىنچى كۈنى. بوۋام بىلەن مومام بىز قۇمتاغدىن كەلگۈچە ئاپامغا ياردەملىشىپ ئاپامنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىۋاتاتتى. ئاپامنىڭ ئەتكەن تاماقلىرى مېھمانلارغا شۇنداق تېتىپ كەتتى، قايسىلا تاماقنى ئەتسە ھەممىسى بىردەك «ئوخشاپتۇ» دېيىشىپ يەيتتى. ئۇلار ھەممىدىن بەكرەك ئاپامنىڭ كۆكتات ياپمىسىغا ئامراق بولۇپ قالدى، چۈنكى ئۇلار ئۆيلىرىدە كۆكتات ياپمىسىنى ئېتىپ يەپ باقمىغانىكەن. مۇستاپا بوۋاممۇ قىزىق ئادەم ئىكەن، ئۇ ئاپامغا:

— بېلىقىزخان سىڭلىم، تاماقلىرىڭىز بىر - بىرىدىن ئوخشاۋاتىدۇ، ئەتە شۇ ئۇلۇشكۈن ئەتكەن «ھەپپەت» دېگەن تاماقىڭىزنى بىر ئېتىپ بەرسىڭىز قانداق،— دېدى.

— ھە دەپ بەرسە مۇشۇنداق ئېشىۋالىدۇ بۇ ئادەم، ئۆزىڭىز «ئۇ تاماقنى يەيمىز، بۇ تاماقنى يېمەيمىز» دېمەيمىز دېگەننىدىڭىزغۇ! ئىسسىقتا تاماق ئېتىش ئاسان ئىشمۇ...— دەپ كايىپ كەتتى رەيھان مومام.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— بىز ئۆيدىكى چوڭ قازاننى ئەكېلىپ ئۆينىڭ كەينىدىكى ئوچاقتا ئاسايلى بولمىسا،— دېدى بوۋام.
— ئىككى قازانغا يېقىپ پىشۇرامدۇق؟ — دەپ سورىدى كۆكتات پارلاۋاتقان زەمىرە ئاچام ھەيران بولۇپ.
— بولىدۇ، شۇغىنىسى ئوتنى ئوبدان قالىمىساق سىيرىلىپ چۇشۇپ كېتىدۇ،— دېدى ئاپام.
— پولۇ ئەتكەندە، بىز لازا، پەمىدۇر، پىيازدىن ياكى بولمىسا پىنتۇزا، سەۋزىدىن قىلغان سوغۇق سەينى قىلاتتۇق، سىلەر جاڭدۇدىن سوغۇق سەي قىلىدىكەنسىلەر، تەمىمۇ بەك ياخشى بولىدىكەن،— دېدى زەمىرە ئاچام يەنە.
— بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى جاڭدۇنى بەكرەك يەيدىكەن. قايسى كۈنى بېلىقىزخان ھەدەم بىلەن بازارغا چىققاندا كۆكتاتچىلارنىڭ قامچىدەك ئۇزۇن، باغلام - باغلام جاڭدۇ سېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. جاڭدۇدا نېمە تاماقلارنى كۆپ ئېتىسىلەر؟ — دېدى گۈلچېھرە ئاچام.
— جاڭدۇدا قورۇما قورۇيمىز، مانتا تۈگىمىز، قورۇتۇپ...
— جاڭدۇدا مانتا تۈگەمسىلەر؟
— ھەئە، ھەيران قېلىۋاتىسىزغۇ؟
— ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن.
— ئەتە ئەتىگەندە جاڭدۇ مانتىسى تۈگۈپ بېرەيمۇ - يە؟
— تازىمۇ ياخشى بولىدۇ، جاپا تارتىدىغان بولدىڭىز.
— ھېچ ۋەقەسى يوق، جاڭدۇنى قورۇتۇپ قىشتا ۋە ئەتىيازدا سوغۇق سەي قىلسىڭىز، ۋاھ، ئۇنىڭ تەمى شۇنداق يېيىشلىك بولىدۇ، لەڭمەنگە سەي قىلسىڭىز تېخىمۇ ئوبدان بولىدۇ.
— بىز تەرەپتە جاڭدۇنى بۇنچە يەپ كەتمەيدىكەنمىز،— دېدى زەمىرە ئاچام.

تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلىشىپ يۇرت ـ يۇرتلارنىڭ ئوخشاشمايدىغان تائاملىرى ھەققىدە قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن چاغدا، راشىدىن كىچىك ئاتام كىرىپ كەلدى ۋە قولىدىكى داستىخانغا ئورالغان نەرسىنى ئاپامغا ئۇزىتىپ:

— ئاپام رەيھانخان تېتىپ باقسۇن دەپ ئەۋەتتى، ئۇنىمىسام ئۇنىمايدۇ... قانداق بولدىكىن؟ — دېدى.

— نېمە تاماق ئىكەن؟ — دەپ سورىدى ھەممىگە قىزىقىدىغان زەمىرە ئاچام.

— سېمىز ئوت تۇرمىلى.

— نېمە، سېمىز ئوت تۇرمىلى؟ سەۋزە تۇرمىلى، تۇخۇم تۇرمىلى... دەپ ئاڭلىغان، سېمىز ئوت تۇرمىلى دەپ ئاڭلىمىغانىكەنمەن؟ سىز چۇ گۈلچېھرە؟ — دەپ سورىدى زىنىنەت سائەتنىڭ گۈلىنى كەشتىلەۋاتقان زەمىرە ئاچام.

— ياق، ئاڭلاپ باقماپتىمەن، — دېدى گۈلچېھرە لېگەندىكى سېمىز ئوت تۇرمىلىگە قاراپ.

مۇستاپا بوۋام بىلەن رەيھان مومام ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇردى، ئاپام كېسىپ قويدى ۋە:

— ئاپام سېمىز ئوت تۇرمىلى ئېتىپتىكەن، تېتىپ باقسۇن دەپ ئەۋەتىپتۇ. يىلدا بىر ـ ئىككى قېتىم سېمىز ئوت، قاپاق چۈمۈچتە تاماق ئېتىپ يېسە ئىسسىق ئۆتۈپ قالىدىغان ئىشلار بولمىغۇدەك، ئۇزۇقلۇق قىممىتىمۇ يۇقىرى دەيدىكەنغۇ؟ — دېدى.

— مۇنداق دەڭ، ۋاھ! نېمىدېگەن تەملىك، يا بۇنىڭغا گۆش قوشماپتۇ... پاھ، پاھ!... نېمىدېگەن يېيىشلىك، رەھمەت، ئايشەمخانغا رەھمەت، — دېگىنىچە مۇستاپا بوۋام ئىككىنچى پارچىغا قول ئۇزاتتى، ئەتراپتىكىلەرمۇ

كېلىپ كىچىك كېسىلگەن تۇرمىلدىن بىر پارچىدىن تېتىپ كۆردى.

ــ راستتىنلا ئېسىل تائامكەن بۇ! غالىب، دولقۇن چىقىڭلار، ئېسىل تاماقتىن قۇرۇق قالمىسىلەر بولمىسا، ــ دېدى زەمىرە ئاچام ئۆي تەرەپكە قاراپ.

ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىگە ھەيران قېلىۋاتقانلىقىغا قاراپ ئۇلارنى تۇزۇت قىلىۋاتامدىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم. چوشلۇك تاماقنى يەپ بولۇشىمىزغا جاپپار، قۇتيار، ئابلىزلار بىزنى چاقىرغىلى كەلدى. ئۇلارمۇ شىرزات، جەسۇر، جۇشقۇنلار بىلەن ئوبدان ئاغىنىلەردىن بولۇپ قالغانىدى. بىز قۇرۇق ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتتۇق ـ دە، قويۇق قومۇش، يېكەن ئۆسكەن جايغا بېرىپ ھەربىي ـ دۈشمەن ئويۇنى ئوينىدۇق. بىزنىڭ ياۋا ئوت ـ چۆپلەردىن ياسىۋالغان باش كىيىمىمىز ۋە ئۇچىمىزغا ئارتىۋالغان «يېپىنچا» لىرىمىزغا قاراپ ئۇلار ھەيران قالاتتى. ئۇسسىغاندا سۇزۇك بۇلاق سۈيىنى دوم يېتىپ ئىچسەك دوراپ ئىچەتتى، بىزنىڭ ئويۇنىمىز تازا قىزىغان ۋاقىتتا جۇشقۇننى ھەرە چېقىۋالدى.

ــ ئەنە، ئاۋۇ يەردە بىر ھەرە كۆنىكى بار ئىكەن.

ــ قېنى، مەن بىر كۆرەي.

ــ ئەنە، ئاۋۇ شاخنىڭ ئۇستىدىكى ئاچىماقنىڭ يېنىغا قارا.

ــ ھە، كۆردۈم.

ــ چۈشۈرىمىزمۇ؟

ــ ئاۋۇ يەردىن داڭگال ئەكېلەيلى.

ــ ئاۋۋال جۇشقۇننىڭ يىغىسىنى بىر توختىتايلى، شىر ئەلى.

ــ جاپپار، سەن ئاۋۇ يەردىن قاراپانچۇق ئېلىپ كەل.

— نېمە ئۇ قاراپانچۇق دېگىنىڭ؟
— قارا پاتقاق.
— ئۇنى نېمە قىلىمىز؟
— ھەرە چاققان يەرگە سۈركەپ قويىمىز.
بىز جۇشقۇنىنىڭ ھەرە چاققان ئۈچ يېرىگە قارا پاتقاقنى چاپلاپ قويدۇق، ئۇنىڭ كۆزى بىردەمدە ئىششىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتتى.
— دوختۇرخانىغا ئاپارامدۇق - يە؟ — دېدى شىرزات.
— ھەرە چاققانغا كىم دوختۇرخانىغا بارىدۇ؟ — دەپ زاڭلىق قىلدى ئابلىكىم.
— قارا، ئۇنىڭ كۆزى ئىششىپ يۇمۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. جۇشقۇن ئېسەدەپ يىغلىغىلى تۇردى.
— يىغلىما، بىردەم ئاۋۇ يەردە ئولتۇر، بۇلاق سۈيىنى ئىچىپ باق، — دېدى جەسۇر.
بىز داڭگال ئەكېلىپ ھېلىقى ھەرە كۆنىكىنى ئاخىر چۇشۇردۇق. بىز ھەرىلەر ئۆز ئورنىغا قونغاندىن كېيىنلا بىر تال تاياق بىلەن ھېلىقى كۆنەكنى ئاران يېنىمىزغا ئېلىپ كەلدۇق.
— ئەجەب چوڭ ئىكەن، لىچىنكىلىرىدا چۈجىلىرىمنى باقاي، — دېگىنىچە قولىغا ئېلىۋالدى جاپپار.
— ھوي، قۇمغا كۆمۈلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قاپتۇ، تېز كېتەيلى، — دېدى جەسۇر قولىدىكى سائەتكە قاراپ.
ئۇنىڭ سائىتى ناھايىتى چىرايلىق ئىدى، مېنىڭ ئۇنىڭ سائىتىگە كۆزۈم چۈشتى. «بازاردا بولسا ئاتامغا بىرنى ئالدۇرمىسام» دەپ ئويلاپ قالدىم. بىز ئۆيگە قايتتۇق.
دېگەندەك چوڭلار بىزنى ساقلاپ تۇرغانىكەن، ئۇلار جۇشقۇننىڭ كۆزىنى كۆرۈپ كولۇشۇپ كەتتى. مۇستاپا بوۋام:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھەرە ـ چايان چاقسا ياخشىلىق دەيدىكەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ زەھىرى ئادەمنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرىدىكەن. جۇشقۇن، ئەمدى قىشتا ئىككى كۈندە بىر زۇكام بولمايدىغان بولدۇڭ، — دېدى.

— ھەرە چاقسا زۇكام بولمامدۇ، بوۋا؟ — دېدى گۈلقىز ئەجەبلىنىپ.

— زۇكام بولمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس، ئاسان زۇكام بولمايدۇ دېمەكچى.

— ھەي، مېنىمۇ چاقسا بوپتىكەن ئەمىسە، — دېدى جەسۇر كۈلۈپ.

— ئەتە يەنە بارايلى بولمىسا، بىز داڭگال ئاتساق سەن تۇرۇپ بەرسەڭلا بولدى، ھەقسىز زۇكامدىن مۇداپىئە ئوكۇلى ئۇرغۇزۇۋالىسەن، — دېدى شىرزات.

— يۇرۇڭلار، قۇم تازا قىزىغاندۇ بۈگۈن، — دېدى يالقۇن ئاكا ۋە:

— دادا، ئاخشام تېلېۋىزور كۆرگەنسەن؟ ھاۋا رايىغا دىققەت قىلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۈرۈمچىنىڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى ئوتتۇز بەش سېلسىيە گىرادۇس، بۇ يەرنىڭ قىرىق ئۈچ سېلسىيە گىرادۇس، ھوي شىرئەلى، قۇمنىڭ تېمپېراتۇرىسى مۇشۇنداق ھاۋا قىزىغاندا قانچە گىرادۇس بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى مۇستاپا بوۋام.

— قىرىق سېلسىيە گىرادۇستىن ئاشقان چاغلاردا قۇمنىڭ تېمپېراتۇرىسى يەتمىش سېلسىيە گىرادۇستىن يۇقىرى بولىدۇ، بۈگۈن تۇخۇم كۆمۈپ يېسەكمۇ بولىدۇ، — دېدىم مەن دەرھال.

— نېمە دەيسەن ھوي، تۇخۇم كۆمسەك پىشىدۇ دېمەكچىمۇسەن؟ — دېدى غالىب ئاكا ھەيران بولۇپ.

— بىز ئادەتتە مۆشۈنداق ھاۋا قىزىغان كۈنلەردە قۇمغا تۇخۇم كۆمۈپ يەيمىز، — دېدىم مەن.
— ئاڭلىمىغان گەپتىن بىرنى دېدىڭغۇ سەن.
بىز قۇمتاغقا يېقىن قالغاندا ئىككى ئادەم يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، قۇمغا كېتىۋاتقانلاردىن:
— ئاراڭلاردا دوختۇر بارمۇ؟ بىر ئادەم قۇمدا يىقىلىپ قالدى، — دېدى.
— بىر يۈز يىگىرمە جىددىي قۇتقۇزۇش تېلېفونىغا تېلېفون قىلمىزمۇ؟
— ماشىنا بۇ يەرگە قانداق كېلىدۇ؟
— ئاۋۇ يەرگە كەلسىمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟
— ھەي، قۇمنى مەيدىسىگىچە كۆمۈۋالغان بارمۇ؟
— قۇمنى ياراشتى دەپ ئۇنداق كۆمۈۋالسا، ھېلىغۇ يۈرىكىدە دەردى بار ئادەم ئىكەن، ساق ئادەمنىمۇ يىقىتىپ قويىدۇ...
بىردەمدىن كېيىن «جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسى كەلدى» دېگەنىبىلەن تەڭ نەچچە ئاق خالاتلىق خادىم جىرغا كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇ كىشىنى ئېلىپ كەتتى. بىز قۇمغا كۆمۈلۈپ ئەمدى ئىككىنچى ئورۇنغا ئالمىشىشىمىزغا جاپپار بىلەن ئابلىكىم ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كەلگىنىچە:
— شىر ئەلى، شىر ئەلى، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپسەن!
— نېمە؟ كىم ئۇقتۇردى؟
— ھېلىراقتا گۈلھەسەل مۇئەللىم تېلېفون قىپتۇ، ئۆگۈنلۈككە ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا سالامەتلىك تەكشۈرگۈدەك...
— نېمە ئىمتىھاننى دەۋاتىسىلەر، بالىلىرىم؟ — دېدى مۇستاپا بوۋام.
— شىر ئەلى بۇ يىل تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈپ

ئىمتىھان بەرگەن، ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئۆتۈپتۇ.

— يارايسەن، يارايسەن! ھوي، غالىب، دولقۇن! شىرئەلى ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئۆتۈپتۇ! — دەپ توۋلاپ كەتتى مۇستاپا بوۋام ھاياجانلىنىپ.

ھەممىسى مېنى مۇبارەكلەشتى، مەن ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم.

— يېزا نوپۇستىكى بالىلارنى ئاساس قىلىدىغان بولغاچقا ئەنسىرىگەنىدۇق، ھېلىمۇ نومۇرنى كۆپ ئاپتىكەن، — دېدى ئاتام.

— ئاسان ئەمەس، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچى كۆپ، قوبۇل قىلىدىغىنى بەش مىڭغۇ دەيمەن، گېزىتتىن كۆرگەن.

— ياق، بۇ يىل بەش مىڭدىن ئاشىدىكەن.

قۇمغا كۆمۈلۈۋاتقان بىز تونۇيدىغان - تونۇمايدىغان كىشىلەر مېنى ماختاپ مۇبارەكلەشتى. ئارىدىن بىرى:

— ئالدىراپ خۇشال بولماڭلار، ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئۆتكەنلەر بەلگىلەنگەن ئالىي مەكتەپكە بارىدۇ، ئۆزى خالىغان مەكتەپكە بارالمايدۇ. ئۇنداق ياخشى ئوقۇغان بالا مۇشۇ يەردىلا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇسىمۇ ئوخشاشلا ياخشى نومۇر ئالىدۇ، ئىستىقبالى پارلاق بولىدۇ، — دېدى.

كۆڭلۈم لاسسىدە بولۇپ قالدى، ئاتام ماڭا لاپپىدە بىر قارىدى، بۇنى كۆرگەن مۇستاپا بوۋام:

— سىز مائارىپ نازارىتىدە ئىشلەيدىغان ئوخشىمامسىز؟ — دېدى زەردە بىلەن.

— ياق، مەن شۇنداق دەپ ئاڭلىغان... — دېدى ھېلىقى كىشى سەل ئوڭايسىزلىنىپ.

— ئۇنداق بۇلۇڭ - پۇچقاقتىن ئاڭلىغان گەپلەرنى گەپ دېمەيمىز، ئۇكام. ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى دېگەن دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭغا قىلغان غەمخورلۇقى، بۇ بالىلار تولۇق ئوتتۇرىنى ھەقسىز ئوقۇيدۇ. نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشىدىغان يېڭى بىر ئەۋلادلارنى تەربىيەلەيدىغان قۇرۇلۇش، كەلسە - كەلمەس بىر نېمە دېمەڭ، يارايسەن شىر ئەلى! — دېدى مۇستاپا بوۋام كەسكىن ھالدا.

بۇ خۇش خەۋەر بىردەمدە قۇمغا كۆمۈلۈۋاتقانلار ئارىسىدا تارقىلىپ كەتكەنىدى. مەن ئاتاملاردىن بۇرۇن ئۆيگە قايتماقچى بولۇپ جاپپارلار بىلەن ماڭدىم. قۇمغا كۆمۈلۈۋاتقانلاردىن بىرى:

— شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئۆتكەن بالا ئاۋۇ شۇكەن، — دېدى.

— ئەقىللىك بالا ئىكەن، بىزنىڭ بالىلارمۇ شۇنداق ئېسىل پۇرسەتلەرگە ئېرىشەرمۇ؟

مەن بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسام ئوڭايسىزلىنىپ قالاتتىم. مەن جاپپارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي يۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىمتىھان نەتىجىسىنىڭ تۆۋەن چىقىپ قالغانلىقىنى پەرەز قىلدىم. ھەر يىلى ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىنىڭ نومۇر سىزىقى چىقىپ بولغاندا، مەكتىپىمىز تولۇق 1 - يىللىققا قوبۇل قىلىش نومۇر سىزىقىنى ئېلان قىلاتتى. ئۇنىڭدىن قۇتيار، پەرقۇزات، ئابلىكىم، ئابلىز، باھارگۈللەرنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى سوراشقا تىلىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بارمىدى. چۈنكى، جاپپارنىڭ چىرايىدىن مەيۈسلۈك چىقىپ تۇراتتى. ئاخىر ئۇ:
— سەن قانچە نومۇر ئاپسەن دەپ سوراپ قويايمۇ دېمەيسەنغۇ؟ — دېدى ماڭا لاپپىدە قاراپ.
— بەكلا سورىغۇم بار ئىدى، شۇنىسى سوراشقا جۈرئەت قىلالمىدىم، — دېدىم.
— مەھەللىمىزدىكى باللار ئابلىكىمدىن باشقىلىرىمىزنىڭ نومۇرى تۆۋەن ئىكەن. مەكتىپىمىز تولۇق 1 - يىللىققا قوبۇل قىلىش نومۇر سىزىقىنى ئىككى يۈز سەكسەندە توختىتىپتۇ. ئابلىكىم ئىككى يۈز توقسان بەش ئالغان بولغاچقا ئۇ ئۆتۈپتۇ. مېنىڭ ئۈچ نومۇر، قۇتيارنىڭ ئون نومۇر، ئابلىزنىڭ ئوتتۇز نومۇر كەملەپتۇ.
— نومۇر سىزىقىنى چۈشۈرۈپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدىم مەن.
— مەيلى چۈشۈرسۇن - چۈشۈرمىسۇن مەن تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇمايمەن.
بىز جىمجىت هالدا ئۆيگە كەلدۇق. جاپپارنىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىكتىن ئۇنىڭ ئوقۇغۇسى بارلىقىنى هېس قىلىش تەس ئەمەس ئىدى.

## 4. تەبرىكلەش مۇراسىمى

### 1

هاۋا بارغانچە ئىسسىشقا باشلىدى. بۈگۈن سەھەردە ئاتام مېنى ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىگە ئاپاردى. ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئۆتكەن

باللار ۋە ئاتا ـ ئانىلىرى توپ ـ توپ بولۇپ تۇرۇشاتتى. قارىغاندا ئىچكىرىگە ئوقۇشقا ماڭىدىغان بالا كۆپ ئىكەن. بىزنىڭ مەكتەپتىن يەتتەيلەن، سىنىپىمىزدىن بەشىمىز بار ئىكەنمىز. بىز بەشىمىز بىر يەرگە كېلىپ تۇردۇق. ئاتام تونۇشلىرىنىڭ يېنىغا كەتتى، يېنىمىزدىلا بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ۋە يەنە بىرنەچچە ئوقۇتقۇچى پاراڭلىشىۋاتاتتى.

— بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى تۆۋەنلەپ كەتكەن ئوخشايدۇ، كۆرمەمسىلەر، شۇنچە چوڭ مەكتەپتىن ئاران يەتتە ئوقۇغۇچى ئۆتۈپتۇ، بۇ يەتتىسىدىنمۇ تېخى ئوتتۇز پىرسەنتى ئېھتىيات سانىنىڭ ئىچىدە، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ماڭىدى دېگىلى بولمايدۇ.

— شۇ ئەمەسمۇ؟ ھە دېسە يېزا مەكتەپلەرنى ياراتمايمىز. قاراڭلار، بىزنىڭ مەكتەپتىكى بالىلارنىڭ كۆپىنىڭ نەتىجىسى ئارانلا نومۇر سىزىقى ئىچىگە كىرەلەپتۇ.

— 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى ياراتمىغىنىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆتكەن ئوقۇغۇچىسى بىزنىڭكىدىن كۆپ ئىكەن.

— يېزىلاردىكى شەھەر نوپۇس بالىلارنىڭ ئالغان نومۇرىمۇ، يېزا نوپۇس بالىلارنىڭ ئالغان نومۇرىمۇ ھەقىقەتەن كىشىنى قايىل قىلىدۇ.

— مەكتىپىمىزدە ئىسلاھات قىلمىسا بولمىدى، سەنمۇ ئىلمىي مۇدىر بولغاندىن كېيىن مۇشۇ ئەھۋاللارنى رەھبەرلىككە ئىنكاس قىلساڭ بولىدۇ. ھە دېسە تولۇق ئوتتۇرا قىسمىغا كۆچەپ كېتىۋاتىمىز، ئالىي مەكتەپكە ماڭغان ئوقۇغۇچى سانىنى پەش قىلىپ

www.uyghurkitap.com

بىزنىڭ نەتىجىمىز دەۋاتىمىز. ئەمەلىيەتتە، شۇ ئالىي مەكتەپكە ماڭغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانچىسى بىزنىڭ مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغان دەيسەن؟ مەكتىپىمىزنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا قىسمىغا كۆڭۈل بۆلمىسە بولمايدىغان بولۇپ قالدى...

— سىلەرمۇ يېزا مەكتەپلەرنىڭكىدەك كونسۇلتاتسىيەنى ئوبدان قىلساڭلار بولىدۇ. كونسۇلتاتسىيە دېسە قىلىپ، دېمىسە قىلمىساڭلار شۇنداق بولامدۇ؟ ھەممىنى رەھبەرلىككە دۆڭگەپ قويماڭلار.

— قىلمىدىمىكىن دەمسەن؟ شەنبە كۈنىمۇ قىلدۇق. يىل ئاخىرىدا مۇنەۋۋەر، ئىلغارلىق دېگەنلەر تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئاشمايدۇ. ئۇنىڭدا... بولدىلا، ئاغزىم ئېچىلمىسۇن مېنىڭ، تولا تۇمشۇقۇمغا يەپمۇ كەتتىم، نېمە بولسا بولامدۇ دەيدىغان بولدۇم.

مۇئەللىملەر بىزنىڭ پاراڭلىرىمىزنى ئاڭلاپ ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى بىلىپ قېلىشىمىزدىن ئەنسىرىدىمۇ ياكى باشقا مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالدىدا ئىناۋىتىمىز تۆكۈلمىسۇن دېدىمۇ، توختاپ قالدى.

بىز سالامەتلىك تەكشۈرتۈش ئۈچۈن ئاخىر تۇرپان شەھىرىگە قاراپ ماڭدۇق. ھەممە بالا ئاچ قورساق ماڭغاچقىمۇ ياكى مەن كېسەل چىقىپ قالارمەنمۇ؟ دېگەن ئەندىشە بارمۇ ئانچە خۇشال كۆرۈنمەيتتى. مەن تاش زاۋۇتىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە قۇمتاغقا قارىدىم. يۈرەكتاغنى چوقۇم كۆرىمەن، ئەتراپىمدىكىلەرگىمۇ يۈرەكتاغنى كۆرسىتىپ قويىمەن دېگەن خىيالدا ئىدىم. ئاپتوبۇس تاش زاۋۇتىدىن ئۆتكەندە قۇمتاغ ئوتتۇرىسىدا يۈرەكتاغ چوقچىيىپ كۆرۈندى. مەن:

— يۇرەكتاغ! يۇرەكتاغ! — دەپ تۇۋلىۋەتتىم. ئەتراپتىكىلەر بويۇنداپ مەن كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراشتى.

— قېنى، قېنى يۇرەكتاغ؟

— ئەنە، ئاۋۇ قۇمتاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوقچىيىپ كۆرۈنگەن شۇ.

— ئۇ نەدىمۇ تاغ بولسۇن، تاغ دېگەن ئەنە ئاۋۇ تاغدەك بولمامدۇ؟ — دەپ شىمالدىكى كۆكيار تاغلىرىنى كۆرسەتتى بىرى.

— قۇمتاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە تۇرغاچقا قۇمتاغنىڭ يۈرىكىدەك كۆرۈنىدىكەن - ھە!

بايىقى جىمجىتلىق يۇرەكتاغنى كۆرۈش بىلەن بۇزۇلدى. ئاپتوبۇس بىر خىل سۇرئەتتە كېتىۋاتاتتى. ئالدى - كەينىدىكىلەر بىلەن تونۇشۇش، ئىمتىھاندا قانچە نومۇر ئالغانلىق ھەققىدىكى گەپلەردىن كېيىن گەپ يەنە قۇمتاغ، يۇرەكتاغقا كۆچتى.

— يۇرەكتاغقا بېرىپ باققانلار بارمۇ؟ — دەپ سورىدى يېنىدىن كەلگەن بىر بالا.

— بار، — دېدى ئوڭ چەتتە ئولتۇرغان بىر بالا.

— سىز بارغانمۇ؟ — دېدىم مەن.

— ياق، بىزنىڭ مەھەللىدە بارغانلار بار. بىزنىڭ ئۆي قۇمتاغ ياقىسىدا، كۇندە دېگۈدەك قۇمتاغدا ئوينايمىز. چوڭلار بىزنىڭ قۇمتاغ ئىچىگە كىرىشىمىزگە قوشۇلمايدۇ. قۇم ئىچىگە ئىچكىرىلەپ ماڭماڭلار دەپ نەسىھەت قىلىپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ مەھەللىدە يۇرەكتاغقا بارىمىز دەپ ئۆلۈپ كەتكەنلەر خېلى بار. ئون بىر يىل بۇرۇن بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئۈچ بالا يۇرەكتاغقا بارىمىز دەپ ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كەتكەنىكەن، — دېدى ئۇ بالا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قارىغاندا، قۇمتاغدا ئويناپ چوڭ بولغان مەنلا ئەمەسكەنمەن. ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ ـ دە، قۇمتاغنىڭ ئۆزۈنلۈقى ئاتمىش كىلومېتىردىن ئاشىدىغان تۇرسا. بۇ دائىرىدە تالاي مەھەللىلەر بار بولىدۇ ـ دە. مەن ئۇ بالا بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا ماڭدىم، بىراق ئاپتوبۇستىكى مۇئەللىم:

ــ ئورنۇڭلاردا ئولتۇرۇڭلار، قالايمىقان ماڭماڭلار، بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىڭلار...ــ دېدى. مەن ئاستا ئورنۇمدا ئولتۇرۇپ ھېلىقى بالىغا قارىدىم. ئۇ يېنىدىكى بالىغا قۇمتاغ ھەققىدە نېمىلەرنىدۇر چۈشەندۈرۈۋاتاتتى.

جەنۇب تەرەپتىكى ئىدىقۇت تېغى بىز بىلەن تەڭ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئىدىقۇت تېغى باغرىدىكى يېشىللىق پات ـ پات كۆرۈنەتتى. ئاۋۇ مەھەللىلىك باللار ئىدىقۇت تېغىغا چىقىپ ئوينايدىغان بولغىيتتى ـ ھە! ئۇلارنىڭ ئويۇنى بىزنىڭكىگە يەتمەيدۇ جۇمۇ! يىقىلسا قاتتىق يەرگە يىقىلىدۇ، ماڭسا ـ تۇرسا كىيىمى توپا بولىدۇ. بىزنىڭ قۇمتاغدىچۇ؟ سۇدا يۇيغان كىيىملەرنى قۇم ئۈستىگە يېيىپ قويساق بىردەمدىلا قۇرۇيدۇ، توپا بولمايدۇ. بۇ تاغ باغرىدا چوڭ بولغان بالا يوقمىكىن...

## 2

سالامەتلىك تەكشۈرۈش باشلىنىپ كەتتى. بىز ھەر ئون بالا بىر گۇرۇپپا بولۇپ ھەربىر تەكشۈرۈش نۇقتىسىغا تارقالدۇق. بۇنداق ئايلانما ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلسا ۋاقىتتىن ئۇتقىلى بولاتتى. رېنتگېن بۆلۈمىدە سەل ساقلاپ قالغاندىن باشقا قالغان بۆلۈملەردە ئانچە ساقلاپ كەتمىدۇق. ھاۋا ئىسسىپ كېتىشتىن

ئىلگىرى تۈگىمىسە قانداق چىدىغۇلۇق بۇ تۇرپاننىڭ ئىسسىقىغا؟! سائەت توققۇزلار بىلەن ھەممە تەكشۈرۈش تۈگىدى، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار ئۆيىدىن ئاتا - ئانىسى ھەمراھ بولۇپ كەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئاشخانىغا ئېلىپ ماڭدى. ئاتام تاكسىدا كەلگەنىكەن، مېنى تاماققا ئېلىپ باردى ۋە:

— ئەسلىدە كەلمەي دېگەنىدىم، ئويلاپ باقسام كەلمىسەم بولمىغۇدەك. سېنى چېنىقسۇن، كۆزى ئېچىلسۇن دېگىنىم بىلەن ھاۋا ئىسسىق، ئادەم كۆپ، ۋاقتىدا غىزالىنالماي قالمىسۇن دېدىم. قېنى تېز يە، بالام، ھەمراھلىرىڭ ساقلاپ قالمىسۇن، — دېدى.

— ئاتا، كېسەل چىقىپ قالماسمەن - ھە؟! — دېدىم مەن.

— مانا، بىر ئوبدان تۇرمامسەن.

— بۇلتۇرمۇ ئون نەچچە بالا كېسەل چىقىپ قىلىپ ئوقۇشقا ماڭالمىغانىكەن.

— كېسەل چىقمايسەن، مۇبادا كېسەل چىقىپ قالسىمۇ مەيلى، بالام! سېنى داۋالىتىپ ساقايتمىغۇچە قويمايمەن، تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇيسەن، مەكتەپتىن كەلگۈچە يەيمەن دېگەن تامىقىڭنى ئاپاڭ ئېتىپ بېرىدۇ، يارئەلى بىلەن ئوينايسەن... يەنە دوستلىرىڭ بار... غەم قىلما، — دېدى ئاتام.

بىز دەل مائارىپ ئىدارىسىدىن كەلگەن خادىمنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقتىدا تەكشۈرۈشنى تۈگەتتۇق، ئاتام كەتتى. ئاپتوبۇس ئىچى تونۇردەك ئىسسىپ كەتكەنىدى، مەن ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ ئاپتوبۇسنىڭ سايىسىدە تۇرغان بالىلارنىڭ ئارىسىغا قوشۇلدۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ماڭساق بولمامدۇ، كىمنى ساقلاۋاتىدىكىن؟
— ئاپتوبۇسنىڭ سوۋۇتقۇچىسىنى ئېچىپ قويسا، VCD كۆرۈپ تۇرساق بولاتتى.
— مېنىڭ ئىغىرلىقىم توشمىغىلى قىل قالدى، — دېدى ۋىجىك، ئورۇق بىر بالا، — بولمىسا يانچۇقۇمغا تاش سېلىۋالاركەنمەن.
— قان تەكشۈرۈشنى مەن بەك قورقۇنچلۇق دەپ بىلەتتىم، ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەسكەنغۇ؟
— مەنمۇ شۇنداق دەپ ئويلىغان، ئەجەب جىق قان ئېلىۋالىدىكەن - ھە؟
— مېنىڭ قېنىم قاپقارا چىقتى.
— ئۆزۈڭمۇ نېگىر دەكلا قارا ئىكەنسەن ئەمەسمۇ؟
ئەتراپتىن كۈلكە كۆتۈرۈلدى. دەل شۇ چاغدا ئاپتوبۇس قوزغىلىدىغان بولدى، ھەممىمىز يەنە ئۆز ئورۇنلىرىمىزغا بېرىپ ئولتۇردۇق. ئاپتوبۇس سوۋۇتقۇچىنى ئاچقاندىن كېيىنلا ئادەم تىنى ئالغۇدەك ھالغا كەلدى. سالامەتلىك تەكشۈرۈش، تاماقلىنىش جەريانىدا باللار بىر - بىرى بىلەن تونۇشۇپ كەتكەچكە، ئاپتوبۇس ئىچى ئەتىگەندىكىدەك جىمجىت بولماي قالدى. بىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشاتتى. ھېلىقى ئىغىرلىقى ئۆلچەمگە يەتمىگىلى ئاز قالغان ئۆمەر ئىسىملىك بالا ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ناخشا ئېيتقىلى تۇردى، ئۇنىڭ ناخشىسى تۈگىشىگە چاۋاك چېلىندى. ئۇنىڭ كەينىدىن بويلىرى ئېگىز، ئاق سېرىق كەلگەن قىز ئۇنلۇك ھالدا «ياشلىق ئۆگەن» دېگەن شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلدى. بىز ناھىيەلىك ئوتتۇرا مەكتەپتىن كەلگەن باللار

ئۇلارنىڭ ناخشىلىرىغا، دېكلاماتسىيە قىلىغان شېئىرلىرىغا ھەۋەسلىنىپ جىممىدە ئولتۇردۇق. بىر چاغدا قەلبىنۇر ئورنىدىن تۇرۇپ ئىنگلىزچە ناخشىدىن بىرنى ئېيتتى، ئۇنىڭ يېنىدىكى ياغلىق چىگىۋالغان ئىككى قىز بۇ ناخشىنى ئۆگىنىپ قويۇڭ دەپ يېپىشىپلا قالدى. سىڭگىم ئېغىزىدىكى قومۇشلۇقتا كەلگەندە ھەممىمىز ئىككى تەرىپى تونۇردىكى چوغدەك قىزىرىپ تۇرغان ئىدىقۇت تېغى ئوتتۇرىسىدا ئوسمىدەك ياشىرىپ تۇرغان قومۇشلۇقتا قاراپ ھەۋەسلەندۇق. قومۇشلۇقتىن ئايلاپ - ئارىلاپ تۇرنىلار ئۇچۇپ ئۆتەتتى.

بىز قىزغىن پاراڭ بىلەن سۇبېشى، لەمجىنلەردىن ئۆتۈپ كەتتۇق. يول بويى چۇشۇپ قالىدىغان ئوقۇغۇچىلار يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا چۇشۇپ قالدى. كۆزىمىزگە قۇمتاغ كۆرۈنگەندە «يۇرەكتاغ، يۇرەكتاغ» دەپ چۇرقىرىشىپ كەتتۇق. يېتەكچى ئوقۇتقۇچىمىز ئابدۇئەزىز مۇئەللىم كۈلۈپ تۇرۇپ:

— يۇرەكتاغ، يۇرەكتاغ دەپ كەتتىڭلار، ئېزىپ تارتىپ كۆرۈپ باقايلى دەپ كېتىپ قالماڭلار جۇمۇ! سۇ، چاي، نان ئېلىۋالدۇق دېگەنبىلەن يولدىن ئېزىپ قالمىسىلەر، بىزمۇ كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدا يۇرەكتاغقا بارىمىز دەپ ھاياتىدىن ئايرىلغانلارنى ئاڭلىغان. قۇمنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتسەڭلار ھەممە تەرەپ قۇم، ئاسانلا يۆنىلىشنى تاپالمايدىغان ئەھۋال يۈز بېرىدۇ... — دەپ نەسىھەت قىلدى.

بىز بېكەتكە كەلسەك ئاتام بىزدىن بۇرۇن كېلىپ بېكەتتە ساقلاپ تۇرغانىكەن، تاكسى بىلەن قايتتۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 3

بىز ئۆيگە كەلگەندە قوشنىلار كېلىپ بولغانىكەن. شىرزات بىلەن جەسۇر سالامەتلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى بىلىشكە ئالدىراپ كەتتى.

— نەتىجىسى مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرى چىقىدۇ دەك، دوختۇرلار ھېچنېمە دېمەيدىكەن، نەچچە بالا سورىغانىدى، نەتىجە چىققاندا كۆرۈۋالىسىلەر، نەتىجىسىنى يوللاپ بېرىمىز دەپ ئارتۇق گەپ قىلمىدى، — دېدىم.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە، ئۇيانىدىن تەكشۈرۈپ بۇيانىدىن نەتىجە چىقىرىش تەس، بولۇپمۇ قان تەكشۈرۈش، ئىچكى ئەزالارنى بىرلا ئادەم ئەمەس، نەچچە ئادەم تەكشۈرۈپ كۆرۈپ بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن ھۆكۈم قىلىدۇ. ئەنسىرىمەڭلار، ئالماشتۇرۇۋېتىدىغان ئىشلار بولمايدۇ، — دېدى مۇستاپا بوۋام.

— شۇنداق قىلىپ ئىچكىرىدە ئوقۇيدىغان بولدۇڭمۇ؟ — دېدى جەسۇر ھەۋەس قىلىپ.

— شىمالىي جۇڭگودىكى شەھەرلەردە ئېچىلغان شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىدا ئوقۇسا ياخشى بولىدۇ - ھە، بوۋا، — دېدى شىرزات.

— شىمالىي جۇڭگودا ئوقۇسا ياخشى، ئۇ يەرلەرنىڭ تۆت پەسلى مۇشۇ يەردىكىدەك ئېنىق ئايرىلىدۇ. ھاۋاسىمۇ ئادەمگە ياقىدۇ. جەنۇبىي جۇڭگودىكى مەكتەپلەر بولسىمۇ مەيلى، ئۇ يەردىمۇ مىليونلاپ ئادەم ياشاۋاتامدۇ. شۇغىنىسى ھاۋاسى ئىسسىق، دىمىق... مەيلى نەدىلا ئوقۇ ئوبدان ئوقۇ، بۇ دېگەن بىر پۇرسەت، — دېدى بوۋام.

— قولۇمغا چاقىرىق كەلسە ھېساب، — دېدىم ئارانلا.
— مۇشۇنىڭ ئۆزى بىر غەلىبە، بالام، ئەتە بىر تەبرىكلىمىسەك بولمايدۇ. ھە، چوڭ بولغاندا نېمە بولۇش ئارزۇيۇڭ بار سېنىڭ بالام؟ — دەپ سورىدى بوۋام.
— كىچىكىمدە ھەربىي بولىمەن دەيتتىم، كېيىن شوپۇر بولىمەن دېدىم، جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىمىز قۇمتاغدا دەرس ئۆتكەندە جۇغراپىيە مۇئەللىمى بولىمەن دەپ ئويلىغانىدىم، ئويلاپ باقسام خىمىيە كەسپىدە ئوقۇسام بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. خىمىيە دەرسىدىكى تەجرىبىلەرنى ئىشلەشكە قىزىقىمەن، — دېدىم سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئەيمىنىپ.
— ياخشى، ياخشى، مانا مەن فىزىكا كەسپىدە ئوقۇغان، خىمىيە كەسپىنى تاللاپ ياخشى قىلىپسەن، بىزدە بۇ كەسپتە ئۆزۈپ چىققانلار ئاز. غالىب ئاتاڭ ماتېماتىكىدا ئوقۇغان، دولقۇن ئاكاڭ بىيولوگىيەدە ئوقۇغان، ئۇلارنىڭ خىزمىتىمۇ شۇنداق ياخشى. سەن خىمىيەدە ئوقۇساڭ تېخنىك بولۇپ، يېڭى - يېڭى مەھسۇلاتلارنى باھالايسەن... ياسايسەن... — دېدى بوۋام.
كەچلىك تاماقنى كۆڭۈللۈك يەپ بولۇپ، بىز بالىلار ئۆگزىگە چىقىپ كەتتۇق. ھاۋا شاماللىق، ئاسمان كۆپكۆك، بىز قەۋەتلا خۇشال ئىدۇق، بىز تۆت ئوغۇل قارتا ئوينىدۇق. جۇشقۇن بىلەن گۈلقىز بىزگە قاراپ ئولتۇراتتى، گۈلقىزمۇ بىز بىلەن ئۆگزىگە چىقىۋالاتتى. ئۇنىڭغا قويۇپ بەرسە ئۇنىڭمۇ ئۆگزىدە ياتقۇسى بار ئىدى، ئۇ شىرزاتنىڭ دۆشكەلىشى بىلەن چۈشۈپ كېتەتتى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ تېپىشماق ئېيتىشىپ يېتىش بىزنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك ئويۇنىمىز ئىدى. كىم تاپالمىسا شۇ شەھەر بىرەتتى. كىم شەھەر

ئالسا شۇ شەھەر بەرگەننى ھەجۋىيلەشتۈرۈپ چۆچەككە، قوشاقلا قېتىپ ئەستايىدىل بولۇشقا ۋە كاللا ئىشلىتىشكە دەۋەت قىلاتتى. بىز تېپىشماق تېپىشىۋاتقاندا كەينى مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ ئويۇنى قىزىپ كەتكەندى.

— شىر ئەلى، سىلەر ئادەتتە قانداق ئويۇن ئوينايسىلەر؟ — دەپ سوراپ قالدى شىرزات.

— مەھەللە ئىچىدە ئوينىساق يازدا كۆپىنچە مۆكۈشمەك، قارا - قارا قۇشلارىم، چامغۇر يۇلۇش، دەرەخكە يامىشىش... قاتارلىق ئويۇنلارنى ئوينايمىز؛ قىشتا تېپىشىش، مۇزلاڭ، تۆشۈك توپ، ساقا سوقۇشتۇرۇش... قاتارلىق ئويۇنلارنى ئوينايمىز؛ يازلىقى بولسا سۇغا چۆمۈلۈش، ھەربىي - دۈشمەن، لاي ئۇرۇشى، قۇمتاغدا قۇمدىن سەكرەش، قۇمتاغقا يۈگۈرۈش... قاتارلىق ئويۇنلارنى ئوينايمىز؛ قىشلىقى بولسا گۈلخان يېقىش، توخۇ سوقۇشتۇرۇش، توشقان قوغلاش، قار قېلىن ياغسا قار تېيىلىش... قاتارلىق ئويۇنلارنى ئوينايمىز، — دېدىم ۋە، — سىلەرچۇ؟ — دەپ سورىدىم ئارقىدىن.

— ۋاھ، سىلەر ئەجەب جىق ئويۇن ئويناىدىكەنسىلەر. مۇزلاڭ دېگىنىڭ نېمە ئۇ؟ يەنە قار ياغقاندا قار تېيىلىمىز دەيسەن، بۇ قانداق گەپ؟ — دەپ سورىدى.

— مۇزلاڭ دېگىنىمىز «نۇر» ئويناش. ئۇنى قارا مومنى تۆمۈر گايكىغا ئېرىتىپ قۇيۇپ ئوتتۇرىغا شارەك پاتۇرۇپ ياسايمىز. ئەگەر چوڭراق شارەك بولسا بىراقلا گايكىغا ئورنىتىۋەتسەك بەك نوچى بولىدۇ؛ قار تېيىلىمىز دېگىنىمىز. كونا قەغەز يەشىكنى بىر ئۇن خالتىسىغا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر خالتىغا سېلىپ قۇمتاغنىڭ چوققىسىغا ئاچىقىپ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ

سىيرىلساق پەسكە چۈشىمىز، سىلەرنىڭ قار تېيىلىش مەيدانىدا نۇرغۇن پۇل تۆلەپ قار تېيىلىغىنىڭلاردەكلا ئويۇن ئۇ. بىراق، تېلېۋىزورلاردا تاغ ئۈستىگە ئاچىقىپ قويىدىكەن، بىز ئۆزىمىز چىقىمىز، — دېدىم.

— ھەي، قىشلىقىمۇ كېلىپ ئوينىغۇم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى جەسۇر ھەۋەسلىنىپ.

— ئەتە لاي ئۇرۇشى ئويناپ باقايلى، بولامدۇ؟

— چىدىيالامسىلەر؟

— چىدايمىز.

— ئەمىسە، ئەتە تاماقنى يەپ بولۇپ ئۈستەڭگە بارايلى.

پاراڭلىشىپ يېتىپ قاچانلاردا ئۇخلاپ قالدىمكىنتاڭ، بىر چاغدا توڭلاپ ئويغىنىپ كەتتىم، قارىسام شىرزات ئۆزىنىڭ يوتقىنىنى ئاستىغا باستۇرۇۋېلىپ، مېنىڭ يوتقىنىمنى يېپىنىۋاپتۇ، ئۇنى ئويغىتىپ يوتقىنىمنى ئېلىۋالدىم.

سەھەردە ئاسمان بۇلۇتلۇق ھەم ئازراق شامالمۇ بار ئىدى، ھاۋانىڭ ئەلپازىدىن يامغۇر ياغىدىغاندەك قىلاتتى. ئاپامنىڭ قورۇغان قورۇمىسىنىڭ مەززىلىك ھىدى بىزنى ئۆگزىدىن چۈشۈردى. ئاپام سەھەردە ھاۋا سالقىن ۋاقتىدا نان يېقىۋالاي دەپ نان يېقىۋاتقانىدى. ئىسسىق نان داستىخانغا كەلتۈرۈلگەندە، مۇستاپا بوۋام ئاپام ياققان ناننى ماختاشقا باشلىدى.

— خۇدايىم بۇيرۇسا ھەر يىلى قۇمغا كېلىمەن. سىلەرنىڭكىگە چۈشىمەن، مەن كىچىك ۋاقتىمدا ئاپام ياققان نانىنىڭ تەمىنى مانا پىچانغا كېلىپ تېتىۋاتىمەن. تەبىئىي ئېچىتقۇ، شور تونۇر... ھەي، نېمىدېگەن تەملىك نان. مانا قاراڭلار، نان ئۆزى چوڭ، يېنىك...

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

— نەچچە يىل بولدى، بىزنىڭ يەرلەر تەكلىشىپ كەتتى، ئارپا ـ بۇغداي تېرىمايدىغان بولدۇق. خېمىر يېڭىلاشقا، بىر تۇتام ئۇنچىگىمۇ يىراق يېزىغا بارىدىغان گەپ بولۇپ كەتتى، — دېدى ئاپام.

— خېمىرنى ئۆزىڭىز يېڭىلامسىز؟ — دەپ سورىدى مۇستاپا بوۋام.

— ھە، مانا بۇ نانىنىڭ خېمىرىنىمۇ بۇ يىل يېڭىلىغان، ئۇرۇمچىگە ماڭغۇچىلىك بىر ـ ئىككى زۇۋۇلا ئالغاچ كېتىپ، قولۇم ـ قوشنىلارغا تارقىتىپ بەرسىلە، — دېدى ئاپام كۈلۈپ.

— رەھمەت، — دېدى مۇستاپا بوۋام خۇشال بولۇپ.

— مەن دېگۈچە بۇ ئادەم دەپ بولدىغۇ ئەمدى، بولسا شۇ يېڭى خېمىرىڭىزدىن بېرىڭ، مەن ئۇرۇمچىدە قولۇم ـ قوشنىلارغا خېمىرتۇرۇچ دېگەن مۇنداق بولىدۇ دەپ بىر كۆرسىتىپ قوياي، — دېدى موماي ئالمان ـ تالمان.

— ئەجەب ياخشى، يېڭى خېمىر توققۇز ئۆيگە كىرسە ساۋاب بولغۇدەك. رەھمەتلىك ئاپام ھەر يىلى خېمىر يېڭىلىغاندا توققۇز ئۆيگە ئېرىنمەي ئەكىرىپ بېرەتتى. بۇ ئۇدۇم ماڭا قالغان ئوخشايدۇ، ئەمدى! ھەر يىلى خېمىر يېڭىلايمەن، قولۇم ـ قوشنىلار تەييار خېمىرتۇرۇچ ئىشلىتىدىغان بولۇپ كەتتى، كۆڭلۈمنى دەپ ئالىدىغانلارمۇ بار. مانا ئەمدى شەھەر ئاتلاپ تارقىلىدىغان بولدى.

— مانا بىز قەدرىنى قىلىمىز سىڭلىم، بۇ ئادەم بازاردىكى خېمىرتۇرۇچتا مانتا ئەتسەم زادى ياراتمايدۇ.

مۇستاپا بوۋام ئىككى كېلىنىگە يېڭى خېمىرنىڭ ئادەم بەدىنىگە بولغان شىپالىقلىقى ھەققىدە چۈشەنچە

بېرىپ، ئۇلارنىمۇ بۇنىڭدىن كېيىن بازاردىكى ئېچىتقۇنى ئىشلەتمەيدىغان ھالغا كەلتۈردى.

— تونۇشتۇق، تۇغقاندەك بولۇپ قالدۇق، كېلەر يىلى قۇمغا كېلەلمىسىلە ئەۋەتىپ بېرىمەن. ئىنىم خەلق ھۆكۈمەتتە شوپۇر، ئۈرۈمچىگە پات - پات چىقىدۇ، ئىدارىسىدىكىلەرنى ئېلىپ قەشقەرگە كېتىپتۇ. ئەتىلەردىن كېلىپ قالسا تونۇشتۇرۇپ قويىمەن، ئىنىم ئاپىرىپ بېرىدۇ، — دېدى ئاپام.

جاپپار قىچقارغىلى كەلگەندىلا بىز قۇمتاغقا ماڭماقچى بولدۇق.

ئاپامنىڭ: «قۇمغا كۆمۈلۈپ سۇغا چۈشسە بولمايدۇ، پەرھىز قىلمىساڭلار پايدىسى يوق...» دەپ كايىشلىرىغا قارىماي، ئازراقتىن نان ئېلىۋېلىپ قۇمتاغقا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

بۈككىدە ئورمان، شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇ، سەل نېرىدا ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇرغان قۇمتاغ. بىز دەسلەپ تازا سېغىز يەردىن لاي ئېتىپ، ئىككىگە بۆلۈنۈپ تەييارلاندۇق. شىرزاتلار بىزنىڭ كۆرسەتمىمىز بويىچە سېغىز لاينىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى ئۈزۈپ تەييارلىدى. مەن:

— كىم لاينىڭ ئىچىگە داڭگال سېلىپ ئاتسا شۇ تەرەپ يېڭىلگەن بولىدۇ ھەمدە جازالىنىمىز، — دېدىم.

— لاي قېتىپ قالسا قاتتىق تېگىدۇ - دە، — دېدى ئابلىكىم.

— لاي يۇمشاق تېگەمدۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى جەسۇر.

— قاتتىق تەگمەيدىغانمۇ ئىش بولامدۇ! لاي داڭگالدەك يىراققا بارمايدۇ ھەم داڭگالدەك قاتتىق تەگمەيدۇ، شىرئەلىنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن، كىمنىڭ لېيى

— نەچچە يىل بولدى، بىزنىڭ يەرلەر تەكلىشىپ كەتتى، ئارپا ـ بۇغداي تېرىمايدىغان بولدۇق. خېمىر يېغىلاشقا، بىر تۇتام ئۇنچىگىمۇ يىراق يېزىغا بارىدىغان گەپ بولۇپ كەتتى، — دېدى ئاپام.

— خېمىرنى ئۆزىڭىز يېغىلامسىز؟ — دەپ سورىدى مۇستاپا بوۋام.

— ھە، مانا بۇ نانىنىڭ خېمىرىنىمۇ بۇ يىل يېغىلىغان، ئۇرۇمچىگە ماڭغۇچىلىك بىر ـ ئىككى زوۋۇلا ئالغاچ كېتىپ، قولۇم ـ قوشنىلارغا تارقىتىپ بەرسىلە، — دېدى ئاپام كۈلۈپ.

— رەھمەت، — دېدى مۇستاپا بوۋام خۇشال بولۇپ.

— مەن دېگۈچە بۇ ئادەم دەپ بولدىغۇ ئەمدى، بولسا شۇ يېڭى خېمىرىڭىزدىن بېرىڭ، مەن ئۇرۇمچىدە قولۇم ـ قوشنىلارغا خېمىرتۇرۇچ دېگەن مۇنداق بولىدۇ دەپ بىر كۆرسىتىپ قوياي، — دېدى موماي ئالمان ـ تالمان.

— ئەجەب ياخشى، يېڭى خېمىر توققۇز ئۆيگە كىرسە ساۋاب بولغۇدەك. رەھمەتلىك ئاپام ھەر يىلى خېمىر يېغىلىغاندا توققۇز ئۆيگە ئېرىنمەي ئەكىرىپ بېرەتتى. بۇ ئۇدۇم ماڭا قالغان ئوخشايدۇ، ئەمدى! ھەر يىلى خېمىر يېغىلايمەن، قولۇم ـ قوشنىلار تەييار خېمىرتۇرۇچ ئىشلىتىدىغان بولۇپ كەتتى، كۆڭلۈمنى دەپ ئالىدىغانلارمۇ بار. مانا ئەمدى شەھەر ئاتلاپ تارقىلىدىغان بولدى.

— مانا بىز قەدرىنى قىلىمىز سىڭلىم، بۇ ئادەم بازاردىكى خېمىرتۇرۇچتا مانتا ئەتسەم زادى ياراتمايدۇ.

مۇستاپا بوۋام ئىككى كېلىنىگە يېڭى خېمىرنىڭ ئادەم بەدىنىگە بولغان شىپالىقلىقى ھەققىدە چۈشەنچە

بېرىپ، ئۇلارنىمۇ بۇنىڭدىن كېيىن بازاردىكى ئېچىتقۇنى ئىشلەتمەيدىغان ھالغا كەلتۈردى.
— تونۇشتۇق، تۇغقاندەك بولۇپ قالدۇق، كېلەر يىلى قومغا كېلەلمىسىلە ئەۋەتىپ بېرىمەن. ئىنىم خەلق ھۆكۈمەتتە شوپۇر، ئۇرۇمچىگە پات - پات چىقىدۇ، ئىدارىسىدىكىلەرنى ئېلىپ قەشقەرگە كېتىپتۇ. ئەتىلەردىن كېلىپ قالسا تونۇشتۇرۇپ قويىمەن، ئىنىم ئاپىرىپ بېرىدۇ، — دېدى ئاپام.
جاپپار قىچقارغىلى كەلگەندىلا بىز قۇمتاغقا ماڭماقچى بولدۇق.
ئاپامنىڭ: «قۇمغا كۆمۈلۈپ سۇغا چۈشسە بولمايدۇ، پەرھىز قىلمىساڭلار پايدىسى يوق...» دەپ كايىشلىرىغا قارىماي، ئازراقتىن نان ئېلىۋېلىپ قۇمتاغقا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.
بۈككىدە ئورمان، شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇ، سەل نېرىدا ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇرغان قۇمتاغ. بىز دەسلەپ تازا سېغىز يەردىن لاي ئېتىپ، ئىككىمىزگە بۆلۈنۈپ تەييارلاندۇق. شىرزاتلار بىزنىڭ كۆرسەتمىمىز بويىچە سېغىز لاينىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى ئۆزۈپ تەييارلىدى. مەن:
— كىم لاينىڭ ئىچىگە داڭگال سېلىپ ئاتسا شۇ تەرەپ يېڭىلگەن بولىدۇ ھەمدە جازالىمىز، — دېدىم.
— لاي قېتىپ قالسا قاتتىق تېگىدۇ - دە، — دېدى ئابلىكىم.
— لاي يۇمشاق تېگەمدۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى جەسۇر.
— قاتتىق تەگمەيدىغانمۇ ئىش بولامدۇ! لاي داڭگالدەك يىراقىقا بارمايدۇ ھەم داڭگالدەك قاتتىق تەگمەيدۇ، شىرئەلىنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن، كىمنىڭ لېيى

تۈگىسە شۇ ئەل بولۇپ ئاۋۇ دەرەخ تۇۋىگە بېرىپ تۇرسۇن، — دېدى ئابلىكىم.

لاي جىڭى باشلىنىپ كەتتى. جاپپار ماڭا قارىتىپ لاي ئېتىشىغا سۇغا چۆكۈۋېلىپ قوتۇلدۇم ۋە سۇدىن چىقىپ لايدىن ئېلىۋېلىپ قومۇشلارنىڭ ئارىسىغا مۆكۈپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئاتماقچى بولدۇم. جەسۇر بىر دەمدە لېيىنى ئېتىپ بولغانىدى. مەن ئاستا ئۇنىڭغا: «قارشى تەرەپتىن ئېتىلغان لاينى ئېلىپ ئاتساڭ بولىدۇ» دەپ پىچىرلاپ قويدۇم. چۈنكى، ئېرىقتىن خالىغان لاينى ئېلىپ ئاتسا قارشى تەرەپتىكىلەر بىلىۋالاتتى. ئويۇنىمىز جەسۇرنىڭ يېغىسى بىلەن ئاخىرلاشتى، ئۇنىڭغا ئابلىكىم ئاتقان لاي يېقىندىن تەگكەن بولغاچقا بەكلا قاتتىق تېگىپ كەتكەنىدى.

چۈش بولغاندا بىز ئۆيلەرگە قايتىشتۇق. ئۆيگە كىرىپ مول قورۇما ۋە مېۋىلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدۇق، مۇستاپا بوۋام:

— بۈگۈن شىر ئەلىنىڭ يۇقىرى نومۇر ئېلىپ شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئۆتكەنلىكىنى تەبرىكلەيمىز. بالا دېگەن ئاتا - ئانىسىنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلىشى، ياخشى تەربىيەلىنىشى كېرەك. ئادەم كىچىكىدىن ياخشى تەربىيەگە ئىگە بولسا چوڭ بولغاندىمۇ جەمئىيەتكە يۈك بولمايدىغان، خەلقنى ياخشى يولغا باشلايدىغان ئادەم بولىدۇ... شىر ئەلى ئوقۇشۇڭنى ياخشى ئوقۇ، ئالىم بول! ساڭا كېلەچەك قۇچاق ئاچىدۇ.... بۇ ساڭا بولغان ئازراق كۆڭلۈم، — دەپ ئەللىك يۈەن پۇل ۋە «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت»، «ياشلار سەمىگە»، «ئىلىمگە دالالەت» قاتارلىق ئۈچ كىتابنى تۇتقۇزدى.

— ئازراق بولسىمۇ كۆڭلىمىز، شىرئەلى، تىرىشىپ ئوقۇپ، يارامىلىق ئادەم بولۇشۇڭنى ئارزۇ قىلىمىز،— دېدى ئارقىدىنلا غالىب ئاكام بىلەن زەمىرە ئاچام بىر مايكا ۋە بىر تال قەلەمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ.

— شىرئەلىنىڭ ياخشى ئوقۇپ ئۆكىسىغا ۋە بىزنىڭ بالىلارغا ئۈلگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز، ياخشى ئوقۇپ چەت ئەللەرگىچە بېرىپ بىلىم ئېلىپ، ئەدەپ - ئەخلاقتا يېتىلگەن ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز،— دېدى يالقۇن ئاكام بىلەن گۈلچېھرە ئاچاملارمۇ.

ئاپام كۆزىگە ياش ئېلىپ مىچىلداپ يىغلىغىلى تۇردى. ئاتام بولسا ھاياجاندىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي «رەھمەت، رەھمەت» دەپلا تۇراتتى. ئارىدىكى بۇ ھاياجانلىق كەيپىياتنى مۇستاپا بوۋام بۇزدى.

— بۇگۈن بۇ سورۇندىكى يېمەكلىكنى مەن بازاردىن كەلدىم جۇمۇ، شىرئەلى. پەقەت سېنىڭ ياخشى ئوقۇغىنىڭنى دەپ،— دېگىنىچە جەسۇرغا لاپىدە بىر قاراپ قويدى ۋە،— بالىلارنىڭ چوڭى تىرىشىپ ياخشى ئوقۇسا كىچىكلىرىمۇ تىرىشىپ ياخشى ئوقۇيدۇ...— دېگەن گەپنىمۇ قوشۇپ قويدى.

## 5. قۇمتاغ كېچىسى

سالامەتلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىمۇ كەلدى. بىزنىڭ مەكتەپتىن ئىككى ئوقۇغۇچى سالامەتلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمىگەندى، شۇنىڭ بىلەن شۇنچە چوڭ مەكتەپتىن بەشىمىز شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئۆتۈپتىمىز. ھاۋا بارغانچە ئىسسىپ كېتىۋاتاتتى، ھاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇمات پىروگراممىسىدا ئەتىنىڭ تېمپېراتۇرىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىرىق تۆت سىلىسىيە گىرادۇس بولىدۇ دەپ ئۇقتۇردى، ھاۋا ئىسسىق ۋە دىمىق بولماقتا ئىدى. بىز كەچلىك تامىقىمىزنى يەپ بولۇپلا قۇمتاغقا چىقىپ كەتتۇق. شىرزات، جەسۇر، جۇشقۇنلار قۇمغا ئۇچ كۈن كۆمۈلۈپ كۆمۈلەلمىدى، ئاتامنىڭ تەكلىپى بىلەن قۇمدا ئويناپ كېلىدىغان بولدۇق. ئاتامنىڭ دېيىشىچە، قۇمدا مېڭىپ بەرسەكمۇ بىزگە پايدىلىق ئىكەن. قۇمتاغنىڭ ئۈستى غۇر - غۇر شامال، سالقىن ئىدى. بىزنىڭ كەينىمىزدىن جاپپار، ئابلىكىم، ئابلىزلار كەلدى. بىز قۇم دۆڭىدىن پەسكە سەكرەپ ئويناندۇق. ھەممىدىن جاپپار يىراققا سەكرەيتتى. ئۇنىڭ چەبدەس ۋە كۆچلۈكلۈكىگە ھەۋەس قىلغان شىرزات:

— جاپپار، سەن تەنتەربىيە مەكتىپىدە ئوقۇساڭ بوپتىكەن، قارا سېنىڭ كۈچلۈكلۈكۈڭگە، — دېدى.

— مەن تەنتەربىيە مەكتىپىدە ئەمەس، ئوسمان ناۋاينىڭ مەكتىپىدە ئوقۇيدىغاندەك قىلىمەن، — دېدى جاپپار چاقچاق قىلىپ.

— سىلەر ئوقۇمىساڭلار، مەنمۇ ئوقۇمايمەن، — دېدى ئابلىكىم.

— سېنىڭ نومۇرۇڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ نومۇر سىزىقىغا توشقاندىكىن ئوقۇ، بىزدەك نومۇرنى ئاز ئالغانلار ھۈنەر ئۆگەنمەيمىزمۇ؟ — دېدى قۇتيار مەيۇس ھالدا.

— مەكتەپنىڭ نومۇر چېكى نېمانچە يۇقىرى؟ ئۆزىمىزنىڭ مەكتىپىدە ئوقۇغان باللار قىرىق پىرسەنتكىمۇ يەتمەپتۇ.

— يېزا مەكتەپلەردىن نۇرغۇن ئوقۇغۇچى كىرىپ كېتىپتۇ.

— يېزىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى ئاز، نومۇر چېكى دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس دەيدۇ، كىم ئوقۇشنى خالىسا ئوقۇسىلا بولىدىكەن.
— بىزنىڭ ئۆيىمىزنىڭ شەھەرگە يېقىن بولۇپ قالغىنى گۇناھ بوپتۇ - دە.
— شۇنى دەيمەن، ئۆزىمىزنىڭ مەكتىپىدە ئوقۇغانلارغا ئايرىم نومۇر چېكى چىقارسا بوپتىكەن.
— شۇ، شۇنداق قىلسا بولىدۇ. نومۇرنى تۆۋەن ئالدىڭ، شۇڭا ئوقۇمايسەن دەيدۇ. دەرسنى كىم ئۆتتى؟ نېمىشقا ئۆزلىرى ئوقۇتۇشنى چىڭ تۇتمىغان؟ بۇنى سورايدىغان ئادەم يوقمىدۇر؟ ھە دېسە ئەمگەك، تازىلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىلىمىنىڭ تايىنى يوق مۇئەللىملەرمۇ دەرس ئۆتۈۋاتقان...
— راست، تۆۋەن نومۇر ئېلىشىمىزدا گۇناھ بىزدىلا ئەمەس، مەكتەپتىمۇ مەسىلە بار. كۆرۈۋاتىمىز، ھەر يىلى ھەرقايسى پەنلەردىن «ئوچۇق دەرس» ئۆتۈش پائالىيىتى مەكتىپىمىزدە ئۆتكۈزۈلگەندە يېزا مەكتەپتىكى مۇئەللىملەر دەرسنى شۇنداق ئەستايىدىل ئۆتىدىكەن.
— چۈشىنىشلىك، ئەتراپلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزگە بولغان مۇئامىلىسىچۇ تېخى، شۇنداق مۇلايىم. بىزنىڭ مۇئەللىملەر بولسا... ھەي، ياسانسا، چىرايلىق كىيىنسىلا بولىدۇ. ھېلىقى چاغدا خىمىيە دەرس ئۆتۈش مۇسابىقىسىدە ھېلىقى قوشتاغلىق ئوقۇتقۇچى «ئېلېمېنتلار دەۋرى جەدۋىلى» نى شۇنداق ئاددىي ۋە ئاسان ئۇسۇلدا چۈشەندۈردى. مانا، ھازىرمۇ دەپ بېرەلەيمەن. بىز خىمىيە مۇئەللىمىمىزگە ھېلىقى مۇئەللىمنىڭ ئۇسۇلىدا دەرس ئۆتۈشنى ئېيتىۋىدۇق، بۇرنىمىزدىن بۇلاق چىقىرىۋەتتى، خالىساڭ قوشتاغقا

بىرىپ ئوقۇ دەيدۇ. ئوقۇتقۇچىلار مۇسابىقە دەرسىدىلا شۇنداق ئەستايىدىل بولامدىغاندۇ ـ يە؟

ــ سىلەرنىڭ مۇئەللىمىڭلار كۆرسەتمىلىك دەرس ئۆتمەمدۇ؟ــ دەپ سورىدى بىزنىڭ «غەيۋەت» لىرىمىزگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان شىرزات.

ــ خالىسا سىنىپقا تەجرىبە ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ كىرىدۇ، خالىمىسا ئەكىرمەيدۇ. تەجرىبىنى مەۋسۇم ئاخىرىدا بىراقلا نەچچىنى بىر ئىشلىتىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە نەچچە ئوقۇغۇچى بىر ئىشلەيمىز، مەكتەپ مۇدىرى تەجرىبىنى ۋاقتىدا ئىشلەتمىگەن ئوقۇتقۇچىلارنى تەنقىدلىسە، ئۇ كەم، بۇ كەم دەپ سەۋەب كۆرسىتىشىدىكەن...ــ دېدىم مەن.

بايا كۈننىڭ پېتىشىنى كۆزىتىمىز دەپ سەل نېرىدىكى چوققىغا كەتكەن جۇشقۇن بىلەن جەسۇر يېنىمىزغا يېنىپ كەلدى. ئۇلارمۇ ئەمدى بىزدەك يالاڭ ئاياغ يۈرىدىغان بولغانىدى. ئارىمىزدىن بىرى ئۇلارنىڭ ئاياغلىرىنى قۇمغا كۆمۈپ قويغانىكەن، ئىزدەپ خېلى ئاۋارە بولدى. پاراڭ تېمىمىز يەنە ئوقۇش ئىشىغا بېرىپ تاقالدى.

ــ ھەي، ئاتاملار ئاشپەزلىككە شاگىرتلىققا بېرىمىز دەيدۇ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرۈم قازان ـ قۇمۇچ بىلەن ئۆتىدىغانلىقىنى ئويلىسام كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ،ــ دېدى قۇتيار ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ ياتقىنىچە.

ــ رېستوراندىكى ئاشپەزلەرنىڭ كۈنى ياخشىكەنغۇ، ئايلىق مائاشى ئۈچ مىڭ كويدىن ئاشىدىكەن. ئۇرۇمچىدە بەزى چوڭ رېستورانلارنىڭ ئاشپەزلىرىنىڭ ئايلىق مائاشى بەش مىڭ كويدىن ئاشىدىكەن. ئاش ـ تامىقى

ھەقسىز، قاچا - قۇچا يۇيىدىغان ئادەم ئايرىم، مۇھىمى ھۇنەرنى پۇختا ئۆگەنسەڭلا جاپايىڭغا تۇشلۇق ھالاۋىتىنى كۆرىسەن، — دېدى شىرزات.

— مېنى تۇرسۇنجان ئۇستامغا ساتىراشلىققا بېرىمىز دەيدۇ. 9 - ئايدا ئۇزۇملەرنى ئۈزۈپ بولۇپلا ئاپىرىپ بەرگۇدەك، — دېدى پەرقۇزات قولى بىلەن قۇمنى كولىغاچ.

— دۇكىنىڭغا كىرسەك چېچىمىزنى بىكارغا ئېلىپ قويىدىكەنسەن - دە؟ — دېدى قۇتيار چاقچاق قىلىپ.

— ئاشخاناڭغا كىرسەك بىكارغا تاماق يېگەندىكىن، ئەلۋەتتە چېچىڭنى بىكارغا ياساپ قويىمەن دېگىنە، — دېدى پەرقۇزاتمۇ بوش كەلمەي.

— چاچ دېگەننى ئايدا بىر ياساتسىمۇ بولىدۇ. مەن ئايدا بىر كىرسەم، سەن كۈندە ئۈچ ۋاق كىرسەڭ، ياق، بولمىغۇدەك... — دېدى قۇتيار پەرقۇزاتنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلاپ تۇرۇپ.

— جاپپار سەنچۇ؟ سەن نېمە ئىش قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى ئابلىكىم غەمكىن ھالدا.

— سەنغۇ ناۋايلىقنى تاللاپ بولدۇڭ، كونىلارنىڭ: «پادىشاھلىقتىن قالساڭ ناۋاي بول» دېگەن گېپىدىن قارىغاندا، ناۋايلىق ئۇلۇغ ۋە پادىشاھتەك ئۆتىدىغان كەسىپ ئىكەن، مەن قاسساپ بولايمىكىن دەيمەن... ھەرقايسىڭنى ئەرزان، ياخشى گۆش بىلەن تەمىنلىمەيمەنمۇ؟ — دېدى جاپپار قولىدىكى مىنېرال سۇ بوتۇلكىسىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىۋېتىپ.

— ھەي، سىلەرگە قاراپ مېنىڭمۇ ئوقۇغۇم كەلمەيۋاتىدۇ جۇمۇ! — دېدىم مەن پەس ئاۋازدا.

— ياق، سەن ئوقۇيسەن، سەن ئوقۇمىساڭ بولمايدۇ. سەن دېگەن بىزنىڭ پەخرىمىز، بىز ئوقۇيمىز دېسەكمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوقۇيالمايمىز، ئۆيىمىزنىڭ يېنىدىكى مەكتەپكە كىرەلمىدۇق، ھۈنەر ئۆگىنىمەي نېمە قىلىمىز. ھۈنەر ئۆگەنمىسەك كوچا چىڭداپ يۈرىدىغان گەپ ئىكەن،— دېدى جاپپار بوتۇلكىدىكى سۇنى غۇرتۇلدىتىپ ئىچىپ بولۇپ.

— ھەي، بىزنىڭمۇ ئۆي مۇشۇ يەردە بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە، كۈندە كەچتە قۇمتاغقا چىقىپ سىلەردەك ئوينىغان بولساق...— دېدى جۇشقۇن قۇمنى كولاپ ئويناپ ئولتۇرۇپ.

— ياخشى ئوقۇمىساڭ ئەكېلىپ قويىمىز،— دېدى جەسۇر پەرۋاسىزلىق بىلەن.

— ئەمىسە ئۆزۈڭچۇ؟ ئۆزۈڭ ياخشى ئوقۇدۇڭمۇ؟ ئىككى پەندىن ئۆتەلمىدىڭغۇ؟— دېدى جۇشقۇن.

— قاراڭلار، ئاۋۇ يەردە گۈلخان ياقتى! قارىغاندا كىنوغا ئالىدىغان ئوخشىمامدۇ؟— دېدى جاپپار يىراقتىكى ئوت يالقۇنىنى كۆرسىتىپ. دېگەندەك، قۇم دۆڭنىڭ ئۈستىدە نەچچە ئادەم ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرەتتى.

— بېرىپ باقامدۇق،— دېدى شىرزات قىزىقىپ.

— ئەڭ ياخشىسى تېپىشماق ئېيتىشىپ ياتايلى، قاراڭلار ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا، بۇنداق چىرايلىق كېچىدە تېپىشماق ئېيتىشىپ ئوينىمىساق زايە كېتىدۇ. ھەربىرىمىز بىردىن تېپىشماق ئېيتىمىز، مەن بىر تېپىشماق ئېيتاي، تېپىڭلار ئەمىسە.

— قېنى ئېيتە، تاپالمىساق شەھەر بېرىمىز.

«تۆمۈر تۇمشۇقلۇق،
رېزىنكە قورساقلىق.

سۇلياۋ قالپاقلىق،
ياندا ساقلاقلىق.»

— ئۇنى كىم بىلمەيدۇ؟ ئۇ دېگەن كونا ئەدەبىيات كىتابتا بار تېپىشماق، ئۇ دېگەن قەلەم، يەنى گاڭبى قەلەم،— دېدى شىرزات.
— نۆۋەت جەسۇرغا كەلدى، قېنى جەسۇر ئېيتە.
— دۇنيادا بار، ئالەمدە يوق، ئۇ نېمە؟
— بۇ تېپىشمىقىڭنى كىچىك باللارمۇ تاپالايدۇ، ئۇ دېگەن چېكىت، ھەرپلەرنىڭ چېكىتى،— دېدى جاپپار ۋە،— ئابلىكىم سەن بىرنى ئېيتە،— دېدى.

«دىكىر - دىكىر دىكىرچەك،
ئوتتۇرىسىدا پېقىرچەك.
ئىككى تۇلۇم ئوزۇقى،
كۆتىدە بار قوزۇقى، ئۇ نېمە؟»

— ۋېلىسىپىت!
— ياق، ئۇ ئەمەس.
— هارۋا!
— ياق، تاپالمىدىڭ.
— پويىز!
— نېمە ئۇ دىكىر - دىكىر دىكىرلايدىغان؟ ھە تاپتىم، ئۇ قىشلىقى مۇزدا ئوينايدىغان نۇر،— دېدى شىرزات ئورنىدىن تۇرۇپ.
— ياق، سىلەر بۇگۈن كىچىچە تاپالمايسىلەر،— دېدى ئابلىكىم مەغرۇرلۇق بىلەن.
— شەھەر بېرەيلى،— دېدى قۇتيار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئۇنداق ئاسان بېرىدىغان شەھەر نەدىكەن، ئويلاپ تاپىمىز.

بىز ئويلاپ زادىلا تاپالمىدۇق، شەھەر بېرىدىغانغا كۆزىمىز قىيمىدى، تاپىدىغانغا ئەقلىمىز يەتمىدى. بىر چاغدا ئابلىكىم:

— مېنى شەھەر باشلىقى قىلغۇچىلار يوقمۇ سىلەرنىڭ؟ — دېدى.

— تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇمىغان ئادەمنى قانداقمۇ شەھەر باشلىقى قىلىمىز؟ — دېدى پەرقۇزات ئۇنىڭ بىلەن چېقىشىپ.

— شەھەرنى بەرسەك بەردۇق، — دېدى شىرزات خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن.

— ياق، تاپىمىز، — دېدىم مەن قەتئىيلىك بىلەن.

— تاپالمايسىلەر دېدىمغۇ، تاپالمايسىلەر. ئۆيۈڭلارغا بېرىپ چوڭلاردىن سوراپ تاپساڭلار تاپالايسىلەر، بولمىسا تاپالمايسىلەر، ماڭا بۇنى مومام ئېيتىپ بەرگەن، — دېدى ئابلىكىم مەغرۇر ھالدا.

— ئەمىسە، باش ھەرپىنى دەپ بەر، — دېدىم مەن.

— بۇ تېپىشماقنىڭ جاۋابى بىرلا سۆز ئەمەس، باش ھەرپىنى دەپ بەرسەممۇ تاپالمايسىلەر، — دېدى ئابلىكىم. جاپپار ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ بىرنېمىلەرنى دېدى. ئابلىكىم ئۇنلۇك ھالدا:

— نېمىلا دېگىنىڭ بىلەن دەپ بەرمەيمەن. يانچۇقۇمغا بىرەر نەرسە سېلىپ قويغان بولساڭمۇ دەپ بەرمەيمەن. ئويلاپ تېپىڭلار، — دېدى ئابلىكىم ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.

— ئاغزىڭ نېمانچە چىڭ سېنىڭ؟ مەخپىيەتلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولساڭمۇ بولغۇدەك.

— شۇڭا، مەخپىيەتلىكنىڭلار بولسا ماڭا قورقماي دەۋېرىڭلار، ساقلاپ بېرىمەن.

— قاراڭلار، يۇلتۇز كۆچۈۋاتىدۇ!— دېدى جەسۇر ئاسماندىكى ئاقار يۇلتۇزنى كۆرسىتىپ.

— ئۇرۇمچىنىڭ ئاسمىنىدا يۇلتۇز يوقتەك قاراپ كەتتىڭلارغۇ؟— دېدى پەرقۇزات قۇمدا يانپاشلاپ يېتىپ يۇلتۇزلارغا قاراۋاتقان ئۇرۇمچىلىكلەرگە قاراپ.

— ئۇرۇمچىنىڭ ئاسمىنىدىمۇ يۇلتۇز بار، بىراق بىز كېچىدە بۇنداق ئاسمىنى كەڭ يەردە يېتىپ ئاسمانغا قارالمايمىز، ئۆگزىدە يېتىپ ھوزۇرلىنالمايمىز،— دېدى شىرزات.

— ئىچىدىغان سۇلارمۇ تۈگىدى، قايتامدۇق،— دېدىم مەن.

— قايتساق قايتتۇق، ئابلىكىمنىڭ تېپىشمىقىنى تاپالماي قايتىدىغان بولدۇق - دە،— دېدى جاپپار.

— راست، تېپىشمىقىمنى تۈگە دەرۋازىغىچە تاپالمىساڭلار چوقۇم شەھەر بېرىسىلەر جۇمۇ!— دېدى ئۇ ئالدىمىزنى توراپ تۇرۇپ.

— شەھەرنى مەجبۇرىي بەرگۈزەمسەن بىزگە، ئىشىكنى قىلە، جاۋابىنى بۇگۈن تاپالمىساق ئەتە تاپىمىز،— دېدى قۇتيار.

بىز ئۇنى دېمەك، بۇنى دېمەك بىلەن بىر دەمدە تۆگە دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى ئۇزۇم كارىدورىغا كېلىپ قالدۇق ۋە قەدىمىمىزنى ئۇششاقلىتىپ ماڭدۇق.

— ئاز قالدى شەھەر باشلىقى بولىدىغانغا، چاققان بولمىساڭلار بولمايدۇ جۇمۇ! مەن شەھەر باشلىقى بولسام شېرئەلىنى كاتىپ قىلىۋالىمەن، ئاشپەز تەييار،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ئۇنداق ئاسان بىرىدىغان شەھەر نەدىكەن، ئويلاپ تاپىمىز.

بىز ئويلاپ زادىلا تاپالمىدۇق، شەھەر بىرىدىغانغا كۆزىمىز قىيمىدى، تاپىدىغانغا ئەقلىمىز يەتمىدى. بىر چاغدا ئابلىكىم:

— مېنى شەھەر باشلىقى قىلغۇڭلار يوقمۇ سىلەرنىڭ؟ — دېدى.

— تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇمىغان ئادەمنى قانداقمۇ شەھەر باشلىقى قىلىمىز؟ — دېدى پەرقۇزات ئۇنىڭ بىلەن چېقىشىپ.

— شەھەرنى بەرسەك بەردۇق، — دېدى شىرزات خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن.

— ياق، تاپىمىز، — دېدىم مەن قەتئىيلىك بىلەن.

— تاپالمايسىلەر دېدىمغۇ، تاپالمايسىلەر. ئۆيۈڭلارغا بېرىپ چوڭلاردىن سوراپ تاپساڭلار تاپالايسىلەر، بولمىسا تاپالمايسىلەر، ماڭا بۇنى مومام ئېيتىپ بەرگەن، — دېدى ئابلىكىم مەغرۇر هالدا.

— ئەمىسە، باش ھەرىپىنى دەپ بەر، — دېدىم مەن.

— بۇ تېپىشماقنىڭ جاۋابى بىرلا سۆز ئەمەس، باش ھەرپىنى دەپ بەرسەممۇ تاپالمايسىلەر، — دېدى ئابلىكىم. جاپپار ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ بىرنېمىلەرنى دېدى. ئابلىكىم ئۇنلۇك هالدا:

— نېمىلا دېگىنىڭ بىلەن دەپ بەرمەيمەن. يانچۇقۇمغا بىرەر نەرسە سۇڭگۇتسەڭمۇ دەپ بەرمەيمەن. ئويلاپ تېپىڭلار، — دېدى ئابلىكىم ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.

— ئاغزىڭ نېمانچە چىڭ سېنىڭ؟ مەخپىيەتلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولساڭمۇ بولغۇدەك.

— شۇڭا، مەخپىيەتلىكنىڭلار بولسا ماڭا قورقماي دەۋېرىڭلار، ساقلاپ بېرىمەن.
— قاراڭلار، يۇلتۇز كۆچۈۋاتىدۇ! — دېدى جەسۇر ئاسماندىكى ئاقار يۇلتۇزنى كۆرسىتىپ.
— ئۇرۇمچىنىڭ ئاسمىنىدا يۇلتۇز يوقتەك قاراپ كەتتىڭلارغۇ؟ — دېدى پەرقۇزات قولىدا يانپاشلاپ يېتىپ يۇلتۇزلارغا قاراۋاتقان ئۇرۇمچىلىكلەرگە قاراپ.
— ئۇرۇمچىنىڭ ئاسمىنىدىمۇ يۇلتۇز بار، بىراق بىز كېچىدە بۇنداق ئاسمىنى كەڭ يەردە يېتىپ ئاسمانغا قارالمايمىز، ئۆگزىدە يېتىپ ھۇزۇرلىنالمايمىز، — دېدى شىرزات.
— ئىچىدىغان سۇلارمۇ تۈگىدى، قايتامدۇق، — دېدىم مەن.
— قايتساق قايتتۇق، ئابلىكىمنىڭ تېپىشمىقىنى تاپالماي قايتىدىغان بولدۇق - دە، — دېدى جاپپار.
— راست، تېپىشمىقىمنى تۆگە دەرۋازىغىچە تاپالمىساڭلار چوقۇم شەھەر بېرىسىلەر جۇمۇ! — دېدى ئۇ ئالدىمىزنى توراپ تۇرۇپ.
— شەھەرنى مەجبۇرىي بەرگۈزەمسەن بىزگە، ئىشىكنى قىلە، جاۋابىنى بۇگۈن تاپالمىساق ئەتە تاپىمىز، — دېدى قۇتيار.
بىز ئۇنى دېمەك، بۇنى دېمەك بىلەن بىردەمدە تۆگە دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى ئۇزۇم كارىدورىغا كېلىپ قالدۇق ۋە قەدىمىمىزنى ئۇششاقلىتىپ ماڭدۇق.
— ئاز قالدى شەھەر باشلىقى بولىدىغانغا، چاققان بولمىساڭلار بولمايدۇ جۇمۇ! مەن شەھەر باشلىقى بولسام شىرئەلىنى كاتىپ قىلىمەن، ئاشپەز تەييار،

شىرزاتىنى نېمە قىلسام بولار؟ ھە تاپتىم، سېنى ئارتۇقچىلىقىڭ بويىچە تەرجىمان قىلاي.

— ئەتە دەپ بەرسەكچۇ؟

— چوڭلاردىن سوراپ بىلىۋېلىپ دېسەڭلار بولمايدۇ، بۇ تېپىشماقنى چوڭلار بىلىدۇ.

تۆگە دەرۋازىدىن چىقىشىمىزغا، ئابلىكىم ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— شەھەر بىرەمسىلەر؟ — دېدى.

بىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ، بايا قۇلاقنى قۇلاققا يېقىپ دېيىشىۋالغىنىمىز بويىچە:

— بەرسەك بەردۇق، تونۇر شەھىرىنى ئال، — دېدۇق ئۈنىڭ ناۋاي بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ.

ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

— ياق، ماڭا بېيجىڭ، لوندون، پارىژدەك چوڭ شەھەردىن بىرنى بەرسەڭلار دەپ بېرىمەن.

— سەن دېگەن ئۈچ شەھەرنى بەردۇق، جاۋابىنى بىر دېگىنە.

— ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، ئاۋۇ يەردە ئولتۇرۇپ تاپايلى، بولمىسا بۇ ئېشىۋېلىپ...

— شەھەر بەردىڭلار - ھە، ئەمىسە مەن جاۋابىنى دېدىم: دىكىر - دىكىر، دىكىرچەك، دېگىنى «بۆشۈك»؛ ئوتتۇرىسىدا پېقىرچەك، دېگىنى «بوۋاق»؛ ئىككى تۈلۈم ئوزۇقى، دېگىنى بالا ئېمىدىغان «ئەمچەك»؛ كۆتىدە بار قوزۇقى دېگىنى، «شۈمەك»، — دېدى ئابلىكىم.

— ھەربىر مىسراسى بىر تېپىشماق ئىكەنغۇ بۇ؟

— شۇنداق، شۇڭا مەن سىلەرگە باش ھەرپىنى دەپ بەرسەمۇ تاپالمايسىلەر دېگىنىم.

— باشتىلا ھەربىر مىسراسى بىر تېپىشماق دېسەڭ بولامدۇ؟ شەھەرنى قايتۇرۇۋالىمىز،— دېدىم مەن.

— بېرىپ بولغان شەھەرنى قايتۇرۇۋالىدىغان ئىش نەدە بار؟

بىز ئۆيلەرگە تارقاپ كېتىشتۇق. ئۆگزىدە كېچە ئاسمىنىغا قاراپ يېتىپ، تۇرۇپلا ئىچكىرىدە ئوقۇغۇم كەلمەي قالدى. «ئەتە بۇ ئويۇمنى چوقۇم ئاتامغا دەيمەن» دەپ ئويلاپ يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

# توققۇزىنچى باب

# يۇرت مېھرى

## 1. قۇمتاغنىڭ ئايسىز كېچىسى

ئوقۇشقا مېڭىشقا ئاز قالغانىدى، مەن ئۆيۈنگە قانمايۋاتاتتىم. ئوچۇقنى دېسەم مەھەللەمگە، قۇمتاغقا قانمايۋاتاتتىم. سەللا بىكار بولسام ئابلىكىم، ئابلىز، قۇتيار، پەرقۇزات، جاپپارلارنى چاقىرىپ قۇمتاغقا چىقىپ ئويناپ كېلەتتىم. ئۇلارمۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى دەپ قولىدىكى ئىشلىرىنى قويۇپ ماڭاتتى. بىراق، بەزىدە پەرقۇزات تەتۈرلۈك قىلىپ تۇرۇۋالاتتى. قۇتيارنىڭ مىجەزى رايىش بولۇپ، نېمە دېسەك شۇنى قىلاتتى. ھاۋا تازا ئىسسىغان بىر كۈنى كەچتە مەھەللىدىكى باللار توپلىشىپ قۇمتاغقا چىقتۇق. بىز پۇتبول تېپىپ ھېرىپ، قۇم دۆڭىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپىمىزدىكى كىچىك باللارنىڭ ئويۇنىغا قاراپ ئولتۇردۇق. ئۇلار «قوغۇن ئوغرىلاش» ئويۇنى ئويناۋاتاتتى. باللارنىڭ چوڭلىرى ئون ياشلاردا، كىچىكلىرى بەش ياشلاردا ئىدى. چوڭراق ئىككى بالا باللارنى «قوغۇنچى» ۋە «ئوغرى» دەپ ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلگەنىدى. «قوغۇنچى» چۆنەك تارتىپ قوغۇن تېرىدى، «ئوغرى»لار «ئوغرىلىماقچى» بولدى. ئۇلار نۆۋەت بىلەن بىرى كەتسە،

بىرى كېلىپ «قوغۇنچى بوۋاي»دىن سوئال سوراشقىلى تۇردى:
— بوۋا، بوۋا، قوغۇن پىشتىمۇ؟
— ئەمدى تېرىپ قويدۇق.
— بوۋا، بوۋا، قوغۇن پىشتىمۇ؟
— ئىككى قۇلاق بولدى.
— بوۋا، بوۋا، قوغۇن پىشتىمۇ؟
— ئەمدى چېچەك بولدى.
— بوۋا، بوۋا، قوغۇن پىشتىمۇ؟
— ياڭاقتەك بولدى.
— بوۋا، بوۋا، قوغۇن پىشتىمۇ؟
— مۇشتەك بولدى.
— بوۋا، بوۋا، قوغۇن پىشتىمۇ؟
— ئالدى سارغايدى.
— بوۋا، بوۋا، قوغۇن پىشتىمۇ؟
— پىشتى.
— بوۋا، قوغۇن ئۈزۈۋالايلىمۇ؟
— بولمايدۇ، بولمايدۇ!
— ئۈزۈۋالايلى، ئۈزۈۋالايلى!
— قوغۇنلۇققا ئوغرى كەلدى!
«ئوغرى»لار «چوڭنەك» لەردىكى «قوغۇن» لارنى ئۈزۈپ قاچتى. «قوغۇنچى بوۋاي»:
— «تايغانلىرىم» تۇرۇڭلار، ئوغرىلارنىڭ پاچىقىدىن ئېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى.
ئۇلارنىڭ ئويۇنغا ھەۋەس بىلەن قاراپ ئولتۇرۇپ بىزنىڭمۇ ئوينىغىمىز كېلىپ كەتتى.
— بىزمۇ مۇشۇنداق ئوينايتتۇق - ھە! قوشۇلۇپىلا ئويناپ باقامدۇق - يە؟ — دېدى ئابلىكىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بولدىلا ئويىنىمايلى، خەق كۆرسە نېمە دەيدۇ بىزنى؟! — دېدى پەرقۇزات.
— سەن ئويىنىمىغاندەكلا گەپ قىلىسەنغۇ؟
— ئۇ دېگەن كىچىك چاغلار.
— ئەمدى چوڭ بولۇپ كەتكەن ئوخشىمامسەن؟
— چوڭ بولغىنىڭنى بىلمەي يۈرەمسەن؟
— يۈرۈڭلار، يەنە بىر مەيدان توپ تېپىشىپ قايتايلى.
— مەيدانغا بىر قارىۋېتەيلى جۇمۇ؟! ئەينەك، چاقچۇق پارچىلىرى بارمۇ، يوق. پۈتىمىزنى قانىتىپ يۈرمەيلى يەنە.
بىز قۇياشنىڭ شەپەق نۇرى ئاستىدا ئاسما مايكىلىرىمىزنىمۇ سېلىۋېتىپ توپ تەپتۇق. بىزنىڭ ئويۇنىمىز راسا قىزىۋاتقاندا ھېلىقى «قوغۇن ئوغرىلاش» ئويۇنى ئويناۋاتقان باللار جېدەللىشىپ قېلىپ كەيپىمىزنى ئۇچۇرۇۋەتتى. بىز ئۇلارنىڭ يېنىغا باردۇق. ئۇلار ئەرزىمەس ئىشنى دەپ سوقۇشۇپ قالغان بولۇپ، بىرىنىڭ بۇرنىدىن قان چىقىۋاتاتتى. بىز ئامالالارنى قىلىپ ئۇنىڭ بۇرنىدىن ئېقىۋاتقان قاننى توختاتتۇق. بىز ئەمدى قايتماقچى بولدۇق. كۈن ئىندىقوت تېغىغا ئولتۇرۇشقا باشلىغانىدى. پەرقۇزات:
— كۈننىڭ چىقىشىنى كۆرىمىز دەپ تاڭ يورۇماستا بىرىنچى چوققىغا چىقاتتۇق. بىرىنچى چوققا كۈننىڭ چىقىشىنى كۆزىتىشتىكى ئەڭ ياخشى جاي بولسا، مانا بۇ يەر كۈننىڭ پېتىشىنى كۆزىتىدىغان ئەڭ ياخشى جاي ئىكەن. قاراڭلار، بۇ جاي ھەم ئۆستەڭگە يېقىن ئىكەن، — دېدى.
— راست دەيسەن، كۈننىڭ ئولتۇرۇشىنى كۆرىدىغانغا

مۇشۇ يەر ئەڭ ياخشى ئىكەن. كۈننىڭ ئولتۇرۇشىنى كۆزىتىمىز دەپ بىرىنچى چوققىغا چىقىشىنىڭ هاجىتى يوق ئىكەن. كۈننىڭ چىقىشىنى كۆزىتىش قانچە كۆڭۈللۈك بولسا كۈننىڭ ئولتۇرۇشىنى كۆزىتىشمۇ شۇنچە كۆڭۈللۈك بولىدىكەن - ھە! — دېدى جاپپار.

— شۇنى دېمەمسەن؟! مۇزدەك قۇمنىڭ راھەتلىكىچۇ تېخى.

— ئىسسىق قۇمنىڭ خۇشياقىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قاپسەن - ھە؟ — دېدى پەرقۇزات.

— ئەجەب كۆڭۈللۈك ئويۇنلارنى ئويناپتىكەنمىز جۇمۇ! بىزنىڭ سىنىپتىكى دىلشاتلار ئىككى بىنانىڭ ئارىلىقىدىكى كىچىككىنە جايدا ئوينايدىكەن، ئۇلارنىڭ ئويۇنىنى ئويۇن دېگىلى بولامدۇ، ئەتىدىن - كەچكىچە مۆكىمۆكىلەڭ، تۇتۇشماق ئويناپلا ئۆتىدىكەن ئۇلارنىڭ كۈنى.

— پۇتبول تەپمەمدىكەن؟

— بىر تەپسە خەقنىڭ دېرىزىسىنىڭ ئەينىكىنى چېقىۋەتمەمدۇ؟

— ھېلىمۇ بىزنىڭ ئۆي ئۇنداق تار جايلاردا ئەمەس ئىكەن، بولمىسا زېرىكىپ نېمە بولۇپ كېتەرىدۇق - ھە!

— ئۇلار ھېچنېمە بولماپتىغۇ ئەنە؟

— ياق، بىزدەك قۇمتاغدا ئويناپ چوڭ بولغانلارغا دەيمەن.

— مەن قانداق قىلارمەن دەيمەن؟ سىلەرغۇ قانغۇچە ئوينايسىلەر، مەن سىنىپ، ياتاق، ئاشخانا ئارىلىقىدا قاتراپ ئۆتەرمەنمۇ؟

— ئىچكىرىدىكى چوڭ شەھەرلەرگە بارساڭ ئويۇن دېگەن چىقىدۇ.

— مەكتەپ سىرتىغا چىققىلى قويمىغۇدەك.

— نېمىشقا؟ سولاپ قويماس؟
— ئەتىدىن - كەچكىچە ئوقۇيدىغان گەپكەن.
— ئۇنداق بولسا بۇگۈن كېچىچە بۇ يەردە قونايلى. قۇم ئاستىدىكى شەھەرنىڭ خورازلىرى چىللىغاندا كەتمەمدۇق.
— ساياھەت رايونلىرى، مۇزېيلارغا ئېلىپ بارىدۇ دەپ ئاڭلىغانغۇ!
— بولدى، ئۇنداق كۆڭۈلسىز گەپلەرنى قويايلى، قۇم ئاستىدا راستتىنلا شەھەر بارمىدۇر؟
— بارلىقىغا سەن ھازىرغىچە ئىشەنمەيۋاتامسەن؟ قۇم ئاستىدا شەھەر بولمىسا خەق، قۇم ئاستىدا شەھەر بار دېگەن گەپنى نەدىن تاپىدۇ؟
— ھەي، شۇ شەھەر ھازىر كۆز ئالدىمىزدا لاپپىدە پەيدا بولۇپ قالسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە!
— ھەرقاچان ئالتۇنلارنى تالىشىپ كېتەرسەن.
— سەن تالاشمامسەن؟
— ياق، ئۇنداق بىكارغا كەلگەن ئالتۇننى تالاشمايمەن.
— ئۇنداقتا ناۋايلىقنى بىكارغا قىلىدىكەنسەن - دە؟
— ئۇ دېگەن ئۆز ئەمگىكىم بولغاندىكىن، ئەمگىكىمگە تۇشلۇق پۇل تاپمىسام بولمايدۇ - دە.
— كەچ بولۇپ كەتتى، ئەمدى قايتايلى.
— ھېلىمۇ ساياھەت رايونى قۇرۇلۇپ قاپتىكەن، بولمىسا مەھەللىمىزنىڭ ئايىغىدىكى قۇمغا بارساق، ئارىمىزدا چوڭراق بالىلار بولمىسا كۆز باغلانغاندىلا قايتىپ كەتمىسەك بولمايتتى.
— ئاتا - ئانىلىرىمىزنىڭ ئەنسىرەشلىرىنى دېمەيسەن تېخى!

بىز قاتارلىشىپ قۇمتاغدىن چۈشكەندە، گۈپپىدە سالقىن شامال ئۇرۇلۇۋىدى، تەنلىرىمىز يايراپ كەتتى. دېمىسىمۇ سۈزۈك سۈيى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان، باراقسان ئۆسكەن سۆگەتلەر، كۆككە تاقاشقان تېرەكلەر، پاكار - پاكار جىگدىلەرگە يۆگەشكەن چىڭگىلىك، يۆگىمەچلەر قاراڭغۇدا ئاجايىپ سىرلىق كۆرۈنەتتى. ساياھەت رايونى قۇرۇلۇپ ئۆستەڭ بويى ئاۋاتلىشىپ، كېچىچە ئېچىلىدىغان ئاشخانا، دۇكانلار بار ئىدى. بۇلاق سۈيىدىن قانغۇدەك ئىچىشىپ يولىمىزنى داۋام قىلدۇق.

تۆگە دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلسەك، بىر توپ ئادەم توپلىشىۋاپتۇ، بىزمۇ ئادەملەر توپىغا يېقىنلاپ باردۇق. قىستىلىشىپ ئاران دېگەندە ئالدىغا باردىم، باردىم - يۇ، قان ئىچىدە ئىڭراپ ياتقان ئىككى ئادەمنى كۆرۈپ، قورققىنىمدىن كەينىمگە ياندىم. ئەسلىدە، قاتناش ۋەقەسىدە ئىككى ئادەم يارىلانغانىكەن. يېنىمغا كەلگەن ئابلىكىم:

— قورقۇپ كەتتىم ئاداش، ھۆ قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى.

— نېرى تۇرۇڭلار، بىر يۈز يىگىرمە جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسى كېلىۋاتىدۇ!

توپلىشىۋالغان ئادەملەر يول ئېچىپ بەردى. ئۇ ئىككى كىشىنى سوقۇۋەتكەن ماشىنىنىڭ شوپۇرى ماشىنىسىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەنىدى. ۋەقەنى كۆرگۈچىلەر قاتناش ساقچىلىرىغا سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى.

— بىز بۇ يەردە تۇرغانىدۇق، ماشىنا كۈنپېتىشتىن ئۇچقاندەك كەلدى - دە، قاتتىق تورمۇز قىلدى، تورمۇز قىلغاندىكى ئاۋاز قۇلاقنى يارغۇدەك چىقتى. شۇنداق قارىساق، بۇ ئىككى ساياھەتچى يەردە يېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— تورموز قىلدىمۇ؟

— قىلدى، ئەنە ئاۋۇ يەردىن ماۋۇ يەرگىچە ماشىنىنىڭ چاقى سۈرۈلۈپ كەپتۇ، قاراڭلار، قاپقارا تۇرمامدۇ.

— يارىلانغۇچىلارنى تونۇيدىغانلار بارمۇ؟

ئەتراپتىن سادا چىقمىدى.

— شوپۇر بەك قارام ئىكەن، بۇ يەر ئەگىلىدىغان جاي ئىكەنلىكىنى بىلمەمدىكىنە؟ قارىغاندا ئۇ ئەبلەخ مەست ئوخشايدۇ. هاراق ئىچىپ ماشىنا هەيدەشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەي قالارمۇ، ئۇ؟

— بىلىدۇ، هاراق ئىچىپ ماشىنا هەيدىگەننىڭ جازاسىنى تارتقۇدەك ئەمىسە...

— نېمە، ئۇ مەستمىكەن؟

— ئەمىسە ئۇ شوپۇر تۇگىشىپتۇ.

— بىزنىڭ باللارمىكىن دەپ بەك ئەنسىرىگەنىدىم. هە دېسە مۇشۇ يەرگە كېلىپ توپ تېپىدۇ، تۇتۇشىماق ئوينايدۇ.

— ئۇنى بىر دېمەڭ، بۇ يەرگە كېلىپ ئوينىماڭلار دېگەنچە بۇ باللار مۇشۇ يەرگىلا كېلىۋالىدۇ. مانا، قاراڭلار، ئۇن نەچچە بالا يۈرىدۇ...

بىز بىردەم ئۇنى - بۇنى دېيىشىپ ئۆيلىرىمىزگە تارقاشتۇق.

## 2. ئەلۋىدا، تەرسا بوۋاي

ئىسسىق يانىدىغاندەك قىلمايتتى. سەهەر ياكى كەچتە شامال دىدارى يوق ئىدى. بۇ دىمىق كۈنلەر تولىمۇ تەستە ئۆتۈۋاتاتتى. هېلىقى قاتناش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن

كېيىن مەھەللىمىزدىن كىملا بولسا تۆگە دەرۋازا ئالدىدىكى مەيداندا ئويۇنىمىزنى توسىدىغان بولۇۋالدى، توسۇغانچە ساياھەت رايونىدا ئوينايدىغان ئويۇن كۆپىيىشكە باشلىدى، غالتەكلىك تاختا ئويناش مودا بولدى. يارئەلىمۇ بىرنى ئالدۇردى. مەھەللىدىكى بالىلار توپ ـ توپ بولۇشۇپ تۆگە دەرۋازىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا ئوينايتتى، بىزمۇ بەزىدە ئۇلارنىڭ ئويۇنىغا قوشۇلۇپ غالتەكلىك تاختا ئويناپ قوياتتۇق. غالتەكلىك تاختىنى ئوينايمەن دەپلا ئوينىغىلى بولمايدىكەن، مەنمۇ نەچچە يىقىلىپ مىڭ تەستە ئۆگىنىۋالدىم.

غالتەكلىك تاختا ئوينايدىغانلارنىڭ كۆپى ئون ياش ئۆپچۆرىسىدىكى بالىلار ئىدى، چوڭ بالىلارغا قارىغاندا كىچىكلىرى ئاسان ئۆگىنىۋالىدىكەن. ئۇلار قۇرۇق مىنېرال سۇ بوتۇلكىسى، تاشلارنى ئىككى مېتىردا بىر قويۇپ ئارىسىدىن تېگىپ كەتمەي يىلان باغرى ئۆتەتتى. بەزىلىرى تېخى ئولتۇرۇپ ئىتتىك سىيرىلىپ يۇمىلاق ئايلىنىپ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى. يارئەلىنىڭ تېخنىكىسىمۇ يامان ئەمەس ئىدى، بىراق ئۇمۇ جەينەكلىرىنى يېغىر قىلىپلا يۇردى. ئاپام مەھەللىمىزدىكى غالتەكلىك تاختا ئويناپ يىقىلىپ پۇت ـ قوللىرىنى سۇندۇرۇۋالغانلارنى كۆرسە ياكى ئاڭلىسىلا يارئەلىنىڭ غالتەكلىك تاختىسىنى يوشۇرۇپ قوياتتى.

يارئەلى دېمەتلىك بالىلار ئىككى چامدام ئارىلىقتا مىنېرال سۇ بوتۇلكىسىدىن بەشنى قويۇپ، شۇ يەردىن بىرەر بوتۇلكىنىمۇ ئۆرۈۋەتمەي ئۆتۈپ كەتسە بىر چوكامۇز ئېلىپ بېرىشتىن باغلىشىدىكەن.

— نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ بۇ جاھان، ماۋۇ بالىلار ئەقىلگە كىرە ـ كىرمەي قىمارۋاز بولۇپ كېتىۋاتامدۇ

نېمە؟ كىم ئاۋۇ بوتۇلكىلارنى ئۆرۈۋەتمەي ئۆتۈپ كەتسە، شۇنىڭغا چوكاموز ئېلىپ بېرىشىدىكەن. ھەي، بىز كىچىك چاغلاردا...
— سەن كىچىك چاغلاردا مۇشۇنداق ئويۇنلار بارمىتى؟
— ئۇ چاغلاردا گالغا يەيدىغانغا تۈزۈك نەرسە يوق، بۇنداق ئوينايدىغان نەرسىلەرنى كىم پۇلغا سېتىۋالىدۇ دەيسەن، ئۆزىمىز ياسايتتۇق.
— ھە، گەپ شۇ يەردە. قارا، ئاۋۇ نەرسىنىڭ قىممەتلىكىنى، بىراق ئېسىل نېمە ئىكەن، باللار ئوينىسا يارىشىدىكەن.
مەھەللىمىزدىكى چوڭلار تۆگە دەرۋازىنىڭ ئەتراپىدىكى يول گىرۋىكىدە ئولتۇرۇپ غالتەكلىك تاختا ھەققىدە مۇنازىرە قىلىشىۋاتاتتى. بىز پۇتبول ئوينايدىغان مەيداندا نېمىشقىدۇر بوگون ماشىنا كۆپىيىپ كەتكەنىدى، كەچ بولۇشىغا ئەگىشىپ مەيدان قورۇقدىلىپ قالدى. بىز تازا توپ ئويناۋاتقاندا دوختۇرخانىنىڭ بىر يۈز يىگىرمە جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسى بىزنىڭ مەھەللە تەرەپكە ئەنسىز سىگنال بېرىپ كېتىپ قالدى. ھەممىمىز چوڭ يولغا كېلىپ، چوڭلاردىن كىمنىڭ نېمە بولغانلىقىنى سوراشتۇق، ئۇلارمۇ ھېچنېمىنى بىلەلمەي گاڭگىرىشىپ تۇراتتى.
سەل ئۆتكەندىن كېيىن ماشىنا كەينىگە يېنىپ چوڭ يول بىلەن سىگنال بەرگىنىچە كېتىپ قالدى. ئۇنىڭغىچە تۆۋەن مەھەللە تەرەپتىن موتوسىكلىتلىق بىر كىشى كەلدى، چوڭلار ئۇنىڭ ئالدىنى توراپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراشتى.
— ئاۋۇ دوختۇر ماشىنىسى كىمنىڭ ئۆيىگە باردى، كۆردۈڭمۇ؟

— كىمنىڭكىدىن چىققانلىقىنى بىلمىدىم، تۇردىنىڭ ئايالى ئالدىراش ھويلىسىنى يىغىشتۇرۇۋاتىدۇ، ھەممە ئۆيلىرىنىڭ چىراغلىرى يېنىق تۇرىدۇ.
— ھە، مۇساكامنىڭ كېسىلى ئۆزگىرىپ قالغان ئوخشايدۇ. يۇرۇڭلار، بېرىپ باقايلى.
— تاماشا كۆرگەندەك قىلىپ قانداقمۇ بارارمىز.
— سىلەرگە نېمە بار؟ — دەپ بىرى بىزنى قوغلىدى.
— مۇسا بوۋام ئۆلۈپ كېتەرمۇ؟ — دېدى ئابلىكىم يىغلامسىراپ.
— تىلىڭغا تاش، دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى، ساقىيىپ كېلىدۇ، — دېدى قۇتيار ئابلىكىمنىڭ گېپىنىڭ بىلىگە تېپىپ.
— ئۆتكەندە بىز مۇسا بوۋامنى يوقلاپ بارغاندا قولىمىزنى تۇتۇپ يىغلاپ كەتكەنىدى، ھەي، شۇ چاغدا زەمبىلگە سېلىپ بولسىمۇ كەپىسىگە ئاپارساق بوپتىكەن.
— نېمىلەرنى دەپ كەتتىڭ، ئۆلۈم خەۋىرى كەلگىنى يوق، پەقەت دوختۇرخانىغا ئەكەتتى.
— تۇردى ئاكامۇ قىزىق ئادەم ئىكەن، كەنتتىن ئورمان باق دەپ ھوقۇق بەرگەندىكىن ئاتىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئورمان باقسا بولمامدۇ؟
— ھەرقاچان خەق بىلەن ئۇرۇشۇپ قالماي دېگەندۇ.
— ئەتە يامغۇر ياغامدۇ نېمە؟
— راست، ئەنە كۇنپېتىش تەرەپتىن قارا بۇلۇت كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ، يامغۇر ياغىدىغاندەك قىلىدۇ. ئۆتكەندە مۇسا بوۋام كۇنپېتىشتىن مۇشۇنداق كۆتۈرۈلگەن قارا بۇلۇتنىڭ يامغۇرى يامان بولىدۇ دېگەنىدى.
— ئۇزۇمنى سېستىدىكەن ـ دە.

— راست، بۇنداق ياغقان يامغۇر ئۇزۇمنى سېسىتىدۇ. ھەي، يامغۇر ياغمىسا بولاتتى.

— بىز ئىسسىقتا تەرلەپ يامغۇر تىلىگەن چاغلاردا ياغمايدۇ، ئەمدى ئۈزۈملەر پىشىپ مەي باغلىغاندا يېغىپ ئۈزۈملەرنى سېسىتىدىغان بولدى... ھەي، بىزنىڭ ئىككى سول تەكنىڭ سىمى ئۈزۈلۈپ كەتكەنىكەن، يەرگە تېگىپ قالغانلىرى سېسىيدىغان بولدى ـ دە.

— نېمىشقا كۆتۈرۈۋەتمىگەن؟

— ئۈزۈم پىشىپ قالغاندا كۆتۈرسەڭ ئۈزۈم سىقىلىپ تېخىمۇ كۆپ ئۈزۈم سېسىغۇدەك دەپچۇ!

— ئۇنداق قىلساڭمۇ سېسىسا، بۇنداق قىلساڭمۇ سېسىسا، نەس باستى دېگەن شۇدە.

— شۇنى دېمەمسەن.

سالقىن چۈشۈۋىدى، ئۆيلەرگە تارقاشتۇق. ئۆگزىدە ياتسا تاڭغا يېقىن سەل توڭلايدىغان گەپ، ياتماي دېسە ئۆي كەچتە دىمىق. يارئەلى ئىككىمىز ئاپامنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي ئۆگزىدىن چۈشمىدۇق. ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ يېتىپ خىيال سۈرۈش مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىتىم ئىدى. مەيلى بىرىدىن رەنجىپ قالاي ياكى خۇشال بولاي يۇلتۇزلارغا قاراپ خىيال سۈرەتتىم، كۆڭلۈم يېرىم چاغلاردا يۇلتۇزلارغا قاراپ خىيال سۈرسەم ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتەتتىم. مانا، ئاقۇچ سامانيولىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى يۇلتۇزلارنى سېلىشتۇرۇپ شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا بارغاندىن كېيىن قانداق ئوقۇش ھەققىدە ئۇزۇندىن ئۇزۇن خىيال سۈرۈپ يېتىپتىمەن. مانا، دالىيەننى تەسەۋۋۇر قىلىۋاتىمەن، «جۇغراپىيە ئاتلىسى» دىن دالىيەننى تېپىپ خىيالەن دالىيەن كوچىلىرىدا،

دېگىنىز بويلىرىدا سەيلە قىلىپ كېتىۋاتىمەن... تۇرۇپلا قۇمتاغ يادىمغا يەتسە قۇمتاغدەك مېھرى ئىسسىق سىردىشىم، مۇڭدىشىمدىن ئايرىلىپ يىراقتا بىرىشقا كۆزۈم قىيمايدۇ...

تاڭغا يېقىن تولغاپ كېتىپ يوتقىنىمنى مەھكەم يېپىنىپ ياتتىم. قوشنىمىز ساتتار ئاكامىنىڭ ئاتامنى چاقىرغىنىنى ئاڭلاپ قۇلىقىمنى دىڭ تۇتتۇم.

— شەرىپىدىن، هوي شەرىپىدىن! تېز بول! مۇساكام تۇگەپ قاپتۇ، مەھەللىدىكى ئەرلەر يەرلىك چاپقىلى كېتىۋاتىدۇ.

— نېمە دەيدىغانسەن؟

— ئۆلۈمگە ئامال يوق، ئاداش، بۇمۇ بولغىنى، كېسەلنىمۇ بەك تارتىۋالدى ئۇ رەھمەتلىك.

— تۇردىلارمۇ ئوبدان قارىدى، ئاتىسىنىڭ ھەممە ھاجىتىدىن چىقتى.

— راست دەيسەن، تۇردى بەك غەيرەتلىك ئىكەن.

— يەرلىك تەييارلاپ قويماپتىكەنمۇ؟

— مۇساكام ئۆزى ئۇنىمىغانىكەن.

— شۇنداق بولسىمۇ، تۇردى تەييارلاپ قويسا بوپتىكەن.

ئىچ - ئىچىمدىن يىغا تۇتتى، كۆز ئالدىمغا ئاپتاپتا كۆسەيدەك قارىدىغان، يۈزىدىكى تال - تال قورۇقلاردىن تەر قۇيۇلۇپ تۇرىدىغان، ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن ئۈمىد چاقناپ تۇرىدىغان بۇ بوۋاينىڭ كەپىسىدىكى قىزىق - قىزىق چۆچەكلىرى يادىمغا كەلدى. بولۇپمۇ مۇسا بوۋامنىڭ شۇنچە جىق دەرەخلەرنىڭ قايسىنىڭ قاچان تىكىلگەنلىكىنى دەپ بېرىشلىرىنى، ھېلىقى بىز تېرەك كۆچىتى تىكىشىپ بەرگەن چاغدا دەرەخلەرنى

www.uyghurkitap.com

ياشلاشتۇرۇشنىڭ پايدىسىنى سۆزلەپ بەرگەنلىرى، بولۇپمۇ سۆگەت ھەققىدە ئەتراپلىق سۆزلەپ بەرگىنى پات ـ پات يادىمغا كېلىدۇ: «سۆگەت ئاسان تۇتىدۇ، ئەمما چىدامسىز، سەللا سۇيى ئازلىسا چىدىمايدۇ، ئاسان پورلىشىدۇ. ئاق تېرەك تېز ئايىندى دېگىنىمىز بىلەن تېرەك پىتىغا بوزەك بولىدۇ. كۆك تېرەك ھەم سوغۇققىمۇ، ھەم ئىسسىققىمۇ چىدامىلىق، ئەمما ئاسان چوڭ بولمايدۇ، تېرەكلەرنىڭ ماتېرىيالى ياخشى بولىدۇ. جىگدە دەرىخى چىدامىلىق، بىراق ئۇنىڭدىن ياغاچ ماتېرىيالى چىقمايدۇ. ھەممىدىن قۇمغا، شورغا، ئىسسىققا چىدامچانلىقى يۇلغۇن بىلەن توغراق. سىلەرمۇ يۇلغۇن بىلەن توغراقتەك ھەممىگە بەرداشلىق بېرىدىغان ئادەم بولۇڭلار، سۆگەتتەك بولۇپ قالماڭلار...» دەيتتى ئۇ دائىم.

تاڭ ئېتىشى بىلەن تەرەپ ـ تەرەپتىن مېيىت نامىزىغا كەلگەنلەر ئىشىكىمىز ئالدىدىن ئۆتۈپ تۇردى، ئاتاملار تېخى كەلمىگەنىدى. مەھەللىدىكى ئاياللار ئاق كۆڭلەكلىرىنى كىيىشىپ بىر ـ بىرىنى چاقىرىشىپ مېيىت چىققان ئۆيگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. مەن ئاتاملار كەلگۈچە ناشتىلىق تەييارلاپ قويۇش ئۈچۈن، باغچىغا كىرىپ تەرخەمەك ئۈزۈپ چىقىپ پاكىز يۇيۇپ توغراپ تۇز سەپتىم. تۇڭلاتقۇدىن ئاۋۋال گۆش ئېلىپ قويۇپ، ئاندىن پەمىدۇر، مۇچ، پىياز، سامساق ۋە جاڭدۇنى ئېلىپ يۇيۇپ توغرىدىم. مەن گۆشنى تەستە توغراپ قورۇما قورۇپ تۇرۇشۇمغا، ئاپام قوشنىمىز چىنارخان ئاپام بىللە كىرىپ كەلدى. ئاپام مېنىڭ تەييارلىغان قورۇمامنى تېتىپ كۆرۈپ:

— ۋاي، ئالتۇن بالام، قولۇڭ تاتلىق ئادەم

بولغۇدەكسەن، شۇنداق ئوخشىتىپسەن بالام! — دەپ ماختاپ كەتتى. چىنارخان ئاپامۇ تېتىندى ـ دە:

— راست، تەملىك قورۇپسەن. ئەسلىغۇ سەن قىز بالا بولغان بولساڭ ئاپاڭنى بىكارلا قىلىپ قوياركەنسەن، — دېمەسمۇ، تىرىككىنىمدىن ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتىم.

ئاتام ئاش ۋاقتىدىن ئاشقاندا كىرىپ مەھەللىدىكى نۇرغۇن ئادەمنىڭ مۇسا بوۋاينىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنغانلىقىنى دەپ بەردى، بەزىلەر قىلغان يېنىكلىكىگە پۇشايمان قىلىپتۇ. مۇسا بوۋامنىڭ ئورمان ئەھيا قىلىشتىكى ئەجرىگە مېيىت نامىزىنى چۈشۈرگەن ئاخۇنۇممۇ ئادىل باھا بېرىپتۇ.

مۇسا بوۋاينىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، مەھەللىدىكى باللار مۇسا بوۋاينىڭ كەپىسىنى ئىككى قېتىم تازىلاپ، قۇمتاغ ياقىسىدىكى توغراق، يۇلغۇنلىرىنى ۋە بىز تىككەن تېرەكلەرنى سۇغىرىپ قويدۇق.

## 3. ئۈزۈم بايرىمى

بۇ يىلقى ئۈزۈم بايرىمى ئالدىنقى يىللاردىكىدىن داغدۇغىلىق بولىدىغان ئوخشايدۇ، قۇمتاغدىكى ياغاچ سەھنىدە سەنئەتچىلەر كۈندە رېپېتىتسىيە قىلىدىغان بولدى. ئۇلار ئىسسىق يېنىپ، سالقىن چۈشكەندە رېپېتىتسىيە قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ياندۇرغان چىراغلىرى بىز ئوينايدىغان جايلارنىمۇ يورۇتۇۋېتەتتى، ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى كەچتىمۇ ئۈزۈلمەيتتى. دالىيەندىكى مەكتەپنىڭ كېچىكىپ ئوقۇش باشلايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇشال بولدۇم. «چۈنكى، مەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىرىنچىدىن ئاتا ـ ئانا، دوستلىرىم بىلەن ئۇزاقراق تۇرالايمەن، ئىككىنچىدىن، قۇمتاغدا ئۇزاقراق ئويناۋالىمەن، ئۈچىنچىدىن، ئۈزۈم بايرىمىنى كۆرۈۋالىمەن. ھەر يىلى ئۈزۈم بايرىمى كۈنى ئوقۇغاچقا ئۈزۈم بايرىمىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىنى كۆرەلمەي كېلىۋاتاتتىم. ھەي، قانچە يىلدىن بېرى ئۈزۈم بايرىمىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىنى كۆرەلمەي كەلگەنىدىم ـ ھە! بۇ يىل چوقۇم كۆرىمەن» مەن ھويلىدىكى كارىۋاتتا ئۈزۈم بايرىمىنىڭ خىيالىنى قىلىپ ئولتۇرسام ئابلىكىم بىلەن ئابلىز كىرىپ كەلدى.

— نېمە ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك ئولتۇرۇپ كەتتىڭ، — دېدى ئابلىز مېنىڭ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان تۇرقۇمغا قاراپ.

— ھە، كېلىڭلار! ئۈزۈم بايرىمىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىنى خىيال قىلىۋاتىمەن، — دېدىم مەن ھاياجىنىمنى يوشۇرماي.

— ئادەم تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندا بولىدىغان مۇراسىم تۇرسا ئۇ! ھاۋا ئىسسىپ كېتىشتىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈپ بولىدۇ ئەمەسمۇ!

— شۇنداق بولسىمۇ يۇرتىمىزدا، يەنە كېلىپ مەھەللىمىزدە ئۈزۈم بايرىمىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمى ئېچىلىۋاتسا كۆرەلمەيتتىم ئەمەسمۇ؟

— رېپېتىتسىيە ۋاقتىدا كۆرگەن ئويۇننى قويىدۇ شۇ! بۈگۈن نەگە بارىمىز؟ ماۋۇنىڭ مەسلىھەتىنى قىلايلى، — دېدى ئابلىكىم.

— نەگە باراتتۇق، قۇتيارلارنىڭكىگە بارمىساق، پەرقۇزاتلارنىڭكىگە بارىمىز شۇ، — دېدىم مەن پەرۋاسىز ھالدا.

— ياق، مۇسا بوۋامنىڭ كەپسىگە بارايلى، تېرەكلەرنىڭ هارام شېخىنى قولمۇقول يۇتىۋەتمەيمىزمۇ؟ مۇسا بوۋام ۋاپات بولدى، ئەمدى ۋاقتىمىز يەتسە تېرەكلەرگە بىز قاراپ قويمىساق بولمىدى.

— خەقلەر بىرنېمە دېمەسمۇ؟

— نېمە دەيتتى، بىز دېگەن خالىس ياخشى ئىش قىلىدىغان تۇرساق.

— ئەمىسە مەن تەك قايچىسىنى ئېلىۋالاي.

— تۇردى ئاكىدىن بىر سورىۋېتەمدۇق - يە؟

— بۇمۇ بولىدىغان گەپ، مۇسا بوۋامنىڭ ئورمان باقىدىغان ئىشىنى ئۇ ئالغان تۇرسا.

— يۈرۈڭلار ئەمىسە!

بىز ئۇدۇل تۇردى ئاكىلارنىڭ ئۆيىگە كىردۇق، نەچچە كۈندىن بېرى تۇردى ئاكىنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، ئورۇقلاپ قېرىپلا كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. بىز كىرگەندە كەتمىنىنى ساپلاپ ئولتۇرغانىكەن، ئۇ بىزنى لاي سۇپىغا باشلىغاچ:

— قېنى، سۇپىغا كېلىڭلار، — دېگىنىچە بىر پىيالىدىن چاي قۇيدى، ئاندىن كېيىن:

— خوش، بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمىتىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

بىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىۋالغاندىن كېيىن ئابلىكىم:

— قارىساق، بىز مۇسا بوۋام بىلەن تىككەن تېرەكلەرنىڭ هارام شاخلىرى ئۆسۈپ كېتىپتۇ، قوشۇلسىڭىز بىز...

— ياخشى ئويلاپسىلەر باللىرىم، مېنىڭمۇ ئىچىم پۇشۇپ تۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىز تۆردى ئاكا بىلەن خوشلىشىپ تۆگە دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق، ھاۋا تۇتۇق بولۇپ سالقىن ئىدى، ھەممە يەردە بۇ قېتىمقى ئۈزۈم بايرىمىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقانلارنى، باراڭلىق كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپى يېشىل سىرلانغان تۆمۈر رېشاتكىلىق يولدا قەدەمدە بىر دېگۈدەك بايراملىق پىلاكات ئېسىۋاتقانلارنى ئۇچراتقىلى بولاتتى، مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا ساياھەتچىلەر خېلى كۆپ ئىدى. بىز پىلاكاتلاردىكى خەنزۇچە خەتلەرنى ئوقۇپ قۇمتاغ باغرىدىكى ئۆزىمىز ئىسىم قويۇۋالغان قاينار بۇلاق، مىڭ بۇلاق، يېتىم بۇلاق، قۇم بۇلاقلارنى ئارىلاپ زۇمرەت كۆل تەرەپكە ماڭدۇق. يول بويى نەم ۋە زەي يەرلەردە ئۆسكەن چىڭگىلىك، يۆگىمەچلەر ياماشقان جىگدە، تېرەكلەرنى ئارىلاپ تۇرلۇك قۇشلارنىڭ سايراشلىرىغا ھەمراھ بولۇپ، ساياھەتچىلەر تاشلىۋەتكەن ئەخلەتلەرنى تېرىپ ئەخلەت تۇڭلىرىغا تاشلاپ دېگۈدەك زۇمرەت كۆلگە يېتىپ كەلدۇق.

ئىككى مېتىر نېرىسىدا ئالتۇندەك قۇم، ئىككى مېتىر بېرىسىدا سۇيى سۇپسۇزۇك زۇمرەت كۆل. كۆلدە ئۈزۈۋاتقان ئۆردەك، غاز شەكىللىك قولۋاقلار كۆلگە ئالاھىدە ھۆسن قوشقانىدى. ئۈنئالغۇدىن ياڭراۋاتقان ئۇيغۇر خەلق ناخشىسى «شەرۋانىخان» بۇككىدە دەل ـ دەرەخلەر ئارىسىغا تارىدى. بىز كۆلدىن ھوزۇرلانغاندىن كېيىن قۇمتاغقا چىقىپ ياغاچلاردىن ياسالغان يول بىلەن بىرىنچى چوققىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. ئادەتتە بىز بۇ يەردىن كۆپ ماڭمايتتۇق. چۈنكى، بۇ يەر بىلەن ماڭساق ھەم جاپالىق، ھەم يىراق ئىدى.

بىرىنچى چوققىدىن يۇرتىمىزغا قارىدۇق، ۋاھ! رەت ـ رەت ئاق بىنالار يېشىل دەل ـ دەرەخلەر ئارىسىدا ئاق

قۇدەك چىرايلىق كۆرۈنەتتى. بىرىنچى چوقىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئىككى قاسىنىقىدا بۇككىدە دەرەخلەر ئۆسكەن تۇپتۇز شەرقىي ئايلانما يول بولسا، يۇرتىمىزغا ئالاھىدە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. مۇزدەك شامالغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ يۇرتىمىزنىڭ مەنزىرىسىدىن ھوزۇر ئالدۇق. ئابلىكىم:

— شەرقىي ئايلانما يولنىڭ تۈزلۈكى، كەڭلىكى، ئىككى تەرەپتىكى دەرەخلەر، يول چىراغلىرى يۇرتىمىزغا ئاجايىپ گۈزەل ھۆسن قوشۇپتۇ - ھە؟ — دېدى.

— ئەمدى كۆرۈۋاتقاندەكلا سۆزلەيسەنغۇ؟ — دېدىم مەن.

— بۇرۇن ھېس قىلماپتىكەنمەن، يۇرتىمىز ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىكەن جۇمۇ! — دېدى ئۇ يىراقلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي.

— چۈش بولاي دەپتۇ، قورسىقىڭلار ئاچمىدىمۇ؟ — دېدى جاپپار.

— ياق، سېنىڭ ئاچقان ئوخشىمامدۇ؟

— ئاچتى، مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە قورسىقىم ئاچمىدىغانلا بولۇپ قالدى، يېسەم - يېسەم يېگۈم كېلىدۇ، — دېدى جاپپار. ئابلىكىم تاپ باستۇرمايلا:

— ھېلىمۇ ناۋاي بولمايدىكەنسەن، بولمىسا ياققان نېنىڭنى ئۆزۈڭ يەپ بولاركەنسەن، — دېدى.

بىز چاقچاقلىشىپ ساياھەت رايونىنىڭ سەھنىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. بۇ يەردىن چۈشمەك تىك بولغان بىلەن يېقىن ئىدى. ساياھەتچىلەر قۇم ھەيكەللەرنى ئارىلاپ سۈرەتكە چۈشۈۋاتاتتى. ئۇلار يانتاقلىقتا يانتاق يەۋاتقان تۆگىلەرگە ھەۋەس بىلەن قاراپ تۆگىلەرنىمۇ رەسىمگە تارتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا تۆگە يوق بولسا كېرەك. بىز ئۇلارنىڭ كۆك كۆزلىرىگە، ئالتۇندەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىرىق چاچلىرىغا قاراپ، ئىنگلىز تىلىنى ياخشى ئۆگەنگەن بولساق سۆزلەشمەسمىدۇق دەپ كەتتۇق. تۆگە دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، جاپپار:

— ئۆگۈنلۈككە ئۇزۇم بايرىمى، ھەممىمىز بىزنىڭ ئۆيگە يىغىلايلى، ئەتە ئاتام بىلەن چۇنچىگە چىقىپ، چۇنچىنى بىرەر قۇر تەكشۈرۈۋېتىپ كېلىدىغان بولدۇق، — دېدى.

بىز خۇشلىشىپ ئۆيلىرىمىزگە قايتىشتۇق. مەن ئاپامغا ياردەملىشىپ ھويلىدىكى تۆكۈلگەن، چېچىلغان نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ بېرىپ، ھۇجرامغا كىرىپ «ئون بەش ياشلىق كاپىتان» نى ئوقۇشقا باشلىدىم. ھەر يىلى ھېيتلىق پۇلۇمغا كىتاب ئالاتتىم. مېنىڭ بۇ ئادىتىمدىن سۆيۈنگەن ئاتامۇ ئۆزى مۇشتەرى بولغان گېزىت – ژۇرناللارنى ئېلىپ كېلەتتى. مەن «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلى بىلەن «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى» گە مۇشتەرى بولاتتىم. يارئەلى مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى» بىلەن «پەرۋاز» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولىدىغان بولغانىدى. مەن ئوقۇپ بولغان «قاينام ئۇركىشى»، «ئىز»، «تۇلكە رىنات»، «مۇھەببەت تەربىيەسى»... قاتارلىق كىتابلارنى سۇرتكەچ، يازغان كىتاب ئوقۇش خاتىرەمنى ئوقۇپ چىقتىم ۋە «سىرلىق ئارال» نى قايتا ئوقۇشقا باشلىدىم...

بۈگۈن ئۈزۈم بايرىمى. سەھەردىلا ياڭراتقۇلاردىن ناخشا – مۇزىكىلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. مەن ناشتامنى قىلىپ بولۇپلا جاپپارلارنىڭكىگە يۈرۈپ كەتتىم، ئابلىزدىن باشقا قۇتيار، ئابلىكىم، پەرقۇزات، تۇرسۇنلار كېلىپ بولغانىكەن.

— ئاۋۇ ئورۇنلاردا ئىدارە – جەمئىيەتلەرنىڭ

خادىملىرى ئۇلتۇرىدىكەن. بىز ئاۋۇ يەردە تۇرايلى، ئويۇننى كۆرۈپ بولۇپ ساياھەت رايونىغا كىرمەيمىزمۇ، — دېدى جاپپار.

— بولىدۇ، بۇ يەردە تۇرساق، ئاۋاز ياڭراتقۇنىڭ ئاۋازىدا قۇلاقلىرىمىز پاڭ بولۇپ قالمىسۇن يەنە، — دېدىم قوشلاپ ئورنىتىلغان يۇقىرى ئاۋازلىق ياڭراتقۇلارنى ئىشارەت قىلىپ.

— ئەمىسە ئاۋۇ يەردە تۇرايلى، قوغلىسا بىر گەپ بولمامدۇ، — دېدى قۇتيار.

بىردەمدىلا مەيدانغا ئادەملەر لىق تولدى. رەھبەرلەر سەھنىدە ۋە سەپنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى. ھاكىم ئۇزۇم بايرىمى باشلانغانلىقىنى جاكارلىغاندا ناغرا - سۇناي ساداسى ئىچىدە، ئاسمانغا توپ - توپ كەپتەرلەر قويۇپ بېرىلدى، رەھبەرلەرنىڭ سۆزى تۈگىشىگە، ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىدىكى ئارتىسلار ئويۇن قويدى. ھاۋا ئاستا - ئاستا ئىسسىشقا باشلىدى، ئادەملەر باشلىرىغا قولىدىكى تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى سايىۋەن قىلىپ ئويۇن كۆرمەكتە ئىدى، يەنە بىرلىرى بىرلەپ - ئىككىلەپ ئۆزىنى سايىگە ئالاتتى. بىز ئويۇن تۈگىشىگە دەرۋازىدىن قىستىلىپ كىردۇق. ۋاھ! تۇرلۇك سودا ئۆمەكلىرى قىزىل شەلپەر تاقاپ ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ ساياھەتچىلەرگە تەشۋىقات ۋەرەقلىرىنى بېرەتتى. ئۇزۇم مەھسۇلاتلىرى ۋە ھەر خىل سورتلۇق ھۆل ئۇزۇملەرنى ساتماقتا ئىدى. قۇرۇق ئۇزۇمنىڭ باھاسى ئادەتتىكى باھادىن بىر ھەسسە ئۆرلەپ كەتكەنىدى. ساياھەتچىلەر بىر جىڭدىن، ئىككى - ئۈچ يۈز گىرامدىن ئېلىپ ماڭاتتى. بىز قۇمبۇلاقنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بولاق سۇيىدىن ئىچكەچ مۇنازىرە قىلىشتۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئۆزۈم بايرىمىدا ئۆزۈم مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازىرى بولامدىكىن دېسەم، ھۆل ئۆزۈم، قۇرۇق ئۆزۈمدىن باشقا نەرسە كىرمەيدىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا نەرسە ئىشلەپچىقارسا بولامدىغاندۇ؟ — دېدىم.

— شۇنى دەيمەن، ئەگەر سېنىڭ جىق پۇلۇڭ بولسا ئۆزۈمدە قانداق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغان بولاتتىڭ؟ — دېدى جاپپار.

— ھەربىر ئۆزۈم سورتىدىن بىر خىل ساپ ئۆزۈم سۈيى ئىچىملىكى چىقىرىپ گۆدەكلەر تىپى، ئۆسمۈرلەر تىپى، چوڭلار تىپى، ئۆزۈم قىيامى، ئۆزۈم قوشۇلغان بولكا، ئۆزۈملۈك شاكىلات... ئىشلەپچىقارغان بولاتتىم، سەنچۇ؟ — دېدىم مەن.

— مەن دەپ باقاي، — دېدى پەرقۇزات، — مەن ئۆزۈم كونسېرۋاسىنى ئۇنداق ئاددىي قىلماي، ئۆز تەمى، ئۆز رەڭگى بىلەن ساقلايدىغان ئۇسسۇل تاپقان بولاتتىم.

— مەن بولسام ئۆزۈم ئەمەس، جۈجەم شىرنىسى، جۈجەم جەۋھىرى، جۈجەم ئىچىملىكى ئىشلەپچىقىرىپ ئۆزۈم بايرىمىدا ساتقان بولاتتىم، — دېدى قۇتيار.

— «كاللا دېسە پاقالچاق» دېگەندەك، ئۆزۈمنىڭ گېپىنى قىلىۋاتساق نېمە جۈجەمنىڭ گېپىنى قىلىپ يۈرىسەن، — دېدى جاپپار قۇتيارغا قاراپ.

— شىرئەلى بىلەن قۇتيار دەيدىغاننى دەپ بولدى، بۈگۈن قارىسام جۈجەمدىن ئىشلىگەن ھېچنېمە يوق ئىكەن، دەپ باقتىم، — دېدى قۇتيار.

بىز ئۆزۈم بايرىمىدا كۆرىدىغان نەرسىلەرنى كۆرۈپ، قومتاغدا بولىدىغان چېلىشىشقا كېچىكىپ قالغانىدۇق. چېلىشىشنى كۆرۈپ جاپپار چىدىماي قالدى.

— ھەي، بايا قومبۇلاقتا قۇرۇق پاراڭلىشىپ

ئولتۇرغۇچە نېمىشقا بۇ يەرگە كەلمىگەن بولغىيتتۇق. ئىسىت، مەنمۇ بىر ـ ئىككى لۆڭگە ئالماسمىدىم.

ــ بۇ يەردە چېلىشىش بولىدىغانلىقىنى كىم بىلىپتۇ دەيسەن، ــ دېدىم مەن ئۇنىڭ مەيۈسلىنىۋاتقانلىقىغا قاراپ.

ئۈزۈم بايرىمىنى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدۇق. ئىچكىرىگە ماڭىدىغان كۈنلىرىم بارغانچە ئاز قېلىۋاتاتتى. ئاپام ماڭا كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەخلەپ كۈندە دېگۈدەك بىر قېتىم رەتلەيتتى. مەن بولسام ئۆزۈم تونۇمايدىغان باللار بىلەن يىراق شەھەر ــ دالىيەنگە بېرىپ ئوقۇشنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ ئۆزۈمدىن ئەنسىرەپ، «باشقا باللاردىن ئارقىدا قالسام قانداق قىلارمەن» دەپمۇ ئۇزاق ئويلايتتىم. بەزىدە خىمىيە، فىزىكا دەرسلىرىنى تەكرار قىلىپ، قىيىن دەپ قارىغان مەسىلىلەرنى ئىشلەپ باقاتتىم.

## 4. ئۈزۈم ئۈزۈش

ئاۋغۇست ئېيى يۇرتىمىزدا ئۈزۈم پىششىقى. بىراق، كىشىلەر سېنتەبىر ئېيىنى كۆرمەي ئۈزۈم ئۈزمەيدۇ. چۈنكى، ئۈزۈم شەربىتىگە توشقاندا بەش كىلوگىرام ھۆل ئۈزۈمدىن بىر كىلوگىرام قۇرۇيدۇ. مۇبادا سەللا بالدۇر ئۈزۈپ قويسا ئالتە ـ يەتتە كىلوگىرام ئۈزۈمدىن بىر كىلوگىرام ئۈزۈم قۇرۇيدۇ. لۈكچۈن تەرەپلەردە بولسا، 15 ـ ئاۋغۇستنىڭ ئالدى ـ كەينىدىلا ئۈزۈم ئۈزۈشنى باشلىۋېتەتتى. نەچچە يىل بۇرۇن بوۋام بىلەن تۇغقانلارنىڭكىگە ئۈزۈم ئۈزۈشۈپ بەرگىلى بارغاندا شۇنى بىلىۋالغانىدىم. لۈكچۈندە شىمالغا قارىسا چوغدەك قىزىل

ئىدىقۇت تېغى، ئۇنىڭمۇ نېرىدا ئاقباش تەڭرىتاغلىرى، شەرق تەرەپتە بولسا ئالتۇنۇدەك جۇلالىق قۇمتاغ كۆرۈنەتتى. لوكچۇندىمۇ قۇمتاغ ھەققىدىكى رىۋايەتلەر كۆپ بولۇپ، ئاساسەن بىزنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى.

مەن ئاتام بىلەن تەكلىككە بېرىپ ئۈزۈملەرنى تېتىپ كۆردۈم.

— ئاتا، مەن ئوقۇشقا ماڭغۇچىلىك ئۈزۈم ئۈزسەك بولاتتى. بىر كىشىلىك ئىش قىلسام بىر كىشىلىك پۇل تېجىلىدۇ ئەمەسمۇ، — دېدىم مەن ئاتامغا.

— شەربىتىگە توشمىغان ئۈزۈمنى ئۈزسەك بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈنچىنىڭ ئىشىكىنى ئوڭشايدىغان ئىش بار. ئەتە دەم ئېلىش كۈنى، چۈنچىگە چىقىپ چۈنچىنى بىرەر قۇر تازىلاپ، ئۈزۈلگەن، سۇنغان چاققا، سىم پەردىلەرنى بىرەر قۇر رېمونت قىلىۋەتمىسەك بولمايدۇ، — دېدى ئاتام.

— ئەمىسە ئەتە چىقايلى، مەنمۇ بىكار بولغاندىكىن ساڭا ياردەملىشىمەن ئەمەسمۇ.

— ياق، سېنى ئەمدى ئۇنداق ئىشلارغا سالمايمەن، بالام! مەن كىچىككىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە داڭلىق ئالىي مەكتەپتە ئوقۇسام دەپ ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم. سەن مېنىڭ ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرغان نوچى ئوغلۇم تۇرساڭ، سېنى قانداقمۇ ئۇنداق ئىشلارغا سالاي، بالام.

— ۋاي - ۋۇي، ئادەمنى تولا خىجىل قىلمىساڭچۇ، ئاتا. ئۆزۈڭ ئوغۇل بالا دېگەن ھەممە ئىشقا پىشىشى كېرەك دەيتتىڭغۇ؟ ئۇ ئىشنى مەن قىلىپ باقمىغاندەك گەپ قىلىدىكەنسەن.

— بولىدۇ، ئەتە چۈنچىگە چىقايلى.

بىزنىڭ چۈنچىلەر شاماللىق بولىدۇ دەپ ئىدىقۇت

تېغىنىڭ شەرقىي تۇمشۇقىدىكى ئېدىرلار ئۈستىگە سېلىنغان بولۇپ، تەكلىك بىلەن ئارىلىقى خېلى بار ئىدى. ئەگەر چۈنچىنى مەھەللە ئىچىگە سالساق، ئۈزۈم ئاسان قۇرۇمىسىغۇ مەيلى، يېشىل قۇرۇماي، قارا قۇرۇپ قالاتتى.

ئاتام ئىككىمىز موتوسىكلىت بىلەن چۈنچىگە بېرىپ يېرىم كۈندە ھەممە ئىشنى تۈگەتتۇق. چۈنچىلەردە ئارىلاپ - ئارىلاپ ئادەملەر ئۆز ئىشلىرى بىلەن ھەلەك ئىدى، ئۈزۈم ئۈزۈپ ئېسىۋاتقانلارنىمۇ ئۇچراتتۇق.

— قارا، ئەنە خەق ئۈزۈم ئۈزۈپ ئېسىۋاتامدۇ، مەن ئوقۇشقا ماڭغۇچىلىك ساۋاقداشلىرىمنى چاقىرسام ئىككى كۈندە ئۈزۈپ بولىمىز.

— بۇ يىلقىغۇ ئىسسىق تازا بولدى، ئۈزۈملەر شەربىتىگىمۇ تولدى. ئۈزسەكمۇ بولامدۇ، نېمە؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە ئادەم ئۈزۈم ئۈزۈشنى باشلىۋەتسە، ئۈزۈم ئۈزدۈرىدىغانغا ئادەم تېپىلماي قالىدۇ. سەن 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يولغا چىقىسەنغۇ؟ 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن باشلاپ ئۈزسەك ئۈچ كۈندە ئۈزۈپ بولىمىز، ئۈزۈم ئۈزۈپ بولۇپلا ماڭساڭمۇ بولامدۇ - يە!

— بولمايدىغان نېمىسى بار، ئاتا؟ تازا بولىدۇ.

— ئەمدى چوڭ بوپسەن، ئوغلۇم. ئاپاڭ ئىككىمىزنى جاپا تارتىپ قالمىسۇن دەپ شۇنداق دەۋاتىسەنغۇ؟ رەھمەت بالام.

شۇنداق قىلىپ ئاتاملار مېنىڭ مەسلىھەتىم بىلەن ئۈزۈمنى بەش كۈن بۇرۇن ئۈزۈشكە قوشۇلدى.

بوۋام مېنىڭ بۇ پىلانىمغا سەل نارازى ئىدى. چۈنكى، ئۈزۈم بۇرۇن ئۈزۈلسە جىڭ باسمايدۇ دەپ گېپىدە چىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇردى، نېمىلا دېگەنبىلەن ئىشقا پىشقان دېھقان ـ دە!
چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ كىچىك ئاتامالارنىڭ
ئۆيىدىكى سېۋەتلەرنى يۇيۇپ سايپىغا قوشنىلارنىڭ
سېۋەتلىرىگە ئارىلىشىپ كەتمىسۇن دەپ لاتا چىگىپ
قويدۇم. بىزنىڭ ئۆيدىن، راشىدىن كىچىك ئاتامالارنىڭ
ۋە قوشنىمىز ساتتار ئاكامالارنىڭ ئۆيىدىن بولۇپ يۈز
يىگىرمە سېۋەت تەييارلىدۇق. مەن كەچتە
ئابلىكىملەرنىڭكىگە باردىم، ئابلىكىم كېلىشتىكى
مەقسىتىمنى ئۇققاندىن كېيىن:
— نېمانچە بالدۇر ئۈزىسىلەر؟ — دېدى.
— مەن ئوقۇشقا ماڭغۇچىلىك ئۈزۈملەرنى ئۈزۈشۈپ
بېرەي دېدىم.
— سەن ئوقۇشقا كەتسەڭمۇ بىز ياردەملىشەتتۇق
ئەمەسمۇ؟!
— سىلەرنىڭمۇ تەك جىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۇنەر
ئۆگىنىمەن دەيسەن.
— ۋاي ـ ۋۇي، نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىكەنسەن،
ئاتامالار تېخى بىر نېمە دېمىدى.
— ئۇنداق بولسا ئەتە بىزنىڭكىگە بارىسەن ـ ھە؟
— ئەلۋەتتە بارىمەن، جاپپار، ئابلىز، قۇتيار،
پەرقۇزاتلارغا دېدىڭمۇ؟
— ياق تېخى.
— يۇر، بىللە بارايلى. باھارگۈل بىلەن ئالىيەلەرمۇ
بارسۇن، بىر مەھەللىلىك تۇرۇپ بىرەر كۈن ئۈزۈم
ئۈزۈشۈپ بەرمىسە قانداق بولىدۇ؟
— قىزلار بارمىسۇن، ئۇلار بىلەن ئانچە ئارىلىشىپ
ئۆتمىسەك ـ يە!
— گەپ شۇ يەردە، مۇشۇنداق ئىشلاردا بىز

چاقىرىۋالمىساق، قانداق ئارىلىشىپ ئۆتىمىز؟ قىزلار ئۆزۈم ئۈزۈشكە ئۇستا.
ئابلىكىم ئىككىمىز دوستلارنىڭكىگە بېرىپ ئىشنى پۈتكۈزۈپ كەلدۇق.
ئاپام ئەتە سەھەردە ناشتىلىقتا ئىسسىق پوم سالاي دېگەن چېغى خېمىر يۇغۇرۇۋاتاتتى، ئاپام ئەنە شۇنداق تىنىم تاپماي ئىشلەپ بىزنى گۇلدەك باقماقتا ئىدى، تۇرۇپلا ئاپامغا ياردەملەشكۈم كەلدى. بىراق، ئاپامنىڭ قەتئىي ئۇنىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ھۇجرامغا كىرىپ كەتتىم.
• سەھەردىلا ئاغىنىلىرىم كەلدى، ئۈزۈم ئۈزۈش باشلىنىپ، بىرەر سائەت بولا ـ بولمايلا سېۋەتلەرنىڭ يېرىمىغا دېگۈدەك ئۈزۈم ئۈزۈپ بولدۇق.
ــ شەرىپىدىن ئاتا، ئۈزۈمىڭلار تازا ئوخشاپتۇ جۇمۇ! سېۋەت قويغان جايدىلا توشۇۋاتىدۇ. قارىغاندا ئۈزۈم ئاسىدىغانلار ئۆلگۈرتەلمەيدىغان ئوخشايدۇ، كىملەر ئاسىدۇ، ــ دەپ سورىدى جاپپار.
ــ ئاتام، راشىدىن، تۇرسۇنخان ئۇچى ئاسىدۇ.
ــ كىم توشۇيدۇ، سېۋەت ئۆلگۈرمەي قالغۇدەك.
ــ راست دەيسەن، بالام، ساتتاركامنىڭ ئوغلى سالامجان توشۇپ بەرمەكچىدى، كېلەلمەيدىغۇ؟
ــ ئەنە كەلدى. مەن سېۋەتلەرنى تىراكتورغا سېلىشىپ بېرەي.
بىز يېرىم كۈندىلا بىر سول ئۈزۈمنى ئۈزۈپ بولدۇق. ئۈزۈمىمىزنىڭ ئوخشىغانلىقىدىن ھەممىسى خۇشال ئىدى. جاپپار دېگەندەك سېۋەت يېتىشمەي قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىك ئاپاملار تۆتەيلەنمۇ ئۈزۈم ئۈزۈشۈپ بېرىشكە كەلگەنىدى. ئابلىكىم ئۆيىدىن ئەللىك سېۋەت،

ئابلىز يەتمىش سېۋەت ئېلىپ چىقتى. بىز ئۈزۈم ئۈزگەن شۇ كۈنلەردە ئىسسىق تازا بولدى، تەر دېگەن قۇمغا كۆمۈلگەندىكىدەك قۇيۇلاتتى، ئاپتاپ چۇمۇلىدەك چاقاتتى. باراڭ ئاستىدىكى ئۈزۈمنى ئۈزگەندە ئاپتاپ چاقمىغان بىلەن دىمىق ئىسسىق ئىدى. ئۇنى ئاز دەپ بوران توپىسى تەك يوپۇرمىقىدىن چۇشۇپ، تەر كىيىملەرنى لاي قىلىۋەتتى. ئىسسىقتا ئۈزۈم ئۈزۈشنىڭ جاپاسىنى تازا تارتتۇق، ھەممىمىز تەك ئاستىدا ئارام ئېلىۋاتقاندا قۇتيار:

— ئەتە سەھەررەك تۇرۇپ، ئۈزۈمنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان چاغدىلا كېلىپ ئۈزسەك بولغۇدەك، نېمە بۇ؟ قاراڭلار، تەر قۇيۇلۇپ تۇرغان، بوران توپىسىنىڭ ئېچىشتۇرۇشى، كۆن نۇرىنىڭ سانجىشچۇ تېخى! — دېدى.

— تەك ئاچماق، كۆممەكنىڭ تەسلىكىگە قارىغاندا ئۈزۈم ئۈزۈش ئاساندۇر، — دېدى جاپپار.

— تەك ئېچىشمۇ، كۆمۈشمۇ ئۈزۈم ئۈزۈشتىن ئاسانمىكىن دەيمەن. ئۈزۈم ئۈزۈشنى ئاسانلاشتۇرىدىغان ئۇسۇل تېپىلسا بولاتتى.

— ئۈزۈم ئۈزۈپ باقمىغان ئادەم سېنىڭ ئۈزۈم ئۈزۈپ قىينىلىۋاتقانلىقىڭنى بىلمەيدۇ، سەن ئۆزۈڭ ئاسان ئۈزۈش ئۇسۇلىنى ئىزدەنمىسەڭ، بىركىم ساڭا تېپىپ بەرمەيدۇ، — دېدى ئاتام.

— ھەي، ئۆز ۋاقتىدا ئوبدان ئوقۇماپتۇق. شىرئەلى، سەن ياخشى ئوقۇغاندىكىن، تەك كۆمۈش، ئېچىش، ئۈزۈم ئۈزۈشنىڭ يېڭى يوللىرىنى تاپ جۇمۇ، ئاداش! نېمە بۇ جاننى قىيناپ.

يۈز - كۆزىمىزنى يۇيۇپ ئاپام ئەتكەن مانتىنى

ئىشتىها بىلەن يەپ بولۇپ، دەرەخ سايىسىدىكى كۆك قۇمدا ئېغىناپ يېتىپ ئارام ئالغاندىن كېيىن يەنە ئۈزۈم ئۈزۈشكە كىرىشىپ كەتتۇق. بىزنىڭ ئۈزۈم ئۈزۈشىمىزگە ئەگىشىپ مەھەللىمىزدە ئۈزۈم ئۈزىدىغانلار كۆپەيگىلى تۇردى.

— ھەي، شەرىپىدىن مۇئەللىم، سىز قائىدىنى بۇزۇپ ئۈزۈم ئۈزۈشنى بىر ھەپتە ئالدىغا سۈرۈۋەتتىڭىز، — دېدى لېتىپ ئاكا ئۈزۈم يەپ ئولتۇرۇپ.

— شۇ ئەمەسمۇ، ئۈزۈم شەربىتىگە توشۇۋالسا بولاتتى، — دېدى يەنە بىرى.

— بۇ يىل ئىسسىق ھەرقانداق يىللاردىكىدىن بەك بولدى، ئىسسىق قاتتىق بولغان يىللىرى ئۈزۈمنىڭ پىششىمۇ بالدۇر بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىرئەلى، مەن ئوقۇشقا مېڭىشتىن بۇرۇن ئۈزۈم ئۈزۈشۈپ بېرەي دەپ تۇرۇۋالدى، — دېدى ئاتام.

— راست، ئىسسىق بەك بولدى، ئۈزۈممۇ يىللاردىكىدىن بۇرۇن چېكىلدى.

— ياراملىق ئوغۇل دېگەن شۇنداق ئاتا - ئانىسىغا كۆيۈنىدۇ، شىرئەلىنى مەكتەپتە ياخشى ئوقۇيدۇ دەپ ئاڭلىغان. مانا ئۆيگىمۇ كۆيۈنىدىغان ئوبدان بالا بوپتۇ ئەمەسمۇ! — دېدى نىياز ئاكام.

— بۇ يىل ھۆل ئۈزۈمنىڭ باھاسىمۇ ئالاھىدە ياخشى دەيدۇ، قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ باھاسىمۇ ئىلاھىم ياخشى بولۇپ قالسىتى!

— ئۆتكەن يىل بىر كىلو قۇرۇق ئۈزۈم ئون يۈەنگە چىقمىغانىدى، بۇ يىل ئون يۈەنگە چىقسۇن جۇمۇ!

ئۈزۈم باھاسىغا كەلگەندە ھەممىسىنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. نېمىشقا دېسە، مۇشۇنداق مىڭبىر جاپادا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىشلەپچىقارغان ئۆزۈمنىڭ باھاسى تۆۋەن بولسا قىلغان ئەمگىكىگە ئىچى ئاغرىيدۇ ـ دە، ئادەمنىڭ!

ئىككى يېرىم كۈندە ئۈزۈمىمىزنى ئۈزۈپ بولدۇق. ئەگەر ئون نەچچە ئادەم ئۈزمىگەن بولساق ئاپاملار ئون كۈندىمۇ ئۈزۈپ بولالمايتتى. دوستلىرىمغا رەھمەت ئېيتىپ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشەلمەيدىغانلىقىمغا ئۆكۈندۈم. چۈشتىن كېيىن ئۆستەڭگە بېرىپ يۇيۇنۇپ بولۇپ تارقالدۇق. ئاتام كەچتە يۈز يۈەن پۇل تۇتقۇزۇپ:

ــ كەچلىك بازارغا بېرىپ دوستلىرىڭنى ئوبدان بىر مېھمان قىلىپ قوي، ــ دېدى.

ــ بولدى، ئۇلار ئۇنىماسمىكىن؟ ــ دېدىم مەن.

ــ ئۇنىسا ـ ئۇنىمىسا ئۇلارنى باشلاپ بېرىپ توخۇ كاۋىپى، قومقازان شورپىسى، كاۋاپ، ئۆپكە ـ ھېسىپ... قاتارلىق تائاملاردىن ئېلىپ مېھمان قىل، ئۇلار بەك جاپا تارتتى.

مەن يەنە ئابلىكىملەرنىڭكىگە يۈرۈپ كەتتىم. ئابلىكىم ئۇنىماي تۇرۇۋالدى، مەن: «سەن باشقىلارنى چاقىرىشقا بارمىساڭ ئۆزۈم بارىمەن» دەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىنلا، ئۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن ماڭدى.

كەچلىك بازاردىن خالىغان تاماقنى يەپ ئاشقىنىغا سوغۇق ئىچىملىك ئىچىپ يېنىپ كەلدۇق.

## 5. خەير ـ خوش قۇمتاغ ئانا

مېنى ئۈزۈتىشقا تۇغقانلار ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى. ئۆيىمىز قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى، بىراق مېنىڭ قەلبىمدە بولسا غېرىبلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە

ئىدى. مەھەللىدىكى يېقىن دوستلىرىمنىڭ بەزىلىرى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇمايدىغان بولۇپ قالغانىدى، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ھەربىر ئوقۇش مەۋسۇمىگە تۆلەيدىغان ئوقۇش پۇلى ئېغىر كەلگەنىدى. ئاتام: «ھەي، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئۇنداق قىلمىسا بولاتتى، ئادەم دېگەن ئۆز بالىسىغا كۆڭۈل بۆلمىسە قانداق بولىدۇ. ئادەم دېگەن بالىغا، بالا تەربىيەلەشكە سالغان مەبلەغكە ئىچ ئاغرىتماسلىقى، ئەكسىچە كۆپلەپ مەبلەغ سېلىشى كېرەك. مانا قارا، ئۆز ۋاقتىدا بىزنىڭ ئەترەتتە ئادەم كۈچى جىددىي ئەھۋالدىمۇ بوۋاڭ مېنى نومۇر ئالسۇن دېمەي ئوقۇتتى. شۇ چاغدا مېنىڭ دوستلىرىم ئەترەتتە ئىشلەپ چوڭلاردەك نومۇر ئېلىپ يىل ئاخىرىدا ئائىلىسىگە كۆپ دارامەت كەلتۈرەتتى. بوۋاڭ: ‹ئوقۇ بالام، ئادەم ئوقۇمىسا بولمايدۇ› دەپ ئوقۇتتى. مانا، تۆت تەڭگىنىڭ ئىگىسى بولۇپ، پۇلدىن قىسىلماي كېتىۋاتىمەن. ئايدا قولۇمغا پۇل كېلىدۇ... بىزنىڭ بۇ يەردىكى بەزى خەق بالىلىرىنى ئوقۇتمايدۇ. مەن ئىشلەيدىغان ئوتتۇرا مەكتەپتىن سىلەرنىڭ مەكتىپىڭلارغا كېلىپ ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارمۇ، مەكتەپنىڭ ياتاق پۇلى، تاماق پۇلىنى تۆلىيەلمەي ئون نەچچە كىلومېتىر يولنى ۋېلىسىپىت بىلەن قاتنايدىغان ئوقۇغۇچىلارمۇ بار. ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا سىلەرگە نېمىتى بۇ يول. ئۇلارنىڭمۇ نومۇرى توشماي پىلان سىرتىدا بولسىمۇ ئوقۇيمىز دەۋاتىدۇ. نېمىشقا ئوقۇيدۇ؟ كەلگۈسىمىز پارلاق بولامدىكىن دەپ، بىلىم ئالساق كۈنىمىز ياخشى ئۆتەمدىكىن دەپ ئوقۇيدۇ.»

قومۇتاغقا قارىساملا ئىچ ـ ئىچىمدىن يىغلىغۇم كېلىدىغان بولۇپ قالدىم، نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم كۆپ ئۆتىدىن كېيىن قۇمتاغقا قانداق كۆرۈنەتتى. بۇرۇن دوستلىرىم بىلەن بىللە بارغان بولسام، ئەمدى يالغۇز باراتتىم. يۇمشاق، پاكىز، مېھرى ئىسسىق ئالتۇندەك قۇم. بىزنى قوينىدا پەپىلەپ، كۆلدۈرۈپ، ئويناتقان، گۈزەل ئارزۇلارغا باشلىغان سېھىرلىك قۇم. مېنىڭ باللىقىمنىڭ تەگدىن تولىسىغا گۇۋاھ بولغان، شادلىقىم ۋە خاپىلىقىمنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ئالتۇن قۇم... ئەنە، قۇمدا ئىككى ـ ئۈچ ياشلاردىكى ئوماق نەچچە بالىنى ئاتا ـ ئانىلىرى ئويناتتىۋاتىدۇ. ئاتا ـ ئانام مېنىمۇ شۇ يېشىمدىن باشلاپ مۇشۇ قۇمدا تاي ـ تايلاتقان، مۇشۇ قۇمدا ئويناتقان...

كۈز پەسلى بولغاچ قۇمتاغدا سەھەر ـ كەچلەردە ئادەم يوق دېيەرلىك ئىدى. مەن ئورمان ئىچىدە يالغۇز مېڭىپ دوستلىرىم بىلەن بىللە سۇغا چۆمۈلگەن ئۆستەڭ، كۆللەرگە بېرىپ ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈن خىيال سۈردۇم، سۇيىنى ئوچۇملاپ ئىچكەن زۇمرەت سۇلۇق بۇلاقلارغا قاراپ يىللارنىڭ تېز ئۆتكىنىگە ئۆكۈندۈم. مۇشۇنداق ئالتۇن دىياردىن يىراققا ئۇقۇشقا بېرىشقا كۆزۈم قىيمايۋاتاتتى. خىيالىم قاناتلانغانسېرى يۇرتۇمغا، بولۇپمۇ قۇمتاغقا بولغان مۇھەببىتىم كۈچەيمەكتە ئىدى. ساياھەت رايونىدىكى خادىملارنىڭ ئۆستەڭ ئىچىدىكى يوللارغا ياغاچ تاختاي ئورنىتىپ كېڭەيتىۋاتقانلىقىنى، قېرى، پور، قۇرۇپ كەتكەن دەرەخلەرنى ياشلاشتۇرۇش پىلانى تۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خۇشال بولدۇم. بۇلارنى مۇسا بوۋام كۆرگەن بولسا

قانچىلىك خۇشال بولاربدى ـ ھە؟! ئەنە، قۇمتاغ ئىچىنى ئايلىنىشقا خىشتىن يول ياساشقا تۇتۇش قىلىنىۋاتىدۇ. ساياھەت رايونىدىكى خادىملارنىڭ ساياھەتچىلەر ئازلىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىزنىڭ بۇ يەرنى تېخىمۇ جەلپكار قىلىشىدا گەپ يوق. شۇغىنىسى، مەن يىلدا ئاران بىر قېتىم كېلەلەيمەن. ئەتىيازدا قۇمتاغدا لەگلەك ئۇچۇرالمايمەن؛ قىشتا قار تېپىلالمايمەن، دوستلىرىم بىلەن توشقان قوغلىيالمايمەن... ھەي...

كەچكە يېقىن ئابلىكىم بازاردىن يانغاچ بىزنىڭكىگە كىرىپ كەلدى، ئابلىكىمگە يەنە كۆننىڭ چىقىشىنى بىللە كۆرۈش ئويۇم بارلىقىنى ئېيتتىم. ئابلىكىم خۇشاللىق بىلەن:

ــ ئابلىز، جاپپار، قۇتيار، پەرقۇزاتلارنى چاقىرايلى، قۇمتاغقا بىللە چىقايلى. قۇمتاغدا قۇملۇقتىن كۈننىڭ چىقىشىنى كۆرۈش ھەقىقەتەن كۆڭۈللۈك، شۇغىنىسى سەھەردە ئۇيقۇنى ئېچىش ئادەمگە تەس كېلىدۇ دېگىنە! ــ دېدى.

ــ رەھمەت ئاداش، ئۆزۈمچە قۇمتاغقا قىيالمايۋاتىمەن، ــ دېدىم.

ــ تەتىلدە كېلىسەن ئەمەسمۇ؟ يەنە بىللە چىقىمىز ئاداش.

ــ قىشلىق تەتىلدە كېلەلمەيدىكەنمىز، پەقەت يازلىق تەتىلدە بىرلا قېتىم كېلىدىكەنمىز.

ــ مەيلى، كۆنىسەن. بىز ئوقۇيمىز دەپمۇ ئوقۇيالمايمىز، ئۇ چوڭ شەھەردە بىز ئۇچۇن بولسىمۇ تىرىشىپ ئوقۇمىساڭ بولمايدۇ. ئۇنداقتا مەن جاپپارلارغا دەپ قويىمەن، ئەتە سائەت تۆت بىلەن ئورنىمىزدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ تۆگە دەرۋازا ئالدىدا يىغلايلى، بولمىسا چوققىغا چىققۇچىلىك كۈن چىقىپ بولىدۇ. بالدۇر ئۇخلا، سەھەر سوغۇق، قېلىنراق كىيىۋال ئەمىسە.

ئابلىكىم ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ كەتتى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ياتاق ئۆيۈمگە كىرىپ كىتاب ئوقۇشنى لايىق تاپتىم، ياتاق ئۆيۈمدىكى كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ بولغان كىتابلار ئىدى. ئاتام مۇشتەرى بولغان ژۇرناللاردىن «تۇرپان» ژۇرنىلى بىلەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ تەتىلدە كەلگەن سانلىرىنى ئالدىنقى ھەپتە ئېلىپ كەلگەنىدى. تاللاپ ئوقۇپ ئۇلارنىمۇ ئوقۇپ بولاي دېدىم. «تارىم غۇنچىلىرى» بىلەن «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى» نىڭ 7 ـ، 8 ـ ئايلىق قوشما سانىنى يارئەلى ئىككىمىز تالىشىپ تۇرۇپ ئاللىقاچان ئوقۇپ بولغانىدۇق. يەنىلا «يۈز مىڭلىغان نىمە ئۈچۈن»دىكى پەننىي بىلىملەر ياخشى ئىكەن. دالىيەنگە بارغاندا قىينىلىپ قالماي دەپ شۇ كىتابنى قايتا ئوقۇدۇم. يارئەلى كىرىپ ئۇنى ـ بۇنى سوراپ تۈزۈك ئوقۇغىلى قويمىدى. ئادەتتە بۇنداق ۋاقىتتا ئۇنى ئۆگىنىش قىل ياكى كىتاب ئوقۇ دەپ گەپ ئاڭلىتالمايتتۇق. قارىغاندا ئۇ ماڭا قىيمايۋاتقان بولسا كېرەك، مېنى رەنجىتمىدىغان گەپ ۋە قىلىق قىلمايۋاتاتتى. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئالتە يىل، تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئۈچ يىل تىرىشىپ ئوقۇدۇم. تولۇق ئوتتۇرىدا يەنە ئۈچ يىل تىرىشىپ ئوقۇسام، نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپكە نىمىشقا ئۆتمىگۈدەكمەن؟ ياق، ئاتا ـ ئانام بىلەن بىللە تۇرۇپ ئوقۇي، ئەتىلا دالىيەنگە بارمايدىغانلىقىمنى دەي... ھەي، ئاتام ئالىي مەكتەپتە

ئوقۇيالماي مېنى ئوقۇتمەن دەيدۇ. ئۆزىمۇ دارىلمۇئەللىمىننى پۈتكۈزۈپ بىر ئوبدان ئىشلەۋاتامدۇ ئەنە! دالىيەنگە بارسام مېنى، ئۇنداق قىل، مۇنداق قىل دەيدىغان ئاپام، بىلەلمىگەن جايلىرىمنى سوراي دېسەم ئاتام، پات ـ پات مېنى خاپا قىلىپ ئۆزى خۇشال بولىدىغان يارئەلى يوق ـ دە! دوستلىرىمنى دېمەيلا قوياي. قۇمتاغ ئورنىغا كۆپكۆك دېڭىز بار. دېڭىزنىڭ مېھرى ماڭا قۇمتاغدەك بولارمۇ؟ ساۋاقداشلىرىم ئابلىز، ئابلىكىم، جاپپار، قۇتيار، پەرقۇزات... لاردەك ئېجىل بولارمۇ؟...

سەھەر سائەت تۆتتە ئويغىنىپ كەتتىم، تالا سوغۇق ئىدى، چاپىنىمنى كىيىپ تۆگە دەرۋازا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتىم. مەن تۆگە دەرۋازىغا كەلسەم ئابلىكىم، ئابلىز، قۇتيار، جاپپار، پەرقۇزاتلار كېلىپ بوپتۇ. بىز سالاملاشقاندىن كېيىن سەھەردە چىنىققۇچىلار بىلەن قۇمتاغ تەرەپكە يۈرۈپ كەتتۇق.

ــ سەھەر ئەجەب سوغۇق بولۇپ قاپتۇ، چاپان كىيىۋالسامۇ توڭلاۋاتىمەن،ــ دېدى ئابلىز ئاۋازىنى تىترىتىپ.

ــ ھېلى كىچىك بالىدەك ھېچ تۇتمىسۇن، چاپىنىمنى سېلىپ بېرەيمۇ ـ يە،ــ دېدى جاپپار ئابلىز بىلەن چېقىشىپ.

ــ سال دېسەم چاپىنىڭنى سېلىپ بېرىدىغاندەك گەپ قىلىپ كەتتىڭغۇ؟

ــ ئاغىنىلەر ئۇچۇن ھېلىغۇ بىر چاپان ئىكەن ئىسسىق جېنىڭنى بەر دېسىمۇ بېرىمىز جۇمۇ!ــ دېدى جاپپار ئابلىزنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئاۋۋال مۇزدەك سۇدا يۇز - كۆزلەرنى بىر يۇيۇۋالامدۇق؟ — دېدى ئابلىكىم.

— سىلەر يۇيساڭلار يۇيۇڭلار، مەن توڭلاپ تۇرىمەن، — دېدى ئابلىز.

— ھېلى بىر يۇگۇرىدىغان بولساق تەرلەپ كېتىمەن، — دېدى قۇتيار.

بىز قوم ئۇستىگە چىققاندا شەرق ئاللىقاچان ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، كۇنچىقىش تەرەپ بۇلۇتلۇق ئىدى. بىز بىر ئاز يۇگۇردۇق. جاپپار:

— كۇننىڭ چىققىنىنى كۆرەلمەيمىزمۇ نېمە؟ — دېدى شەرق تەرەپتىكى بۇلۇتلارغا قاراپ.

— 4 - ئايدىمۇ مۇشۇنداق بۇلۇتلۇق بولغانىدى، بىراق بۇلۇتلار بىردەمدە تارقىلىپ كەتكەنىدىغۇ. تەلىيىمىزگە بۇلۇتلار ئارىدىن بىر چىقىپ، بىر يوقاپ يېڭى مەنزىرە ھاسىل قىلامدۇ تېخى، — دېدى ئابلىز.

بىز بىرىنچى چوققىغا چىقىپ «ئۇھ» دەپ ئولتۇرۇشىمىزغا، ئۇپۇقتىكى بۇلۇتلار قىزىرىپ ئاجايىپ چىرايلىق مەنزىرە ھاسىل بولدى. بۇلۇتلارنىڭ چۆرىلىرى ئالتۇن رەڭ تۇسكە، سەل ئىچى بولسا كۇمۇش رەڭ، ئوتتۇرىسى قارامتۇل تۇس ئېلىپ، ئالامەت چىرايلىق مەنزىرە ھاسىل قىلدى. بىزنىڭ سەل نېرىمىزدا نەچچە ساياھەتچى سۇرەتكە چۇشۇۋاتاتتى، ئۇلار بىزدىنمۇ ئۆتە خۇشال ئىدى. قات - قات بۇلۇتلار قۇياش نۇرىدا گويا ئۇستا رەسسام سىزغان گۇزەل رەسىمدەك كۆرۈنەتتى. ئەگەر مېنىڭ ئاپپاراتىم بولغان بولسا بۇ ھالەتنى تارتىۋالغان بولسام چوقۇم ياخشى سۇرەت بولاتتى. ئۇنىڭغا «قىزارغان ئۇپۇق» دەپ ماۋزۇ قوياتتىم...

— پەسكە قاراپ ماڭامدۇق؟ — دېدى پەرقۇزات.
بىز بىرىنچى چوققىدىن پەسكە قاراپ بۇرۇنقىدەك يۈگۈرۈپ ئەمەس، ئاستا قەدەملەر بىلەن مېڭىپ چۈشتۇق.
— ئەمدى قۇم سوۋۇپ كېتىپتۇ، ئالدىنقى قېتىم چىققاندا قۇمدا تازا ئۇخلىغانىدۇق. بىر ئايدا نېمىدېگەن زور پەرق بۇ، — دېدى جاپپار ئالدىنقى قېتىم كۈنى كۆزەتكىلى چىققان ۋاقتىمىزنى ھېسابلاپ.
— راست دەيسەن، ئۇ ۋاقىتتا ئاۋۇ يەردە تازا ئۇخلاپ، ئىسسىقتا كېتىش خۇشياقماي، قورساقلار ئېچىپ ھالىمىز ئاران قالغانىدى. ئەمدى قۇمدا ئولتۇرساق مۇزلاپ كېتىۋاتىمىز، — دېدى ئابلىز.
— سەن ئاۋۇ يەردىن ئالتۇن ئۈزۈك تېپىۋالغانىدىڭ - ھە، جاپپار؟ — دېدى قۇتيار جاپپار ئالتۇن ئۈزۈك تېپىۋالغان جايغا كەلگەندە.
بىز ئۆستەڭ بويىدىكى ئورمانغا كەلگەندە نەم سوغۇق ھاۋا ئۇرۇلدى، ئابلىز تېخىمۇ دۈگدىيىپ كەتتى.
— كەچتە كۈننىڭ ئولتۇرۇشىنى بىر تاماشا قىلايلى، ئەتە شىر ئەلى ئوقۇشقا ماڭىدۇ، ئەسلىمە بولۇپ قالسۇن، قانداق دەيسىلەر؟ — دېدى ئابلىكىم كۆپچىلىككە قاراپ.
— ئەلۋەتتە بولىدۇ، بولسا سۈرەتكە چۈشۈۋالساق بولاتتى، — دېدى قۇتيار.
— ھەي، ئاۋۇ سۈرەتچىنىڭ ئاپپاراتىنى ئارىيەتكە ئېلىپ سۈرەتكە چۈشسەك بولماسمىتى؟ — دېدى ئابلىز.
— نەدىن تاپىسەن ئۇ سۈرەتچىنى؟ — دېدى ئابلىكىم.
— ئەمىسە چۈشتىن كېيىن سەل بالدۇر كېلىپ ئاۋۇ ئىككىنچى چوققا تەرەپكە بېرىپ كۈننىڭ ئولتۇرۇشىنى تاماشا قىلغاچ سۈرەتكە چۈشەيلى، — دېدى قۇتيار.

بىز تۆگە دەرۋازىنىڭ ئالدىدا خوشلاشتۇق. ئۆيگە كەلسەم ئاپام نەچچە كۈندىن بىرى ۋاقتىدا ناشتا قىلمايۋاتىسەن دەپ خاپا بولدى، ئاتام مەكتەپكە كەتكەندى، يار ئەلمۇ يېرىم ـ يارتا ناشتا قىلىپ مېنىڭ ۋېلسىپىتىمنى مىنىپ مەكتەپكە كەتكەندى.

چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئويغانسام، يېنىمدا ئابلىكىم كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇپتۇ.

— سېنى نېمانداق ئەلاچى ئوقۇيدىكىن دېسەك، ئارام ئېلىشنى ياخشى بىلىدىكەنسەن ئەمەسمۇ؟

— قۇمتاغقا ماڭامدۇق؟ — دېدىم ئەسنەپ كېرىلىپ تۇرۇپ.

— سەل بالدۇر، جاپپار بازارغا كەتتى، كەلسۇن.

— سۈرەت ئاپپاراتىغا لېنتا ئالدىغانغا ئاتام پۇل بەردى مانا، — دېدىم مەن خۇشال ھالدا.

— بىز ئۇنى تەييار قىلىپ قويدۇق. تۆگە دەرۋازىنىڭ ئالدىدىن رەسىمگە چۈشكىلى تۇرساق، ئىككىنچى چوققىدا كۈننىڭ پېتىشىنى تاماشا قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشكىچە ھەممىنى تارتىمىز.

— بەك ياخشى بولدى.

مەن ئابلىكىمگە بىر پىيالە چاي قۇيغۇچە جاپپارلار كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قولىدا خالتىدا «ئارمان قۇۋۋەت تالقىنى»، «ئىخلاس» كەمپۈتلىرى، «كىروران» تۇرمەللىرى ۋە «ئۇلكەر» شاكىلاتلىرى بار ئىدى.

— شىر ئەلى ئاداش، بۇ بىز ئاغىنىلەرنىڭ كۆڭلى، يولدا يېيىمىزدا يەسەن، — دەپ شىرە ئۈستىگە قويدى ئابلىز.

— بۇ، بۇ نېمە قىلغىنىڭلار، ئادەمنى خىجىل قىلىپ،— دېدىم مەن قىزىرىپ.
— ئەمدى يۇرۇڭلار،— دېدى پەرقۇزات ئالدىرىتىپ.
— ئويناپمىز دېسەك، سەنمۇ بىرەر قېتىم يۇرۇڭلار دەيدىكەنسەن - ھە؟— دېدى قۇتيار.
بىز تۆگە دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا يالغۇزدىن سۇرەتكە چۈشتۇق، ھەممىمىز باشقىلارغا تارتقۇزۇپ بىرپارچە چۈشتۇق. كۇن ئولتۇرۇشقا خېلى ۋاقىت بار ئىدى. بىز زۇمرەتكۆل بويىغا بېرىپ قېيىق ئويناپ سۇرەتكە چۈشۈپ، ئۇدۇللا بىرىنچى چوققىغا قاراپ يۇرۇپ كەتتۇق.
— ئىككىنچى چوققىغا چىقىمىز دەپ، يەنە بىرىنچى چوققىغا چىقىدىغان بولدۇقمۇ؟— دېدى ئابلىكىم.
— بۇ يەرگە كېلىپ ئارقىمىزغا يانساق بولماس، قاراڭلار، ئاۋۇ ياپيېشىل يانتاقلىقتا بىر پارچە سۇرەتكە چۈشۈۋالايلى. ئەنە، ئۈچ تۆگە كېلىپ قالدى، ئۇلار ئوتلاۋاتقاندا چۈشەيلى، تېز بولۇڭلار!
بىز كۇلكە - چاقچاق بىلەن بىرىنچى چوققىنىڭ يانتۇ قىرىنى بويلاپ يۇقىرى ئۆرلىدۇق. بىز چوققىغا چىققاندا كۇن خېلىلا پەسلىگەن بولۇپ، ئولتۇرۇشقا يەنە يېرىم سائەتتەك ۋاقىت قالغانىدى.
— سىلەردىن قۇمتاغدىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمايۋاتىدۇ، مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك ئويۇننى، سىلەردەك ئېسىل دوستلىرىمنى، جاھاندا بىر تېپىلغۇسىز قۇمتاغنى تاشلاپ كېتەرمەنمۇ... دەپ كۆڭلۇم يېرىم بولۇۋاتىدۇ،— دېدىم كۆڭلۇم تولىمۇ يېرىم بولۇپ.

— ئۇنداق بولسا قۇمتاغنى ئىچكىرىگە ئېلىپ كەت!— دېدى ئابلىكىم چاقچاق قىلىپ.
— ھا - ھا - ھا... شۇنداق قىلامسەن - يا؟
— ئاۋۇ مىنېرال سۇ بوتۇلكىسىنى ئەكېلە، قۇمتاغنى شۇنىڭغا قاچىلاپ بېرىمىز.
ئۇلار ھەممىسى بىر ئوچۇمدىن قۇم ئېلىپ بوتۇلكىغا قۇيدى، ئالتۇندەك قۇم بوتۇلكىغا تولغاندا ھەممىسى تەڭ تۇتۇپ:
— بۇنى ياتىقىڭغا قويۇپ قوي، قۇمتاغدا بىللە ئوينىغان چاغلارنى ئۇنتۇپ قالما،— دېيىشتى بىردەك.
بوتۇلكىنى قولۇمغا ئېلىپ پاڭگىدە يىغلىۋەتتىم...



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# خاتىمە

پويىز بىر خىل سۈرئەتتە ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. مەن بىر كۈن ھېچكىم بىلەن تۈزۈك گەپلەشمىدىم. ئىككىنچى كۈنىدىن باشلاپ يېنىمدىكى ئېرپان ئىسىملىك تۇرپانلىق بالا بىلەن، ئۇنىڭ يېنىدىكى قەشقەرلىك روزىھاجى ئىسىملىك بالا بىلەن بىللە ئانچە ـ مۇنچە پاراڭلاشتىم. پويىز لەنجۇغا كەلگەندە ئېرپان قولۇمدىكى بىر بوتۇلكا قۇمنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ:

— سىز نېمىشقا قۇم ئېلىۋالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— بىزنىڭ ئۆي قۇمتاغ ياقىسىدا، دوستلىرىم مەن بۇياققا ماڭغۇچىلىك سوۋغا قىلغان، — دېدىم.

— قۇم سوۋغا قىلدىمۇ؟ — دەپ ھەيران قالدى روزىھاجى.

ئۇلار قۇمنىڭ قەدرىنى قانداق بىلسۇن ـ ھە! بىز ئاخىر دالىيەنگە كېلىپ توختىدۇق، مەخسۇس ئاپتوبۇس بىزنى مەكتەپكە ئېلىپ باردى. سۈرەتتەك پاكىز، چىرايلىق شەھەر بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى. مەن تا ھازىرغىچە بۇنداق چوڭ شەھەرگە كېلىپ باقمىغاچقا، يول بويىدىكى ئېگىز ـ ئېگىز بىنالارغا، ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشلارغا قاراپ ھەيران بولغانچە كېتىۋاتىمەن. ئەتراپىمغا قارىدىم، ھەممە ئوقۇغۇچى دېگۈدەك ھەيرانلىق ئىلكىدە دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ كېتىۋاتاتتۇق.

ياتاقلارغا ئورۇنلىشىپ بولۇپ، قولۇمدىكى بۇ بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بوتۇلكا قۇمنى نەگە قويۇشۇمنى بىلەلمەي قالدىم. دېرىزىگە قويسام، باشقىلار ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلمەي تاشلىۋېتىشى مۇمكىن، ئۇنى ئەڭ ياخشىسى ياستۇقۇمنىڭ ئاستىغا قويۇۋالاي! مەن ھەقىقەتەن شۇنداق قىلدىم. ياستۇقۇم ئاستىغا قويۇپ يۇرتۇمنى، ئاتا ـ ئانامنى، دوستلىرىمنى سېغىنغاندا، قولۇمغا ئېلىپ باغرىمغا بېسىۋالالايمەن. كېچىلىرى بولسا بۇ بىر بوتۇلكا قۇمنى قوينۇمغا سېلىپ چىڭ قۇچاقلاپ ياتىمەن. چۈنكى، بۇ قۇمدا مېنىڭ ئانا يۇرتۇم، ئاتا ـ ئانام، دوستلىرىمنىڭ ھىدى بار.

2009 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يېزىلدى.
2010 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۈزىتىلدى. (پىچان)

**图书在版编目（CIP）数据**

一瓶沙子：维吾尔语 / 帕尔哈提·卡孜木著.
—乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2011.9
ISBN 978-7-5515-0023-4

Ⅰ.①一… Ⅱ.①帕… Ⅲ.①儿童文学—长篇小说—
—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.①I287.45

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2011）第 175533 号

www.uyghurkitap.com

责任编辑：萨黛缇·萨吾提
责任校对：依巴代提·亚森
封面设计：阿里甫·夏

**一瓶沙子**（维吾尔文）

（儿童长篇小说）

**帕尔哈提·卡孜木** 著

---

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市北京北路 29 号 邮编：830012）
E-mail: xjyashlar@126.com
新 疆 新 华 书 店 发 行
乌 鲁 木 齐 大 路 印 务 有 限 公 司 印 刷
880×1230 毫米 32 开本 11 印张
2013 年 7 月第 1 版 2013 年 7 月第 1 次印刷
印数：1 — 3000

ISBN 978-7-5515-0023-4 定价：30.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换